ئەنۋەر سەمەد غەربىي

# ئۇيغۇرلاردا فامىلە

## ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەنۋەر سەمەد غەربىي
ئۇيغۇرلاردا فامىلە
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇرلاردا فامىلە

ISBN 7-228-07752-0
ISBN 7-228-07752-0
K.1077(民文)定价：16.00

ئەنۋەر سەمەد غەربىي

# ئۇيغۇرلاردا فامىلە

## ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب "شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي تەتقىقات
نەتىجىلىرىنى نەشر قىلىش فوندى" ۋە "شىنجاڭ پېداگوگىكا
ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى
نەشر قىلىش فوندى" نىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئېرىشكەن.

新疆师范大学出版基金资助项目；
新疆师范大学人文学院科研成果
出版基金资助项目

# مۇندەرىجە


بىرىنچى بۆلۈم: فامىلە ۋە ئۇيغۇرلاردا فامىلىچىلىك ...... 1

1. فامىلەشۇناسلىق ھەققىدە ...... 1

2. فامىلە ھەققىدە ...... 8

3. فامىلە، تەخەللۇس، لەقەم ۋە ھۆرمەت-ئۇنۋان نامىلىرى ...... 44

4. ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە قوللىنىش تارىخى ھەققىدە ...... 63

5. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىش تارىخى ھەققىدە ...... 102

6. يوغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)لارنىڭ فامىلىسى ...... 149

7. باشقا مىللەتلەردىكى فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىدىن ئۆرنەكلەر ...... 160

8. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشتا فامىلە مەنبەسى مەسىلىسى ...... 210

9. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇراقلىق فامىلىسىدىكى مۇۋاپىق ئەندىزە ۋە پرىنسىپلار ...... 237

10. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشتا كېلىپ چىقىدىغان تەكرارلىق مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ...... 271





图书在版编目（CIP）数据

维吾尔姓氏论/安尼瓦尔·赛买提著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2002.12
ISBN 7-228-07752-0

Ⅰ.维… Ⅱ.安… Ⅲ.维吾尔族—姓氏—研究—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.K810.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 099957 号

责任编辑：阿里木江·塔伊尔
责任校对：赛娜瓦尔·伊布拉音
再米拉·菲达伊
封面设计：阿布里克木·祖农·照兰


**维吾尔姓氏论**（维吾尔文）

安尼瓦尔·赛买提 著


新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码：830001）
新疆各地新华书店经销
新疆有色金属工业印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 11.75 印张 2 插页
2002 年 12 月第 1 版 2002 年 12 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN7-228-07752-0/K.1077 定价：16.00 元

11. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە پايدىلىرى ...................... 285
12. تولۇقلىما ................................ 299
ئىككىنچى بۆلۈم: جەمەت (ئائىلە) نەسەبنامىسى... 309
1. نەسەبنامەشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭدىكى تەتقىقات مەزمۇنلىرى ................................ 309
2. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن نەسەبنامە تۈزۈشنى بىرلەشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى .................. 318
3. نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ زۆرۈر قائىدىلىرى ...... 326
4. شەجەرە ۋە شەجەرە سىخېمىسىدىن ئۈرنەكلەر... 337
5. فامىلە، نەسەبنامە ۋە يىلتىز ئىزدەش ...... 345
ئاخىرقى سۆز ................................ 366



# بىرىنچى بۆلۈم: فامىلە ۋە ئۇيغۇرلاردا فامىلىچىلىك

## 1. فامىلەشۇناسلىق ھەققىدە

ئىسىم ـ فامىلە — ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەڭ ئومۇميۈزلۈك ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، دۇنيادىكى نەچچە مىليارد ئادەم ئىچىدە ھەقىقىي ئىسىم ـ فامىلىسى يوق ئادەم ئەسلا يوقتۇر. ئادەتتە، مەيلى قانداق ئادەم بولسۇن، تۇغۇلغاندىن تارتىپ ۋاپات بولغۇچە ئۇلارغا ئىسىم ـ فامىلە ھەمراھ بولىدۇ، ھەتتا بەزى ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ ئۆزى يوقىلىپ (ئۆلۈپ) كەتسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ نامى مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە نام بېرىشى ناھايىتى يىراق قەدىمكى زاماندىن باشلانغان. شۇ ئۇزاق زاماندىن ئېتىبارەن، ئىسىم ـ فامىلە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيەتلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆزلىرىگە نام بېرىش قابىلىيىتى ـ ئىنسانلارنىڭ باشقا ھايۋاناتتىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ روشەن بەلگىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئىسىم ـ فامىلىلەر شەخسنىڭ ۋە شەخس تەۋە بولغان جەمەتنىڭ خاس نامى بولۇش سۈپىتىدە، ئۇلار ئادەتتە جەمئىيەت ئەزالىرى بولغان شەخسلەرنى، ئۇلارنىڭ جىنس ئايرىمىسىنى ۋە تەۋە بولغان جەمەت سىستېمىسىنى كۆرسىتىش رولىغا ئىگە. ئەمما ئىسىم ـ فامىلىلەر ئەزەلدىن تارتىپلا مەۋجۇت بولغان ئەمەس، ھەم ئۆزگەرمەس نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى

تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىنسانلار يېزىقنى ئىختىرا قىلغاندىن كېيىنلا ئىسىم ـ فامىلىلەر ئاندىن تارقىلىش ۋە ساقلىنىشقا مۇيەسسەر بولدى. سۆزلەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتىدە، ئىسىم ـ فامىلە يالغۇز شەخس ۋە جەمەتنىڭ بەلگىسى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ ھامان مۇئەييەن مەنىگە ئىگە بولدى. ئىسىم ـ فامىلىلەر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالىنى، جەمئىيەت ئېڭى ۋە پسىخىكىسىنى شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى.

ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىق، ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ئىنسانلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى ھەمدە ئىسىم ـ فامىلىلەر بىلەن ئىنساننىڭ پائالىيىتى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىلىمدۇر. بۇ ئىلىمنىڭ نامى خەنزۇ تىلىدا « 姓名学 » دېيىلسە، ياۋروپا تىللىرىدا «Anthrophonomy» دېيىلىدۇ. رۇس تىلىدا «АНТРОНОМIIКА» (ئانترونومىكا) دېيىلىدۇ. ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىق مۇناسىۋەتلىك پەنلەر ئىچىدىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر ئىلىم بولۇش بىلەن، ئۇنىڭدىكى تەتقىقات ئىسىم ـ فامىلىنىڭ سۆز ئېتىمولوگىيىسىنى ئېنىقلاش، ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، تۈرلىرى، قۇرۇلمىسى، ھازىرقى ھالىتى... قاتارلىق تەرەپلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئىسىم ـ فامىلە ھادىسىلىرى بىلەن جەمئىيەت ۋە دەۋرنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ مۇھىم مەزمۇن قىلىنىدۇ. ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىقنىڭ مەقسىتى بولسا ھەم جەمئىيەت ـ تارىخ نۇقتىسىدىن ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى شەرھلەش، ھەم ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىن ئۆتۈپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىشتۇر.

ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىق پەن ـ تەتقىقاتنىڭ مەخسۇسلىشىشتەك تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان مۇستەقىل پەن بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن



زىچ. جۈملىدىن ئۇ تارىخشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، يەر ناملىرى ئىلمى، ئىقتىسادشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، جۇغراپىيە، پسىخولوگىيە قاتارلىق ئىلىملەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەزكۇر ئىلىم تەتقىقاتى ھەرقايسى تەتقىقات ھالقىلىرىدا يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن پەنلەر نەتىجىلىرىگە ئىشتىراك قىلىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ.

ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىقنىڭ بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللىنىشى كېيىنكى ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشى ئۇزاق تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. ئەلۋەتتە، قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ يىغىشى كۆپىنچە دىنىي، خۇراپىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇنى ئىلمىي تەتقىقات دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

يېزىق بىلەن خاتىرىلەش بولمىغان ئەپسانىۋى دەۋرلەردە، ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە ھېسسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمكى كىشىلەر ئۇرۇق ئىچىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتكە بەك دىققەت قىلىغانىدى. ئۇلار ئاغزاكى داۋاملاشتۇرۇلغان ئائىلە تارىخى ھەققىدىكى ماتېرىياللارغا تايىنىپ، ئىسىم ـ فامىلە ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرەتتى. يېزىق ئىختىرا قىلىنغاندىن كېيىن، ئائىلە نەسەبنامىسى يېزىق شەكلىدە خاتىرىلىنىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىدە ئىسىم ـ فامىلىگە ئالاقىدار نۇرغۇن ماتېرىياللار خاتىرىلەنگەنىدى.

ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئامېرىكا مىللەتشۇناسى مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن باشلاندى. مورگان مەزكۇر كىتابىدا تۇنجى بولۇپ ئىسىم ـ فامىلە مەسىلى-

سى ھەققىدە ھەقىقىي ئىلمىي مۇلاھىزە ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «تىلشۇناسلىقنىڭ يۇرتى» دەپ تەرىپلىنىدىغان گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە، فرانسىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە ئىسىم - فامىلەشۇناسلىق بويىچە ئىلمىي تەتقىقات جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ۋە نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلدى. جۇڭگودا ھەقىقىي ئىلمىي مەنىدىكى ئىسىم - فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باشلاندى ھەم زور نەتىجىلەرنى بارلىققا كەلتۇردى. ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدە ئىسىم - فامىلەشۇناسلىق دېگەن بىر پەن مەخسۇس ئىلىم سۈپىتىدە بارلىققا كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرى ھەققىدە يېزىلغان ئەسەر - ماقالىلەرنى بىز مەزكۇر ئىلىمگە تەۋە نەتىجىلەر دەپ ئېيتىمىز.

فامىلەشۇناسلىق ( 姓氏学 ) ئىسىم - فامىلەشۇناسلىق — يەنى ئانتروپونومىيە ئىچىدىكى بىر تارماق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسان فامىلىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى، تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىنىدۇ. فامىلەشۇناسلىق يەنە ئارخېئولوگىيە، تارىخشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، يېزىقشۇناسلىق، ئىنسانلار مەدەنىيەتشۇناسلىقى، جەمئىيەتشۇناسلىق، فولكلور ھەمدە نوپۇس ستاتىستىكىسى قاتارلىق ساھەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار بولغان ئارىلىق پەندۇر.

فامىلەشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى فامىلە بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ھامان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. فامىلەشۇناسلىق فامىلىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئۆزگىرىش تارىخىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭدا ھەل قىلىنىدىغان مەسىلە ئىككىدۇر: بىرى، فامىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى دەلىللەش ۋە يورۇتۇش؛ يەنە بىرى، فامىلىلەرنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر روياپقا چىققان فامىلەشۇناسلىققا ئالاقىدار ئەسەرلەر يۇقىرىقى ئىككى مەزمۇننى چۆرىدىگەن ھالدا يېزىلغان.



يېقىنقى دەۋرلەر مابەينىدە، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئادەتتىن تاشقىرى تېز بولدى. ئەنئەنىۋى چوڭ جەمەتلەر يىمىرىلىپ ۋە پارچىلىنىپ، ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەردىن تەشكىل تاپقان كىچىك ئائىلىلەر ئاساسىي ئىجتىمائىي شەكىلگە ئايلاندى. فامىلىلەر قانداشلىق بېغى رولىنى ئوينايدىغان بەلگە سۈپىتىدە يەنىلا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي مەنىسى — جەمەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، جەمەت گۇرۇھىنى قوغداش بولماي، پەقەت جەمەتنىڭ بىر خىل بەلگە - ئالامىتىلا بولۇپ قالدى. مۇشۇنداق يېڭىچە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئىچىدە، فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىدىمۇ مەلۇم يېڭىچە ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. قەدىمكى فامىلەشۇناسلىققا ئالاقىدار ئەسەرلەردىكى بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇلاردا كونكرېت فامىلىلەر تىزىپ قويۇلغان ۋە پەرقلەندۈرۈش ئاساسىي مەسىلە سۈپىتىدە تۇتۇلغان. ئەمما، فامىلە تۈزۈمى مەدەنىيەت ھادىسىسى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەسىلىسى سۈپىتىدە قارالمىغان ھەم ئۇنىۋېرسال رەۋىشتە تەكشۈرۈلمىگەن. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان فامىلەشۇناسلىقىدا بولسا مەدەنىيەت تارىخى، جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، فولكلور، مىللەتشۇناسلىق نۇقتىلىرىدىن چىقىپ تەھلىل - مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، نۇرغۇن يېڭىچە تەتقىقات نەتىجىلىرى بارلىققا كەلگەن.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر (فامىلىسى بار مىللەتلەر) دە بارلىققا كەلگەن فامىلە تەتقىقاتىغا ئالاقىدار ئەسەرلەرنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە ئايرىش مۇمكىن: (1) ھەر خىل تارىخىي ئەسەرلەردىكى نەسەب خاتىرىلىرى، نام - ئاتاقلارغا ئالاقىدار خاتىرىلەر، شەخس، جەمەت تەزكىرىلىرى: بۇلارنىڭ بەزىسىدە بىرقاز-

چە دەۋردىكى فامىلىگە ئالاقىدار ئەھۋاللار بايان قىلىنىدۇ، بەزد-
لىرىدە بىرلا جەمەت ياكى بىرلا دەۋرنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىند-
دۇ؛ (2) ئەدەبىي ۋەسىقىلەرگە قىستۇرما قىلىنغان ياكى باشقا
تۈردىكى يازمىشلارغا تولۇقلىما قىلىنغان فامىلەشۇناسلىققا ئائىت
بايانلار؛ (3) ھەرقايسى دەۋردىكى ئەدىب - ئالىملارنىڭ قولىيازما
خاتىرىلىرى: بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە فامىلە ياكى فامىلە ئۇقۇ-
مىغا يېقىن كېلىدىغان ناملار خاتىرىلەنگەن بولۇپ، پايدىلىنىش
قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى؛ (4) بىر مىللەتتىكى بارلىق فامد-
لىلەر ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەن ۋە تونۇشتۇرۇلغان مەخسۇس
ئەسەرلەر: بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر خەنزۇلار تارىخىدا بىرقەدەر
كۆپ؛ (5) بىر جەمەت ياكى بىر ئائىلىنىڭ تارىخى ھېسابلانغان
نەسەبنامە (جورۇڭقاي) لەر: نەسەبنامە — بىر جەمەتنىڭ تارىخى
خاتىرىلەنگەن ئارخىپ بولۇپ، ئىنتايىن ئۈستۈن ئىلمىي قىممەت-
كە ئىگە. بۇ ھەقتە بىز كېيىنكى بۆلۈمدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

بىزنىڭچە فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن
كەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى مەسىلىلەر تەتقىقات مەزمۇنى
قىلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ:

(1) پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى فامىلىلەر ھەققىدە
ئومۇمىي تەتقىقات؛

(2) مەلۇم مىللەتلەر ئايرىمىسى بويىچە فامىلە تەتقىقاتى؛

(3) فامىلىنىڭ مەنىسى ئۈستىدىكى تەتقىقات؛

(4) فامىلىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ھەققىدىكى
تەتقىقات؛

(5) فامىلىنىڭ ئۆزگىرىش - تەرەققىيات تارىخى ئۈستىد-
كى تەتقىقات؛

(6) فامىلە بىلەن قەدىمكى ج.ـئيەت قۇرۇلمىسى ئوتتۇرد-
سىدىكى مۇناسىۋەت ئۈستىدە تەتقىقات؛

(7) فامىلە ۋە تۇتېمىغا تېۋىنىش ـىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىد-



كى تەتقىقات؛

(8) فامىلە بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى
ئۈستىدىكى تەتقىقات؛

(9) فامىلە بىلەن ئىنساننىڭ ئىرسىي ئالاھىدىلىكىنىڭ
مۇناسىۋىتى ئۈستىدىكى تەتقىقات؛

(10) فامىلە بىلەن ئىسىملارنىڭ بىرىكىش شەكلى ئۈستد-
دىكى تەتقىقات؛

(11) فامىلە بىلەن مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى
ئۈستىدىكى تەتقىقات؛

(12) فامىلىگە ئالاقىدار تارىخى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى؛

(13) يەككە فامىلىلەر ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات؛

(14) فامىلە بىلەن نوپۇسلارنىڭ تارقىلىش نىسبىتى ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇناسىۋەت تەتقىقاتى؛

(15) مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى فامىلە تەسىرلىرى (بىر
مىللەتنىڭ باشقا مىللەت فامىلىسىنى قوللىنىش ئەھۋالى) ھەق-
قىدىكى تەتقىقات؛

(16) فامىلىلەر لۇغىتى تۈزۈش تەتقىقاتى؛

(17) نەسەبنامىلەر ۋە نەسەب سىخېمىلىرى ئۈستىدىكى
تەتقىقات؛

(18) فامىلىلەرنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى ئۈستىدىكى تەتقد-
قات؛

(19) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
سېلىشتۇرما تەتقىقات؛

دەرۋەقە يۇقىرىقىلار بىز ھېس قىلغان تۈرلەر بولۇپ، بۇلار
ھەرگىزمۇ فامىلەشۇناسلىق دائىرىسىدىكى ھەممە ساھە، دېگەن-
لىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يۇقىرىقى تۈرلەر ئوخشاش بولمد-
غان ئۆلچەملەر بويىچە ئايرىلغان بولۇپ، يەنە باشقا ئۆلچەملەر
بىلەن قارىساق، فامىلە تەتقىقاتى بويىچە نۇرغۇن ساھەلەرنى بايقد-

يالايمىز.

ئەلۋەتتە، فامىلە ئىشلىتىش ئەنئەنىسىگە ئىگە بولمىغان مىللەتلەر ياكى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە فامىلە ئىشلەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە بۇنداق ئەنئەنىنى ئۈزۈپ قويغان مىللەتلەرنىڭ يېڭىۋاشتىن فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان كۆپ تەرەپلىمە ئىجتىھاتلىرىنىمۇ فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر تېما دەپ ئېيتالايمىز. روشەنكى، مۇنداق تېما جەزمەن فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى كۆپىنچە تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، فامىلەشۇناسلىق بويىچە نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئىلمىي، پاكىتلىق ھالدا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

## 2. فامىلە ھەققىدە

ئادەمدە ئۈچ خىل تۈپ تەلەپ بولىدۇ، ئۇلار: يېمەك - ئىچمەك، جۈپلىشىش (ئەۋلاد قالدۇرۇش) ۋە ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت. يۇنان پەيلاسوپى سوقرات «ئۆزۈڭنى بىل» دەيدۇ. ئامېرىكا پەيلاسوپى رويس (Josiac • Royce، 1855 - 1916) «بارلىق پەلسەپەلەر مەن كىم، دېگەننى چۈشىنىشتە» دەيدۇ. يېمەك - ئىچمەك ھاياتنى قامداش ئۈچۈندۇر؛ جۈپلىشىش ئىستىكى ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر؛ يىلتىز ئىزدەش — ھاياتلىقنى بىلىش، يەنى ھاياتلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە باش — ئاخىرىنى ئىزدەشتۇر. «مەن كىم؟»، مەن نەدىن كەلگەن؟، قەيەرگە كېتىمەن؟، مەن نېمە بولۇشۇم كېرەك؟»... مانا بۇلار جاھان پەيلاسوپلىرىنى ئەزەلدىن بىرى باش قېتىنچىلىققا سالغان مەسىلىلەردۇر. نۇرغۇن پەيلاسوپ ھەكىملەر ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى ئىزدەپ بىر ئۆمۈر جەبىر چەككەنىدى. ئىنسان ھاياتى بەك قىسقا، دۇنياغا كەلمەك ئاسان ئە-



مەس. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغان قاننىڭ يىلتىز ئېقىنلىرىدىن خەۋەرسىز بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ يىلتىز ئەجدادلىرىنى ئېنىق بىلمەيدىكەن، ئۇنداقتا بۇنداق ھايات ئەپسۇسلىنارلىق ھاياتتۇر. ۋەھالەنكى، ئىنساننىڭ ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەشتىكى تۈز يولى دەل ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى ۋە نەسەبىنى ئىزدەشتۇر.

ئادەمنىڭ ئىسىم - فامىلىسى — ئىنساننىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەمنىڭ بارلىق نام - بەلگىلىرى ئىچىدە شەخسنىڭ ئىسمى، فامىلە، لەقەم ۋە باشقا نام - بەلگىلىرىدىن بۇرۇن، ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەر ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن. ئادەم ئىسمى قاچان پەيدا بولغان، دۇنيادا ئەڭ قەدىمكى ئىسىملار قانداق ئىدى، دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە بىز ھازىر ئېنىق جاۋابقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئەڭ دەسلەپكى ئادەم ئىسىملىرى ئىنسانىيەت تىل ئىشلىتىشكە باشلىغاندىن كېيىن كوللېكتىپ ئەمگەكنى ماسلاشتۇرۇش، تەڭشەش زۆرۈرىيىتى بىلەن بارلىققا كەلگەن. ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى ئادەم ئىسىملىرى تىلنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. شۇنداق بولغىنىكەن، ئادەم ئىسىملىرىدا تىلغا ئوخشاشلا ئىككى مۇھىم قۇرۇلما ئامىلى بار، ئۇلار تاۋۇش ماتېرىيالى ۋە مەنە ئامىلىدىن ئىبارەت. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئىسىملىرىنىڭ كونكرېت شەكلى ھەققىدە، بىز ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى تۇتېمغا تىۋىنىش ئىچىدىن ئاز - تولا ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز. ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرلەردە، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مەلۇم ھايۋان ياكى جانسىز شەيئىلەر بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن ھەمدە ئاشۇ ھايۋان ياكى جانسىز شەيئىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى ئىشلىتىپ ئۆز ئۇرۇقلىرىنى ۋە ئۇرۇق ئەزالىرىنى ئاتىغان، ناملىغانىدى. مورگان (Lewis Henri Morgan، 1818—1881) ئۆزىنىڭ «قەدىم-

كى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە ئىندىئانلارنىڭ ئوماخا ئۇرۇقلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۇرۇقنى مىسال كەلتۈرۈپ، بۇ ئۇرۇق ئەزالىرى قوللانغان كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە «ئۇزۇن قانات»، «قىران بۈركۈت»، «ئاقكۆز قۇش» قاتارلىق ئەر كىشى ئىسىملىرىنىڭ، «بۇلبۇل»، «توپ قۇشلارنىڭ بىرى»، «قۇش تۇخۇمى» قاتارلىق قىزلار ئىسىملىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.① ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆزلىرى تۇتېم دەپ بىلگەن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ناملىرىدىن باشقا، تۈرلۈك گۈل - گىياھ، ھايۋانات، ئۇچار قۇش، ھاشاراتلارنىڭ ناملىرىنى ئادەم ئىسمى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3400 - يىللاردىن 3100 - يىللارغىچە ئارىلىقتا پەيدا بولغان مىسىرنىڭ ئىدروگلىف (تەسۋىرىي) يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن پۈتۈكلەر ئىچىدىكى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى ھايۋانات ۋە جانسىز شەيئىلەر ناملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. جۇڭگونىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى چىغىناق - تاغاق يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بەش مىڭغا يېقىن تاق خەت ئىچىدە بەش يۈزدىن كۆپرەكى ئادەم ئىسىملىرى بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە كۆپىنچىسى تەبىئەتتىكى شەيئىلەر ناملىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ھايۋانات ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى، شەيئىلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىسىملارنىڭ بەك كۆپ ساندا بولۇشمۇ يۇقىرىقى پىكىرگە مىسالدۇر. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىسىملارنىڭ كېلىش مەنبەسى تەدرىجىي كۆپەيدى، ئىسىملارنىڭ تۈرمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە كۆپ خىللاشتى. بۇ دەل جەمئىيەتتە كىشىلەرنى بىر- بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىپ

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، باباخان تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992- يىلى 12 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 167 - بەت.



بارغانلىقى ۋە ئىسىملارغا يۈكلەنگەن مەدەنىيەت مەنەلىرىنىڭ كۆپەيگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى كۇپايە قىلمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. چۈنكى كىشى ئىسىملىرى پەقەت شەخسلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنىلا ئويناپ، جەمەت ۋە ئائىلىلەرنىڭ قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. شۇڭلاشقا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي بىرلىكى بولغان ئائىلە بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، جەمەتچىلىك ئىگىلىكى، مال - مۈلۈكلەرنى تەقسىم قىلىش تۈزۈمى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمكى جەمئىيەتتە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان فامىلە شەكىللەندى. فامىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى كىشى ئىسىملىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن كېيىنكىرەك ئىش بولۇپ، بۇ ھەقتە مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «ۋارۋارلىق ۋە ياۋايىلىق باسقۇچىدىكى قەبىلىلەردە ھەربىر جەمەتنىڭ نامى بولمايتتى. ئوخشاش بىر جەمەتتە ھەربىر شەخسنىڭ ئېتى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر جەمەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. جەمەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان فامىلە مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن ئەمەس.»① كۆرۈشكە بولىدۇكى، جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدىكى فامىلىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىسىملاردىن كېيىن، يەنى ئىنسانلار مەرىپەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى ئىشتۇر. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلىرى نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دەۋردىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسى ئائىلىق ئۇرۇقداش-

① شۇ كىتاب، 149 - بەت.

لىق تۈزۈمى بىلەن ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى يەنە «ئانىلىق ھوقۇقچىلىق تۈزۈمى» (ماترىئارخىيە – matriarchy) ياكى «مادەرشاھلىق تۈزۈمى» ۋە ياكى «ئاناشاھلىق تۈزۈمى»مۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئىپتىدائىي توپتىن كېيىنكى ئىبتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ بىر باسقۇچى بولۇپ، ئۇرۇقداشلىق كوممۇنا دەۋرىدىن باشلىنىپ، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى، يەنى ئاتىلىق ھوقۇقچىلىق تۈزۈمى (پاترىئارخىيە – patriarchy – «پەدەر شاھلىق تۈزۈمى» ياكى «ئاتا شاھلىق تۈزۈمى») نىڭ تىكلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. بۇ تەخمىنەن كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن تارتىپ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ تۈزۈمدە ئاياللار يىغىش – توپلاش ۋە ئىپتىدائىي دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، دائىملىق يېمەكلىكلەر ۋە كىيىم – كېچەكلەرنى تەييارلاپ ئائىلىنى قامدايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ ۋە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ؛ توپ نىكاھ ۋە ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، نەسىل – نەسەب ئاياللارنى ئاساس قىلىدۇ؛ پەرزەنتلەر پەقەت ئانىسىنىلا بىلىپ، دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت ئەمەلىيەتتە بىر ئايال ئەجداد ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ بىرنەچچە ئەۋلاد پەرزەنتلىرى شەكىللەندۈرگەن قانداشلىق ئۇيۇشمىلىرىدىن ئىبارەت. بۇ جەمئىيەت تۈزۈمىدە مال – مۈلۈككە ئايال نەسەبتىكىلەر ۋارىسلىق قىلىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ مال – مۈلكى ئايال نەسەبكە تەۋە بولغان ئەزالارغا تەۋە بولىدۇ، ئايال تەرەپنىڭ مال مۈلكى ئەر تەرەپ ئۇرۇققا تەۋە بولمايدۇ، ئەرلەر ئاياللارنىڭ تۇرالغۇلىرىدا تۇرىدۇ، ئاياللار جەمئىيەتتە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ



چوڭ ئىشلىرىغا (مەسىلەن، ئۇرۇق باشلىقلىرىنى سايلاش...قا) زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا بارغاندا، ئاياللار ھوقۇقچىلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەر كوممۇناسى، يەنى بىر جەمەتنىڭ ئايال باشلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى بىرقانچە جۈپ ئەر – ئاياللار قۇرغان ئائىلىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىدىكى جەمەت بارلىققا كەلگەن. ئاياللار ھوقۇقچىلىقى تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتە ئاياللارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھەربىر چوڭ ئۇرۇق ۋە شۇ ئۇرۇقلارغا تەۋە بولغان ئائىلىلەرنىڭ خاس ناملىرى بار بولۇپ، مانا بۇ ئەڭ دەسلەپكى فامىلە شەكلى ئىدى. ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تەخمىنەن برونزا قوراللار دەۋرى ۋە تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. كۆزقاراشلارغا ئاساسلانغاندا، بىرىنچى قېتىملىق چوڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى (يەنى چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئايرىلىشى) دىن كېيىن ئەرلەر ئاياللارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە ئۇرۇقداشلىق كوممۇناسى ئىچىدىكى تىزگىنلەش – باشقۇرۇش ئورنىنى ئېلىپ، ئەرلەرنى مەركەز قىلغان چوڭ جەمەتلەر (ئۇرۇقلار) نى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇنغا ئۆتكەن. ئاياللار ئەرلەرگە ياتلىق بولۇپ، ئەرلىرى تەرەپكە ماكانلاشقان. نەسەب بىر ئەر ئەجداد ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھەم ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىكى ئەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تەشكىل تېپىپ، ئەر تەرەپتىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىنگەن. نىكاھ بولسا بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق ۋە بىر ئەر – بىر خوتۇنلۇق نىكاھ شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇنىڭدىن سىرت، بىر ئەردىن كۆپەيگەن بارلىق جەمەتلەرنىڭ ئورتاق نامى بار بولۇپ، بۇ – فامىلىنىڭ بىز ھازىر چۈشىنىۋاتقان شەكلى ئىدى.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە فامىلە قايسىدۇر بىر كىشىگە
مەخسۇس نام بولماستىن، بەلكى بىر توپ ئادەمنىڭ ئورتاق نام
بەلگىسى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ «توپ» تۆۋىنى بىرنەچچە ئادەمنى،
يۇقىرىسى نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فامىلە دەس-
لەپ پەيدا بولغاندا، ئۇ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق توپىنىڭ «ئومۇمىي
ئىسمى» ئىدى. ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرىگە كەلگەندە
ئۇ ئەرلەر نەسەبىگە مەنسۇپ جەمەتنىڭ «ئومۇمىي ئىسمى» بولۇپ
قالدى. بۇنداق ئەھۋال تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.
ئەڭ دەسلەپكى فامىلىلەر ئاياللارنى ئاساس قىلىپ پەيدا بولغان
ئۇرۇق جەمەتلەر ۋە ئەرلەرنى ئاساس قىلىپ پەيدا بولغان
ئۇرۇق ـ جەمەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئىسمى بولۇش سۈپىتىدە،
قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە توپلۇمنىڭ بەلگىسى ھې-
سابلىناتتى. فامىلىلەرنىڭ دەسلەپكى ئاساسىي كېلىش مەنبەل-
رى ـ ئۇرۇقلارنىڭ ئىسمى ۋە باشقا بەلگىلىرى ئىدى. جەمئىيەت
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ فامىلىلەر يالغۇز تۇتېم ۋە ئۇرۇق نامل-
رىدىنلا كېلىپ قالماستىن، يەنە ھەرقايسى ئۇرۇق ۋە جەمەتلەر-
نىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشى ۋە
بۇ ساھەلەرگە ئالاقىدار تەرەپلەر، تەبىئەت ئەشيالىرىنىڭ ئىسىم-
لىرىدىنمۇ ئېلىنىپ، كۆنسايىن كۆپەيدى. فامىلىلەر ئىجتىمائىي
گۇرۇھ ۋە توپلارنىڭ نامىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە بولۇش
سۈپىتىدە، شەخسلەرنىڭ نامىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگە بول-
مىش كىشى ئىسىملىرىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ چوڭ تەسىر ۋە
رولغا ئىگە بولغانىدى. تارىختىكى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆتكەن
ھۆكۈمران تەبىقە ۋە گۇرۇھلار، بولۇپمۇ فېئوداللىق دەۋردىكى
ھۆكۈمرانلار ئۆز جەمەتلىرىنىڭ ئورتاق بەلگىسى بولغان فامىل-
لەرگە تولىمۇ ئېتىبار بېرىشتى ھەم ئۇنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقلىرى
بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى بار بولغان ئىمتىياز دەپ تونۇدى.
شۇنداق بولغاچقا، بىز ھەرقايسى مىللەتلەر تارىخىدا ئىلگىرى



ئۆتكەن ھۆكۈمرانلارنىڭ، خان جەمەتلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلى-
كىنىڭ فامىلىسى بولغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ گاھىدا بولغان،
گاھىدا بولمىغانلىقىنى، پۇقرالارنىڭ فامىلە ئىشلىتىشىگە ھۆ-
كۈمرانلارنىڭمۇ مۇداخىلە قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.
فامىلىنى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر نىسبەتەن پەرقلىق
بولغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەريانلىرىدا ئىجاد قىلىشقان.
فامىلە ھەرقايسى مىللەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولغان ئۇ-
رۇق، جەمەت، ئائىلە قاتارلىق مۇقىم، توپ ئىجتىمائىي بىرلىك-
لەرنىڭ نامى بولغاچقا، ئوخشاشمىغان مىللەتلەردىكى فامىلە ئۇ-
قۇملىرىمۇ چوڭ جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. خەنزۇلاردا فامىلە
ئۇقۇمىغا تەڭداش بولغان «姓» (شىڭ) خېتى ناھايىتى قەدىم-
كى دەۋردىلا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، «ئايال» مەنىسىدىكى
يان بۆلەك «女» بىلەن «تۇغۇش» مەنىسىدىكى «生» خېتى-
نىڭ بىرىكمىسى بولغان مەزكۇر خەت، خەنزۇلاردا ئەڭ قەدىمكى
فامىلىلەرنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى ئايال نەسەبنى
ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن ئۇرۇق ـ جەمەتلەرنىڭ ئورتاق
نامى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدى-
كى برونزىدىن ياسالغان ئەسۋاب ـ جابدۇقلار ئۈستىگە ئويۇلغان
پۈتۈكلەر ئىچىدە، «ئايال» ئۇقۇمىنى بېرىدىغان «女» خېتى
يان بۆلەك قىلىنغان 姬 (جى)، 姜 (جياڭ)، 姒 (سى)،
嬴 (يىڭ)، 妊 (رېن)، 妃 (فېي)، 好 (خاۋ)، 姚 (ياۋ)
قاتارلىق جەمەت نامىلىرى ـ فامىلىلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ ئەشۇ
قائىدىنى چۈشەندۈرىدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى ئاتىلىق ئۇ-
رۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن
كېيىن، ئەر نەسەبتىن كۆپەيگەن ئۇرۇق ياكى جەمەتنىڭ ئومۇمىي
نامىنى «氏» (شى) خېتى بىلەن ئىپادىلىدى. بۇ ئوخشاشلا
«فامىلە» ئۇقۇمىنى بىلدۈرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا كۆرسىتىلىۋات-
قان فامىلە ـ ئەر نەسەب ئاساسىدا ئاۋۇغان ئائىلە ـ جەمەتلەرنىڭ

فامىلىسىدۇر. «氏» خېتىنىڭ قەدىمكى كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە، خەنزۇ ئالىملىرى ئۇنى دەرەخ، يەنى ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى مەنىسىدىكى خەتتۇر، دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ.① خەن سۇلالىسى ۋە ئۈچ پادىشاھلىق (مىلادىيە 220 ـ يىلدىن 280 ـ يىللارغىچە) دەۋرىدىن ئىلگىرى 姓 بىلەن 氏 ئايرىلىپ يېزىلىدىغان ۋە قوللىنىلىدىغان بولۇپ، ئەر جەمەتكە 氏، ئايال جەمەتكە 姓 ئىشلىتىلەتتى. 氏 دا تەبىقە مەنىسى بار بولۇپ، باي ـ كەمبەغەللىك، ئالىي ـ پەسلىكنى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئىدى. شۇڭلاشقا، بايلارنىڭ، ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلارنىڭ 氏 (ئاتا جەمەت فامىلە) سى بار ئىدى، ئەمما ئاددىي پۇقرالارنىڭ 氏 (ئاتا جەمەت فامىلە) سى بولمىغانىدى. 姓 بولسا نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈش مەنىسىگە ئىگە بولۇپ، نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدە 氏 (ئاتا جەمەت فامىلىسى) سى ئوخشاش، ئەمما 姓 (ئانا جەمەت فامىلىسى) ئوخشاش بولمىغانلار ئۆزئارا نىكاھلانسا بولاتتى. 姓 ى ئوخشاش، ئەمما 氏 سى ئوخشىمىغانلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا بولمايتتى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىن كېيىن، 姓 بىلەن 氏 بىرلىشىپ، ھازىرقى 姓氏 (فامىلە) سۆزى بولۇپ شەكىللەندى. بىز دەسلەپكى فامىلە (姓) نى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى ئايال نەسەبتىن ئاۋۇپ كۆپەيگەن ئۇرۇق، جەمەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى دېگەندۇق. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نوپۇس كۆپەيدى، ئىنساننىڭ پائالىيەت سورۇنىمۇ كېڭەيدى، ئەسلىدىكى ئۇرۇقلار مۇقەررەر ھالدا پارچىلىنىپ، ئۇلاردىن تېخىمۇ كۆپ ئۇرۇق ـ جەمەتلەر پەيدا بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئانا نەسەبلىك فامىلە (姓) دىن ئاتا نەسەبلىك بىرقانچە فامىلە (氏) بۆلۈنۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمى-

① خې شياۋمىڭ: «ئىسىم ـ فامىلە ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى»، خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 62 ـ بەت.



سىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، ئەرلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇكسىلىپ، ئەسلىدىكى ئانا نەسەبتىن ھېسابلىنىدىغان قانداشلىق مۇناسىۋەت ئاتا نەسەبكە ئاساسەن ھېسابلىنىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئانا نەسەبنىڭ فامىلىسى (姓) دىن بۆلۈنۈپ چىققان ئاتا نەسەبنىڭ فامىلىسى (氏) ئەرلەرنى يادرو قىلغان يېڭى ئۇرۇقلارنىڭ ئومۇمىي ئىسمى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەنزۇلاردا «姓氏» سۆزى شەكىللىنىپ، ئەر نەسەبنى ئاساس قىلغان جەمەتلەرنىڭ فامىلىسى بولۇپ قالدى. ھازىرمۇ ھەم شۇنداق تەرزدە ئىشلىتىلمەكتە. ئەمما خەنزۇلارنىڭ ئادىتىدە «فامىلىلىك» دېيىلگەندە، ھەرگىز «姓» خېتى ئىشلىتىلمەيدۇ، بەلكى «氏» خېتى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «荣氏» دېگىنى «روڭ فامىلىلىك، روڭ جەمەتى» مەنىلىرىگە ئىگە بولۇپ، بۇ «荣» (روڭ) سۆزىنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن تۇنجى ئەر جىنىسلىق ئەجدادتىن ئاۋۇغان جەمەتنىڭ ئەزاسى، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىنگلىز تىلى قاتارلىق ياۋروپا تىللىرىدا فامىلە ئۇقۇمى «family name»، «familia»، «patroniymic name»، «surname»، «Lastname» قاتارلىق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ. «family name» دىكى «family» ـ «ئائىلە، جەمەت» مەنىلىرىگە ئىگە بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەڭ دەسلەپتە «چاكار، قۇل» مەنىلىرىگە ئىگەنلىكى مەلۇم.① ئەمما ئۇنىڭ ھازىرقى مەنىسى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدەك «جەمەت، ئائىلە» دۇر. «name» بولسا «ئات، ئىسىم، نام» دېمەكتۇر. شۇنداق بولغاندا، «family name» جەمەتكە ئورتاق بولغان نام دېمەكتۇر. «patronymic name» بولسا «ئاتا جەمەت نامى» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خەنزۇ تىلىدىكى «氏» گە ۋە ھازىر بىز چۈشىنىۋاتقان

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، 2 ـ قىسىم، 981 ـ بەت.

فامىلىگە ئەڭ يېقىن كېلىدۇ. «Surnane» دېگەن «sur» بولسا
«هالقىغان، سىرتتىن قوشۇلماق، ئۈستىن» مەنىسىدىكى ئالدى
قوشۇلغۇچى بولۇپ، تولۇق مەنىسى «جەمەت ئەزالىرىغا ئورتاق
هالدا قوشۇلغان، يۇقىرى ئېقىمدىن كەلگەن ئومۇمىي نام» دېگەن-
لىكتۇر. «Last name» دېكى «Last» «ئاخىرقى» مەنىسىدىكى
سۆز بولۇپ، بۇ ئىنگلىز تىللىق ۋە باشقا ياۋروپا مىللەتلىرىدە
شەخسلەرنىڭ تولۇق ئىسىم - فامىلىسىنىڭ تەرتىپلىرىدە، فامى-
لىنىڭ شەخس ئىسمى (first name - بىرىنچى نام) ۋە ئاتىسى-
نىڭ ئىسمى (second nane - ئىككىنچى نام) دىن كېيىن ئەڭ
ئاخىرىدا كېلىدىغان تەرتىپى سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن سۆز-
دۇر. بەزى ياۋروپا تىللىق مىللەتلەردە فامىلە پەقەت «
familia » شەكلى بىلەن كېلىدۇ ۋە ئوخشاشلا جەمەت نامى ئۇقۇ-
مىنى بىلدۇرىدۇ. ئەرەبلەردە «فامىلە» ئۇقۇمى «اسم الاسرة»
(ئىسمۇل ئۇسرەت) دېيىلىدۇ. بۇ «جەمەت ياكى ئائىلە ئىسمى»
دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئىنگلىز تىلىدىكى «
family name» بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب
تىلىدا «فامىلە» ئۇقۇمى «كنية» (كۇنيەت) دېگەن سۆز ئارقى-
لىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ «ئائىلىنىڭ ياكى جەمەتنىڭ كىنايە
نامى» دېگەنلىكتىن ئىبارەت.

فامىلە ئۇقۇمى ھەرقايسى مىللەت تىللىرىدا نېمە دەپ ئاتى-
لىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردا ئوتتۇرۇلىدىغان مەنە- «ئەر نە-
سەبلىك جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامى» دېگەنلىكتىن ئىبارەت. ھەر
قايسى مىللەتلەردە فامىلىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى گەرچە ھەر
خىل بولسىمۇ، يەنى ئۇلار مىللەت، ئۇرۇق، فامىلە ناملىرىدىن،
ئاتا - ئانا ۋە ئەجداد ئىسىملىرىدىن، لەقەم ۋە تەخەللۇسلاردىن،
يەر ناملىرى، ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى ۋە كەسىپ
نامى... قاتارلىقلاردىن كەلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ رولى ئاساسىي
جەھەتتىن ئوخشايدۇ. يەنى، ئائىلە - جەمەتلەرنى بىر - بىرىدىن



پەرقلەندۈرۈش، مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئۆلچىمى
بولۇش ۋە ئىجتىمائىي ئورۇن - مەرتىۋىنى ئېنىق كۆرسىتىش
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۇنيادىكى مىللەتلەردە فا-
مىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرى دېگەندەك ئوخشاش ئەمەس.
ئەمما يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك پۈتۈن ئىنسانلار ئۇرۇقداشلىق
تۈزۈمى باسقۇچىنى مۇقەررەر بېسىپ ئۆتكەن، ئاشۇ ئۇرۇقداش-
لىق جەمئىيىتى باسقۇچلىرىدا، ئىنسانلار ئانىلىق ئۇرۇق ۋە
ئاتىلىق ئۇرۇق بويىچە ئىجتىمائىي توپ بولۇپ تەشكىللىنىپ
ياشىغان ۋە ئۆز ئۇرۇق - جەمەتلىرى بويىچە بەلگىلىك ناملارنى
ئىشلەتكەن. ئەمما سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن،
ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان جەمەتلەر فامىلىنى ئالاھىدە ئىمتى-
يازنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇپ، داۋاملىق ئىشلىتىش بىلەن
بىر ۋاقىتتا، پۇقرالارنىڭ فامىلە ئىشلىتىشىنى مەلۇم دەرىجىدە
چەكلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەمئىيەتنىڭ زورىيىشىغا، ئەنئە-
نىۋى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە، ئۇرۇقداش-
لىق- جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيادى-
كى بەزى مىللەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسى
ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئۇ ئاز ساندىكى يۇقىرى تەبىقە جەمەتلىرىگە
خاسلىشىپ قالغان. ئاسىيادا بولسا خەنزۇلار ئەڭ بۇرۇن فامىلە
ئىشلەتكەن ۋە بۇنداق ئەنئەنىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان مىللەت
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياۋروپادا، بىرقەدەر ئىلگىرىكى فامىلە رىم-
دىكى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەن. ئەمما
فامىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئۇزاققىچە مۇقىملىشالمىغانلىقىنىڭ ئۈستى-
گە، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ئەگىشىپ فامىلە
ئىشلىتىش ئەنئەنىسى ئۇزاق بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالغان.
پەقەت 9 - ئەسىرگە كەلگەندە، ئىتالىيىدىكى ھەرقايسى شەھەر-
لەردە ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان. ياۋروپادىكى كۆپلىگەن دۆلەت-

لەردە فامىلە قوللىنىش ئوتتۇرا ئەسىرلەردە باشلانغانىدى. بۇ دۆلەتلەردە فامىلىنىڭ قوللىنىلىشى جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، خرىستىئان دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشى، نوپۇس بىر قەدەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، يېزا نوپۇسىنىڭ زورىيىشى، ئەسكەر قوبۇل قىلىش ۋە ھۆكۈمەت باج - سېلىقلىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سودا ئالاقىلىرىنىڭ كۈچىيىشى، ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنە بىر قىسىم مىللەتلەردە ھەر خىل تارىخىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن، فامىلە قوللىنىش ئىشى ئەسلىگە كېلىش، تەرەققىي قىلىشنىڭ ئەكسىچە تەدرىجىي يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا خىلدىكى ئاتاش شەكىللىرى (مەسىلەن، لەقەمدەك) ئومۇملىشىپ بارغان. ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ فامىلە قوللىنىش ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر، ئىران تىللىق مىللەتلەر، مالاي تىللىق مىللەتلەر ۋە ئەرەب تىللىق مىللەتلەردە ھەقىقىي مەنىدىكى فامىلە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى لەقەم قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق جەمەتلەرنى پەرقلەندۈرسە، يەنە بەزىلىرى فامىلىلىك مىللەتلەر تەسىرىدە فامىلە قوللىنىشنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرمەكتە. بەزى مىللەتلەر بولسا ئاتا ياكى ئەجداد ئىسمىنى فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىش شەكلىنى داۋام قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر مەسىلە — فامىلىلەرنى تىل قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى نۇقتىسىدىن بۆلۈپ، شۇ ئارقىلىق فامىلىلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئىككى ئۆلچەم بويىچە بۆلۈش بىر قەدەر ئومۇملاشقان: يەنى فامىلىنىڭ سۆزدە ئىپادىلىنىشىدە، ئىشلى-



تىلگەن سۆزنىڭ بىر ياكى كۆپ بولۇشىغا قاراپ ئاددىي فامىلە ۋە مۇرەككەپ فامىلە دەپ بۆلۈش؛ فامىلىلەرنى ئىشلىتىدىغان ئادەم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ چوڭ فامىلە ۋە كىچىك فامىلە دەپ بۆلۈشتىن ئىبارەت. ھەرقايسى فامىلىلىك مىللەتلەردە ئومۇمەن بىر سۆز ياكى بىر خەتتىن تەركىب تاپقان ئاددىي فامىلىلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ فامىلىلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇلارنىڭ فامىلىلىرى ئىچىدە ئىككى خەتلىك، ئۈچ خەتلىك، تۆت خەتلىك ۋە بەش خەتلىك فامىلىلەر مۇرەككەپ فامىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئادەتتە دېيىلىۋاتقان مۇرەككەپ فامىلە ئىككى خەتلىك فامىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى 南宫 (نەنگوڭ)، 公西 (گۇڭشى)، 司马 (سىما)، 尉迟 (ۋېيچى) دېگەندەك. بەزىلەرنىڭ ستاتىستىكىلىرىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرقى زاماندىكى خەنزۇلار كۆپ ئىشلىتىدىغان 3000 دىن ئارتۇق فامىلە ئىچىدە، مۇرەككەپ فامىلىلەر پەقەت 250 بولۇپ، ئومۇمىي فامىلىنىڭ 8% نى ئىگىلەيدىكەن.[1] باشقا تىللىق مىللەتلەردە مۇرەككەپ فامىلىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن كۆزىتىش مۇمكىن: بىرى قوشما سۆزدىن تەشكىللەنگەن فامىلىلەر مۇرەككەپ فامىلە ھېسابلىنامدۇ - يوق؟ يەنە بىرى، مۇستەقىل ئىككى مەنبەدىن كەلگەن، سۆز قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى فامىلە ھېسابلىنىدىغان سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئەگەر ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنبەدىن كەلگەن بولسا، ئاندىن مۇرەككەپ فامىلە ھېسابلىنامدۇ - قانداق؟ خەنزۇ، ياپون، كورىيىلىكلەردىن باشقا فامىلىلىك مىللەتلەردە بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان يەككە سۆز نەچچە بۆلەكتىن تەشكىل تېپىشتىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ فامىلە قىلىپ ئىشلىتىلسە، مۇرەككەپ فامىلە

① خې شياۋمىڭ: «ئىسىم - فامىلە ۋە جۇڭگو مەدەنىيىتى»، 81 - بەت.

ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن، «Tomson» دېگەن فامىلە گەرچە
«Tom» (توم: ئادەم ئىسمى) ۋە «son» (سون: ئوغلى،
مەنىسىدە) دېگەن ئىككى سۆزدىن تەشكىل تاپقان بىرىككەن سۆز
بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇرەككەپ فامىلە ھېسابلانمايدۇ.
يەنە مەسىلەن، تۈركلەردىكى فامىلە «Akyol» (ئاقيول) ۋە
«Kapasoglu» (كاپەس ئوغلى) لار بىرىككەن سۆز بولسىمۇ،
ئەمما مۇرەككەپ فامىلە ئەمەس. ئەرەب، ئوردۇ، فارس قاتارلىق
مىللەتلەر فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان ئەجدادلىرىنىڭ ياكى بو-
ۋىسىنىڭ نامىلىرى ئىچىدىكى «ئابدۇراخمان» (Abdurrahman)،
«جالالىددىن» (Jalaliddin)، «نادىر پۇر» (Naderpur)، «كا-
زىمزادە» (Kazemzadeh) قاتارلىق بىرىككەن سۆزلەرمۇ مۇرەك-
كەپ فامىلە ھېسابلانمايدۇ. ئەمما بىزنىڭ چۈشەنچىمىزچە، مۇ-
رەككەپ فامىلە بولسا فامىلە قوللانغۇچى فامىلە سۈپىتىدە داۋام-
لاشتۇرۇپ كەلگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق فامىلىنىڭ
قوشۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىسپان تىللىق خەلقلەر-
دىكى مۇرەككەپ فامىلە تىپىك مىسال بولسا كېرەك. مۇرەككەپ
فامىلە ئىسپان تىللىق خەلقلەردە تولىمۇ كەڭرى ئىشلىتىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرى ئىچىدە دائىم باغلىغۇچى بەلگە
«-»، ئالدى قوشۇلغۇچى «de» («نىڭ» مەنىسىدە) ۋە «y»
(«ۋە» مەنىسىدە) لەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. مانا بۇ ئۈچ خىل
ئەھۋال مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ ئالامىتىدۇر. «-» بەلگىسى
ئارقىلىق باغلانغان ئىككى سۆز مۇرەككەپ فامىلىلەر بولۇپ،
بۇنداق شەكىلدىكى مۇرەككەپ فامىلىلەر ئىچىدە ئالدىدىكىسى ئانا
جەمەتنىڭ فامىلىسىنى، كەينىدىكىسى ئاتا جەمەتنىڭ فامىلىسىنى
كۆرسىتىدۇ. «Leopoldo Calvo—Soteloy Bustle» دېگەن ئى-
سىم فامىلىدە «Culvo — sotely» مۇرەككەپ فامىلە بولۇپ،
ئالدىدىكى «Culvo» شۇ فامىلىنى قوللانغۇچىنىڭ ئانا جەمەت
فامىلىسى، «Sotely» بولسا ئاتا جەمەت فامىلىسى بولۇپ ھېساب-



لىنىدۇ. «de» ۋە «y» ئارقىلىق باغلانغان سۆزلەرمۇ ئاتا ۋە
ئانا جەمەتنىڭ فامىلىلىرىدىن تەشكىل تاپقان مۇرەككەپ فامىلى-
لەردۇر.① ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى دەۋردە خەنزۇلاردا يالغۇز
پەرزەنتلىك ئائىلىلەرنىڭ شىددەتلىك كۆپىيىشى، ئاياللارنىڭ
ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئۆسۈشى ۋە فامىلە تەكرارلىقى مەسىلىسى-
نى ھەل قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزىلەرنىڭ ئاتا
جەمەت ۋە ئانا جەمەتنىڭ فامىلىسىنى قوشۇپ مۇرەككەپ فامىلە
ھاسىل قىلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلمەكتە. دې-
مەك، كۆرۈشكە بولىدۇكى، مۇرەككەپ فامىلە ئەمەلىيەتتە ئاتا
ياكى ئانا جەمەتنىڭ فامىلىسىنى (شۇ فامىلىلەرنىڭ سۆز قۇرۇل-
مىسىدىكى مۇرەككەپلىك ئېتىبار بىلەن) ئەمەس، بەلكى ئاتا
جەمەت ۋە ئانا جەمەتنىڭ فامىلىسىدىن قوشۇلۇپ تۈزۈلگەن ۋە
ئۇلار ئارىسىغا مەلۇم ئالامەتلەر قويۇلۇش ياكى قويۇلماسلىق
ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدىغان فامىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما
خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردە ئىككى، ئۈچ، تۆت ھەتتا بەش خەت-
لىك فامىلىلەر شۇ فامىلىلەرنىڭ ئاتا ۋە ئانا جەمەت فامىلىلىرى-
نىڭ قوشۇلمىسى ئەمەس، بەلكى ئەسلىدىلا ياكى ئاتا جەمەتنىڭ
ياكى ئانا جەمەتنىڭ كۆپ خەتلىك خاس فامىلىسى بولۇشىدىن
قەتئىينەزەر، يەنىلا مۇرەككەپ فامىلە دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا مۇ-
رەككەپ فامىلىلەردىكى مۇنداق پەرقلەرنى ئېنىق ئاجرىتىۋېلىش
كېرەك.

مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبى كۆپ خىل
بولۇپ، خەنزۇلاردىكى مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە
قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىكى فامىلە ياكى ئىسىملارنىڭ
خەنزۇچىغا ئاھاڭ ياكى مەنە تەرجىمىسى بويىچە كىرىپ فامىلىگە
ئايلىنىشى مۇھىم سەۋەب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، خەنز-

---

① بۇ ھەقتە «ئىسپان تىللىق خەلقلەرنىڭ فامىلىسى» دېگەن مەزمۇنغا قارالسۇن.

ىز ۋلاردىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان 58 مۇرەككەپ فامىلە ئىچىدە قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرىدىن كەلگەن مۇرەككەپ فامىلىلەر 19 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ ئادەم ئىشلىتىدىغان 尉迟 (ۋېيچى) قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ خان جەمەتى فامىلىسى ۋايجرا (ياكى ۋىسا) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن مۇرەككەپ فامىلىدۇر. خەنزۇلاردا مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ شەكىللىنىشى بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەر نامىلىرى، (مەسىلەن، 贺兰 : خىلەن — تاغنىڭ نامى؛ 澹台 : تەنتەي — كۆل نامى؛ 百里 : بەيلى — شەھەر نامى)، قەدىمكى مەنسەپ — ئۇنۋان نامىلىرى (مەسىلەن، 司马 : سىما — مىراخور؛ 司徒 : سىتۇ — يەر — مۇلۇك ۋە نوپۇس ئەمەلدارى؛ 司空 : سىكوڭ — قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى ئەمەلدارى…)، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان ناملار (مەسىلەن، 公孙 : گۇڭسۇن — گوڭ ئەۋلادى)، تەرتىپ نامىلىرى (مەسىلەن، 第一 : دىيى — بىرىنچى، تۇنجى؛ 第二 : دىئېر — ئىككىنچى؛ 第八 : دىبا — سەككىزىنچى…)، ئىجتىمائىي تەسىر نامىلىرى (مەسىلەن، 闻人 : ۋېنرېن — ئاتاقلىق كىشى) قاتارلىقلارنىڭ فامىلىگە ئۆزگىرىپ قېلىشىنىمۇ مەنبە قىلغان. ياۋروپا مىللەتلىرىدىكى مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى مۇنداق بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن: يەنى يۇقىرى تەبىقىدىن كېلىپ چىققان قىزلار تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۆز جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى تاشلىۋېتىشنى خالىماي، ئۇنى ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىگە قوشۇپ ئىشلىتىش ياكى ئەۋلادلار باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلىسى بىلەن ئانا جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى قوشۇپ ئىشلىتىشنى لايىق كۆرۈشلىرى نەتىجىسىدە مۇرەككەپ فامىلىلەر كېلىپ چىققان.

ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ھەرقايسى مىللەتلەردىكى يۇقىرىقىدەك مۇرەككەپ فامىلىلەر كۈنسايىن ئازى-



يىش ھالىتىدە تۇرماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى، مۇرەككەپ فامىلىلەر ئاددىي فامىلىلەردەك قولاي، تەلەپپۇزدا تېز بولمىغانلىقىدۇر. ئەمما تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدىن قارىغاندا، ئىنسانىيەت ھازىرقى زامان جەمئىيىتىگە كىرگەندىن كېيىن، ئوخشاش ئىسىملىك ۋە ئوخشاش فامىلىلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش ھادىسىسىنىڭ كۈنسېرى ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئوخشاش ئىسىملىك ۋە ئوخشاش فامىلىلىكلەر كۆپ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن چاغلىرىدا، مۇرەككەپ فامىلىلەرنى ئاددىي فامىلىلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ياخشى چارىلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلاشماقتا. ئەمما بۇنداق مۇرەككەپ فامىلىلەر تەدبىرىدە تۆۋەندىكىدەك بىر ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ: يەنى، پەرزەنتكە ئاتا ۋە ئانا تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوشۇپ مۇرەككەپ فامىلە پەيدا قىلىپ ھەدىيە قىلغاندىن كېيىن، شۇنداقلا شۇ پەرزەنت يەنە باشقىلار بىلەن نىكاھلىنىپ پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، ئەگەر يەنە شۇ پەرزەنتىنىڭ جورىسىنىڭ فامىلىسىنى قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا فامىلە بەك ئۇزىراپ كېتىشى مۇمكىن. خۇددى 林 (لىن) فامىلىلىك بىر ئەر 田 (تيەن) فامىلىلىك بىر قىزغا ئۆيلىنىپ پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇلار پەرزەنتىنىڭ فامىلىسىنى 林田 (لىنتيەن) دەپ ئاتىدى دېسەك، ئۇنداقتا 林田 فامىلىلىك پەرزەنت باشقا بىر 金 (جىن) فامىلىلىك بىلەن توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق مۇرەككەپ فامىلە ياساپ ھەدىيە قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ فامىلىسى 林田金 ياكى 金林田 بولۇپ قالىدۇ — دە، فامىلىنىڭ ئىسىمدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى مۇشكۈل بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەر — ئايال ياكى ئاتا — ئانىنىڭ فامىلىسىدىن ئېلىنغان فامىلىلەر ئۆزگىرىشچان ۋە زور ھەجىملىك مۇرەككەپ فامىلە تۈرلىرىنى پەيدا قىلالايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا بەزى بۆلەكلەرنى قىسقارتىش ئارقىلىق ئوخشاش

فامىلىلىكلەر كۆپ بولۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان نۇرغۇن ئاۋارى-
چىلىكلەرنى ئازايتقىلى بولىدۇ.
ئۆتكەن دەۋرلەردە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرقايسى
فامىلىلىك مىللەتلەردە، بەزى فامىلىلەرنى نۇرغۇن ئادەم ۋە جە-
مەتلەر ئىشلىتىدىغان، يەنە بەزى فامىلىلەرنى ئىشلىتىدىغانلار
بەكمۇ ئاز بولىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن. دېمەك، ئىشلىتىدى-
غان ئادەم سانى كۆپ فامىلىلەر ـ چوڭ فامىلىلەردۇر. ناھايىتى
ئاز ئادەم ئىشلىتىدىغان فامىلىلەر ـ كىچىك فامىلىلەردۇر. چوڭ
فامىلە ۋە كىچىك فامىلىنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىدىكى سەۋەب-
لەر ـ فامىلىلىك مىللەتلەرنىڭ ئۆتكەن دەۋرلەردىكى فامىلە قول-
لىنىش ئەنئەنىسىدە، فامىلىنىڭ جەمەتلەرنى بىر ـ بىرىدىن
پەرقلەندۈرۈشتەك تۈپ رولىغا بولغان تونۇشىنىڭ كەملىكى، ئۇ-
نى پەقەت ئەنئەنە سۈپىتىدىلا ئاڭسىز رەۋىشتە قوللانغانلىقى، بەزى
جەمەتلەرنىڭ ئۆز ئورنىدىكى ئەۋزەللىك تۈپەيلىدىن كۈنسايىن
ئاۋۇپ كۆپەيگەنلىكى، ھەتتا بەزى فامىلىلەرنى مەخسۇس ئىشلى-
تىدىغان خۇسۇسىي بايلىق قاتارىدا كۆرۈپ، پۇقرالارنىڭ ئىشلى-
تىشىگە يول قويمىغانلىقى، يۇقىرى تەبىقە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ
فامىلىلەرنى تۆھپىكار جەمەتلەرگە ھەدىيە قىلىنىۋەرگەنلىكى، ئۇ-
نىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ تەلەپپۇزدىكى قۇلايلىق ۋە مەنىدار-
لىقنى قوغلىشىپ بىر تۈركۈم سۆزلەرنى فامىلە قىلىپ قوللىنى-
ۋالغانلىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن جە-
مەتلەر ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش يىلتىزىنى ئېسىل جەمەتلەرگە
باغلاش مەقسىتىدە، يۇقىرى قاتلامدىكى چوڭ جەمەتلەرنىڭ فامى-
لىسىنى ئۆز فامىلىرىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشى-
مۇ ـ چوڭ فامىلىلەرنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەب-
تۇر. مەسىلەن، خەنزۇلارنىڭ خان جەمەتى فامىلىسى ھېسابلى-
نىدىغان 王 (ۋاڭ) فامىلىسىنى ھۆكۈمرانلار قول ئاستىدىكى
ئەمەلدار ۋە سەركەردىلەرنى تۆھپە كۆرسىتىشكە قىزىقتۇرۇشنىڭ



مۇھىم ۋاسىتىسى قىلىپ، ئۇ فامىلىنى قول ئاستىدىكىلەرگە
قىلغان ئەڭ چوڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ھەدىيە قىلغانىدى. ئۇنىڭ-
دىن سىرت نۇرغۇن جەمەتلەر ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھ جەمەتى بىلەن
قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، فامىلى-
لىرىنى 王 غا ئۆزگەرتكەنىدى. 李 (لى) فامىلىسىمۇ خەنزۇلار-
دىكى چوڭ فامىلە بولۇپ، ۋېي، سۈي ۋە تاڭ دەۋرىدىكى ھۆكۈم-
رانلار تۆھپىكار ئەمەلدارلار، جەمەتلەر ۋە ئەل بولغان قوۋملارغا
مەزكۇر فامىلىنى ھەدىيە قىلىشنى ئادەت قىلغان، نەتىجىدە، بۇ
فامىلىلىكلەرنىڭ سانى كۆپىيىپ، ھازىر چوڭ فامىلىگە ئايلىنىپ
قالدى. دېمەك، ھەممە مىللەتتە ئۆزلىرى كۆپرەك ئىشلىتىدىغان
چوڭ فامىلىلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇ دەل فامىلە تەكرارلىقى
ئەھۋالىنىڭ تۈپ سەۋەبى، شۇنداقلا فامىلىلىك مىللەتلەردىكى
فامىلە ئىسلاھاتى تەدبىرىنىڭمۇ تۈپ چىقىش نۇقتىسى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى فامىلىلىك مىللەتلەردە كىچىك فامىلى-
لەر، يەنى ئىشلىتىدىغان جەمەتلەر ئاز بولغان فامىلىلەرمۇ مەۋ-
جۇت. بۇنداق فامىلىلەرنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى تۆۋەن بولى-
دۇ. بۇنداق فامىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەسلىدىلا فامىلە
ئىشلىتىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، مەزكۇر فامىلىلەر دەس-
لەپتە بىر مىللەت تىلىدىن يەنە بىر مىللەت تىلىغا ئاھاڭ تەرجى-
مىسى بويىچە كىرىپ ئۆزلىشىپ قېلىش، مەنىسى غەلىتىرەك،
تەلەپپۇزى قىيىنراق بولۇش، فامىلىنى تۇنجى قېتىم قوللانغان
شەخسلەرنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەلىتىرەك سۆزلەرنى
فامىلە قىلىپ تاللىۋېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان.
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق فامىلىلىك جەمەتلەرنىڭ ئاۋۇپ ـ كۆپى-
يىش سۈرئىتىمۇ نىسبەتەن ئاستا بولغان.
دۇنيا مىللەتلىرىدىكى فامىلىلەر ئىچىدە بىز يەنە جەمەت
فامىلىسىگە خاراكتېر جەھەتتىن دىگەندەك ئوخشىمايدىغان فامى-
لىنى ئۇچرىتىمىز. جەمەت فامىلىسى بىز چۈشىنىپ تۇرغان،

بىر جەمەت ياكى ئائىلىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، ئۇ فامىلىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدۇر. ئەمما بەزى مىللەتلەردە يەنە تەبىقە فامىلىسى دېگەن بىر چۈشەنچىمۇ بار. تەبىقە فامىلىسى دېگىنى بىر جەمەت ياكى شەخسنىڭ تەۋە بولغان ئىجتىمائىي ئورنى ياكى شۇغۇللىنىدىغان كەسپىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن، ئۆز نام ـ شەرىپىگە يۈكلىگەن ياكى باشقىلار تەرىپىدىن يۈكلەنگەن فامىلە بولۇپ، بۇ ھىندىلارنىڭ فامىلىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ. ھىندىلاردا قەدىمكى تەبىقە چۈشەنچىسى بويىچە «تەبىقە فامىلىسى» (Varna) قەدىمكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىكى تۆت تەبىقە ـ براھمان (ئىلىم، نەزىر ـ چىراغ، دىنىي پائالىيەتلەرنى باشقۇرغۇچى ۋە شۇغۇللانغۇچى تەبىقە)، كساترىيا (جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقان، ھەربىي ـ مۇلكى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەبىقە)، ۋايسىيا (تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەبىقە) ۋە سۇدرا (تۈرلۈك ھۈنەر ـ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەبىقە) ئىچىدىكى ئالدىنقى ئۈچ تەبىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان فامىلە بولۇپ، مىلادىيىنىڭ ئالدىدىن مىلادىيە 1000 ـ يىللارغىچە ئارىلىقتا يېزىلغان ھىندى دىنى دەستۇرلىرىدىن بىرى ـ «پۇرانا» (Purana) دا ئېنىق قىلىپ: «فامىلىسى شارما (sharma) بولغىنى براھمانلاردۇر؛ فامىلىسى ۋارما (Varma) بولغانلىرى كساترىيالاردۇر؛ فامىلىسى گۇپتا (Gupta) بولغانلىرى ۋايسىيالاردۇر.»① دەپ يېزىلغان. بۇنداق تەبىقە فامىلىسىنى قوللىنىش ئەھۋالى ھازىرغا قەدەر ھىندىلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، تەبىقە فامىلىسى جەمەت فامىلىسىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ھەر بىر تەبىقە فامىلىسى نەچچە ئون فامىلىنى ھەتتا يۈزلەپ فامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

① جاڭ لىيەنفاڭ تۈزگەن: «چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە 158 ـ بەت



ئۇنىڭدىن سىرت ئۇلاردىن يەنە يېڭى فامىلىلەر بۆلۈنۈپ چىقىدۇ.① بۇنىڭدىن سىرت پاكىستانلىقلاردىمۇ «سەييىد»، «چۇدھەرى»، «خان»، «مىرزا»، «بەگ»، «ئاغا»، «شەيخ»، «مىر»، «خوجا» قاتارلىق ئىجتىمائىي ئورۇن دەرىجىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى تەبىقە فامىلىسى سۈپىتىدە پۈتۈن ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ ئەڭ ئالدىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋال بار. ئەمما تەبىقە تۈزۈمى ۋە چۈشەنچىسىنىڭ سۇسلىشىشىغا ئەگىشىپ، تەبىقە فامىلىلىرىنىڭ ھۆرمەت سۆزلىرىگە ۋە جەمەت فامىلىلىرىگە ئايلىنىپ كېتىشى ـ نۆۋەتتە تەبىقە فامىلىسى ئىشلىتىدىغان مىللەتلەردىكى بىر ئورتاق يۈزلىنىشتۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئوخشاپراق كېتىدىغان تارىخىي دەۋرلەردە پەيدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانغا يۈكلەنگەن بىر ـ بىرىدىن ھەرقايسى جەھەتلەردە پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان نام ـ بەلگىلەرنى قوشۇپ ئىشلىتىش، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوخشىمايدىغان نامىلاش شەكىللىرىنى ئىشلىتىشنى مۇقىم ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان. ئىنسانلارنىڭ نامىلاش ئۇسۇللىرىنى چوڭ جەھەتتىن ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى، ئىسىم ـ فامىلىنى قوشۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى، يەنە بىرى، ئاتا ـ بالىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى. شەخس ئىسمى بىلەن شۇ شەخس تەۋە بولغان ئۇرۇق ۋە جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامى (فامىلىسى) نى قوشۇپ ئىشلىتىش ـ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى شارائىتىدا مۇقىملاشقان تۈزۈم بولۇپ، ئاشۇ دەۋردە ئۇرۇق ياكى جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامىنى شەخس ئىسىملىرىغا قوشۇش ئىككى خىل شەكىلدە بولغان: يەنى «ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي نامى + شەخس ئىسمى» ۋە «شەخس ئىسمى + ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي نامى». بۇنداق ئۇسۇل ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرىگە كەلگەندە مۇتلەق

① بۇ ھەقتە «ھىندىلارنىڭ فامىلىسى» دېگەن بۆلەككە قارالسۇن.

يوقاپ كەتمىدى، بەلكى بەزى مىللەتلەردە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، دۇنيادا خەنزۇ، ياپون، چاۋشەن، ۋيېتنام، لائوس ۋە كامبودژادىكى بىر قىسىم مىللەتلەر ۋە يەنە ئىپتىدائىي ھالەتتە ياشاۋاتقان قىسمەن مىللەتلەردە بولسا پەقەت جەمەت فامىلىسى بىلەن شەخس ئىسمىلا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ، ئاتىنىڭ ئىسمى بولسا تاشلىۋېتىلىدۇ. تەرتىپتە بەزىلىرى «فامىلە + شەخس ئىسمى» شەكلىدە قوللىنىلسا، بەزىلەر «شەخس ئىسمى + فامىلە» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى فامىلە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ئاياللارنى ئاساس قىلغان جەمەتلەرنىڭ فامىلىسى ئەمەس، بەلكى ئەرلەرنى ئاساس قىلغان جەمەتلەرنىڭ فامىلىسىدىن ئىبارەت. يەنە بىر خىل نامىلاش ئۇسۇلى — ئاتا ـ بالىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ نامىلاش بولۇپ، بۇ ئۇسۇل ئانىلىق ھوقۇقچىلىقى دەۋرى ئاخىرلىشىپ، ئاتىلىق ھوقۇقچىلىق تۈزۈمى تىكلەنگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەندۇر. بۇ ئۇسۇلنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى بىۋاستە سەۋەب ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمەتچىلىكى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمەتچىلىكىگە ئورۇن بەرگەندىن كېيىن، ئانا تەرەپ نەسەبتىن ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ ئاتا تەرەپ نەسەبتىن ھېسابلاش ئۇسۇلىغا ئۆزگىرىشىدۇر. بۇنداق ئەھۋالدا، ئاتىنىڭ ئىسمى بىلەن پەرزەنتنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئىشلەتكەندە، ئاتا جەمەت قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بىۋاستە داۋاملىشىشىغا، ھەمدە بىۋاستە قانداشلار بىلەن بىۋاستە قانداش بولمىغانلارنى ئېنىق ئايرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئەرلەر بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق بىۋاستە قانداش ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى، بولۇپمۇ بىۋاستە قانداش پەرزەنتلەرنى مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلالايدۇ. ئاتا ـ بالىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش ئۇسۇلى ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ: (1) ئاتىنىڭ ئىسمى



ئالدىدا، بالىنىڭ ئىسمى كەينىدە كېلىدىغان شەكىل: (2) بالىنىڭ ئىسمى ئالدىدا، ئاتىنىڭ ئىسمى كەينىدە كېلىدىغان شەكىل: (3) بالا ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ياكى ئالدىغا فامىلىنى قوشۇپ ئاتاش شەكلى. ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان شەكىل ئىككىنچى خىل شەكىل، يەنى بالىنىڭ ئىسمى ئالدىدا، ئاتىنىڭ ئىسمى كەينىدە كېلىدىغان شەكىلدۇر. ئىسمىغا فامىلىنى قوشۇپ ئىشلىتىشتە ئىككى خىل شەكىل مەۋجۇت. بىرى، ئىسمىنىڭ ئالدى ياكى كەينىگە فامىلىنى بىۋاستە قوشۇش شەكلى؛ يەنە بىرى، فامىلىنى بالا بىلەن ئاتىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدى ياكى كەينىگە قوشۇش شەكلى. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى فامىلە بەزى مىللەتلەردە ئەجداد ئىسمى بولۇشى، بەزى مىللەتلەردە قەبىلە ئىسمى بولۇشى، يەنە بەزى مىللەتلەردە جەمەت ئىسمى بولۇشى مۇمكىن. كۆرۈشكە بولىدۇكى، فامىلىلەر ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئىسىملارغا قوشۇلۇپ كېلىشتە ئوخشىمىغان شەكىللەرگە ئىگە. ئەلۋەتتە، بىز فامىلىنى شەخس ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ ئىشلىتىشنى ئىلغارلىق، ئارقىسىغا قوشۇپ ئىشلىتىشنى قالاقلىق دەپ ئېيتالمايمىز، ئەكسىچە بولغاندىمۇ ھەم شۇنداق. بۇ پەقەت مىللەتلەرنىڭ نامىلاش ئادىتىدىكى مەسىلە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلغارلىق ياكى قالاقلىق بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى يوق.

ئىنسانلار ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تارتىپلا ئۇرۇق ـ جەمەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولمىش فامىلىلەرگە شۇنچىلىك ئېتىبار بەرگەن. ئۇنداقتا، فامىلىلەر قانداق روللىرى سەۋەبىدىن شۇنچە كۆپ دىققەت ـ ئېتىبارغا مۇيەسسەر بولالىغان؛ بۇ دەل فامىلىلەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى مەسىلىسىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ فامىلىسى ئەمەلىيەت ۋە بىلىش ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان تۈرگە ئايرىش سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ ھەم جەمئىيەت، مەدەنىيەت ۋە تارىخنىڭ مەھسۇلى، ھەم ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە تارىخىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا

ئىشتىراك قىلىدىغان بەلگىلەر سىستېمىسىدۇر. مۇئەييەن تارى-
خىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ئىچىدە، فامىلىنىڭ
رولى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەر جەمئىيەت ۋە مەدەنى-
يەتكە مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. فامىلە قاتارلىق بەلگىلەر
ئارقىلىق ناملاش ۋە تۇرگە ئايرىش ئىنسانلارنىڭ ھايۋانات دۇنيا-
سىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى
بولۇپ، ئۇلاردا گەۋدىلىنىدىغىنى ئادەمنىڭ كۆزىتىش، سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ۋە يىغىنچاقلاشتەك ئىقتىدارلىرىدۇر.
ئىنسانلارنىڭ شەيئى - ھادىسىلەرنى تۇرگە ئايرىشى، تونۇش ۋە
بىلىش ئېھتىياجىدىن بولىدۇ. دۇنيادىكى شەيئىلەر، ھادىسىلەر
مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئىسىم - فامىلە ئارقىلىق
ناملاش ۋە تۇرگە ئايرىش مول، رەڭگارەڭ ۋە چەكسىز دۇنيانى
بىز تونۇيالايدىغان ۋە قوبۇل قىلالايدىغان كۆلەمگە كەلتۈرىدۇ.
ئادەم تۇغۇلۇشى بىلەنلا جەمئىيەت ئاتا قىلغان ئىسىم، فامىلە،
لەقەم... قاتارلىق بەلگىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ،
ئۇ ئىجتىمائىي ئادەمگە ئايلىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسىدۇ.
ئىنسانلار بەلگىلەر قاينىمى ئىچىدە ياشايدۇ، ئاتا - ئانىنىڭ
ئىسمى، قېرىنداش - ھەمشىرىلەرنىڭ ئىسمى، ئۇرۇق - تۇغ-
قان، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ ئىسمى، لەقەملىرى، ئەركىلەتمە
ناملىرى ۋە باشقا ئىجتىمائىي بەلگىلەر ھەر ۋاقىت بىزنى ئوراپ
تۇرىدۇ ھەم ئاخىرىدا بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىمىزنى بەلگىلەيدى-
غان مۇھىم ئامىلغا ئايلىنىدۇ. شەخسنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش
جەريانى يەنە ئىسىم - فامىلىلەرنى قوبۇل قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان «مۇراسىم» لارغىمۇ
نائىل بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى بىر خىل ئالماشتۇرۇش
ۋە ئالاقە باغلاش ۋاسىتىسىدۇر. ئىسىم - فامىلە بەلگە بولۇش
سۈپىتىدە، ئۇ شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلى-



رىنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان بولىدۇ. ئىسىم - فامىلە خاس
ئىسىملارنىڭ بىر بۆلۈكى بولۇپ، ئۇ ھەم بىر خىل تىل ھادىسى-
سى، ھەم بىر خىل مەدەنىيەت شەكلىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئى-
سىم- فامىلىسى مۇئەييەن تىل ۋە مۇئەييەن مەدەنىيەتتىن ئايرى-
لالمايدۇ. يەنى، تىل ۋە مەدەنىيەت — ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ
مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئالدىنقى شەرتلەردۇر.

سانائەتلىشىش دەۋرىدىن ئىلگىرىكى نۇرغۇن جەمئىيەتلەردە،
ئىسىم - فامىلە مۇھىم تۇرگە ئايرىش شەكلى ھېسابلىناتتى. ئات
قويۇش مۇراسىملىرىدا كىشىلەرگە نام - بەلگە ھەدىيە قىلىنىش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھەر خىل ھوقۇق ۋە نوپۇز تەقسىملىنەت-
تى. شۇنداق قىلىپ، ئىسىم - فامىلە شەخسلەرنى بىر - بىرى-
دىن پەرقلەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي توپلارنى
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇملاشتۇرۇپ ئىپادىلەش ئىقتىدا-
رىغا ئىگە بولاتتى. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئىسىم - فامىلە
بەلگىلىرى سىستېمىسى كىشىلەرنىڭ ئەزىز ياكى خار بولۇش،
چوڭ بىلەن كىچىكنىڭ تەرتىپى بولۇشتەك تەبىقە تۈزۈمىنى ئايان
قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىسىم - فامىلە مۇھىم ئىجتىمائىي «بەلگە
دەسمايىسى» سۈپىتىدە، كەڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەنىسىگە
ئىگە بولىدۇ. ئىسىم - فامىلە بايلىقنىڭ تەقسىملىنىشى
گوياكى باشقا ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ تەقسىملىنىشىگە ئوخ-
شاش، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئىچىدە ئىجتىمائىي تەبىقە، ئىج-
تىمائىي تىزگىنلەش ۋە ئىجتىمائىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ ۋاسىتىسى
بولۇپ خىزمەت قىلغان. سانائەتلىشىشنىڭ كۈچىيىشى، قانداش-
لىق ئېڭى ۋە جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ،
ھەر قايسى دۆلەتلەر ئەنئەنىۋى جەمەتلەرنىڭ نۇرغۇن ئىجتىمائىي
روللىرىنى بىكار قىلدى. نەتىجىدە، ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ
روللىرىدىمۇ بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى ۋە بۇ شەخسلەرنى
بىر - بىرىدىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈشكىلا مەركەزلەشتى. بىراق

ئىسىم ـ فامىلىلەر پۈتۈن قىرالىق ھوقۇقى، كىملىك، داۋا ـ دەس-
تۇر، ئەرزىيەت قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەتنىڭ تىزگىن-
لەش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.
ھەرقانداق فامىلە ھەم قۇرۇلما شەكلىگە ھەم، ئىجتىمائىي
مەنىگە ئىگە بولىدۇ. فامىلىلەر بەلگە بولۇش سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ
فامىلە ئىگىسى بولغان جەمەت بىلەن ئۇدۇل، دەلمۇدەل كېلىد-
ىغان تەبىئىي باغلىنىشى بولمايدۇ. فامىلە تاللىنىش يولى بىلەن
پەيدا بولىدۇ ھەم مۇئەييەن مەدەنىيەت مەنەسىگە ئىگە بولىدۇ.
شۇنداقلا كونكرېت تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىنى قوبۇل
قىلىدۇ. فامىلىلەر بىلەن ئۇلار كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتلار (ئا-
دەملەر توپى ياكى جەمەتلەر) ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەدەنى-
يەت تەسەۋۋۇرى، مۇراسىم شەكىللىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېتى-
راپ قىلىشىدىن ئۆتۈپ ئاندىن تىكلىنىدۇ. ئالاھىدە كۆرسىتىپ
ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، فامىلە قوش قۇرۇلما ۋە قوش
مەنىگە ئىگە بولىدۇ. فامىلىنىڭ قوش قۇرۇلمىسى مۇناسىپ
تىلنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مۇناسىپ مەدەنىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىدىن
ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. فامىلىلەر بىر
تەرەپتىن تىلشۇناسلىق قانۇنىيىتىگە، تىل ئىشلىتىش ئادىتىگە
بويسۇنۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت، تارىخ ۋە مەدەنىيەت-
نىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلىشىشى كېرەك. فامىلىنىڭ قوش مەند-
سى مۇئەييەن تىلنىڭ ئۆزىدىكى مەنە ۋە ئىجتىمائىي ـ مەدەنىيەت
مەنەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تىلنىڭ
ئۆزىدىكى مەنە» تىل تاۋۇشى، تىل قائىدىسى (گراماتىكا)،
تىل مەنىسى قاتارلىق تار مەنىدىكى تىلشۇناسلىق مەزمۇنلىرىنى
كۆرسىتىدۇ. «ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مەنەسى» بولسا فامىلىلەر-
نىڭ بىر پۈتۈن مىللەت، قوۋم ياكى ئىجتىمائىي توپنىڭ تارىخىي
ھاياتى بىلەن باغلانغان قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ.
مەدەنىيەت شەكىللىرىدىن بىرى بولغان فامىلە ناھايىتى مول



مەدەنىيەت مەزمۇنىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ جانلىق ئىجتىمائىي ـ
تارىخىي ـ مەدەنىي مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. فامىلە جەمئىيەت
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىشكە ئەگە-
شىپ ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە فامىلىنىڭ تەرەققىي
قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشنىڭ
بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازما ۋە ئاغزاكى يەتكۈزۈش
ھەمدە ئەسلىمە شەكىللىرى ئارقىلىق بۈگۈنگىچە تارقىلىپ كەل-
گەن فامىلىنىڭ ھەربىر تارىخىي باسقۇچتا ئۆز ئالاھىدىلىكى بو-
لىدۇ. فامىلە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ۋە جەمئىيەت تارىخى ئىچىدە
باشتىن ـ ئاخىر تۈزۈم مەنىسى، بىلىش مەنىسى، ھېسسىي مەنە
شۇنداقلا سىمۋول مەنىسى ۋە ئوخشىتىش مەنىلىرىگە ئىگە بولغان
بولىدۇ.
فامىلە مۇئەييەن دەۋردىكى مىللىي پسىخىكىنىمۇ ئەكس ئەت-
تۈرەلەيدۇ. مىللىي پسىخىكا مۇرەككەپ ئۇنىۋېرسال گەۋدە بو-
لۇپ، ئۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ.
جەمئىيەت بىلەن شەخسنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، تارىختىن بېرى
داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆرپ ـ ئادەت، ئىجتىمائىي ئەسلىمە، جەم-
ئىيەتنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ئىجتىمائىي ھەرىكەت قاتارلىقلارنى
ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. فامىلىنىڭ مىللەت پسىخىكىسىنى
ئەكس ئەتتۈرۈشى ئۇنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللار ئوتتۇرى-
سىدىكى ئۆزئارا تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى بولۇپ، بۇ شۇنىڭ
ئۈچۈنكى، مىللەت پسىخىكىسى مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەت تارىخى
ۋە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ. تەرەققىي
تاپمىغان نۇرغۇن جەمئىيەتلەردە، فامىلە ۋە فامىلىنى چۆرىدىگەن
ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئوخشاش بولمىغان
دەرىجىدە مىللەت ئەزالىرىنىڭ مىللىي پسىخىكىسىنىڭ شەكىللە-
نىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى مىللىي فامىلە پەقەت ئىجتىما-
ئىي پسىخىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەلگە شەكلىلا ئەمەس، بەل-

كى مۇھىمى، مۇئەييەن تارىخىي مەزگىل ئىچىدە ھەربىر ئادەم-
نىڭ پسىخىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مە-
دەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇق-
تىنى نۇرغۇنلىغان مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرىدىن، بولۇپمۇ
تىپىك مىللەتشۇناسلىق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان ئىسىم قويۇش،
فامىلە بېكىتىش مۇراسىملىرىدىن ئېنىق كۆرۈشكە بولىدۇ. فا-
مىلىنىڭ مەنىسى ۋە فامىلە مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى فامىلە بېكى-
تىش، ئەسلىمە (ئەجدادلارناملىرىغا قارىتا ئەسلەش) ۋە تەتبىق
قىلىشتۇر. فامىلە شەكلى ۋە فامىلە مەدەنىيىتى بولسا ئىسىم
قويۇش، ئەجدادلار ئىسىملىرىغا قارىتا ئەسلىمە ۋە ئۇلارنى تەت-
بىقلاش ئىچىدە پەيدا بولىدۇ، مەۋجۇت بولىدۇ ۋە داۋاملىشىدۇ.
فامىلە سىستېمىسىنى مۇھىم ئىجتىمائىي فۇنكسىيىگە ئىگە دەپ
قارايدىغان مىللەتلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىسىم قويۇش ۋە فامىلە
بېكىتىش ھەققەتەن بىر خىل سەپەرۋەرلىك، بىر خىل باغلىما
كۈچ ھەم بىر خىل تەربىيىدۇر. ئىسىم قويۇش ۋە فامىلە بېكى-
تىش جەريانىدا مىللەت ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي پائالى-
يىتى ۋە پسىخىك پائالىيىتى ئارقىلىق مىللىي ھېسسىياتىنى،
قانداشلىق تۇيغۇسىنى، ئەنئەنىۋى نوپۇزىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇن-
داقلا، جامائەت ۋە شەخسنىڭ مەجبۇرىيىتىنى تەكىتلەپ، ھېس-
سىيات ۋە ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ. قىسقىسى مىللىي فامىلە بىلەن
مىللىي پسىخىكا ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئۆتۈشۈشتەك مۇناسىۋەت
مەۋجۇت بولىدۇ. بىر مىللەت تۇرلۇك تارىخىي جەريانلاردا شە-
كىللەندۇرگەن تۇرلۇك ئالاھىدىلىكلەر مىللەت پسىخىكىسىدا
چۆكمە ھالىتىدە مەۋجۇت بولىدۇ، ۋەھالەنكى مىللىي فامىلە
ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇنداق چۆكمىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە
ئىسىم ۋە فامىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى شەخسنىڭ مىللىي پسىخىكى-
سىنىڭ يېتىلىشىگە زور ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

فامىلە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ بىر بۆلىكى بولۇش سۈپى-



تىدە، ئۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىجتىمائىي بەلگىلەرنىڭ شەخس
ۋە توپلۇمغا قارىتا ئوينايدىغان تىزگىنلەش رولىنى ئەكس ئەتتۈ-
رىدۇ. فامىلە بولسا بەلگىلەر سىستېمىسى ھەم تۇرلەرگە ئايرىش
سىستېمىسىدۇر. جەمئىيەت ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ (بۇ يەردە
فامىلىنى بىر خىل ئىجتىمائىي بايلىق، ئىجتىمائىي سەرمايە دەپ
چۈشىنىش كېرەك) مەلۇم باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلىرى، باشقۇرغۇ-
چى تەشكىلاتلىرىنى ئايان قىلىدۇ ياكى ئىگىلەيدۇ. بەزى چاغلاردا
ھەتتا شەخسلەرمۇ فامىلىنىڭ ئۆلچەملىك شەكىللىرى ۋە ئۇنىڭ
تۇرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش، ئۆزگەرتىش ھەم نازارەت قىلىش
ئارقىلىق فامىلە قوللانغۇچىلارنى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تىز-
گىنلەش مەقسىتىگە يېتىدۇ. دۆلەتچىلىك تۈزۈلمىسىدە، فامىلى-
نىڭ ئۆلچەملىشىشى — دۆلەتنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ، ئالا-
قىلەرنىڭ قۇلايلىششىنىڭ، دۆلەتچىلىك ئېڭىنى كۈچەيتىشنىڭ
ۋاسىتىلىرىدىن بىرى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ھەم ئۆلچەملەش-
كەن ئورتاق تىلنى ۋە ئورتاق يېزىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەي-
تىشنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرىدىن بىرىدۇر. شۇ سەۋەبتىن،
فامىلىمۇ ئىجتىمائىي تىزگىنلەش ۋاستىسى بولالايدۇ. سانائەت-
لەشكەن جەمئىيەتلەردە فامىلە مۇھىم ئىجتىمائىي بايلىق بولۇپ،
ئۇنى تەقسىم قىلغىلى ۋە تەكرار تەقسىم قىلغىلى بولىدۇ. ئىسىم
قويۇش ۋە فامىلە ھەدىيە قىلىش جەريانى بولسا ئىسىم قويۇلغۇچى
ۋە فامىلە ھەدىيە قىلىنغۇچىنى جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئىچىدە
مەلۇم ئورۇنغا ئىگە قىلىش ۋە مەلۇم تۇرگە مەنسۇپ قىلىش
جەريانىدۇر ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئىجتىمائىي قاتلاملارنى تەكرار
ئەسلەش جەريانى ۋە قايتا تەربىيە بېرىش جەريانىدۇر. ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىدە يېڭى ھاياتلىق ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن، ئەسلىي
بار بولغان ئىسىم ـ فامىلە سىستېمىسىنىڭ سۆز ئامبىرى ئىچى-
دىن مۇئەييەن سالاھىيەت ۋە نوپۇزغا ئىگە بولغان كىشىلەر يېڭى
ھاياتلىققا مەلۇم ئىسىمنى تاللاپ قويۇش ئارقىلىق، ئاشۇ يېڭى

ھاياتلىقنىڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى ئىچىدىكى ئورنىنى بېكىتىدۇ
ياكى مەلۇم تۈرگە مەنسۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسىم
قويۇش ۋە فامىلە بېكىتىشنىڭ ئۆزى ئىسىم ـ فامىلە بېكىتكۈچى-
لەر ۋە باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئور-
نىنى تەكرار تەڭشەشكە ياكى ئۆزلىرى بىلەن نام بېرىلگۈچى
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇقىملاشتۇرۇش مەسىلىسىگە بې-
رىپ چېتىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىسىم ـ فامىلە بېكىتىش
جەريانى ھەم بىر خىل ماكان ۋە زامان مەنىسىگە ئىگە مەشغۇلات،
ھەم جەمئىيەت ئەزالىرىغا قارىتا ئەمەلىي تىزگىنلەش بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئىسىم ـ ئىجتىمائىي ئالاقىلەر داۋامىدا
زۆرۈر بولغان شەخسنىڭ ۋەكىللىك بەلگىسى بولسا، فامىلە ـ
ئىجتىمائىي توپنىڭ ۋەكىللىك بەلگىسىدۇر. ئۆزئارا قانداشلىق
مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىجتىمائىي توپ (جەمەت، ئائىلىلەر، ئۇ-
رۇقلار)نى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش، يەنى ئىجتىمائىي
توپنىڭ سىرتىغا نىسبەتەن پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بو-
لۇش، ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىچىگە نىسبەتەن ئۇيۇشتۇرۇش ئىق-
تىدارىغا ئىگە بولۇش ـ فامىلىنىڭ ئەڭ ئاساسى، ئەڭ دەسلەپكى
رولىدۇر.

ئىنسانىيەت تارىخىدا فامىلىنىڭ يەنە بىر ئىجتىمائىي
رولى ـ كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، سالا-
ھىيىتىنىڭ ئېسىل ياكى ناچار نەسەبكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى
ئېنىق ئىپادىلەشتۇر. بۇ ئىككى جەھەتتە كونكرېت ئىپادىلىنى-
دۇ: يەنى، قەدىمكى دەۋردە فامىلە دەرىجە ـ مەرتىۋىنىڭ بەلگى-
سى سۈپىتىدە يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتىنىڭ سالاھىيىتىنى بىل-
دۈرىدىغان مۇھىم ئالامەت ئىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، فامىلىنىڭ
ئۆزىلا مەنسەپ ـ دەرىجىنىڭ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتى
بولۇپ، فامىلىنىڭ بولماسلىقى تەبىئىي رەۋىشتە دەرىجە، ئورنى-
نىڭ تۆۋەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بىز بۇ جەھەتتىكى مىساللار-



نى كۆپ كەلتۈرمەيمىز. فامىلىدە ئىپادىلىنىدىغان مەنسەپ ـ
دەرىجە ئۇقۇمىنىڭ يەنە بىر سىمۋوللۇق مەنىسى شۇكى، ھەممە
ئادەمدە فامىلە بولغان جەمئىيەتلەردە، ئوخشىمىغان فامىلىلەر
ئارىسىدا روشەن دەرىجىدىكى ئېگىز ـ پەسلىك پەرقى مەۋجۇت
ئىدى. ۋەھالەنكى، نۇرغۇن مىللەتلەردە، فامىلە ئارقىلىق مەن-
سەپ ـ دەرىجىدىكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكنى ئىپادىلەش ئادىتى
تۈزۈم سۈپىتىدە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا نائىل بول-
دى. ئەمما ھازىرقى ئەھۋالدا، فامىلىلىك مىللەتلەردىكى فامىلى-
لەرنىڭ يۇقىرىقى رولى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىلىپ، فامىلىلەر
بىلەن ئۇنى ئىشلىتىدىغان جەمەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدا ما-
ھىيەتلىك باغلىنىش بولماسلىقتەك ئىپتىدائىي ئەھۋالغا قايتىش
يۈزلىنىشىدە تۇرماقتا.

تارىختا فامىلىلەرنىڭ يەنە بىر مۇھىم رولى توي ـ نىكاھ
ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، قېلىپلاشتۇرۇشتۇر. قەدىمكى
ئىنسانلار گەرچە يېقىن تۇغقانلار ئارا توي قىلىپ كۆپىيىشنىڭ
خەۋپ ـ خەتىرىنى ئىلمىي رەۋىشتە چۈشىنىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ
بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇرۇق ئىچىدە نىكاھلىنىشتىن
كېلىپ چىقىدىغان ئادەم سورتىنىڭ چېكىنىپ كېتىشىدەك ئەھ-
ۋالنى ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىشلەر ئارقىلىق ھېس قىلىپ
يەتكەنىدى. تارىختىن بىرى، ئۇرۇقداشلىق قانۇنلىرىدىن تارتىپ
ھازىرقى زامان دۆلەت قانۇنلىرىغىچە ھەممىسى ئوخشاش فامىلى-
لىكلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى چەكلىنىشتەك قائىدىنى ئوخ-
شىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلدى.

ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە بېكىتىلگەن قانداشلىق مۇناسى-
ۋەتلىرى جەمئىيەتنىڭ «گۇۋاھلىقى»دىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ،
ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن دەل
كېلىشى ناتايىن ئىدى. فامىلە تىكلەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەر-
دە، كىشىلەر جەمئىيەت ئېتىراپ قىلغان قانداشلىق مۇناسىۋەت

بىلەن ئەمەلىي قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ئىمكانقەدەر بىر ئىش دەپ
چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدە لايىق تاللاشنىڭ مۇ-
ھىم ئۆلچىمى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلغانىدى. ئەمما بىرقانچە
ئەۋلادتىن كېيىن، مەلۇم قانداشلىق گۇرۇھلىرى گۈللىنىپ،
يەنە بەزى قانداشلىق گۇرۇھلىرى ئازىيىپ ھەتتا يوقىلىپ كەتتى.
كېيىن قاتناش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۇرۇش قاتارلىق
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نىكاھ ئوبيېكتلىرى يېتىشمەي قالىدىغان
ئەھۋال شەكىللەندى. بۇنداق ئەھۋالدا، پەقەت مەلۇم مۇراسىم-
لارنى ئۆتكۈزۈپ، ئەسلىدىكى فامىلىلەر بىرقانچە فامىلىلىك جە-
مەتلەرگە ئايرىلىپ، ئەينى بىر قانداشلىق گۇرۇھ ئىچىدىمۇ نى-
كاھلىنىشنى يولغا قويۇپ، نوپۇس ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەسىلى-
سىنى ھەل قىلدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىي
قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن ئىجتىمائىي قانداشلىقى تەدرىجىي
ئايرىلىپ، قانداشلىق مۇناسىۋىتى تەدرىجىي رەۋىشتە «ئىزاھ-
لاش»نىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالدى. ئىجتىمائىي قانداشلىق ئادەت-
لىنىشتىن شەكىللەنگەن نەتىجە بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت تۈزۈمى-
نىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئىجتىمائىي قانداشلىق
بىلەن ئەمەلىي قانداشلىقنى چەكسىز رەۋىشتە ئايرىۋەتكىلى بول-
مايدۇ. نۇرغۇن جەمەت، ئۇرۇقلار ئىچىدە يەنە يېقىن تۇغقانلار
ئارا نىكاھلىنىپ كۆپىيىشتىن ساقلىنىلىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا،
ئىجتىمائىي قانداشلىق ئەمەلىي قانداشلىققا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ.
شۇڭلاشقا، جەمئىيەتتىكى فامىلىلەردە بۆلۈنۈش ۋە قوشۇلۇپ
كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، فامىلىلەردىن ئىككىلەمچى ئىج-
تىمائىي قانداش گۇرۇھ سۈپىتىدىكى تارماق فامىلىلەرنىڭ پەيدا
بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. تارماق فامىلىلەر فامىلىلەرنىڭ ئۆز-
گىرىش، راۋاجلىنىش جەريانىدا مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ھالقا
بولۇپ، ئۇلار فامىلىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە قوشۇلۇپ كېتىشى
جەريانىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەپنىڭ



ئۆزىگە كەلسەك، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ زورىيىشى، ئىجتىما-
ئىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىششىگە ئەگىشىپ، ئەينى بىر
فامىلىگە ئىگە ئىجتىمائىي گۇرۇھ ئىچىدە ئىجتىمائىي قانداشلىق
بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىسىمۇ، ئەمما بىز ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋات-
قان ئوخشاش فامىلىلىك كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى ئارىسىدا بىۋا-
سىتە، يېقىن، ئەمەلىي قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق. شۇڭلاشقا،
ئەر - ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىشى ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى «ئوخ-
شاش فامىلىلىكلەر نىكاھلانماسلىق» قائىدىسىنىڭ تىزگىنلىشى-
گە ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقى-
قات نەتىجىلىرى ئىسپاتلىدىكى، گەرچە ئەينى بىر جەمەت، فامى-
لىگە مەنسۇپ بولغان كىشىلەر ئىچىدە، بىرقانچە ئەۋلاد ئۆتكەن-
دىن كېيىن ئەر - ئاياللار نىكاھلانسىمۇ ئەمما ناچار ئاقىۋەت
كېلىپ چىقمايدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى دۆلەت قانۇنلىرى يىراق
مۇناسىۋەتتىكى قانداشلار ياكى فامىلىداشلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى
قوغدايدۇ ۋە قارشى تۇرمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ فامىلىسى مەزمۇنىدىن شەكىلگىچە تىل ۋە
مەدەنىيەتنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە،
تىل ۋە مەدەنىيەت ھامان مىللەتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى
ھېسابلانغاچقا، فامىلىلەردە كۈچلۈك تەرزدە مىللىي خۇسۇسىيەت
گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. فامىلىلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى - فا-
مىلىنى ئىشلەتكۈچى مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى
ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ماس بولىدۇ. فامىلىنىڭ مىللىي ئالاھى-
دىلىكى ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇ-
شىدىن قالغان مەدەنىيەت ئىزناسى بولۇپ، ئۇ ئاساسەن فامىلى-
لەرنىڭ تىل قۇرۇلمىسى ۋە ئىسىملار بىلەن بىرىكىش شەكلىدە
ئىپادىلىنىدۇ.

ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرىنىڭ تىل قۇرۇلمى-
سى- مەنە ئېتىبارىدىن قارىغاندا - شۇ مىللەتلەرنىڭ ئىجتىما-

ئىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي، دىنىي تۇرمۇشى بىلەن
زىچ ئالاقىدار بولىدۇ. مىللەتلەر ياشايدىغان جۇغراپىيىلىك ئو-
رۇنلارنىڭ پەرقلىق بولۇشى سەۋەبىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەر
ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئۆزگىچە مۇھىت ئىچىدىن فامىلە سۈپىتىدە
سۆز تاللىۋالىدۇ. كەسىپلەر مىللەتلەردە بىرقەدەر ئۆزگىچە شە-
كىللەرگە ئىگە بولغاچقا، ئۇنىڭدىن باشقا، مىللەتلەرنىڭ
ھۈنەر - سانائەتكە بولغان تۈپ قاراشلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى-
دىن، فامىلىلەر ئىچىدىكى كەسىپ ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەل-
گەن فامىلىلەردىمۇ مەلۇم مىللىي خاسلىق ئىپادىلىنىدۇ. سىيا-
سىي تەرەپتىن ئالغاندا، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرى شۇ
مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى بەرپا قىلغان دۆلەتلەر، سىياسىي گەۋ-
دىلەر، ئۇستىگە ئالغان مەنسەپ - دەرىجىلەر، پارتىيە - گۇرۇھ-
لار ۋە شۇ مىللەتلەرنىڭ ئاشۇ ساھەلەرگە بولغان پەخىرلىنىش
تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەدەنىيەت ۋە دىنىي تۇر-
مۇش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ساھەلەردە فامىلىلەرنىڭ
مىللىي ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقايسى
مىللەتلەر ئۆزلىرى ياراتقان دىن مەدەنىيىتى ئىچىدىن زور تۇر-
كۇمدە سۆز تاللىۋېلىپ، ئۇلارنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىدۇ. بۇ
فامىلىلەردە مىللەتلەرنىڭ دىن مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ۋە قىياپەت-
لىرى روشەن ئايان بولىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە كۆپ مىسال كەل-
تۈرمىسەكمۇ، فامىلىلەرنىڭ مىللەتلەرنىڭ خاس تۇرمۇشىغا ھا-
مان زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى كىشىلەر بىلسە كېرەك.

فامىلىلەرنىڭ تىل مەنىسىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ بى-
رىكىش شەكلىدە مىللىي ئالاھىدىلىك تېخىمۇ ئېنىق ئىپادىلىنى-
دۇ. تىل نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، فامىلىلەرنىڭ قۇرۇلمى-
سىنىڭ بېرىپ چېتىلىدىغىنى تىل مەنىسىدۇر، ئۇلارنىڭ بىرى-
كىش شەكلىنىڭ چېتىلىدىغىنى تىل قائىدىسى (گراماتىكا)
دۇر. ۋەھالەنكى، تىل قائىدىسى (گراماتىكا) مىللىي تىلدىكى



ئەڭ مۇقىم ئامىلدۇر. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئاتا - بالى-
نىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش تۈزۈمىنى يۈرگۈزىدۇ. ئاتا ئىسمى-
نىڭ بالا ئىسمىغا نىسبەتەن ئورنى نۇقتىسىدىن سۆز ئاچساق،
ئۇنى ئالدىدىن قوشۇلۇش شەكلى ۋە ئارقىسىدىن قوشۇلۇش شەك-
لى دەپ ئىككى شەكىلگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئاتا ئىسمىنى بالا
ئىسمىنىڭ ئالدىغا ياكى كەينىگە قوشۇش ئاساسەن ياكى ئەڭ
دەسلەپتە مۇناسىپ مىللىي تىلنىڭ تىل قائىدىسى (گراماتىكا)
دىن ئېلىنغان. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەزكۇر مىللىي
تىللاردىكى سۆز ياساش شەكلىدىن ئېلىنغان. مىللىي مەدەنىيەت-
نىڭ كۆپ مەنبەلىكلىكى ۋە مىللىي تىلنىڭ خاسلىقلىرى ئىسىم-
فامىلىلەرنىڭ بىرىكىش شەكلىدىكى كۆپ خىللىقنى شەكىللەن-
دۈرگەن. بەزى مىللەتلەردە ئىسىم - فامىلە بىرلىكتە ئىشلىتى-
لىدۇ، يەنە بەزى مىللەتلەردە پەقەت ئىسىمنىلا ئېلىپ، فامىلىنى
قىسقارتىدىغان شەكىل ئىشلىتىلىدۇ.

تىلدىن باشقا، مىللەتلەرنىڭ خاراكتېرى، ئىدىيىسى ۋە
ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمۇ ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ بىرى-
كىش شەكلىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەر
جەمەت ۋە ئائىلىنى شەخستىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، جەمەت
ۋە ئائىلىنىڭ «ئومۇمىي ئىسمى» بولغان فامىلىنى كىشى ئىسىم-
لىرىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ئوخشاش قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بىر
قىسىم مىللەتلەر شەخسنىڭ قىممىتى ۋە مۇستەقىل ئورنىنى
تەكىتلەپ، كىشى ئىسىملىرىنى جەمەت فامىلىسىنىڭ ئالدىغا
ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، فامىلە ئائىلىق ئۇرۇقداشلىق جەم-
ئىيەت تۈزۈمى باسقۇچىدىلا پەيدا بولغان، ئاتىلىق ھوقۇقچىلىقى
دەۋرىگە كەلگەندە يەنىمۇ مۇكەممەللىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا
ئىمتىياز مەنىلىرىگە ئىگە بولغان، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە
جەمئىيەتتىكى قانداش ئىجتىمائىي گەۋدىلەرنى تاشقى جەھەتتە

بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش، ئىچكى جەھەتتە جەمەت ئەزالىرى-
نى ئۇيۇشتۇرۇش، نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشكە ئوخشاش
روللارنى ئۆتەپ كەلگەن، ئەر جىنسلىق ئەجدادتىن تۆرەلگەن
بارچە قانداش ئەر جىنسلىق ۋە ئايال جىنسلىق جەمەت ئەزالىرى-
غا، ھەمدە شۇ جەمەتتىكى ئەر جىنسلىق ئەزالارغا نىكاھ يولى
ئارقىلىق باغلانغان باشقا جەمەت ئاياللىرىغا ئورتاق بولغان ئومۇ-
مىي نامدىن ئىبارەت.

## 3. فامىلە، تەخەللۇس، لەقەم ۋە ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامىلىرى

مەيلى ئىسىم بولسۇن، فامىلە بولسۇن، تەخەللۇس بول-
سۇن، لەقەم بولسۇن ۋە ياكى ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامىلىرى بول-
سۇن، ھەممىسى كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشتىن
ئىبارەت بىر ئاساسى مەقسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان نام ـ بەلگىلەر
بولۇپ، ئۇلار ئاشۇنداق بىر ئورتاق ئىقتىدارغا ئىگە بولغاندىن
سىرت، يەنە ئىشلىتىلىش دائىرىسى، بىلدۈرگەن ئىجتىمائىي
مەنىسى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. فامى-
لىگە قارىتا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، فامىلە قوللىنىش
تارىخى ھەققىدە مەلۇم قىياسلارغا ئېرىشىش، فامىلە، تەخەل-
لۇس، لەقەم ۋە ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامىلىرىنىڭ ئوخشاشلىق ۋە
ئوخشىماسلىق نۇقتىلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش،
فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشتا تەخەللۇس، لەقەم ۋە ھۆر-
مەت ئۇنۋان نامىلىرىنىڭ فامىلە قىلىپ ئىشلىتىلىش ئىمكانىيىتى-
نى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە، بۇ يەردە ئۇلار ھەققىدە ئىك-
كى كەلىمە مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق.

(1) فامىلە: خۇددى ئالدىنقى سەھىپىدە سۆزلەپ ئۆتكەن-
دەك، فامىلە ـ ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان



پۈتۈن بىر جەمەت سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى ياكى نەسەپ
بەلگىسى بولۇپ، ئۇ «جەمەت ئىسمى» ياكى «ئائىلە ئىسمى»
دۇر. كېلىپ چىقىش تارىخى جەھەتتىن قارىغاندا، فامىلە ئىسىم-
دىن كېيىنلا بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ
بۈنىڭدىن نەچچە ئون مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئانىلىق ۋە ئاتىلىق
ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. فامىلە ئىسىم، لە-
قەم، تەخەللۇس ۋە ھۆرمەت ـ ئاتاق ناملىرىغا قارىغاندا ئىجتىما-
ئىي ئەھمىيىتى ۋە رولى تېخىمۇ چوڭ بولغان، ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن دالالەت بېرىدىغان ئومۇمىي نام
بولۇپ، ئۇ شەخسلەرنى، ئۇلارنىڭ دەرىجە ـ تەبىقىلىرىنى ۋە
ئىلمىي سەۋىيىلىرىنى ئىپادىلەشتىن تېخىمۇ چوڭراق مەنە —
جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئاساسى بىرلىكى بولغان ئائىلە ـ جەمەتلەرنى
باشقا ئائىلە ۋە جەمەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش، مەلۇم دەرىجىدە
خۇددى مال ـ مۈلۈككە ئوخشاش مىراس قېلىش، ھەتتا ئىنسان-
لارنىڭ نىكاھلىنىش، مال ـ مۈلۈك تەقسىماتى قاتارلىق ئەڭ
تۈپ پائالىيەتلىرىگە ئاساس بولۇشتەك مەنىلەرگە ئىگە. شۇڭا
فامىلىلەرنى ئاددىي ھالدا ئىنساننىڭ باشقا بەلگە ئالامەتلىرىگە
ئوخشىتىپ قاراش ـ يۈزەكىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە،
فامىلە ئۇنچە سىرلىق نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇ ئاسماندىن چۈشكەن
ياكى ئىنسان ھېچبىر نام ـ بەلگىگە ئوخشاتماي ئىختىرا قىلىپ
كەلگەن نەرسىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ يىلتىزى يەنىلا خۇددى ئىسىم،
تەخەللۇس، لەقەم ۋە ھۆمەت ـ ئۇنۋان ناملىرىغا ئوخشاشلا ئىن-
ساننىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ نامى،
جۇغراپىيىلىك ناملار ۋە ئىنسان ئۆزى تەشكىل قىلغان جەمئىيەت
ئىچىدىكى تۈرلۈك ھادىسە ـ ۋەقە ناملىرىنى مەنبە قىلىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېلىپ چىقىش ئېتىبارى بىلەن
قارىغاندا، فامىلە يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن باشقا نام ـ بەلگىلەر
بىلەن تىل جەھەتتە زور ئوخشاشلىقنى نامايەن قىلىدۇ ۋە ياكى

ئۇلاردىن پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى بېيىتىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ پەرقىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا كۆزىتىش زادىلا كۇپايە قىلمايدۇ. دەل ئەكسىچە، فامىلىنىڭ ئۇلاردىن پەرقى ھەممىدىن ئۇستۇن ئىجتىمائىي مەنىگە، ئۇرۇق - قانداشلىق مەنىسىگە، يەنە مەلۇم دەرىجىدە ئىقتىسادىي مەنىگە ئىگە بولغانلىقى، دائىرىسىنىڭ كەڭ بولىدىغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**(2) تەخەللۇس:** تەخەللۇسنىڭ ئىنسانلار يېزىقنى ئىختىرا قىلغاندىن ۋە يازما مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى ھادىسە ئىكەنلىكىنى جامائەت بىلسە كېرەك. خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، قەلەمكەشلەرنىڭ تەخەللۇس ئىشلىتىشى - ئۇيغۇر يېزىق تارىخىدىن بۇيانقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالدۇر. شۇنىسى، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدە ئۆز ئانا تىلىدا «تەخەللۇس» بىلەن ئۇقۇمداش بولغان قانداق سۆزنى ئىشلەتكەنلىكىمىزدىن خەۋەرسىزمىز. «تەخەللۇس» بىلەن مەنىداش ئۇقۇملار ئىنگلىز تىلىدا «pen name» ياكى «pseudonym» دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا «pen name» دېگىنى ئۇدۇللا «قەلەم نامى» دېگەنلىكتۇر. «pseudonym» دىكى «pseudo» بولسا «يالغان، تەقلىدىي» مەنىلىرىگە، «nym» بولسا «نام، ئىسىم» مەنىلىرىگە ئىگە. بىرلەشتۈرگەندە «ئۆز ئىسمى ئورنىغا بەدەل قىلىنغان يالغان نامى» دېگەنلىك بولىدۇ. تەخەللۇس خەنزۇ تىلىدا «笔名» دېيىلىدۇ. بۇمۇ ئوخشاشلا «قەلەم نامى، قەلەمكەشلىك قىلغاندا قوللانغان نام» دېگەنلىكتۇر. «تەخەللۇس» ئىسلام دىنىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچە يېزىلىشى «تخلس» دۇر. لۇغەت مەنىسى بولسا، «قۇتۇلماق، ئازاد بولماق، ئايرىلماق، يۆتكەلمەك» دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئۇ «شائىر بىر مەنىدىن يەنە بىر مەنىگە يۆتكەلدى، شائىر ئۇ ئارقىلىق ئۆز ئىسمىنى يوشۇرۇش بىلەن، سىرتتىن كېلىدىغان بەزى ئەھۋاللاردىن قۇتۇلدى» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ سۆز ئەرەب



تىلىدىن پارس تىلىغا كىرىپ، ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە قوللىنىلىدىغان ئەدەبىي نامى ياكى ئەدەبىي لەقىمى مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاشۇ مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋرىدىكى شائىر - ئەدىبلەر تەخەللۇس ئىشلەتكەندە، مەلۇم سۆزنى ئۇدۇللا تەخەللۇس سۈپىتىدە ئىشلەتكەندىن سىرت، يەنە بەزىلىرى «... مۇتەخەللۇس...» شەكلىدە ئىشلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ... تەخەللۇسلۇق ئەدىب ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەندى. مەسىلەن، ناۋائىي «مۇھاكىمەتۇل - لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنى «ئەلشىر ئەل مۇتەخەللۇس بىن ناۋائىي» (ناۋائىي تەخەللۇسلۇق ئەلشىر ياكى ناۋائىي بىلەن تەخەللۇسلانغان ئەلشىر) دەپ يازغان. دېمەك، «تەخەللۇس» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا «قەلەم نامى، ئەدەبىي نامى» مەنىسى بىلەن داۋاملىشىپ كەلدى. ئەمما، ئەرەب تىلىدا ئەدەبىي نام مەنىسىنى بىرىدىغان سۆز بولسا «لەقەب» (لقب) دۇر. بۇنىڭ مەنىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «لەقەم» بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئەرەبلەردە ئۇ يەنە «ئەدەبىي نام» مەنىسىدىمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، ئەدەبىي نام مەنىسىنى ئىپادىلەشكە «لەقەب» ۋە «تەخەللۇس» سۆزى تەڭلا ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، ناۋائىي «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا ئۆزىنى «فەقىر ھەقىر ئەمىر ئەلشىر لەقەبى ناۋائىي» دەپ يازىدۇ. مۇھەممەت سىدىق رەشىدى «ئەخلاقۇل مۇھسىنىين» دا ئۆزىنى «مۇھەممەد سىددىق مۇلەققەب بىر رەشىدى» («رەشىدى» بىلەن لەقەملەنگەن مۇھەممەد سىددىق) دەپ يازىدۇ. ئەمما ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىغىچە بولغان تەرەققىيات داۋامىدا «تەخەللۇس» ئەدەبىي نامنى بىلدۈرىدىغان خاس ئۇقۇمغا ئايلىنىپ قېلىپ، «لەقەب» بولسا «لەقەم» شەكلىدە كىشىلەر بىر - بىرىگە قويۇۋالىدىغان يات نامنى كۆرسىتىدىغان مەخسۇس ئاتالغۇغا ئايلاندى. ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا

«تەخەللۇس» دېگەن سۆزنى «ئەدەبىي لەقەب (لەقەم)» دەپ ئىشلىتىش ئادىتى بار.

بىز ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ تەخەللۇس قوللىنىش ئەھۋالى ھەققىدە ئىشەنچلىك ۋە ئەتراپلىق مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. گەرچە بۇ دەۋردىكى شائىر - ئەدىبلەر «تۇتۇڭ»، «ئاچارى»، «تىكىن» دېگەندەك سۆزلەرنى ئۆز ئىسىملىرى ئاخىرىغا قوشۇپ ئىشلەتكەن بولسىمۇ (مەسىلەن، ئاپرىنجۇر تىكىن، راھىب گۇسارى تۇتۇڭ①، ... دېگەندەك)، ئەمما ئۇلار تەخەللۇس مەنىسىنى بېرىشتىن كۆرە، كۆپرەك دىنىي ئىلىم دەرىجىسى ۋە باشقا خىلدىكى ھۆرمەت چۈشەنچىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر. يۈەن ۋە لياۋ دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا ئەسەر يازغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئۆزلىرىگە ئاساسەن خەنزۇچە تەخەللۇسلارنى قوللانغانىدى. مەسىلەن، يۈەن دەۋرى ئەدىبى سەيدۇللا « 直斋 » (جى جەي) سۆزىنى، گۈەن يۈنشى بولسا « 酸斋 » (سۇەن جەي) سۆزىنى، شۆئاڭفۇ بولسا « 九皋 » (جىيۇگاۋ) سۆزىنى، نەي شيەن بولسا « 河塑外史 » (خېسۇۋەيشى) سۆزىنى، دىڭ خېنيەن بولسا « 友衡山人 » (يوۋخېڭ شەنرېن) سوزىنى تەخەللۇس قىلىپ قوللانغانىدى. ئۇلار قوللانغان تەخەللۇسلار ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ شېئىرىي كەيپىياتى، ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ ئورنى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر بولۇپ، پەرقى پەقەت خەنزۇچە تەخەللۇس قوللانغانلىقىدىلا ئىدى، خالاس.

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىن، مەدەنىيەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرلىرىنى

① راھىب گۇسارى تۇتۇڭ: بۇ نام ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، دەپ ئېلىنغانىدى. بۇنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 僧古萨里 بولۇپ، بىز بۇنىڭدىكى 僧 نى ئىسىمنىڭ تەركىبىي قىسمى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بۇددا دىنى راھىبى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۆز ئىسمىغا قوشۇپ ئىشلىتىلگەن «راھىب» مەنىسىدىكى ئايرىم ھۆرمەت نامى دەپ قارايمىز. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئىسمى 古萨里، يەنى گۇسارى بولىدۇ. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ۋە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشىنى كۈتىمىز.



ئىمكانقەدەر كۆپرەك ئىپادىلەشكە تىرىشقاندىن سىرت، يەنە تەخەللۇسلىرىدىمۇ ئۇ تەسىرلەرنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادىلىدى. ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب - پارسلاردىكى نام قويۇش ئۇسۇلى بولغان «ئۆز ئىسمى + ئاتا ئىسمى + تەخەللۇس (بەزىدە فامىلە)» شەكلى ئۇيغۇرلاردا تەدرىجىي ئومۇملاشتى. بۇنداق تەخەللۇس ئادىتى تاكى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. قەدىمدىن تارتىپ (ئىسلامىيەتتىن تارتىپ) ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان تەخەللۇسلارنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئىسىم سۆزلىرىدىن قويۇلغان تەخەللۇسلار. مەسىلەن، تەۋفىيق، قەلەندەر، مەشرەب، ئۆركەش، باغراش، كرورەن، كۆلتېگىن، زۇلپىقار، ياشىق... قا ئوخشاش؛

ئىككىنچى، سۈپەت سۆزلىرىدىن قويۇلغان تەخەللۇسلار: مەسىلەن، لۇتفىي (مەرھەمەتلىك)، سەبۇرىي (سەۋر - تاقەتلىك)، تەجەللىي (جۇلالىق)، مەھزۇن (قايغۇلۇق)، قۇتلۇق، ئۆتكۈر ... دېگەنگە ئوخشاش؛

ئۈچىنچى، يەر - جاي ناملىرىدىن قويۇلغان تەخەللۇسلار. ئۇيغۇر ئەدىبلىرى بۇ خىلدىكى تەخەللۇسلارنى پەقەت يۇرت - جاي ناملىرىنىڭ ئۆزىنىلا كەلتۈرۈپ تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكىنى يوق، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا ئەرەب تىلىدا ئىسىملار ئاخىرىغا قوشۇلۇپ نىسبىي سۈپەتداش ياسايدىغان تەشدىيدلىك «ى» (ياء) نى قوشۇپ، ئىسمۇل مەنسۇپ (اسم المنسوب - مەنسۇبلۇق ئىسىم) شەكلى بىلەن قوشقان ۋە شۇ ئارقىلىق ئەسلىي ئىسىمدا ئىپادىلەنگەن يۇرت - جايلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇنداق تەخەللۇسلاردىكى تەشدىيدلىك «ى» (ياء) بولسا «ياء نسبة» (يەنى نىسبەتلىك «ياء»، ياكى مەنسۇپ قىلغۇچى «ياء») دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئەرەبلەردىكى تەخەللۇس ياكى فامىلە ياسايدىغان مۇنداق شەكىلنى

قوبۇل قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۇنى تەخەللۇس سۈپىتىدە كۆپرەك
ئىشلەتتى. مەسىلەن، قەشقەرىي (قەشقەرلىك)، فارابىي
(فارابلىق)، خارەزمىي (خارەزملىك)، خوتەنىي (خوتەن-
لىك)، يەركەندىي (يەركەنلىك)، سايرامىي (سايراملىق)،
ئارتۇجىي (ئاتۇشلۇق) ... دېگەنگە ئوخشاش.
ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇنداق تەۋەلىك
مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تەشدىيدلىك «ياء» يالغۇز يۇرت -
جاي ئىسىملىرىغىلا قوشۇلۇپ قالماستىن، يەنە سۈپەت سۆزلىرى-
گىمۇ قوشۇلۇپ، خۇددى يۇقىرىقى ئىككىنچى تارماقتا مىسال
قىلىپ ئۆتكەندىكىدەك لۇتفىي، سەبۇرىي، خاراباتىي . . . قاتار-
لىق سۆزلەرگىمۇ قوشۇلۇپ ئوخشاش فورمىدىكى تەخەللۇسلار
ياسالغان.
ئۆتىنچى، سۈپەت ۋە سۈپەتداشلارنىڭ ئاخىرىغا ئەرەب تىلى-
دىكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان تەشدىيدلىك «ياء»
قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان تەخەللۇسلار: مەسىلەن، زەلىلىي،
غەرىبىي، شەرقىي، ئەزىزىي، خاراباتىي، بەرقىي دېگەنگە ئوخ-
شاش؛
تەخەللۇس «قەلەمكەشلىك نامى» بولۇش سۈپىتىدە، تارىخ-
تىن بۇيان ئاساسەن زىيالىيلار تەبىقىسىگە خاس ئىمتىيازدەك
ئەھۋال شەكىللەنگەن بولۇپ، ئاۋام پۇقرالار ئارىسىدا ئاساسەن
ئومۇملاشمىغان، گوياكى ھازىرمۇ ئەدەبىي ئەسەر يازمايدىغان
ئەمما باشقا خىلدىكى ئەسەرلەرنى يازىدىغانلار ئارىسىدىمۇ تەخەل-
لۇس ئەدىبلەر، شائىرلار، سەنئەتكارلارغىلا خاس نام بولۇشتەك
تونۇش مەۋجۇت. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا كۆپ
قىسىم كىشىلەرنىڭ تەخەللۇس ئىشلىتىشىگە ھاجەت چۈشمىگەن.
ئۇنىڭدىن سىرت، تەخەللۇسلار تەرەققى قىلىپ، «فامىلە» دەرى-
جىسىگە كۆتۈرۈلەلمىگەن. شۇ نەرسە ئايان بولۇشى كېرەككى،
مەلۇم ئەھۋاللاردا بەزى تەخەللۇسلارمۇ گوياكى فامىلىلەردەك



رول ئوينىغان. جۈملىدىن، ئانا يۇرتىدىن ئايرىلىپ چەت ئەللەر-
دە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىب - ئالىملارنىڭ ئۆز يۇرت
ناملىرى ئاخىرىغا مەنسۇپلۇق قوشۇمچىسى تەشدىيدلىك «ياء» نى
قوشۇپ قوللانغان تەخەللۇسلىرى مەلۇم دەرىجىدە فامىلىلىك خۇ-
سۇسىيەتكە ئىگە بولغان. مەسىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي باغدادتا
قوللانغان «قەشقەرلىك» مەنىسىدىكى «كاشغەرىي» تەخەللۇسى،
ئەبۇ نەسىر فارابىي ئەرەب ئەللىرىدە يۈرگەن چاغلىرىدا قوللانغان
«فارابلىق» مەنىسىدىكى «فارابىي» تەخەللۇسى ھەم ئۇلارنىڭ
ئەدەبىي نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن بولسا ھەم ئۇلارنىڭ ئانا
يۇرتىدىن، ئۇرۇقلىرىدىن دالالەت بەرگۈچى فامىلىلەر دەرىجىسى-
دە چۈشىنىلگەن ۋە ئىشلىتىلگەن. ئەمما ئادەتتىكى ئىسىم -
سۈپەتلەردىن ياسالغان تەخەللۇسلارنىڭ فامىلىلىك رولىنى ئۆتى-
گەنلىكىگە بىز جەزم قىلالمايمىز.
(3) لەقەم: ئۇلۇغ تىلشۇناسىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى-
دىكى «ئاياغ» (ayagh) دېگەن سۆز خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ
سۆزگە «لەقەم» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن ھەم مەردلىكنى ئۆزىگە
لەقەم قىلىشنى ئىستىگەن بىر يىگىتنىڭ ئېغىزىدىن ئېيتىلغان
شېئىرمۇ قوشۇمچە قىلىنغان. ① دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا
«ئاياغ» ھازىرقى «لەقەم» گە تەڭداش ئاتالغۇ ئىدى. «لەقەم»
سۆزى ئەسلىي ئەرەب تىلىدىكى «لەقەب» (لقب) سۆزىدىن كەل-
گەن بولۇپ، مەنىسى «باشقا ئىسمى، باشقا ئاتىقى» دىن ئىبا-
رەت. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى باسقۇچىدىن ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغىچە بولغان جەرياندا مەلۇم فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش
ياساپ، «لەقەم» شەكلىگە كەلگەن. مەزكۇر ئاتالغۇ ئىنگلىز
تىلىدىكى «nickname»، خەنزۇ تىلىدىكى «外号，绰号»

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى
1 - ئاي 1 - نەشرى، ئۇيغۇرچە، 3 - توم، 236 - بەت.

سۆزلىرىگە تەڭداش مەنىدە ئىشلىتىلمەكتە.

ئىنسانلارنىڭ ئىسىم - فامىلە تەرەققىياتى تارىخىدا، فامىلە ۋە ئىسىمدىن باشقا يەنە ھەر خىل ئېھتىياجلار سەۋەبىدىن، نۇرغۇن قوشۇمچە تەركىپلەر ۋە تولۇقلىغۇچى تەركىپلەرمۇ پەيدا بولدى. تەخەللۇس، لەقەم، ھۆرمەت ناملىرى ئەنە شۇلار ئىچىدىكى ۋەكىللىكلىرىدۇر. بۇلار ئىچىدە بولۇپمۇ لەقەم ئاممىۋىلىق جەھەتتە ئەڭ ئۈستۈن بولغان، دۇنيادىكى ھېچبىر مىللەتتە بولماي قالمىغان نام ھادىسىسىدۇر. «لەقەم»مۇ خۇددى «تەخەللۇس»قا ئوخشاشلا كىشىلەرگە ئۆز ئىسىم - فامىلىسىدىن تاشقىرى قويۇلغان ئىككىنچى بىر ئاتنى كۆرسىتىدۇ. لەقەم ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆز ئىسىم - فامىلىسىدىن باشقا، كىشىلەر ئارا بىر - بىرىگە قويۇلغان ناملار بولۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلۇش - دەل لەقەمنىڭ تەخەللۇس ۋە فامىلىلەردىن پەرقلىنىدىغان تۈپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، لەقەم ئاممىۋى ئاساسىنىڭ كەڭ، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنىڭ كونكرېت، جانلىق بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تەخەللۇستىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىدۇ ھەم شۇ جەھەتتە فامىلىگە يېقىنراق بولىدۇ، شۇنداقلا مەلۇم دەرىجىدە فامىلىلىك خۇسۇسىيەت بولىدۇ.

لەقەملەرنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن شەخس لەقەملىرى، جەمەت لەقەملىرى ۋە يۇرت (مەھەللە) لەقەملىرى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. شەخس لەقەملىرى، مەلۇم بىر شەخسكىلا تەۋە بولغان، شۇ شەخس ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە باشقىلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنىپ، شۇ كىشىنى تونۇش ۋە باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان، بەزىدە شۇ شەخس ھاياتىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىگە بارغاندا ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالىدىغان ياكى ئۇنىڭ ھاياتىغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدىغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ. جەمەت لەقەملىرى بولسا، مەلۇم بىر ئائىلە ياكى جەمەتىنىڭ پۈتۈن ئەزالىرىغا ئورتاق بولغان،



ھەتتاكى مەلۇم جەمەتنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئەزالىرىغىچە داۋاملىشىپ كېلىپ مۇقىملىشىپ قالىدىغان، شۇ جەمەتنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران بولۇشى ياكى ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى بىلەن تۈگەيدىغان، ئەگەر ئۇرۇق - ئەۋلادى ئۈزۈلۈپ قالمىسا يەنە داۋاملىق ئىشلىتىلىدىغان لەقەملەرنى كۆرسىتىدۇ. يۇرت (مەھەللە) لەقەملىرى بولسا مەلۇم بىر يۇرتلۇق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلماي، يۇرت - مەھەللە بىرلىكىنى ئاساس قىلىپ بارلىققا كەلگەن لەقەملەردۇر. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلاردا مەزكۇر ئۈچ خىلدىكى لەقەمنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، ئەمما سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى تەرتىپى بويىچە قارىغاندا، شەخس لەقەملىرى ھەممىدىن كۆپ ئۇچرايدۇ، جەمەت لەقەملىرى ھەم بىرقەدەر كۆپ. ئۇيغۇرلاردا بىر جەمەت ياكى بىر ئائىلىگە ئورتاق لەقەملەرنىڭ ئېنىق سانى ھەققىدە بىزدە ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. شۇنداقتىمۇ بۇ خىلدىكى لەقەملەرنى ئاز ئەمەس دەپ ئېيتالايمىز. ئۇيغۇر لەقەملىرى ئىچىدە يۇرت (مەھەللە) لەقەملىرى بىرقەدەر ئاز ئۇچرايدۇ. دېمەك، جەمەت لەقەملىرى ۋە يۇرت مەھەللە لەقەملىرى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئۇلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاش، ئۇلارنى فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇش — ھازىرقى ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلەشۇناسلىقى (بۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق نام - بەلگىلىرى تەتقىقاتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىچىدىكى مۇھىم ۋە تەخىرسىز ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان مەزكۇر ئۈچ خىلدىكى لەقەملەرنى مەنە دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى: شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەر، كەسپلەرنىڭ نامىنى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن بىللە ئاتاش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن لەقەملەر: مەسىلەن، ئەمەت قاسساپ، ئابلا تاۋاق، تۇرسۇن ياغ

(ياغچى)، ئابدۇرېھىم بورىچى، ئابا باپكار، ھوشۇر قەندال دېگەندەك. بۇ خىلدىكى كەسىپ ناملىرى لەقەم ئورنىدا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە ئۇنىڭ ئاشۇ كەسىپ ئىگىلىرىگە بولغان مەلۇم ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش رولىمۇ بار، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى، كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلى، تەقى ـ تۇرقى، بەدەن ئەزالىرىدىكى دەرھال كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارغا ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەر: مەسىلەن، تۇرسۇن سۆلەت، خەرنىسا سەتەڭ، مەمتىمىن سېرىق، سىدىق كىكەچ، ئىلاخۇن كۆك كۆز، تۇرسۇنگۇل قارا قاش، ناسىر چاپاق، راخمان گاس... دېگەندەك.

ئۈچىنچى، كىشىلەرنىڭ مىجەز خاراكتېرىگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر: مەسىلەن، سەمەت شىرشىم، ئوبۇل چىڭگىس، تۇرسۇن ئۇششۇق، ئۇرايىم كاشال، روزى توقىناق، ھەمرا قاقۋاش، زۇنۇن چەكەدە... دېگەندەك.

تۆتىنچى، يەر ـ جاي ناملىرىدىن ئېلىپ قويۇلغان لەقەملەر: بۇنىڭغا ئادەتتە بىر يۇرتتا باشقا يۇرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بولسا، ئۇلارغا ئاشۇ كەلگەن ئەسلىي يۇرتىنىڭ نامىنى لەقەم قىلىپ قويۇش ئەھۋالى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئەركىن كەلپىن، روزى خوتەن، مەھەممەت يەركەن، ئوسمان ئوپال، ئىمام ئاتۇش، ماناپ دولان. . . دېگەندەك. مەنە ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا بۇ خىلدىكى لەقەملەر تەخەللۇس ياكى فامىلىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بولىدۇ.

بەشىنچى، ھايۋان ياكى ئۇچار ـ قانات ناملىرىدىن ئېلىپ قويۇلغان لەقەملەر: بۇ خىل لەقەملەر ئارقىلىق، ئادەتتە لەقەملەنگۈچىنىڭ ئاشۇ ھايۋان ياكى ئۇچار قاناتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگىلىك بىر خۇسۇسىيىتى، مۇئەييەن ئالاھىدىلىكى مۇبالىغىلىك رەۋىشتە ئىشارە قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەخەت بۆرە، مۇسا يولۋاس، سەمەت موزاي، قادىر توشقان، تۇردى پاشا، ئاينۇر



ۋىتىلداق، ياسىن قۇشقاچ، توختى توخۇ، كېرىم توغاي، مەمتىمىن تىمساق، ۋاھىت تۆگە، ھەسەن كالا، غېنى تۇلكە... دېگەنگە ئوخشاش.

يۇقىرىقى بەش تۈردىن باشقا، بەزى لەقەملەر مەلۇم تارىخىي ۋەقە بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇقادىر پومېشچىك دېگەندەك.

يۇقىرىقى بىرقانچە تۈرلۈك لەقەملەر ئىچىدە، شەخسنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان لەقەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شەخس لەقەملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جەمەت لەقەملىرى ئىچىدە يۇرت نامى بىلەن، ئادەمنىڭ مىجەز خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بىلەن ئاتالغان لەقەملەر بىرقەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ھايۋانات ۋە ئۇچار ـ قاناتلار نامى بىلەن ئاتالغان لەقەملەرمۇ شەخس لەقەملىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپتۇر.

ئۇيغۇرلار ئىشلىتىدىغان لەقەملەر ئىچىدە شەخس لەقەملىرىنىڭ ئارقىسىغا، ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا شەخسكە تەئەللۇق بىرلىك ساندىكى نام بولغانلىقى سەۋەبىدىن، كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر» قوشۇلمايدۇ. ئەمما پۈتكۈل بىر نەسەبتىكى جەمەتنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە، جەمەت لەقەملىرىنىڭ ئارقىسىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار، لەر» قوشۇلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ بىر جەمەتنىڭ ئومۇمىي لەقىمى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردا كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئادەتتۇر. مەسىلەن، كاشاللار، گىچىماچلار، قوشقارلار، كۆچەكلەر، كەنجەكلەر، كالدىرلار، دۆرەنلەر، بۆكەنلەر دېگەندەك. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مۇنداق جەمەت لەقەملىرى خۇددى خەنزۇ تىلىدىكى «某氏» (پۇستانى فامىلىلىكلەر، پالانى ئۇرۇقتىكىلەر) دېگەندەك، فامىلىگە مەنە ۋە خۇسۇسىيەت جەھەتتىن ئىنتايىن يېقىن كېلىدۇ. بۇنداق «ـلار، ـلەر» قوشۇلغان لەقەملەر ئاشۇ ھالەتتە پۈتۈن بىر جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامىنى كۆرسەتسە، شۇ جەمەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا

«ـ لار، ـ لەر» سىز قوشۇلغاندا، شۇ ئەزانىڭ شۇ جەمەتكە
مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ شەخ-
سىي لەقىمى سۈپىتىدىمۇ رول ئوينايدۇ. يۇرت (مەھەللە) لە-
قەملىرىمۇ شۇ يۇرت (مەھەللە) دىكى ھەممە شەخسنى ئورتاق
ئىپادىلىگەندە ئۇلارغا «ـ لار، ـ لەر) قوشۇلىدۇ ـ دە، بۇنداق
لەقەملەر مەلۇم يۇرت (مەھەللە) دىكى ھەممە شەخسلەرنى ئومۇم-
لاشتۇرۇپ كۆرسىتەلەيدۇ. باشقا يۇرتلاردا ئاشۇ يۇرت لەقەملىك
شەخس ئۇچۇن يۇرت لەقىمى يەنە شەخس لەقىمى سۈپىتىدىمۇ رول
ئوينايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا قانداشلىق مۇناسىۋەت ئېتىبارغا ئېلىن-
مىغاچقا، بۇنداق لەقەملەر مەلۇم شەخسنىڭ مەلۇم يۇرتلۇق ئى-
كەنلىكىنىلا ئىپادىلىيەلەيدۇ، ئەمما ئۇلاردىن جەمەت ئۇقۇمىنى
ئېنىق ئايرىپ بەرگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا تەخەللۇس بولسۇن ياكى يۇقىرىقى ئۈچ تۈردىكى
لەقەملەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ شەخس ئىسىملىرى بىلەن بىرىكىش
شەكلى نىسبىي مۇقىم ھالەتكە يەتكەن، بۇنداق شەكىل «شەخس
ئىسمى + ئاتا ئىسمى + لەقەم (ياكى تەخەللۇس)» دۇر. بۇ،
تەخەللۇس ئۈچۈن تېخىمۇ مۇقىم شەكىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئەمما لەقەملەر شەخس ئىسىملىرىدا قوشۇلۇپ كەلگەندە كۆپىنچە
شەخسنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى قىسقارتىلىپ، «شەخس ئىسمى +
لەقەم» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. خۇددى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان
لەقەملەردەك. ئەمما ئەھۋالدىن خەۋىرى بار بەزى ئىلىم ساھىبلى-
رىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قۇمۇل دىيارىدا «قارلۇق» لەقىمى-
نى ئىشلىتىدىغان بىر جەمەت مەزكۇر لەقەمنى ئىسىملارغا قوش-
قاندا «لەقەم + شەخس ئىسمى» شەكلىدە ئىشلىتىدىكەن. كۆ-
رۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا «شەخس ئىسمى + لەقەم» شەكلى
مۇتلەق مۇقىم شەكىل ئەمەس، ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسىم لەقەم-
لىك ئۇيغۇرلار ئىشلىتىدىغان ئاساسىي شەكىلدۇر.

(4) ھۆرمەت ـ ئۇنۋان ناملىرى: ئىنساننىڭ نام ـ



نىشان قوللىنىش تارىخىدا مەدەنىيەتنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئالامىتى
سۈپىتىدە ئىسىم ۋە فامىلىلەرگە ياندىشىپ ئوتتۇرىغا چىققىنى
ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامىلىرىدۇر. روشەنكى، ئەڭ دەسلەپتە ھۆر-
مەت ـ ئۇنۋان نامىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، جەمئىيەتتە تەبىقە،
دەرىجە تۈزۈمىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر.
ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامىلىرى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى، مەدە-
نىيەت، بىلىم سەۋىيىسىدىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن
بولۇپ، كونكرېتراق ئېيتقاندا، بىر كىشىنىڭ ھۆرمەت ياكى
ئۇنۋان نامىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى، ئىقتىسادىي
ئورنى، تەبىقىسى، كېلىپ چىقىشى، ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىما-
ئىي گۇرۇھتىكى سالاھىيىتى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئىلىم
جەھەتتە قوشقان تۆھپىلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئۈستۈنلۈكى
بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ ئۇنۋان نامىلىرى كۆپ بولغان-
دىن باشقا، يەنە ئىجتىمائىي ئالاقىلەر داۋامىدا شەكىللەندۈرۈپ
ئىشلەتكەن ھۆرمەت نامىلىرىمۇ بەك كۆپ. بەزىدە ھەتتا ئۇنۋان
نامىلىرى ھۆرمەت نامى تۈسىنى ئالىدىغان ئەھۋالمۇ بىر قەدەر
گەۋدىلىك. قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار-
نىڭ ئۇنۋان نامىلىرى ھەققىدە سۆز ئاچساق، ئۇيغۇرلار قەدىمكى
تۈرك ـ ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرلىرىدە، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران
ئورۇندا تۇرغان شەخسلەرنى «قاغان»، «خاقان»، «خان»،
«ئىلىك»، «ئىلىك خان»، «بۇغراخان»، «تەڭرىخان»، «تەڭ-
رىكان»، «ئىدىقۇت»، «ئېل ئۆگەسى»، «بىلگە»، «بىلگە
خاقان»، «كۆل»، «بۆگۈ»، «تەڭرى بۆگۈ»، «ئالپ ئارس-
لان» قاتارلىق ئۇنۋان نامىلىرى بىلەن ئاتىغان بولسا، ئۇلارنىڭ
ئاياللىرىنى ۋە پەرزەنتلىرىنى «خاتون»، «بىكە»، «تېگىن»،
«تەڭرىم» دەپ ئاتىغانىدى. دەرىجە جەھەتتىن خاقانلاردىن تۆۋەن-

رەك تۇرىدىغان ھەربىي - مۇلكىي ئەمەلدارلارنى «چور» ،
«شاد» ، «شاداپىت» ، «ئاپا» ، «تارخان» ، «ئىنال» ، «ئايغۇ-
چى» ، «تۇتۇق» ، «تۇتـۇغ» ، «سادىـغۇن» ، «ئەلـچى» ، «تى-
راك» ، «ئاشچى» ، «ئىنانچ» ، «بۇيرۇق» ، «يۇغرۇش» ،
«يابغۇ» ، «بەگ» (چاغرى بەگ، تېكىن بەگ، ئىنانچ بەگ،
چاۋلى بەگ) ، «ئۆگە» ، «تۇكسىن» ، «بىرۇق» ، «تايانغۇ» ،
«باشى» (قوۋۇقچىباشى، ئاشچىباشى، ئىدىشچى باشى، ئېلبا-
شى») ، «بۆكە» ، «ئونۇر»①... قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتى-
غانىدى. بىلىم جەھەتتە ئۈستۈنرەك زاتلارنى دىنىي ئېتىقادىنىڭ
ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، «باخشى - باكشى» ، «ئاچارى» ،
«تۇتۇڭ» ، «ئاقارى» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىغانىدى. بۇنداق
دەرىجە - ئۇنۋان ناملىرى تاكى ئىدىقۇت دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە،
قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە داۋام-
لاشتى. ئىسـلامىيەتتىن كېيىن دەرىجە - ئۇنۋان نـاملىرى
ئەرەب - پارس تىلىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا قالمىدى. نەتىجىدە
يۇقىرىقى دەرىجە - ئۇنۋان نامىلىرىنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا ماس
كېلىدىغان نامىلار ئالماشتى. مەسىلەن، خاقانلارنىڭ ئۇنۋانلىرى
«سۇلتان» ، «پادىشاھ» ، «شاھ» ، «شاھىنشاھ» ، «ئەمىرۇل-
مۇئمىنىين» (ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە قويۇلغان ئۇنۋان نامى،
«مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى» مەنىسىدە) دېگەندەك نامىلار بىلەن ئا-
تالغان بولسا، ئـائىلە تـاۋابـىئاتلىرى «خانىش» ، «خانىش ئا-
يىم» ، «مەلىكە» ، «شاھزادە» ، «خان ئانا» قاتارلىق نامىلار
بىلەن ئاتالدى. ھەر دەرىجىدىكى ئەمەلدارلار «ۋەزىر» ، «ھا-
جىب» (خاس ھاجىب، ئۇلۇغ ھاجىب) ، «ئەمىر» ، «ئەمىر-
لەشكەر» ، «سىلاھدار» ، «جـامـەدار» ، «نـەۋۋاب» ، «نەۋۋاب-
زادە» ، «ساھىبزادە»... قاتارلىق مەنسەپ نامىلىرى بىلەن ئاتال-

---

① يۇقىرىقى دەرىجە - ئۇنۋان نامىلىرىنىڭ تەرتىپى ۋە مەنىسى ئەسكەرتىلمىدى. مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرگە قارالسۇن.



دى. دەرۋەقە، يۇقىرىقى نامىلاردا يالغۇز دەرىجە ئۇقۇملا ئىپادىلى-
نىپ قالماي، يەنە ئۇلاردا كۈچلۈك ھۆرمەت - ئىززەت مەنىلىرى-
مۇ بار. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن
ئىسلامچە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلان-
دى. ئىلىم ساھەسىدە بەلگىلىك ئورنى بار زاتلارمۇ دەرىجە ۋە
ھۆرمەت ناملىرىغا تېخىمۇ كۆپ سازاۋەر بولدى، نەتىجىدە ئۇيغۇر
تىلىدىكى ھۆرمەت سۆزلىرى يەنىمۇ كۆپەيدى. ئىسلام دىنى ئۇي-
غۇرلارغا تارقالغاندىن كېيىنكى دىنىي - ئىلمىي ئۇنۋان ۋە
ھـۆرمەت نامـلىرىدىن «سەيـيىد» ، «مىرزا» ، «مىر» ،
«شەيخ» ، «ھەزرەت» ، «مەۋلانە» ، «جاناب» ، «خاجە» ، (خو-
جا، غوجا) ، «ئىمام» ، «ئەللامە» ، «مەۋلەۋىي» ، «موللا» ،
«قارىي» ، «تەقسىر» ، «ئەفەندى» ، «ھاجى» ، «ئىشان» ،
«سوفى» ، «دامـوللا» ، «خـەلفەت» ، «بـۇزۇرگ» ، «بۇ-
زۇرگۋار» ، «ئاخۇن» ، «بۇۋى» ، «خانىم» ، «ئايىم» ، «قۇش-
ناچىم» ، «خېنىم»... قاتارلىقلار پەيدا بولۇپ، بۇ دىنىي ۋە
ھاياتىي ئىلىم ساھەلىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر، بىلىملىك كىشى-
لەرگە قارىتا قوللىنىدىغان ئۇنۋان - ھۆرمەت نامىلىرىدىن بولۇپ
قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، پارسلاردىكى ئەر كىشى ئىسىملىرى
ئاخىرىغا «جان» نى، ئاياللار ئىسمى ئاخىرىغا «گۈل» سۆزلىرى-
نى قوشۇش ئارقىلىق يېقىنلىقنى ئىپادىلەيدىغان تىل ئۇسلۇبى
ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئادەتتىكى كىشىلەر ئارا
ھۆرمەتنى بىلدۈرۈشتە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلمەكتە.
ئۇيغۇرلار ئۆز تىللىرى ئاساسىدا ياكى چەت ئەل تىللىرىدىن
قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئاساسىدا ئاشۇنداق دەرىجە - ھۆرمەت
سۆزلىرىنى ئىشلەتكەندە، ئۇلارنى ئىسىملارغا قوشقاندا، ئايرىم
ساندىكى ھۆرمەت ئۇنۋان نامىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەتتە
ئىسىملارنىڭ كەينىگە ياكى ئالدىغا قوشۇپ، «شەخس ئىسمى +
ئۇنۋان - ھۆرمەت نامى» ياكى «ئۇنۋان - ھۆرمەت نامى + شەخس
ئىسمى» شەكلىدە قوللىنىدۇ. ئادەتتە ئۇنۋان - ھۆرمەت نامىلىرى-

نى ئىسىملارغا قوشقاندا، شەخسىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قىس-
قارتىۋېتىش بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. بولۇپمۇ ئۇنۋان - ھۆرمەت ناملىرى شەخس ئىسىملىرىنىڭ
ئارقىسىغا قوشۇلغاندا، ئاتىسىنىڭ ئىسمى كۆپىنچە چۈشۈپ قال-
دۇ. مەسىلەن، «مـوللا نـىياز قارى سابىر» دېگەن «ئۇنۋان
نامى + ھۆرمەت نامى + شەخس ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى»
شەكىلدىكى «موللا» دېگەن ئۇنۋان - ھۆرمەت نامىنى «نىياز
قارى سابىر» نىڭ ئارقىسىغا قوشقاندا، «نىياز قارى سابىر موللا»
بولۇپ قالىدۇ - دە، «موللا» ئۇنۋانى «نىياز» ئىسىملىك شائىر-
نىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئۇنۋان - ھۆرمەت نامى
بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئارقىسىغا قوشۇشقا توغرا كەلسە، ئاتىسى-
نىڭ ئىسمى ۋە ئۇنۋان - ھۆرمەت نامى «قارى» قىسقارتىلىپ،
«نىياز موللا» دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. يەنە مەسىلەن، «خاجە
ئەھەد يەسەۋىي» دىكى «خاجە» - ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ ۋە دىنىي
ساھە بويىچە ئىلمىي ئۇنۋانى، شۇنداقلا ھۆرمەت نامى بولۇپ،
ئۇنىڭ تولۇق نام - شەرىپى «خاجە ئەھمەد ئىبراھىم يەسەۋىي»
دۇر. ئەگەر «خاجە» سۆزىنى ئۇنىڭ پۈتۈن ئىسىم - شەرىپى
ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، «ئەھمەد ئىبراھىم خاجە يەسەۋىي»
دېسەك، ئۇ چاغدا «خاجە» دىن ئىبارەت بۇ نام ئەھمەدنىڭ ئۆزىگە
ئەمەس، بەلكى ئاتىسى ئىبراھىمغا، ھەتتا «يەسەۋىي» تەخەللۇ-
سىغا قارىتىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى-
نى قىسقارتقاندىلا ئاندىن «ئەھمەد خاجە» دەپ تەرىپلىگىلى بولى-
دۇ. مۇنداق ئەھۋال ئۆتكەن دەۋرلەردىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى
دەۋردىمۇ ئەينەن مەۋجۇت. «پروفېسسور» دېگەن ئۇنۋان نامىنى
ئىشلىتىپ «پروفېسسور ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن» دېيىشكە
بولىدۇ، ئەمما «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن پروفېسسور» دې-
گىلى بولمايدۇ. بۇ دەل يۇقىرىدىكى مىساللاردىكىگە ئوخشاش
ئەھۋالدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناملاش ئادەتلىرىدە دىققەت قىلىشقا سازاۋەر



بىر مەسىلە شۇكى، تارىختىن بۇيان تەخەللۇسلۇق ئەدىب -
شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى، ھۆرمەت -
ئۇنۋان نامى ۋە تەخەللۇسىنى مۇنداق شەكىلدە ئىپادىلەپ كەلگەن:
«ھۆرمەت - ئۇنۋان نامى + ئۆز ئىسمى+ ئاتىسىنىڭ ئىسمى+
تەخەللۇسى» . ئەگەر ئاتىسىنىڭمۇ ھۆرمەت - ئۇنۋان نامىنى تىلغا
ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئالدىغا ئورۇنلاش-
تۇرغان. مەسىلە، «موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆ-
جىزى» ، «موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ نازىم» دېگەندەك؛ بەزى
ئەھۋاللاردا ئاتىسىنىڭ ئىسىم - شەرىپىنى قىسقارتىپ، «ھۆر-
مەت - ئۇنۋان نامى + ئۆز ئىسمى + تەخەللۇسى» شەكلىدە
ئىپادىلەپ كەلگەن. مەسىلەن، «مەۋلانا ئەلشىر نەۋائىي» ، «خا-
جە ئەھمەد يەسەۋىي» دېگەندەك؛ بەزىدە ئۇنۋان - ھۆرمەت نامىنى
قىسقارتىپ، «ئۆز ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى + تەخەللۇسى»
شەكلىدە قوللىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، «ئىمىر ھۆسەيىن سە-
بۇرىي» ، «مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا خاراباتىي» دېگەندەك؛ تە-
خەللۇسسىز ئەدىب شـائىرلار بـولسا بەزىدە «ھۆرمەت - ئۇنۋان
نامى + ئۆز ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى» شەكلىدە قوللىنىپ
كەلگەن. مەسىلەن، «موللا نىياز قارى سابىر» ، «موللا ئەلى
بىننى موللا ئىمىن» دېگەندەك؛ يەنە بەزىدە پەقەت ھۆرمەت -
ئۇنۋان ناملىرى بىلەن ئۆز ئىسىملىرىنى ساقلاپ قېلىپ، تەخەل-
لۇسى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىپ، «ھۆرمەت -
ئۇنۋان نامى + ئۆز ئىسمى» شەكلىدە قوللىنىپ كەلگەن. مەسى-
لەن، «موللا شاكىر» ، «سۇلتان سەئىدخان»... دېگەندەك؛ يەنە
بەزىدە، ھۆرمەت - ئۇنۋان نامىلىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى
قىسقارتىپ، «ئۆز ئىسمى + تەخەللۇسى» شەكلىدىلا قوللىنىپ
كەلگەن. مەسىلەن، «ئابدۇرېھىم نىزارىي» ، «مەھمۇد كاشغە-
رىي» ، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»... دېگەندەك؛ يەنە بەزىدە ئۆز
ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىپ، «ھۆرمەت -
ئۇنۋان نامى + تەخەللۇسى» شەكلىدىلا قوللانغان. مەسىلەن،

«ئەللامە زەمەخشەرىي»، «مەۋلانە سەككاكىي» قاتارلىقلاردەك؛
بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامى بىلەن تەخەللۇسنى
ئىشلەتمەي، «ئۆز ئىسمى + ئاتا ئىسمى» شەكلىدىلا ناملىنىدىغان
ئەھۋال بار بولۇپ، نۆۋەتتىكى مۇتلەق كۆپ ئۇيغۇرلار مۇشۇ
شەكىلنى قوللىنىدۇ.

دەرۋەقە ئۇيغۇرلار لەقەملەر (قايسى خىلدىكى لەقەملەر بول-
سۇن) نىمۇ ئىسىملارغا قوشۇپ ئىشلەتكەندە تۆت خىل نام ـ
ئاتاقنى قوللىنىشتىكى يۇقىرىقى تۆپ شەكىللەرگە بويسۇنىدۇ.
يەنى، لەقەمنى ئادەتتە «ئۆز ئىسمى + لەقىمى»، «لەقىمى +
ئۆز ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى» فورمىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.
ئادەتتە «ئۆز ئىسمى + ئاتىسىنىڭ ئىسمى + لەقىمى» شەكلىدە
ئىشلىتىش ئاساسەن كۆرۈلمەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇيغۇر-
لاردا لەقەمنى يېزىق يۈزىدە ئۆز ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى،
ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامى ۋە تەخەللۇسىدىن ئىبارەت تۆت نام ـ
ئاتاق بىلەن قوشۇپ، جەمئىي بەش بىرلىكتىن تەشكىل تاپقان
نام شەكلىنى ئىشلىتىدىغان ئەھۋال ھازىرغا قەدەر كۆرۈلگىنى
يوق. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال بولۇشقا تېگىشلىك دېيىلسە، بۇ
چاغدا گەرچە شەكىل جەھەتتىن مۇۋاپىق بىر فورما تېپىلغاندەك
قىلىسمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ناملاش ئادىتى ئېتىبارى
بىلەن قارىغاندا، بۇ يات بىر ئەھۋال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى تۆت نۇقتىدا مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشىمىز شۇ-
نىڭ ئۈچۈنكى، ئالدى بىلەن، يۇقىرىقى تۆت خىل نام بەلگىلىرى-
نىڭ ئېنىق پەرقىنى ئايرىۋېلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئى-
چىدىن فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان تەركىبلەرنى بايقاش-
قا يول ئېچىش؛ ئۈچىنچىدىن، تالاش ـ تارتىشتا بولۇۋاتقان
شەخس ئىسمى، ئاتا ئىسمى ۋە فامىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش
شەكلى ھەققىدە مىللەتنىڭ ناملاش ئادىتىنى دەلىل كەلتۈرگەن
ئاساستا، ئورتاق بىر شەكىلنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئۇرۇنۇشتىن
ئىبارەت.



## 4. ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە قوللىنىش تارىخى ھەققىدە

فامىلە — قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا بارلىق-
قا كەلگەن ۋە ئۇيۇشقان كىشىلەر تەشكىللىگەن ئائىلە ياكى جە-
مەت، ھەتتا ئۇرۇقلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن ئەۋلادلىرىغا مىراس
قالىدىغان ئومۇمىي نام بەلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى
ھەرقايسى مىللەتلەردە دەۋرىي جەھەتتىن بالدۇر ياكى كېيىن
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى دەۋرى
ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە بېرىپ
چېتىلىدۇ. جاھان مىللەتلىرى بىلەن تەڭ قەدەمدە ئالغا بېسىش،
تەڭ سالاھىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، شەخستىن جەمەتكىچە،
جەمەتتىن مىللەتكىچە بولغان بىرلىكلەردە ئېسىل، مۇقىم نام-
شەرەپلىرى بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى-
نى كۆنسايىن چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتىۋاتقان ئۇيغۇرلار 20-
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ قوزغالغان مىللىي ئاڭنىڭ مۇ-
ھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان فامىلە مەسىلىسىگە دىققەت-
ئېتىبارىنى يۆتكەپ، بىر قىسىم ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ھەيدەكچى-
لىكى ۋە يېتەكچىلىكىدە فامىلە قوللىنىش قىزغىنلىقىنى قوز-
غاشقا، فامىلىنى مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى سۈپى-
تىدە تونۇشقا، فامىلە قوللىنىش ئارقىلىق «ئېتى ھەم سېپى
بار» گەۋدىگە ئايلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ يېتىشكە مۇيەس-
سەر بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇنىڭدىن كېيىنكى فامىلە
قوللىنىش ئەمەلىيىتىمىزنى مەلۇم تارىخىي ئاساسلار بىلەن دە-
لىللەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. بۇنداق زۆرۈرىيەت كىشىلەر
ئالدىغا «ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىلغانمۇ ـ يوق؟» دېگەن بىر

مەسلىنى تەبىئىي رەۋىشتە قويۇش ئارقىلىق، كۆپ خىل نۇقتىـ
لاردىن ئىلمىي تەرزدە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە قىلماقتا.
بۇنداق مۇرەككەپ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشتە تارىخىي يازمىش -
پۈتۈكلەر، خەلق ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى تىل ئادەتلىرى ۋە مۇنا-
سىۋەتلىك ماتېرىياللاردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ فامىلە قوللىنىـ
شىغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى قېزىپ چىقىشقا، ئىنسانشۇناسلىق
بىلىملىرى ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ فامىلە قوللىنىش تارىخى
ھەققىدە بەزى قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.
ئىنسانشۇناسلىققا ئالاقىدار تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم
بولىدۇكى، بارچە ئىنسانىنىڭ جەمئىيەت شەكىللىرى ئوخشاپ
كېتىدىغان ئىجتىمائىي فورما — ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى ئاسا-
سىدىكى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىن تەدرىجىي راۋاجلىنىپ بۈگۈنگە
ئۇلىنىپ كەلدى. ئىنسانشۇناس مورگان «قەدىمكى جەمئىيەت»
ناملىق ئەسىرىنىڭ «ئىروكىزلاردا ئۇرۇقداشلىق» دېگەن بابىدا
ئانىلىق نەسەبكە تەئەللۇق ئۇرۇق ياكى ئاتىلىق نەسەبكە تەئەللۇق
ئۇرۇق بولسۇن، ئۇلارنىڭ بىر ئانىنى ياكى بىر ئاتىنى كېلىپ
چىقىش مەنبەسى قىلغان ئادەملەر ئۇيۇشۇپ تەشكىل قىلغان گەۋ-
دە ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئۇرۇقتا ئەڭ دەسلەپتە ئاياللار نەسەب
تەۋەلىكىنى بەلگىلىگۈچى بولۇپ، نەسەبنىڭ بىر ئايال ئەجداد ۋە
ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھەم ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىكى
ئاياللارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تەركىب تېپىپ، ئايال تەرەپتىن دا-
ۋاملاشتۇرۇلغانلىقىنى؛ ئەمما كېيىن ئەر تەرەپ نەسەب تەۋەلىكىـ
نى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق بەلگىلىگۈچى بولۇپ، نەسەبنىڭ بىر
ئەر ئەجداد ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ھەم ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى
ئىچىدىكى ئەرلەرنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تەركىب تېپىپ، ئەر تەرەپ-
تىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىنگەنلىكىنى؛ بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ
پۈتكۈل قەدىمكى جەمئىيەتتە تارقىلىپ، ھەرقايسى قىتئەلەردە
ئومۇملاشقانلىقى ۋە مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان جايلاردىكى قەبىلىـ



لەرنىڭ ئۇنى تارىخ بارلىققا كەلگەن دەۋرلەرگىچە داۋاملاشتۇرۇپ
كەلگەنلىكىنى؛ بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، مەيلى قايسى جايدا ئۇچرىـ
غان ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى بولسۇن، ئۇلار قۇرۇلما ۋە پائالىـ
يەت پرىنسىپلىرى جەھەتتە ئوخشاش ئىكەنلىكىنى؛ پۈتۈن ئىنـ
سانىيەت جەمئىيەتلىرىدە بارلىققا كەلگەن ئاشۇ ئۇرۇقداشلىق
جەمئىيەت تەشكىلى ئىچىدە مەيلى ئايال تەرەپ ياكى ئەر تەرەپنىڭ
نەسەب بەلگىلىگۈچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەربىر ئۇرۇقتا شۇ
ئۇرۇقتىكىلەرگە ئورتاق، ئەمما شۇ ئۇرۇققا خاس بولغان ئورتاق
بىر جەمەت نامىنىڭ بارلىقىنى كونكرېت دەلىللەر بىلەن ئوتتۇرىـ
غا قويىدۇ.① كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ
دەسلەپكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى
باسقۇچىدا تۇرغان قوۋم ۋە ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ ئۇرۇقـ
لارغا خاس بولغان نام - بەلگىلەر بار بولۇپ، بۇ نام - بەلگىلەر
دەل بىز ھازىر دەۋاتقان فامىلىنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، ئۇرۇقداشـ
لىق جەمئىيىتىنىڭ دەسلىپىدە فامىلىنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەممە
كىشىگە ئورتاق بولۇپ، ھەربىر ئۇرۇق ئەزاسىنىڭ بىردەك فامىـ
لىسى بولغانىدى. ئەمما قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن
كېيىن، فامىلە (ئۇرۇق نامى ياكى جەمەت نامى) نىڭ ئىشلىتىـ
لىش دائىرىسىدە سىنىپىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا
كەلدى. قەبىلە، قەبىلە ئىتتىپاقى ۋە مىللەتنىڭ ئاقساقاللىرى،
باشلىقلىرى، ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئەمەلدارلارنىڭلا فامىلە ئىشلىتىشى
قانۇنىي جەھەتتىن قوغدىلىپ، ئاۋام پۇقرانىڭ فامىلە ئىشلىتىش
ھوقۇقى بولمىدى. بۇنداق ئەھۋال ئوخشىمىغان مىللەت ۋە دۆلەتـ
لەردە ئوخشىمىغان دەۋرلەرگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. كېيىنچە
ھۆكۈمەت ياكى ھۆكۈمران سىنىپلار پۇقرالارنىڭ فامىلە ئىشلىـ

① مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، باباخان تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
1992- يىلى 12 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 120 - 168 - بەتلەر.

تىشىنى چەكلىمىگەن بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن مىللەتلەردە پۇق-
رالار يەنىلا فامىلە ئىشلىتىشكە جۈرئەت قىلالمىدى ۋە مەزكۇر
ئەنئەنىنى ئۈزۈپ قويىدى. دېمەك، بىز ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا فامى-
لىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىمۇ خۇددى باش-
قا مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمى
باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىدەك قانۇنىيەتلىك ئەھۋالغا
ئاساسەن قىياس قىلالايمىز. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر فامىلەشۇناسلىق
تەتقىقاتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان غەيرەتجان ئابدۇللا
كالدىرنىڭ بۇ ھەقتە ئېيتقان «بۈگۈنكى موڭغۇل دالاسىدا ياشى-
غان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنى گەرچە بۈنىڭدىن 22 ئەسىر بۇ-
رۇن ئومۇميۈزلۈك فامىلە ئورناتقان دېيەلمىسەكمۇ، ئەمما ئۇنىڭ-
دىنمۇ قەدىمكى زامانلاردىن قالغان ئىپتىدائىي ئۇرۇقتا تەۋە ئور-
تاق نامغا ئىگە ئىدى، دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز» دېگەن سۆزنىڭ
توغرا ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھېس قىلىمىز.
بىز ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار بىللە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە
شىمالىي ئاسىيادا ياشىغان مىللەت، قوۋملارنىڭ فامىلە قوللى-
نىش تارىخى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما،
خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ھۇن، تۈرك، ئوغۇز، ئۇيغۇر ئەج-
دادلىرىنىڭ فامىلىلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.
بۇ ھەقتىكى تۇنجى خاتىرە خەنزۇ تارىخچىسى سىماچيەننىڭ «تارى-
خىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابىدا ئۇچرايدۇ. ئۇ مەزكۇر كىتابى-
دا: «ئۇلار (ھۇنلار) نىڭ ئادىتىچە ئىسىم ئاتىلاتتى، فامىلە
بولمايتتى.» دەپ يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇ ھۇنلارنىڭ فامىلە
مەسىلىسىگە ئالاقىدار بىرىلگەن دەسلەپكى يازما ئىسپاتتۇر. ئەمما
بۇ خاتىرىنى ئىشەنچلىك دەپ ئېيتالمايمىز. چۈنكى، «خەننامە.
ھۇنلار تەزكىرىسى»، «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»،
«كېيىنكى خەننامە»، «جىننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، «خەن-
نامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخېتى» («汉书功臣表»)،



«ۋېينامە» («魏书»)، «ئون ئالتە پادىشاھلىقتا ئەمنىيلىك
ۋە يېغىلىق» («十六国春秋»)، «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»
(«通鉴»)، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، («北史»)،
«شىمالىي چى تارىخى»، («北齐书»)، «جۇنامە»، («周
书»)، «ئۇرۇقلار ھەققىدە بايان»، («氏族略») قاتارلىق
كىتابلاردا ھۇنلارنىڭ 74 ئۇرۇقىنىڭ نامى - فامىلىسى خاتىرى-
لەنگەن بولۇپ، بۇ فامىلىلەر ۋە شۇ فامىلىلەرنى ئىشلىتىدىغان
ھۇن ئۇرۇق - جەمەتلىرىگە ئائىت بايانلار، خەنزۇ فامىلەشۇناسى
چېن ليەنچىڭنىڭ «جۇڭگودىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەر-
نىڭ فامىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىدا توپلاپ رەت-
لەنگەن. بۇ فامىلىلەرنىڭ بەزىلىرى ھۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان
ئۇرۇقلارنىڭ ئومۇمىي نامىنىڭ تولۇق خەنزۇچە تەرجىمىسى بول-
سا، بەزىلىرى ئاشۇ فامىلىلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ بى-
رىنچى خېتىنىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت ئىدى.
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خەنزۇچە تارىخنامىلەردىكى ھۇنلار-
نىڭ 74 فامىلىسى ھۇنلاردا پەقەت 74 ئۇرۇق ياكى جەمەتنىڭلا
بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەزكۇر
فامىلىلەرنىڭ بىر قىسمى ھۇن تىلىدىكى فامىلىلەرنىڭ خەنزۇچە
ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا، يەنە بىر قىسمى ھۇنلار ئاجىزلاشقاندىن
كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىرىغا بېقىنغان ھەم خەنزۇچە
فامىلە قوللانغان ھۇن كىشىلىرىنىڭ فامىلىسىدۇر. يۇقىرىقى
تارىخىي ئەسەرلەر ئىچىدە، قۇيان (胡衍,呼衍)، شۇبۇ
(须卜)، ئورولان (乌洛兰)، چيۇلىن (丘林) قاتارلىق
تۆت فامىلە ھۇنلاردىكى چوڭ جەمەتلەرنىڭ فامىلىلىرى دەپ ئې-
نىق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، يەنە خەنزۇ فامىلىلىرىدىكى ئاددىي-
لاشتۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، قۇيان (呼衍) فامىلىسى
«قۇ» ياكى «خۇ» (呼) غا، شۇبۇ (须卜) فامىلىسى «بۇ»
(卜) غا، ئورولان (乌洛兰) فامىلىسى «لەن» (兰) گە،

چيۇلىن ( 丘兰 ) فامىلىسى «چياۋ» ( 乔 ) غا قىسقارتىلغان.
ئۈنىڭدىن سىرت، «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دە ھۇن تەڭرى-
قۇتلىرىنىڭ فامىلىسىنىڭ لۈەنتى ( 挛鞮 ) ياكى شۇليەنتى
( 虚连鞮 ) ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

يۇقىرىدىكى بەش فامىلىدىن باشقا، «جۇڭگودىكى قەدىمكى
ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» دې-
گەن كىتابتا، قەدىمكى ھۇنلاردا لوڭ ( 隆 )، ۋېيشۈ ( 唯徐 )،
بۇ ( 仆 )، فەن ( 范 )، جاۋ ( 赵 )، چېڭ ( 乘 )، ۋاڭ
( 王 )، خاۋ ( 郝 )، گاۋ ( 高 )، خۇدۇ ( 滹毒 ياكى 呼毒 )،
كۇن ( 昆 )، ۋۇ ( 乌 )، چىوۋ ( 稠 )، فۇ ( 复 )، يى
( 伊 )، سى ( 次 )، چۇ ياكى چيېچۇ ( 渠، 且渠 )، دوڭ
( 董 )، جۇ ( 驹 )، چېڭ ( 成 )، شيەن ( 先 )، خەن
( 韩 )، داڭيۇ ( 当于 )، لاڭ ( 郎 )، لىجى ( 栗籍 )،
ئاۋجيەن ( 奥鞬 )، شىجۇ ( 尸逐 )، خېلەن ( 贺赖 ياكى
贺兰 )، يۈۋېن ( 宇文 )، جاڭ ( 张 )، گو ( 郭 )، چېن
( 陈 )، چىمۇ ( 綦母 )، جىن ( 靳 )، دۇ ( 都 )، ما
( 马 )، لى ( 李 )، فېڭ ( 冯 )، ما ( 麻 )، ساۋ ( 曹 )،
خې لىيەن ( 赫连 )، فېيلىيەن ( 费连 )، پولىيۇخەن ( 破六
韩، ياكى 破落汗 )، موچى ( 俟万 )، شۆ ( 薛 )، نوخۇ
( 诺护 )، خېلۆ ( 贺略 )، خېنەي ( 何奈 )، شۇنداقلا تۇغا
ھۇنلىرىنىڭ جىن ( 金 )، لياڭ ( 染 )، ليۇ ( 刘 )، دۇگۇ
( 独孤 )، لۇ ( 路 )، بى ( 毕 )، ياۋ ( 姚 )، يۈ
( 郁 )، خۇاڭ ( 黄 )، كۈي ( 傀 ) قاتارلىق فامىلىلىرىنىڭ
بارلىقى ھۇن دەۋرىگە ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللار ئاساسىدا
تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى.① ھالبۇكى بۇ ئەسەردە يۇقىرىدا تىلغا
ئېلىنغان فامىلىلەرنىڭ ھۇنلارنىڭ فامىلىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئا-

---

① شۇ كىتاب، جىلىن مەدەنىيەت - تارىخ نەشرىياتى، 1993 - يىلى نەشرى. 5 ~ 46 -
بەتلەر.



ھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما ھۆكۈم
قىلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىقى فامىلىلەر ئىچىدە ھۇنلار تىلىدىكى
فامىلىلەرنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى كۆپرەك بولۇپ، ھۇنلار ئىشلەت-
كەن خەنزۇچە فامىلىلەر ئازراق. بۇ جەھەتتە يۇقىرىقى فامىل-
لەرنىڭ ئەسلىي ھۇن تىلىدىكى ئاتىلىشىنى تىل نۇقتىسىدىن
شەرھلەش — ئۇيغۇر فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى زور تېما
بولسا كېرەك. ھاسىل كالام، مەلۇم بولدىكى، ھۇنلاردا فامىلە
قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنداق فامىلىلەر كۆپىنچە مەلۇم ئۇرۇقنىڭ
ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. شۇ سەۋەبتىن يۇقىرىدا
زىكىر قىلىنغان تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان ھۇنلارنىڭ فامى-
لىلىرىنىڭ ئارقىسىغا بىردەك، «ئۇرۇق، جەمەت، فامىلە»...
مەنىسىدىكى « 氏 » خېتى قوشۇلۇپ يېزىلغان. قەدىمكى ئۇ-
رۇق- قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى ۋە ياكى فامىلىسى ھەققىدە
دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزغاشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى،
ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى تۈزۈمى شارائىتىدىكى ھەربىر
ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي نامى شۇ ئۇرۇقلارنىڭ تۆتېملىرىنىڭ نامىدىن
ئىبارەت بولۇشتەك ئەھۋال ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى
تۈزۈمى شارائىتىدا قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما
ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ كۆپىيىشى ۋە پارچىلىنىپ بېرىشى بىلەن،
مۇھىمى ئەرلەرنىڭ ئۇرۇق ۋە قەبىلە ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىق
ئورنىنىڭ يۈكسىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ سى-
ياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىددىيىتى، بىرلىككە كېلىشى
ۋە پارچىلىنىش جەريانىدىكى كۆرەشلىرى جەريانىدا، كۈچلۈك،
مەدەنىيەتتە ئۈستۈنرەك ئۇرۇق - قەبىلىلەردىن بىر ياكى بىرقان-
چە ئەر جىنسلىق تارىخىي شەخسلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ
مەيدانغا كېلىپ، شۇ شەخسلەرنىڭ ناملىرى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ
ھۆرمەت - ئۇنۋان ناملىرى، لەقىمى، ئەمەل ناملىرى قاتارلىقلار
ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياكى ئۇرۇقلىرىغا مىراس بولۇپ قېلىپ،

تەدرىجىي رەۋىشتە شۇ ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ
قالغانىدى. كېيىنكى ئەۋلادلار (يەنى ئۇرۇق ئەزالىرى) شۇ
كىشىلەرنىڭ نامىدىن، لەقەملىرىدىن، مەنسەپ ئاتاقلىرىدىن
ئۆزگىرىپ شەكىللەنگەن ئۇرۇق - قەبىلە نامىلىرىنى فامىلە ئور-
نىدا ئۆز ئىسىملىرىغا قوشۇپ ئىشلەتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دە بۇ ھەقتە ناھايىتى ئېنىق مەلۇمات
بېرىدۇ. ئۇ «ئوغۇز» دېگەن سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە، ئوغۇزلار-
نىڭ تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى؛ ئۇلار يىگىرمە ئىك-
كى ئۇرۇق بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا
باسىدىغان تامغىلىرى بارلىقى؛ ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاي-
رىم - ئايرىم ھالدا قىنىق، قايىغ، بايۇندۇر، ئىۋا، سالغۇر،
ئافشار، بەكتىلى، بۆگدۈز، بايات، يازغىر، ئەيمۇر، قارا بۆ-
لۈك، ئالقا بۆلۈك، ئىگدىر، ئۈرەگىر، تۇتىرقا، ئۇلايۇندلۇغ،
تۈگەر، پەچەنەك، چۇۋۇلدار، چەبنى ۋە چارۇۇقلۇغ ئىكەنلىكى؛
بۇ ئۇرۇقلارنىڭ نامىلىرى ئۇلارنى تۇنجى قۇرغان ئەڭ قەدىمكى
بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئىكەنلىكى؛ خۇددى ئەرەبلەردە بنو
سليم (بەنۇ سەلىيم - سەلىم ئوغۇللىرى)، بنو خفاجة (بەنۇ
خەفاجە - خەفاجە ئوغۇللىرى) دەپ يۇرگۇزۇلگىنىدەك، ئۇلارمۇ
ئۆز نامىلىرىنى ئاتا - بوۋىلىرىغا قاراپ شۇنداق يۇرگۈزىدىغانلى-
قىنى ئېيتىدۇ.[1] دېمەك، بۇ پىكىر ھۇنلارنىڭ فامىلە سۈپىتىدە
قوللانغان نامىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە شۇ فامىلىلەر-
نى قوللىنىدىغان ئۇرۇق - جەمەتلەرنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى-
نىڭ نامىلىرىدىن كەلگەنلىكىدەك تارىخىي مەلۇماتلارغا ئۇيغۇن
كېلىدۇ. چۈنكى، ھۇنلارنىڭ فامىلىسى ۋە ئۇرۇقلىرى ھەققىدى-
كى خەنزۇچە خاتىرىلەردە يۇقىرىدا ساناپ ئۆتكەن فامىلىلەرنىڭ
ئەمەلىيەتتە مەلۇم كىشىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى، كېيىنكى ئەۋ-

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1 - توم، 77 - 80 - بەتلەر.



لادلىرى ۋە ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ ئۇنىڭ نامىنى ئورتاق نام قىلىپ
قوللىنىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىدا تىزىپ كۆرسىتىلگەن
ھۇنلارنىڭ خەنزۇچە فامىلىلىرى ئىچىدىكى تاق خەتلىك فامىلى-
لەرنىڭ بىرقىسمى دەل ئاشۇ ئۇرۇقلارنىڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرى-
نىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ بىرىنچى خېتىدىن
ئىبارەت ئىدى.

يۇقىرىقىلار تۈرك، ئوغۇز ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە - ئۇ-
رۇقلىرىغىمۇ ئورتاق ئەھۋالدۇر. «جىننامە» نىڭ 123 - جىلدى-
دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى
دىڭلىڭلاردا دى ( 翟 ) ۋە شيەنيۇ ( 鲜于 )، لو ( 洛 )،
يەن ( 严 )، ياڭ ( 杨 ) قاتارلىق ئۇرۇقلار ۋە فامىلىلەر
بولغان. بۇ فامىلىلەر ئىچىدە «دى» ( 翟 ) دىڭلىڭلارنىڭ كۈچ-
لۈك بىر ئۇرۇقنىڭ باشلىقى دىجىن ( 翟真 - «تېكىن» بولۇشى
مۇمكىن) نىڭ نامىدىن كەلگەن، «شيەنيۇ» بولسا تېكىننىڭ قول
ئاستىدىكى ھەربىي ئەمەلدار شيەنيۇنىڭ نامىدىن كەلگەن. كېيىن
«شيەنيۇ» ( 鲜于 ) فامىلىسى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە «ش-
يەن» ( 鲜 ) گە قىسقارتىپ يېزىلغان. «ۋېينامە» نىڭ 103-
جىلدى «قاڭقىللار تەزكىرىسى» دە، قاڭقىللارنىڭ دى ( 翟 ياكى
狄 : تۈرك)، يۈەنخې ( 袁纥 - ئۇيغۇر)، خۇلۇ ( 斛律 -
قوغۇرسۇ)، جيېپى ( 解批 - چاپىش)، خۇگۇ ( 护骨 -
قىرغىز)، يىچىجىن ( 异奇斤 - ئىل تېكىن) قاتارلىق ئالتە
ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقان بىر تارمىقى بارلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 98 - جىلدى «قاڭقىللار تەر-
كىرىسى»، «قانۇنلار قامۇسى» («通典») نىڭ 197 - جىل-
دى، «ئومۇمىي تەزكىرە» («通志») نىڭ 200 - جىلدى،
«يازما ھۆججەتلەر ھەققىدە ئومۇمىي تەھسىل» («文献通考»)
نىڭ 342 - جىلدى قاتارلىق ئەسەرلەردە قاڭقىللارنىڭ يۇقىرىقى
ئالتە ئۇرۇقتىن باشقا يەنە ئون ئىككى ئۇرۇقنىڭ نامى

خاتىرىلەنگەن. ئۇلار چىفولى (泣伏利 - چىپولى)، تۇلۇ
(吐卢 - تېلى)، يىجەن (乙旃 - ئىلجان)، دالىيەن
(大连 - تارلان)، كىۇخې (窟贺 - قوغا)، دابوگەن
(达薄干 - تاربوقان)، ئالۇن (阿仑 - ئايرون)، مويۇن
(莫允 - بايان)، جى فېن (俟分 - ئەركىن)، فۇفولو
(副伏罗 - بۆركلى)، چىيۇەن (乞袁 - قىئۇي) ۋە يوشۇفېي
(右叔沛 - يۇسۇپى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئۇ-
رۇقلار ئادەتتە شەرقىي تۇرالارنىڭ ئىككى تارماقتا بۆلۈنگەن ئون
سەككىز ئۇرۇقىمۇ دېيىلىدۇ. يۇقىرىقى ئون سەككىز ئۇرۇقتىن
باشقا، يەنە «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. قاڭقىللار تەزكىرىسى»
«ۋېينامە»، «جۇنامە»، «كۆللى فامىلىلەرنىڭ ئومۇمى تەزكى-
رىسى» («万姓通谱»)، «ئۇرۇقلار ھەققىدە بايان» («氏
族略») قاتارلىق خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە، قاڭقىللارنىڭ يۆچىن
(越勤 - «يوچىن» بولۇشى مۇمكىن)، چۇفېي (黜弗 -
«چۇپى» بولۇشى مۇمكىن)، سۇگۇيەندىڭ (素古延等 -
«سۇغياندىن» بولۇشى مۇمكىن)، خۇبو (斛拔 - «قوباش»
بولۇشى مۇمكىن)، مىېلىېي (乜列 - ؟)، چىلى (敕勒 - ؟)،
يى (易)، بايې (拔也 - «باي» بولۇشى مۇمكىن)، خۇسى
(斛斯 - قۇس)، ۋۇيىن (屋引 - ئويىن)، خېشى (纥奚 -
قۇش)، خېتۇلىڭ (纥突邻 - ؟)، سىلۇلىڭ (俟吕邻 - ؟)،
كوروگەن (库若干 - قورغان)، تۇتۇلىڭ (吐突邻 - ؟)،
جيېرۇ (解如 - ؟) قاتارلىق ئۇرۇقلىرىنىڭ بارلىقى تىلغا
ئېلىنغان. يۇقىرىقى خەنزۇچە مەنبەلەردە مەزكۇر ئۇرۇقلار نام-
لىرى دەل ئاتا نەسەبلىك فامىلە مەنىسىدە «氏» (شى) خېتى
بىلەن قوشۇلۇپ يېزىلغان بولۇپ، بىز ئۇلارنى يەنە بىر خىل
تەرجىمە قىلساق، 泣伏利氏 نى «چىپولى فامىلىلىك ئۇ-
رۇق»، 窟贺氏 نى «قوغا فامىلىلىك ئۇرۇق»، 拔也氏 نى
«باي فامىلىلىك ئۇرۇق»... دەپ تەرجىمە قىلالايمىز.



«جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق ئەسەردىكى مەلۇماتلارغا ئاساس-
لانغاندا، ئوغۇزلارنىڭ 24 ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ئوقلار
(كۆك، تاغ، دېڭىز) لاردىن ئاۋۇپ چىققان ئۇرۇقلار بايىندىر،
چۇۋۇلدۇر، چېپنى، سالۇر، ئالايۇنتلۇ، ئەيمۇر، ئورىگىر،
ئىگدىر، بۆگدۈز، ئىۋا، قىنىق قاتارلىقلار ھەم بۇز ئوقلار
(كۈن، ئاي، يۇلتۇز) لاردىن ئاۋۇپ كۆپەيگەن قاي، بايات، ئاق
ئىۋلى، قارا ئىۋلى، يازگىر، دۇدۇرغا، دوگىر، پاپارلۇ، ئاۋ-
شار، بەگە دىبلى، قارقىن ۋە چارۇقلۇ قاتارلىق ئۇرۇقلاردىن
ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا «تارىخىي شەجەرەئى تۈرك» تە تىلغا
ئېلىنغان ئوغۇزخاندىن ئاۋۇغان 24 ئۇرۇقنىڭ نامىمۇ ئوخشاشلا
ئاشۇ ئۇرۇقلارنىڭ دەسلەپكى ئەجدادىنىڭ نامى ياكى ئوغۇزخان
ھەدىيە قىلغان ناملار بولۇپ، بۇ كەمكۈتىسىز فامىلىلەردىن ئىبا-
رەت. «ئوغۇزنامە» داستانىدا «قارلۇق»، «قىپچاق»، «قا-
لاچ»، «قانقا»[①] قاتارلىق قەبىلە ناملىرىمۇ ئوغۇزخان قول ئاستى-
دىكى تۆھپىكار شەخسلەرگە بەرگەن ناملار بولۇپ، بۇ كېيىنچە
شۇ قەبىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئىسمى، يەنى فامىلىسى بولۇپ رول
ئوينىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر، ئوغۇز ئۇ-
رۇقلىرىنىڭ ناملىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «ئون ئۇيغۇرلار» ۋە
«توققۇز ئوغۇزلار» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى «十
姓回纥» ۋە «九姓乌古斯» بولۇپ، بۇلاردىكى «姓»
خېتىنىڭ «جەمەت سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي نامى» دېگەن مەند-
سى بارلىقى ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا، ئۇلار ئەمەلىيەتتە «ئون
فامىلىلىك ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى» ۋە «توققۇز فامىلىلىك ئوغۇز
ئۇرۇقلىرى» دېگەن مەنىگە ئىگە بولىدۇ. بىز خەنزۇ تارىخنامى-
لىرىدە يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن بارچە ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ

① «ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىلى 11 - ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 52 - 56 - بەتلەر.

نامى ئارقىسىغا « 氏 » خېتى، ئۇلارنىڭ ئورتاق گەۋدىسىنىڭ نامى ئارقىسىغا « 姓 » خېتىنىڭ قوشۇلۇپ يېزىلغانلىقىدىن، خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ ناملىرىنى فامىلە دەپ چۈشىنىۋاتقانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭمۇ ئاشۇ ناملارنى فامىلە ئورنىدا چۈشىنىپ ئىشلەتكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. بۇنىڭغا جانلىق بىر پاكىت شۇكى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى تېلىلاردىن چىققان قوشاقچى، ئۇرۇق ئاقساقىلى قوغۇرسۇ ئالتۇننىڭ ئەسلىي ئىسمى ئالتۇن بولۇپ، ئۇ قوغۇرسۇ ئۇرۇقىنىڭ باشلىقىدۇر. دېمەك، ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ ئالدىغا «قوغۇرسۇ» دېگەن ئۇرۇق نامىنى فامىلە تەرىقىسىدە قوشۇپ ئىشلەتكەن.①

تۈركلەرنىڭ فامىلىسى ھەققىدە خەنزۇچە مەنبەلەردە ماتېرىيال كۆپ ئەمەس. بۇ ھەقتە «فامىلىلەر تۈزمىشلىرى» (« 姓纂 ») دېگەن كىتابتا تۈركلەردە 阿史那 (ئاشىنا) دېگەن ئۇرۇق نامىنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلىنىدۇ. «تاڭنامە»نىڭ 110 ـ جىلدى «شىدانەي تەزكىرىسى»دە، 阿史那 (ئاشىنا) فامىلىسىنىڭ خەنزۇچە «شى» ( 史 ) فامىلىسىگە قىسقارتىلغانلىقى خاتىرىلىنىدۇ. «تاڭ نامە»دە يەنە ئاشىنا ئۇرۇقىنىڭ تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمران ئۇرۇقى ئىكەنلىكى، بۇ ئۇرۇققا مەنسۇپ ئاشىنا ئاتلىق فامىلىنى قوللانغان كىشىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، «تاڭنامە. گاۋزۇ خاتىرىسى»دە ئاشىنا جېشى ( 阿史那结社 )، ئاشىنا خېلۇ ( 阿史那贺鲁 )، ئاشىنا مىخې ( 阿史那弥贺 )، «تاڭنامە. ۋوخو خاتىرىسى»دە ئاشىنا خۇي ( 阿史那惠 )، ئاشىنا يۈەنچىڭ ( 阿史那元庆 )، ئاشىنا سۇيلو ( 阿史那瑟罗 ) … قاتارلىق ئون بەش كىشىنىڭ تۆھپىلىرى خاتىرىلەنگەن بولۇپ،

① ئا. راخمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە، 87 ـ بەت.



تاڭ دەۋرىدە ئاشىنا فامىلىلىكلەردىن نۇرغۇن ئىختىساسلىق خادىملار چىققاندى. قىسقىسى، «ئاشىنا» ـ ئۇرۇق ناملا ئەمەس، بەلكى فامىلىنىڭ ئۆزىدۇر.

بىز تارىختا نەزىرىمىزنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئاغدۇرساق، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا مەلۇم ئۇرۇق ناملىرىنىڭ فامىلە سۈپىتىدە مۇقىملىشىپ، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ياكى ھۆكۈمران ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي نامىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ھۆكۈمران ئۇرۇق ئاۋاسار ( ئادىز ـ 阿跌 ) لارنىڭ «ئاتىل» ناملىق فامىلىسى بولغان. ھۇنلاردىمۇ ئەھۋال مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئاق ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمران ئۇرۇقىنىڭ «ئىفتال» (ئىفتالىت، يەپتال، ئابدال) دېگەن فامىلىسى بولغان؛ ھۇن تەڭرىقۇتلىقىنىڭ خان جەمەتىدە «شولانت» دېگەن فامىلە بولغان؛ غەربىي يۇرتلۇقلارنى مىسال قىلساق، قەدىمكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدە مىلادىيىدىن 2، 3 ئەسىر بۇرۇنلا «ۋايجرا» (ۋايسارا ياكى ۋىسا) دەپ ئاتىلىدىغان فامىلە بولغان ۋە بۇ فامىلە ئۇدۇن خانلىقى 10 ـ ئەسىردە قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغۇچە داۋاملاشقان؛① ئاگنى (بۈگۈنكى قارا شەھەر) نىڭ خان جەمەتىدە «ئەجدىھا» مەنىسىدىكى « 龙 » (يەرلىك تىلدىكى ئوقۇلۇشى «دۇم» ياكى «ناگا») خېتى بىلەن ئاتىلىدىغان فامىلىسى بولغان؛ سۇلى (قەشقەر) نىڭ خان جەمەتىدە «فېي» ( 裴 : يەرلىك تىلدا «بويلا») فامىلىسى بولغان؛ كۆسەن خان جەمەتىدە «بەي» ( 白، بەزىدە 帛 : بەلكى «بەگ» بولۇشى مۇمكىن) فامىلىسى بولغان؛ بۇخارا خانلىقى خان جەمەتىدە «ئەن» ( 安 ـ يەرلىك تىلدا نېمە دېيىلگەنلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس.) فامىلىسى بولغان؛ شاش (تاشكەنت) خانلىقى خان جەمەتىدە «شى» ( 石 ـ يەرلىك تىلدا

① كوللېكتىپ تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە 93 ـ، 39 ـ بەتلەر

نېمە دېيىلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس.) فامىلىسى بولغان؛ كۇشان خانلىقىنىڭ خان جەمەتىدە «خې» (何 - ئەينى دەۋر يەرلىك تىلىدىكى تەلەپپۇزى ئېنىق ئەمەس.) فامىلىسى بولغان؛ مۇغيان خانلىقى خان جەمەتىدە «مى» (米 - ئەينى دەۋر يەرلىك تىلىدا نېمە دېيىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.) فامىلىسى بولغان؛ ئۆرتۆپە خانلىقى خان جەمەتىدىكىلەر «ساۋ» (曹 - ئەينى دەۋر يەرلىك تىلىدا نېمە دېيىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.) فامىلىسىنى قوللانغان؛ (كانگىيە، ياكى سەمەرقەند ۋە ياكى سەمىزكەند) خانلىقى خان جەمەتىدىكىلەر «ئەن» (安 - ئەينى دەۋر يەرلىك تىلىدا نېمە دېيىلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس.) فامىلىسىنى قوللانغان؛ شەھرى سەبز خان جەمەتىدىكىلەر «شى» (史 - ئەينى دەۋر يەرلىك تىلىدا نېمە دېيىلگەنلىكى نامەلۇم.) نى فامىلە قىلىپ قوللانغان.① دېمەك، بۇ يەردە ھېس قىلىش تەس ئەمەسكى، قەدىمكى ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر، ئوغۇز خانلىقلىرىدىكى خان جەمەتلىرى ياكى ھۆكۈمران ئۇرۇقلارنىڭ مۇقىم فامىلىسى بار بولۇپ، بۇنداق فامىلىلەر يەنە مەلۇم دەرىجىدە تەبىقە فامىلىسى مەنىسىگىمۇ ئىگە بولغان، ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن باشقا بىز قەدىمكى ھۇنلار ئىشلەتكەن «تەڭرىقۇت»، تۈركلەر ئىشلەتكەن «ئاشىنا» قاتارلىقلارنى تىپىك تەبىقە فامىلىسى مەنىسىدىكى فامىلە دەپ ئېيتالايمىز. يەنە «تېكىن» دېگەن دەرىجە - ئۇنۋان نامىنىڭمۇ مەلۇم دەرىجىدە فامىلە مەنىسىگە ئىگە بولۇپ ئىشلىتىلگەنلىكىنىمۇ قىياس قىلىش تەس ئەمەس. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، يۇقىرىقى فامىلىلەرنىڭ خان جەمەتلىرىدە قوللىنىلىشى ئاۋام پۇقرالارنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرىدە ئورتاق فامىلىلەرنىڭ بولمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فامىلە ئىشلىتىشنى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىمتىياز تەرىقە-

① چېن لىيەنچېڭ: «جۇڭگودىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، جىلىن مەدەنىيەت - تارىخ نەشرىياتى. 1993 - يىلى نەشرى، خەنزۇچە.



سىدە چۈشىنىپ ۋە مۇئامىلە قىلىپ، پۇقرالار بولسا ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇرۇق نامى ياكى ئورتاق جەمەت نامىنى ئىشلىتىشنى تەدرىجىي ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ 43 فامىلىسى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلار يالغۇز خان جەمەتىگىلا فامىلىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ پائالىيەت قىلغان غەربىي يۇرتلۇقلار ئۆز خانلىقلىرىدا مۇقىم ئىشلىتىلىدىغان خان جەمەتى فامىلىلىرىنى يۇرت فامىلىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، خەنزۇچە شەكىللەردە ئىشلەتكەنىدى. شۇڭا بۇ فامىلىلەردە ھۇن ۋە تۈركلەرنىڭ فامىلىلىرىگە قارىغاندا كەڭرەك مەنا (يەنە يۇرت بىرلىكلىرى بويىچە ئومۇمىي نام بولۇش) دائىرىسى بار. ئەمما، غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ فامىلىلىرى خان جەمەتى ۋە شەھەر بەگلىكلىرى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچىدە چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. تۇرپاندىن تېپىلغان 8 -، 9 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە ئۇيغۇر تەمىر، ئۇيغۇر قابان، ئۇيغۇر ئاسان، ئۇيغۇر تاپمىش، ياغلاقار ئىنال، قىتاي بۆرت، قىتاي بۇقا، قىتاي قايا، يارپ توغرىل، باسا توغرىل، ئۆز توغرىل، قانتۇرمىش توغرىل، قومار ساڭۇن، ئالىپ تاش ساڭۇن، توڭقارا ساڭۇن، ئەرساڭۇن... دېگەندەك ئىسىملار ئۇچرايدۇ. فامىلىنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىكى ئىزچىللىقىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، يۇقىرىقى «ئۇيغۇر»، «قىتاي»، «توغرىل» «ساڭۇن» قاتارلىق سۆزلەرنى فامىلە دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق فامىلىلەشتۈرۈلگەن كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۇچرىشى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدا ھەتتا ئاۋام پۇقرالاردىمۇ فامىلە ئىشلىتىش ئادىتىنىڭ 10- ئەسىرلەرگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

ئايان بولدىكى، فامىلە ئىشلىتىش ئىنسانىيەتنىڭ ئانىلىق

ۋە ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئورتاق مەدەنىيەت
ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇر ئەجدادلىرى يىراق قەدىم-
كى زامانلاردىلا ھازىرلاپ بولغان ئىچكى مەدەنىيەت قۇۋۋىتىنىڭ
تەسىرىدە شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇيغۇر
ئەجدادلىرىنىڭ ساپ مەنىدىكى فامىلە ئىشلىتىش ئەنئەنىسىنىڭ
يۇقىرى زامان چېكىگە بىر ئېنىق ھۆكۈم قىلالمايمىز. ئەمما
ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە قوللى-
نىش ئەنئەنىسى كەم دېگەندىمۇ مىلادىيە 7 ـ، 10 ـ ئەسىرلەر-
گىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، شۇ دەۋرلەرگىچە مەيلى ئۇ-
رۇق بىرلىكلىرى بويىچە بولسۇن ياكى جەمەت بىرلىكلىرى بول-
سۇن ۋە ياكى غەربىي يۇرتلۇقلاردەك يۇرت بىرلىكلىرى بويىچە
بولسۇن، ئوخشىمىغان دەرىجىدە فامىلە قوللىنىپ كەلگەن.
ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىلگىرى ئىشلەتكەن فامىلىلەرنىڭ سۆز
مەنبەلىرى قايسى تەرەپلەرگە چېتىلاتتى ۋە ئىسىملار بىلەن قانداق
شەكىللەردە بىرىكەتتى؟. روشەنكى، ئەڭ قەدىمكى ئۇرۇق ـ
قەبىلە نامىلىرى شۇ ئۇرۇق ـ قەبىلە تېۋىنغان تۇتېم ھايۋانلىرى
ۋە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ نامىدىن ئېلىناتتى، شۇنداقلا ئۆزلىرى
چوقۇنغان تەبىئەت جىسىملىرى نامىلىرىدىنمۇ ئېلىناتتى. كېيىنچە
ئابستراكت سۆزلەردىن ياكى ئادەتتىكى ئەشيا، ھادىسات ۋە ۋەقە
نامىلىرىدىن ئېلىنغان ئۇرۇق ـ قەبىلە ئىسىملىرىمۇ بارلىققا كەل-
دى. تېخىمۇ مۇھىمى، نۇرغۇن ئۇرۇق نامىلىرىنىڭ شۇ ئۇرۇقلار
ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ نامىلىرىدىن ئۆزگىرىپ كېلىشى ئو-
مۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ قالدى. بىز كۆك تۈركلەرنىڭ خان
جەمەتى فامىلىسى «ئاشىنا» نىڭ ئۇلارنىڭ تۇتېمى بۆرىنىڭ نامى-
دىن كەلگەنلىكىنى، ھۇنلاردا قوللىنىلغان تەبىقە فامىلىسى
«تەڭرىقۇت» نىڭ ئۇلارنىڭ تەبىئەت تەڭرىسىگە بولغان ئېتىقادى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئوغۇزخاننىڭ ئىش ـ ئەھۋال-
غا قاراپ ئۇرۇقلارغا «قارلۇق»، «قىپچاق»، «قانقا»... دېگەن



نامىلارنى بەرگەنلىكىنى بىلىمىز. غەربىي ئۇيغۇرلار قوللانغان
فامىلىلەرنىڭ گويا كى يەر نامىلىرىدىن كەلگەنلىكىدەك بىر ئەھۋا-
لىنىمۇ قىياس قىلالايمىز. ئومۇمەن، خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە
خاتىرىلەنگەن ھۇنلارنىڭ 74 فامىلىسى، قاڭقىللار، تۈركلەر،
ئاۋارلارنىڭ 47 فامىلىسى، غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 43
فامىلىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا «ئوغۇزنامە»، «تارىخىي شەجەرە-
ئىي تۈرك» ۋە «جامىئۇت تەۋارىخ» تا تىلغا ئېلىنغان ھەرقايسى
ئۇيغۇر ـ ئوغۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ فامىلە تۈسىدىكى نامىلىرىنى تو-
تېم نامىلىرى، تەڭرىلەر نامىلىرى، يەر نامىلىرى، ئىش ـ ۋەقەلەر
نامىلىرى، شەخس (كىشى) ئىسىملىرى، ئابستراكت ئۇقۇملارنى
ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت بىرقانچە چوڭ تۈرگە يىغىن-
چاقلىيالايمىز. دەرۋەقە مەزكۇر فامىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلى-
كى ساپ ئۇيغۇرچە ـ تۈركچە بولسىمۇ، ئەمما ئاز ساندىكى بىر
قىسمى ئەينى دەۋردىكى تىل ـ مەدەنىيەت تەسىرلىرى سەۋەبىدىن
سانسكرىتچە، سوغدىچە، خەنزۇچە، توخرىچە فامىلىلەر ئىدى.
بۇلارنى تىل نۇقتىسىدىن فامىلەشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدىكى
بىر تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە يېشىش كېيىنكى تەتقىقاتلارغا
قالدۇرۇلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىشلەتكەن ئىسىم، فامىلە ۋە
ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامىلىرىنىڭ تىزىلىش شەكلى ھەققىدە مۇقىم
فورمىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئاجىزمىز. ئەمما تەپسىلىي كۆزد-
تىدىغان بولساق، قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا فامىلى-
نىڭ كىشى ئىسمىنىڭ ئالدىدا كېلىش ئەھۋالىنىڭ بىرقەدەر
ئومۇمىيۈزلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. مەسىلەن،
تۈركلەرنىڭ «ئاشىنا» ئۇرۇقىدىكى شەخسلەر «ئاشىنا» فامىلى-
سىنى ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ، ئاشىنا قۇلى، ئاشىنا
تورچى قاغان، ئاشىنا بۇنان، ئاشىنا قۇتلۇق قاغان، ئاشىنا
بۇكىن، ئاشىنا كۇلچاي، ...دەك شەكىلدە ئىپادىلىگەن. قوغۇرسۇ

ئۇرۇقىدىكى شەخسلەر «قوغۇرسۇ» دېگەن فامىلە سۈپىتىدىكى نامنى ئىسىملىرى ئالدىغا قوشۇپ، قوغۇرسۇ ئالتۇن، قوغۇرسۇلۇي، قوغۇرسۇ شامىن... غا ئوخشاش شەكىللەردە ئىپادىلىگەن. ھۇنلاردا، «قۇيان» فامىلىسىنى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ قۇيانيى ( 呼延翼 )، قۇيانيەن ( 呼延宴 )، قۇيانمۇ ( 呼延莫 )... دېگەندەك ئىسىم ـ فامىلىلىرى بولغان. بۇ ھەقتە يۇقىرىدىكى مىساللار كۇپايە قىلسا كېرەك. بىز ئالدىنقى سەھىپىلەردە تەبىقە فامىلىسى دېگەن ئۇقۇمغا ئىزاھ بېرىپ، ھۇنلاردىكى «تەڭرىقۇت»، تۈرك ۋە ئۇيغۇرلاردىكى «تېكىن» قاتارلىقلارنى تەبىقە فامىلىسى تەرزىدە كۆرسەتكەنىدۇق. ھالبۇكى، بۇنداق تەبىقە فامىلىلىرى قەدىمكى ھۇن ـ تۈرك ـ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا كۆپىنچە شەخس ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، باتۇر تەڭرىقۇت، تۇمەن تەڭرىقۇت، ئۇلۇغ تەڭرىقۇت، ھازار تېكىن، غۇز تېكىن، بارچۇق ئارت تېكىن، ئىنان تېكىن، ئالپ تېكىن، بىلگە تېكىن... دېگەندەك. ساپ ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامىلىرى بولسا بەزىدە كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا بەزىدە ئارقىسىغا قوشۇلغان. مەسىلەن، ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان، ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇلۇق بىلگە قاغان، كۈن تەڭرىدە ئۇلۇغ بولمىش قۇچ كۈچلۈك بىلگە قاغان... دېگەندەك. خۇددى يۇقىرىدىكى مىساللاردىكىدەك، ھۆرمەت نامىلىرى بەزىدە ئۇنۋان نامىلىرىنىڭ ئالدىغىمۇ ئۇلىنىپ كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئاتا ئىسمى دېگۈدەك كۆزگە چېلىقمايدۇ. بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كىشى ئىسمىغا ئاتىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش شەكلىنىڭ مۇقىملىشىشى، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرىنى ئاتاش شەكلىنىڭ تەسىرىدىن بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى فامىلە ئىشلىتىش ئەنئەنىسىنىڭ ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى مۇھىم



سەۋەبلەردىن بىرى بولۇپ قالغان. قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ھەرقايسى تەركىبلەرنىڭ بىرىكىش شەكلىنى ئايرىپ ئىپادىلىسەك، مۇنداق تۈرلەر بويىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1) فامىلىسى (ئۇرۇق نامى) + شەخس ئىسمى

مەسىلەن: قوغۇرسۇ ئالتۇن، قۇيان مۇ، ئاشىنا بۇنان، ئاشىنا تورچى، ۋايجىرا ۋېچىر، بويلا خۇيلان...

2) شەخس ئىسمى + فامىلىسى

3) فامىلىسى + شەخس ئىسمى + مەنسەپ نامى

مەسىلەن: ئاشىنا تورچى قاغان، ئاشىنا قۇتلۇق قاغان...

4) ھۆرمەت نامى + شەخس ئىسمى + مەنسەپ نامى

5) شەخس ئىسمى + مەنسەپ نامى

مەسىلەن: لويىن ئىنال، كۈل تارخان...

6) ھۆرمەت نامى + شەخس ئىسمى

مەسىلەن: تەڭرى بۆگۈ...

7) ھۆرمەت نامى + مەنسەپ نامى

مەسىلەن: ئۇلۇغ تەڭرىقۇت، تەڭرى خان...

8) شەخس ئىسمى + ھۆرمەت نامى

مەسىلەن: قۇنجۇي تەڭرىم...

كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەرگىچە ئارىلىقتا فامىلە شەخس ئىسىملىرىغا ئالدىدىن ياكى ئارقىدىن ئۇلىنىپ ئىشلىتىلگەن.

بىز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەردىن ئۇچراتقان كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە ئىككى سۆزدىن تەركىب تاپقان ئىسىملار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بولۇپمۇ ئاۋام پۇقرالارنىڭ بۇ خىلدىكى ئىسىملىرى ئىچىدە قايسىسىنىڭ فامىلە، قايسىسىنىڭ شەخس ئىسىملىرى ياكى قايسىسىنىڭ شەخس ئىسمى، قايسىسىنىڭ ئاتا ئىسمى ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىنراق. بولۇپمۇ، شەخس ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ كەلگەن «قايا»، «ئاچارى»، «باخشى»، «تو-

يىن» ، «تۇتۇڭ» ، «تەڭرى» ، «تەڭرىم»... قاتارلىق دىنى دە-
رىجە، ئۇنۋان، ھۆرمەت ناملىرىدىن باشقا سۆزلەر قوشۇلغان
ئىككى بۆلەكلىك ئىسىملاردا ئارقىسىدىكى ئىسىملارنىڭ ئاتا ئىس-
مى ئىكەنلىكىگە جەزم قىلىش مۇشكۇل. ئەمما ئىنكار قىلىشقا
بولمايدۇكى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا
ئاتا - بالىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش ئۇسۇلى مەۋجۇتتۇر.
چۈنكى، بۇ ئەرلەر ھوقۇقچىلىقى تۈزۈمىنىڭ ئىنسان ئىسىملىرى-
نىڭ قۇرۇلمىسىغا قويىدىغان تۈپ تەلەپلىرىدىن بىرىدۇر.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرى تارىخ مابەينىدە خەنزۇلار، ھىندىلار ۋە
پارسلار بىلەن يېقىن مەدەنىيەت ئالاقىسىدا بولۇپ كەلدى. بولۇپ-
مۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلەردە،
ئۇيغۇرلار فامىلە ئىشلىتىشتە مەلۇم دەرىجىدە خەنزۇ فامىلىلىرى-
نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، بۈگۈنگىچە يېتىپ
كەلگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ فامىلىلىرى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇر
مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان خەنزۇچە تارىخنامىلەردە ئەجدادلىرى-
مىزنىڭ فامىلىلىرى خەنزۇچە ئاھاڭ، خەت ۋە قائىدە بويىچە
خاتىرىلىنىپ كەلدى. ئەسىرلەر مابەينىدە خەنزۇلارغا يۇغۇرۇلۇپ
كەتكەن بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز خەنزۇچە فامىلە قوللىنىشتەك
تارىخنى ياراتتى. بەزى چاغلاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار
ئەجدادلىرىمىزغا خەنزۇچە فامىلە ھەدىيە قىلدى ھەم فامىلىلەرنى
خەنزۇچىلاشتۇردى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ فامىلىلىرىنى خەن-
زۇچە مەنە ۋە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئاغدۇرۇپ ئىشلەتتى.
نەتىجىدە، بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ خەنزۇ مىللىتىگە قو-
شۇلۇپ كېتىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ فامىلىلىرىمۇ
خەنزۇ مىللىتىنىڭ فامىلىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.
دېمەك، بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ غەيرىي رەسمىي ھالەتتە (گەرچە
خەنزۇ مىللىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ھازىر ئەجدادىمىز
ھېسابلانمىسىمۇ) فامىلە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر پاكى-



تىدۇر. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىش ئەھۋالى
ھەققىدە كېيىنكى بۆلەكتە توختىلىمىز.

جەمەت - ئۇرۇق نامى ھېسابلىنىدىغان فامىلە ۋە فامىلە
تۈسىدىكى ناملار ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولغانلى-
قى ئۈچۈن، رۇس تىلى ئارقىلىق لاتىن تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا
ئۆزلىشىپ كىرگەن «فامىلە» سۆزى ئۇيغۇرلاردا ئىشلىتىلىشتىن
ئاۋۋال، چوقۇملا مەزكۇر سۆز بىلدۈرگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان
ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ بولغانىدى، دەپ جەزم قىلالايمىز. بۇ ھەقتە
سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن قەدىمكى تۈرك - ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ
تۈزۈلمىسى ھەققىدە ئىككى كەلىمە قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كې-
لىدۇ. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى قەدىمكى تۈرك - ئۇيغۇر جەمئىيد-
تىنىڭ ئاساسىي تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، ئاتىلىق ھوقۇقچىلىقى
تۈزۈمىدىكى ئائىلىلەر ۋە جەمەتلەر ئەڭ كىچىك ئىقتىسادىي بىر-
لىكلەر ئىدى. بىز قەدىمكى تۈرك - ئۇيغۇر مەڭگۈ تاش ئابىدىلى-
رىگە نەزىرىمىزنى ئاغدۇرساقلا، شۇ دەۋرلەردە ئاتىلىق ھوقۇقچى-
لىقى تۈزۈمىدىكى جەمەت - ئائىلىلەرنىڭ ئاساسىي جەمئىيەت
تەشكىلى ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز.

قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇر جەمئىيەت تۈزۈلمىسىگە ئالاقىدار
ئاتالغۇلار مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇلار ئىچى-
دە «ئەل» (قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، دۆلەت)، «بودۇن» (مىل-
لەت، خەلق، قەبىلە)، «يوغۇش»، «ئوغۇش» ياكى «ئوغۇس»
(ئۇرۇق)، «ئىنيوگۇن» (ئائىلە)، «ئۇرۇغ» (ئۇرۇق)،
«ئوق» (ئۇرۇق)، «باغ» (ئۇرۇق)، «تەگ» (ئۇرۇق) قاتار-
لىقلار جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان قاتلامدىكى تەشكىلىي شەكلى
بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «ئەل» ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە
بولمىغان نۇرغۇن قەبىلىلەردىن تەشكىل قىلىنغان ئىپتىدائىي
دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ؛ «بودۇن» بولسا ئوخشاشلا قانداشلىق مۇنا-
سىۋىتىگە ئىگە بولمىغان ياكى بولغان نۇرغۇن ئۇرۇقلاردىن تەش-

كىل قىلىنغان خەلق، قەبىلىنى كۆرسىتىدۇ؛ «يوغۇش»،
«ئىنيوگۇن»، «ئۇرۇغ»، «ئوق»، «باغ»، «تەگ» قاتارلىق
ئاتالغۇلار ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە
ئىجتىمائىي گەۋدىلەرنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى ئاتالمىلار ئىچىد-
دىكى «باغ» سۆزىنى تۈركولوگ گابائىن خانىم «باغ (بىر باغ،
بىر گۇرۇھ) بەلكى ئەڭ كىچىك مەمۇرىي بىرلىك بولۇپ، ئۇ
خەنزۇلاردىكى فامىلە (چوڭ جەمەت) گە باراۋەردۇر.»① دەپ ئىد-
زاھلايدۇ. ئەمما تۈركولوگ بېرنشتام بۇ پىكىرگە ئوخشىمىغان
ھالدا، «ئەگەر ‹ئوغۇش›، ‹ئۇرۇغ› ۋە ‹ئوق› قاتارلىق سۆز-
لەر ئۇرۇقنى ئىپادىلەيدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا ‹بۇدۇن› ۋە ‹باغ›
دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ ئۇرۇقداشلىق كوممۇناسىنى ئىپادە-
لىشى ياكى بىر رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتنى بىلدۈرۈشى
ئېھتىمالغا ئىنتايىن يېقىن. گەرچە بودۇن يەنە ‹بىر قانچە قەبى-
لە›، دېگەن مەنىنى ئىپادىلىسىمۇ، ‹باغ› مۇھىمى ‹بىرقانچە
ئۇرۇق›، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ‹باغ› نىڭ ئەسلىي مەنىسى،
‹بىر باغ›، ‹بىر تۇتام›، دېگەنلىكتۇر...»② دېيىش ئارقىلىق
«باغ» نىڭ ئۇرۇق گەۋدىسىنىڭ بىرلىك نامى ئىكەنلىكىدىن ۋە
ئۇنىڭ ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي ئىسمى ئەمەسلىكىدىن بېشارەت بېرد-
دۇ. ئەمما، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا جەمەت، ئۇرۇق مەنىسىدىكى
«ئۇرۇغ»، «ئوق»، «تەگ»، «باغ» سۆزلىرىگە «ئىسىم» مە-
نىسىدىكى «ئات» سۆزىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان «ئوق
ئاتى»، «ئۇرۇغ ئاتى»، «تەگ ئاتى»، «باغ ئاتى» دېگەندەك
«فامىلە» ئۇقۇمىغا يېقىن كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ بارلىقىنى قى-
ياس قىلىشقا بولىدۇ.

---

① ۋون. گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات»، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە تەھرىر-
لىك ئىشخانىسى نەشر قىلدۇرغان، 1989 - يىلى 3 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە 35 - بەت.
② بېرنشتام: «6 - ، 8 - ئەسىرلەردىكى ئورخۇن - يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىما-
ئىي - ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى 12 - ئاي نەشرى.
خەنزۇچە، 143 - بەت.



مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن خەنزۇ تىلى بىلەن قەدىم-
كى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈرلەرگە ئايرىلغان سۆزلەرنىڭ سېلىشتۇر-
مىسى - «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» نىڭ «يۇرۇش - تۇ-
رۇش قىسمى» دا «ئوماق» (兀麻) دېگەن بىر سۆز بىلەن
خەنزۇچىدىكى «فامىلە» مەنىسىنى بېرىدىغان «姓» خېتى بىر-
بىرىنىڭ تەرجىمىسى سۈپىتىدە تىزىلغان بولۇپ، بۇ دىققىتىمىز-
نى قوزغاشقا تېگىشلىك بىر ئۇچۇردۇر. «ئوماق» سۆزىنىڭ
«فامىلە» دەپ ئىزاھلىنىشىدا بىرەر خاتالىق يۈز بەرگەنمۇ -
يوق، بۇ ھەقتە بىز ئېنىق بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا
ئاجىزمىز. ئەگەر «ئوماق» سۆزى «ئۆم» ۋە «ئاق» سۆزلىرد-
دىن «ئۆم - ئاق» شەكلىدە تۈزۈلگەن بولسا، ئۇنداقتا «ئاق»
نىڭ «ئات» مەنىسىنى بەرمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇنداقتا
«ئوماق» نىڭ «فامىلە» مەنىسىدىكى ئاتالغۇ ئىكەنلىكىگە بىر نەر-
سە دېيەلمەيمىز. ئەگەر «ئات» سۆزى «ئاق» دەپ يېزىلىپ
قالغان ياكى ئوقۇلۇپ قالغان دېيىلگەندە، ئۇ، «ئوماق» ئەمەس،
بەلكى «ئۆمئات» بولىدۇ - دە، بۇ «فامىلە» بىلەن مەنە جەھەت-
تىن يېقىنلىشىدۇ. بۇ جەھەتتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش
كېيىنگە قالدۇرۇلدى. ئومۇمەن ئالغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا
«فامىلە» گە تەڭداش بىر سۆزنىڭ بولغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ،
ئەمما ماتېرىيال چەكلىملىكى بىزنىڭ شۇ ھەقتە ئېنىق ھۆكۈم
چىقىرىشىمىزغا دەرمەھەل ئىمكانىيەت بەرمىدى، خالاس.
ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كىرىپ، پۈتۈن ئۇي-
غۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە ئۆز تەسىرىنى
بېرىشى، تەبىئىي رەۋىشتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى
ناملاش ئۇسۇلىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى. جۈملىدىن، ئەرەبلەرنىڭ
«شەخس ئىسمى + ئىبنى (ياكى بىن، ياكى بىنتى) + ئاتا
ئىسمى+ ئىبنى (ياكى بىن ياكى بىنتى) + بوۋا ئىسمى (بەزىدە
ئۇلۇغ بوۋىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئىسمى)» شەكلىدىكى ئاتاش

ئۇسۇلى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ئاتاش ئۇسۇلىغا زور تە-
سىر كۆرسىتىپ، ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى جەمەت، ئۇرۇق نامى
(فامىلىسى) نى شەخس ئىسمىنىڭ ئالدىغا ياكى ئارقىسىغا قوشۇپ
ئاتايدىغان ئۇسۇل تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدى. بۇ دەل ئۇيغۇرلاردا
فامىلە ئىشلىتىش ئەنئەنىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىكى ئەڭ مۇ-
ھىم سەۋەب بولۇپ قالدى. ئەمما يەنە بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى،
قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇ-
شى - ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت گەۋدىسىنىڭ ھاسىل بولۇشى، قەبى-
لىچىلىك، ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىنىڭ مۇھىم بەل-
گىسى بولۇپ، ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈمى ۋە ئۇقۇمىنىڭ سۇسلى-
شىشى، ھەتتا يوقىلىشى، مەرىپەتكە بالدۇر قەدەم قويغان ئۇي-
غۇرلاردا 12 -، 13 - ئەسىرلەردە ئاساسەن ئەمەلگە ئېشىپ
بولدى. ئەمما، ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى جەمئىيەت تەشكىلى بولغان
ئۇرۇق كىچىكرەك جەمئىيەت تەشكىلى بولغان جەمەتلەرگە ئايلى-
نالماي، ئەكسىچە ئەڭ كىچىك بىرلىك بولغان ئائىلىلەرگە ئۆز-
گەردى. جەمەت چۈشەنچىسى ياكى جەمەت بىرلىكلىرى ئاۋام
پۇقرا ئارىسىدا ئاساسەن سۇسلىشىپ، پەقەت ھۆكۈمران تەبىقىلەر
ئىچىدىلا ساقلىنىپ قالدى ۋە سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنى قانۇنلاش-
تۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلدى. ئىسلام
دىنى ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇرلار ئىسىملىرىنى
ئىسلام دىنى بىلەن ئالاقىدار ئەرەبچە سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇش
بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرەبلەردىكى يۇرت ناملىرى ۋە ئەجدادلىرىنىڭ
ئىسىملىرى ئارقىسىغا مەنسۇپلىك قوشۇمچىسى (علامة المنـ-
سوب) - تەشدىدلىك «ى» نى قوشۇش شەكلى بىلەن ياسىلىدى-
غان فامىلە ۋە تەخەللۇس شەكلىنى قوبۇل قىلىپ تەدرىجىي
ئومۇملاشتۇردى. ئەمما ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاند-
دىن كېيىن فامىلىلەردىن دەرھال ۋاز كەچكىنى يوق. گابائىن
خانىم «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات» ناملىق كىتابىدا: «مۇ-



سۇلمان تۈركلەر (خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىنى دېمەكچى - ئا) نىڭ
دائىم ئاتايدىغان ئىسمىدىن بۆلەك، يەنە ئادەتتە بىر دىنىي ئىس-
مى، بىر جەمەت نامى، زۆرۈر بولغاندا يەنە بىر لەقىمى بولاتتى.
ئىدىقۇتتىكى تۈركلەردىمۇ بىرقانچە خىل ئىسىمنىڭ بارلىقىنىڭ
مۇمكىنچىلىكىنى ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك. ئەلۋەتتە، يېنىسەي
ئابىدىلىرىدىكى ئەبەدىي يوقالماس ئەرئاتى (ئەر ئىسمى) ۋە ئەر-
دەم ئاتى (ئۇرۇشلاردا قولغا كەلتۈرگەن قەھرىمانلىق نامى،
پەزىلەت نامى) بۇ يەردە رول ئويىنيالماس بولۇپ قالغانىدى.
چۈنكى ئېپوس ۋە قەھرىمانلىق دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتمۈش بولۇپ
قالغانىدى.»① دەپ يازىدۇ. بەلكىم گابائىن خانىم بۇ يەردە مۇ-
سۇلمان تۈركلەرنىڭ جەمەت ئىسمى دەپ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى -
قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت -
ئۇرۇق نامىلىرىنى يەنىلا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئىسمىنى
ئىسلام دىنى بىلەن باغلىنىشلىق ئىسىمغا ئۆزگەرتكەنلىكى ھەم
لەقەملىرىنىمۇ ساقلاپ قالغانلىقىدەك ئەھۋال بولسا كېرەك. ھە-
قىقەتەن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە،
ئۇيغۇرلار ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسلىي ئىسمى بىلەن بىر دىنىي
ئىسمىنى قوشۇپ قوللانغانىدى. مەسىلەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغ-
راخان ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ئىسمىنى «ساتۇق
ئابدۇلكەرىم» گە ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭ ئوغلى بايتاش ئۆزىنى «باي-
تاش مۇسا» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئەھمەد توغانخان،
ئىبراھىم بۆرە تېكىن، ئەلى ئەلتېكىن، خىزىر قاراخان...
قاتارلىق خاقانلارمۇ ئۆز ئىسمى ۋە دىنىي نامىنى بىرگە قوشۇپ
ئىشلەتتى. بۇنىڭدا شەخس ئىسمى بىلەن دىنىي ئىسمىنىڭ ئال-
دى- كەينىلىك تەرتىپى بىر خىللا بولمىدى، بەلكى ئىككى خىل
بولدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىنىي ئىسىم دېگەن ئۇقۇم

① شۇ كىتاب، 44 - بەت

يوقىلىشقا يۈزلىنىپ، دىنىي ئىسىم شەخس ئىسمىنىڭ ئورنىنى
تولۇق ئالدى – دە، ئۇيغۇرلاردا ئەرەبچە ئىسىملارنىڭ كۆپ بولۇ-
شىدەك ئەھۋال شەكىللەندى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر
نۇقتا شۇكى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەنسەپ
ناملىرى ئەسلىدىكى ئىسىملارنىڭ كەينىگە قوشۇلۇشتىن، ئالدىغا
قوشۇلۇشقا ئۆزگەردى. قاراخانىيلاردىن كېيىنكى خانلىقلارنىڭ
شاھلىرى ئىلگىرى ئىشلەتكەن «خاقان»، «قاغان»، «بۇغرا-
خان»، «قاراخان» دېگەندەك ئۇنۋان – مەنسەپ ناملىرى ئورنىغا
ئالماشقان «سۇلتان» سۆزى خاقانلارنىڭ ئىسىملىرى ئالدىغا قو-
شۇلۇپ سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، سۇلتان
ئەھمەد، سۇلتان مەھمۇد... دېگەندەك شەكىللەردە ئىشلىتىلىدى-
غان بولدى. بۇ شەكىلدە، شەخس ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇ-
لۇپ كەلگەن «خان» يالغۇز پادىشاھلىق سالاھىيەتنى بىلدۈرىدى-
غان سۆزلا ئەمەس، بەلكى يەنە ھۆرمەت نامى مەنىسىگە ئىگە
بولۇپ قالدى ھەمدە ھازىرغىچە ئاۋام پۇقرالار ئىچىدىكى ئاياللار-
نىڭ ئىسمى ۋە بەزىدە ئەرلەرنىڭ ئىسمى ئارقىسىغا قوشۇلۇپ
ھۆرمەت تۈسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز تەرزىدە ئىشلىتىلمەكتە.

گەپنىڭ ئۆزىگە قايتساق، ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن
كېيىن ئەنئەنىۋى ئۇرۇق – جەمەت نامىنى (فامىلىنى) شەخس
ئىسمىغا قوشۇپ ئاتاش ئۇسۇلى تەدرىجىي ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇ-
نىڭ ئورنىغا يۇرت نامىدىن ئېلىنغان، ئەرەبچە تەۋەلىك قوشۇم-
چىسى «ى» (ياء) ئۇلانغان شەكىل ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەم تەخەل-
لۇسلۇق ھەم فامىلىلىك رولنى ئويناشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن
سىرت، «ئىبنى»، «بىننى»، «بىن» («ئوغلى» مەنىسىدە)
سۆزلىرى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاتاش شەكلى ئىچىدە
مۇناسىپ ئورۇن ئالدى ۋە مۇقەررەر ھالدا جەمەت نامى، ئاتا
ئىسمى، تەخەللۇسى قاتارلىقلارنىڭ شەخس ئىسمىدىن كېيىن
كېلىشىدەك شەكىلنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى، ئەرەب تىلى-



دا «ئىبنى»، «بىن»، «بىننى» لار بىردەك «ئوغلى» دېگەن
مەنىدىكى «ابن» (ئىبىن) نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن ھا-
سىل بولغان سۆزلەر بولۇپ، ئەرەب تىلىدا باشقۇرۇش باغلىنىشتا
كېلىدىغان ئىككى سۆزنىڭ مۇناسىۋىتىدە، باشقۇرغۇچى ئالدىدا،
باشقۇرۇلغۇچى كەينىدە كېلىدىغان گرامماتىكىلىق قائىدە سەۋەبى-
دىن، «ئىبنى»، «بىننى»، «بىن» شەكلىنى ئىشلىتىپ ئاتى-
لىدىغان ناملار گۇرۇپپىسىدا، شەخس ئىسمى ئۇقۇمدا ئەڭ ئاخى-
رىدا ئورۇنلىشىدۇ دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئەمما تىلدىكى گرامما-
تىكىلىق ئالاھىدىلىك سەۋەبىدىن شەخس ئىسمى ھامان ناملار
گۇرۇپپىسىنىڭ ئەڭ بېشىغا ئورۇنلىشىدۇ. ئەگەر «ئىبنى، بىن-
نى، بىن» دېگەندەك سۆزلەر ئېلىپ تاشلانسا بۇنداق باشقۇرۇش
باغلىنىشتىكى ناملار تەڭداش باغلىنىشتىكى ناملارغا ئۆزگىرىپ
قالىدۇ. ئەمما ئەرەبلەردە تىل قائىدىسى سەۋەبىدىن «بىن»،
«ئىبنى»، «بىننى» سۆزلىرىنى تاشلىۋېتىپ ئاتاش قائىدىسى
يوق. دېمەك، دەل مۇشۇنداق سەۋەب تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ
نامىلاش شەكلىدە شەخس ئىسمى ئاتىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىدا،
ئاتىنىڭ ئىسمى بوۋىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىدا... بولىدىغان ئەھۋال
شەكىللەندى ۋە ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. مىسال قى-
لىپ ئالساق، بىر قەدەر بالدۇر ئەرەبچە نامىلاش شەكلىنى قوللان-
غان ئۇيغۇر ئالىمى ئەبۇ نەسىر فارابىينىڭ تولۇق نام – شەرىپى
ئەبۇ نەسىر بىننى مۇھەممەت بىننى تارخان بىننى ئۇزلۇق فارابىي
(ابو نصر ابن محمد ابن تارخان ابن اوزلوق فارابي – ئەسلىي
قائىدىدە ئەبۇ نەسىر ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى تارخان ئىبنى
ئۇزلۇق فەرابىي دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك.) بولۇپ، ئەسلىي مەنى-
دە ئەبۇ نەسىرنىڭ ئىسمى ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ نامىنىڭ ئارقىسىدا
بولۇپ، تەرجىمە قىلغاندا «ئۇزلۇق ئوغلى تارخان ئوغلى مۇھەمەد
ئوغلى، فارابلىق ئەبۇ نەسىر» دۇر. ئۇيغۇر تىلى قائىدىسى بويىچە
يۇقىرىقى «ئىبنى» ياكى «بىننى» نى ئېلىپ تاشلىساقمۇ، مەنە

ئۆزگەرمىگەن بىلەن، ئەرەب تىلىدا بۇ ھېچبىر مەنە بىلدۈرمەي
قالىدۇ ياكى ھەممىسى بىرلا ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپ قالىدۇ.
يەنە مەسىلەن، ئەھمەد ئىبنى مەھمۇد يۈكنەكىينىڭ نامى ئەسلىي
«مەھمۇدنىڭ ئوغلى يۈكنەكلىك ئەھمەد» بولۇپ، ئەرەب تىلىدا
شەخس ئىسمى ئالدىدا چۈشىنىلگىنى بىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا «ئىب-
نى» نى ئېلىپ تاشلاپ «ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى» دېگىلى بول-
سىمۇ، ئەمما شەخسنىڭ ئىسمى ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا
ئۆتۈپ قالىدۇ. ئوخشاش قائىدە بويىچە، «قىزى» مەنىسىدىكى
ئەرەبچە سۆز «بنت» (بىنتى) نى شەخس ئىسىملىرى ئارقىسىغا
قوشۇش بىلەن ئۇنىڭ مەلۇم كىشىنىڭ قىزى ئىكەنلىكى بىلدۈ-
رۈش ـ ئەرەبلەردىكى ئومۇمىي قائىدە بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ «بىن-
تى» ھەرگىز قىسقارتىلمايدۇ. مەسىلەن، ھەفسە بىنتى ئۆمەر
(حفيصة بنت عمر- ئۆمەرنىڭ قىزى ھەفسە)، زەينەب بىنتى
ئەبدۇللاھ (زينب بـنت عبد الله ـ ئەبدۇللانىڭ قىزى زەي-
نەب)، فاتىمە كۇبرا بىنتى رەسۇلىللا (فاطمة كبرى بنت رسول
الله ـ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ قىزى ئۇلۇغ فاتىمە)...
دېگەندەك. ئەمما بۇ شەكىلدە ئاتاش ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل
قىلىنغاندىن كېيىن «قىزى» مەنىسىدىكى «بىنتى» قىسقار-
تىلدى ـ دە، ئاياللارنىڭ ئىسمىمۇ دادىسىنىڭ ۋە بوۋىلىرىنىڭ
ئىسىملىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئەمما،
يۇقىرىقىدەك «ئىبنى»، «بىننى»، «بىن» ۋە «بىنتى» نى قو-
شۇپ ئاتا ئىسمى شەخس ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئۇلاپ ئاتاش شەكلى
پۈتۈن ئۇيغۇرلاردا ئومۇملىشىپ كەتكىنىمۇ يوق. بۇ شەكىل
پەقەت زىيالىيلار ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدا كۆپرەك
ئىشلىتىلگەن. ئەمما، دەۋرنىڭ، مىللەتنىڭ سەركىلىرىنىڭ شۇ
ئۇسلۇبتا ناملاش شەكلى ئاۋامغا سىڭمەي قالمىدى، بەلكى «ئىب-
نى» «بىننى»، «بىن» ۋە «بىنتى» سۆزلىرى قىستۇرۇلمايدى-
غان شەكىلدە سىڭىپ ئومۇملاشتى. بۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ



ناملاش ئۇسۇلىدىكى بالا ئىسمىغا ئاتا ئىسمىنى ياكى جەمەت
ئىسمىنى قوشۇپ ئاتايدىغان ئەنئەنە بىلەن بىرىكىپ، ئۇيغۇرلاردا
ناملاشنىڭ ئاساسى ئەندىزىسى بولۇپ مۇقىملىشىپ قالدى.
دەرۋەقە، يۇقىرىقى شەكىللەردىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا شەخس
ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئۇدۇللا ئاتا ئىسمىنى قوشۇش، ئۇنىڭ ئاخى-
رىغا يەنە «ئوغلى»، «قىزى» قاتارلىق سۆزلەرنى قوشۇپ،
تۇرسۇن قادىر ئوغلى، ئايشەم روزى قىزى، ئابدۇللا شىرىپ
ئوغلى خەستە (خەستە» ـ تەخەللۇستۇر)، سىيىت مۇھەممەد
ھېيت مۇھەممەد ئوغلى ...غا ئوخشاش شەكىلدە ناملاش ئادىتىمۇ
بولغان بولۇپ، بۇ قىسمەن زىيالىيلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن
بولسىمۇ ئەمما ئۇنچىلىك ئومۇملىشالمىغان ھەم خۇددى ئەرەبچە
ئەندىزىگە ئوخشاش ماتېرىيال يۈزىدىلا ساقلىنىپ، ئاغزاكى ئالا-
قىلەردە ئىشلىتىلمىگەن.
ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تەخەل-
لۇسنى كۆپلەپ ئىشلىتىشكە باشلىدى ۋە ئۇنى كۆپىنچە ئەرەبچە
«ىي» شەكلىگە كەلتۈرۈپ مۇقىملاشتۇردى. زامانىمىزغىچە نامى
ساقلىنىپ كەلگەن تەخەللۇسلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ
تەخەللۇسى «ئىسىم + ىي» شەكىلدە بولۇپ، ئەرەب تىلى قائىدى-
سىدە مەنسۇپلۇق قوشۇمچىسى ـ تەشدىيدلىك «ى» (ياء) پەقەت
ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، پېئىل
خاراكتېرلىك سۆزلەر ئىش ـ ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ نامىنى بىل-
دۈرىدىغان سۆزلەر (اسم فاعل)، سانلار ۋە قوشۇمچىلارغا
قوشۇلمايدىغان بولغاچقا، ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەر، جۈملى-
دىن يۇرت نامى، ئابستراكت ئىسىملار، ھەرىكەتناملارغىلا قو-
شۇلغان شەكىلدىكى تەخەللۇسلار مەۋجۇت. مەسىلەن يەركەندىي،
قەشقەرىي، سايرامىي، خوتەنىي، سەبۇرىي، نىزارىي دېگەندەك.
ئۇنىڭ ئۈستىگە «ىي» قوشۇمچىسى ساپ ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە
سۆزلەرگە ئاساسەن قوشۇلمىغان. مەسىلەن: قەلەندەرىي، تا-

رىمى، پالۋانى دېيىلمىگەندەك.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ناملاش ئادىتى خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى فامىلە ئىشلىتىلمەيدىغان، ئەمما مەلۇم ئەھۋاللاردا تەخەللۇسلارنى فامىلە تۇسىگە قىلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەن بولۇپ، بىز تەخەللۇسلارنىڭ مەلۇم ئەھۋاللاردا فامىلە مەنىسىگە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. بۇ ھەقتە «فامىلە، تەخەللۇس، لەقەم ۋە ھۆرمەت – ئۇنۋان نامىلىرى» دېگەن بۆلەكتە تەپسىلىي شەرھلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسىنىڭ ئەنە شۇنداق تەرزدە يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز بەزى جايلاردا ۋە بەزى ۋاقىتلاردا فامىلە تەرىقىسىدە ئىشلىتىلگەن ناملارنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتۇق. ئالدى بىلەن، ئۇرۇق نامىلىرىنى فامىلە شەكلىدە ئىشلىتىدىغان ھالەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىچىدە يوقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ داۋاملىق ئىشلىتىلىپ كەلدى. (بۇ ھەقتە «يوغۇرلارنىڭ فامىلىسى» دېگەن مەزمۇنغا قارالسۇن.) شۇنداقلا يەنە قۇمۇلدىكى ۋە باشقا جايلاردىكى ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۇرۇق- قەبىلە نامىلىرىنى بىرلىك قىلغان فامىلىلەرنىمۇ ئىشلىتىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، قارلۇق نىياز، قارلۇق سەيدۇل... دېگەندەك. ھازىرغىچە ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان، قەدىمكى ئۇرۇق – قەبىلىلەر نامىلىرىنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىدىغان جەمەتلەرنىڭ شۇ جەھەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش – ئۇيغۇر فامىلەشۇناسلىقىدىكى يەنە بىر تەخىرسىز ۋەزىپىدۇر. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە 16 – ئەسىرلەردىن 19 – ئەسىرلەرگىچە ھاتتا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن تەسەۋۋۇپ ھەرىكىتى جەريانىدا، نۇرغۇن رىياكار سوپىلار ئۆزلىرىگە «پەيغەمبەر زادە»، «خوجا ئەۋلادى» دېگەن ناملارنى بېرىشىپ، «خاجە»، «پىر»، «ئىشان»، «مەخدۇم»... دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىپ، نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە شۇ ناملارنىڭ ھىمايىسىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، جەمئىيىتىگە تۈگىمەس ئاپەتلىرىنى سالدى. دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇلار قوللانغان «خاجە»، «ئىشان»، «مەخدۇم» قاتارلىق ناملار يالغۇز دىنىي ئىلىم دەرىجىسى ۋە ئىجتىمائىي ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدىغان ھۆرمەت – ئۇنۋان نامىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە خۇددى تەبىقە فامىلىسىدەك مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ رول ئوينىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئاۋام خەلق «خاجە»، «پەيغەمبەرزادە» نامىلىرى بىلەن تەرىپلەنگەن شەخسلەرنىڭ پەيغەمبەرلەر ۋە تەسەۋۋۇپ پېشۋالىرى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ئاشۇنداق بىر ھۆرمەتلىك، شەرەپلىك جەمەت (بۇ يەردە مەزكۇر جەمەت ئەمەلىي قانداشلىق جەمەتى دەپ چۈشىنىلىشتىن ھالقىپ، ئىجتىمائىي قانداشلىق جەمەتى دەرىجىسىدە چۈشىنىلگەن) نىڭ ئەزاسى دەپ بىلىپ، ئۇلارغا قول بەرگەن، مۇرىت بولغانىدى. شۇنداقلا خوجا – ئىشانلار تەرىپىدىن توقۇلغان، ئۆز نەسەبلىرىنى پەيغەمبەرگە ۋە يەنە ھالقىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا باغلاپ چۈشەندۈرىدىغان «تەزكىرە- تەرجىمھال» لىرىنىڭ سەۋەبىدىن، ئۆزلىرىنىڭ پەقەت دىنىي ۋە تەسەۋۋۇپ بىلىملىرىنى ئۆگىنىش يولى بىلەنلا ئاشۇ جەمەتلەرنىڭ ئەزاسى بولالمايدىغانلىقىنى «ئاڭقىرىپ يەتكەن» ئىدى. شۇڭا، خوجا – ئىشانلار، تەسەۋۋۇپ پىرلىرى قوللانغان قىسمەن ناملارنىڭ خۇددى تەبىقە فامىلىسى كەبى رول ئوينىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز ۋە ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۈچىنچىدىن، لەقەملەر ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى فامىلە تەرىقىسىدە ئىشلەتكەن مۇھىم بىر نام-

دۇر. بولۇپمۇ جەمەت لەقەملىرى مەنە ئېتىبارى بىلەن فامىلىگە
تېخىمۇ يېقىن هالەتتە ئىشلىتىلىپ كېلىنگەن نامدۇر. بىز ئۇي-
غۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلەناملىرى ياكى مەشھۇر
شەخسلەرنىڭ ناملىرى بىلەن هازىرقى ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىپ تۇ-
رۇۋاتقان جەمەت لەقەملىرى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك دەرىجىدە ۋا-
رىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقىغا بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. ئەمما
دەسلەپكى قەدەمدە ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا هازىر
ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان جەمەت لەقەملىرى ئىچىدە قەدىمكى
قەبىلە - ئۇرۇق ناملىرى بىلەن باغلانغانلىرى كۆپ ئەمەس. ئەمما
كېيىنكى دەۋرلەردە باشقا خىلدىكى سۆزلەردىن ئۆزگىرىپ بىر
جەمەت كىشىلىرىگە ئورتاق نام بولۇپ قالغان لەقەملەر كۆپرەك.
ئومۇمەن قارىغاندا، هازىرقى ئۇيغۇرلاردا ئورتاق لەقەملىك جە-
مەتلەر كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات
نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولغان لوپنۇردىكى جۇداقلار، قالۇچىلار،
قارا قوشۇنلۇقلار، توقسۇندىكى توغاچلار، تۇرپاندىكى شاپاقلار،
بۆرەكلەر، توخۇلار، تېرىقچىلار، گۇپپاڭچىلار، قۇمۇلدىكى قار-
لۇقلار، قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىدىكى غازىلەر، كاللەكلەر، قوڭ-
غۇزلار، بورداقلار، توخۇلار، لاتىلار، پورلار، كوشاڭلار، توقۇ-
ناقلار، قارنى يورۇقلار... قاتارلىق جەمەت لەقەملىرى بار بو-
لۇپ، بۇلار ئەمەلىيەتتە مەلۇم جەھەتتىن شۇ جەمەت كىشىلىرىگە
ئورتاق نام - فامىلىدىن ئىبارەت. مەسىلە شۇ يەردىكى، ئادەتتە
شۇ ئورتاق جەمەت نامىنى شەخس ئىسىملىرىغا قوشۇپ ئىشلىتىش
ۋە يازما ھۆججەتلەردە قوللىنىش ئومۇملاشمىغان بولغاچقا، بىز
ئۇلارنى ھەقىقىي مەنىدىكى فامىلىگە تەڭداش دەپ قاراشقا ئاجىز-
لىق قىلىۋاتىمىز. تۆتىنچىدىن، هازىر لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارد-
سىدا جەمەت فامىلىلىرىگە ئوخشىمايدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىجتىد-
مائىي ئورنى بىلەن ئالاقىدار بولغان «ئوپقان»، «سالتان» ۋە
«غوداي» قاتارلىق ناملار بار بولۇپ، بۇنى بىز تەبىقە فامىلىسد-



نىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تىپىك ئىزناسى دەپ قارايمىز. ئۇن-
دىن سىرت، خوتەندە مەۋجۇت بولغان «خاكسار» دەپ ئاتىلىد-
غان كوچا قەلەندەرلىرىنىڭ ئومۇمىي نامىنىمۇ تەبىقە فامىلىسى
ئورنىدا چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇر فامىلىشۇناسلىق تەتقىقا-
تىدا چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەردىن بىرىدۇ.

ئۇرۇق - جەمەت نامى بولغان فامىلىنىڭ يىمىرىلىشى —
ئۇرۇقداشلىق - قەبىلىۋى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىن بالدۇرلا
قۇتۇلغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە ئورتاق ئەھۋالدۇر. ئەمما
قازاق - قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردە هازىرغىچە قەبىلىچىلىك
ئېڭىنىڭ ۋە جەمئىيەت تەشكىلىنىڭ يوقىلىپ كەتمىگەنلىكى سە-
ۋەبىدىن ئۇلاردا ئۇرۇق نامىنى فامىلە سۈپىتىدە تونۇيدىغان (ئەم-
ما ئەمەلىي ئاتاش ئادەتلىرى ۋە يېزىقتا قوللانمايدىغان) ئەھۋال
مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ھەقتە تۈركولوگ باسكاكوف مۇن-
داق دەيدۇ: «قازاقلار تېخى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇ-
رۇق - قەبىلە تۈزۈمىنى ساقلاپ كەلگەن. ۋەھالەنكى ئۆزبېكلەر،
بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئاللى-
قاچان تۈگىتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك فېئوداللىق دەۋرنى بېسىپ
ئۆتكەن. شۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاق، قارا قالپاق، ئالتايلىقلار ۋە
باشقا خەلقلەرنىڭ پۇختا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇق - قەبىلە
مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ۋە
قەبىلە تەۋەلىكىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇپ، مەلۇم يۇرت ياكى
شەھەرگە قارىتىلغان نام - ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ.»[1] دېمەك،
فامىلە مەدەنىيىتى ئەنئەنىسىنى ئۈزۈپ قويغان تۈركىي مىللەتلەر-
دىن بەزىلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ چاررۇسىيە
ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىسىدە رۇس مەدەنىيىتىنىڭ
تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، رۇس ئۇسلۇبىدىكى فامىلە شەكلىنى

① ن. ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 3 - بەت.

تەدرىجىي قوللىنىشقا باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەللەردە يا-
شىغۇچى ئۇيغۇرلار بۇ ئېقىمغا ئەگىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىن تارتىپ دىيارىمىزدا باشلانغان
جەدىدچىلىك (يېڭىلىققا كۆچۈش) ھەرىكىتى ۋە مەدەنىيەت ئوي-
غىنىش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇيغۇرلاردىن بىر قىسىم
كىشىلەر رۇس ۋە تاتار ئۇسلۇبىدا ناملاش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا
باشلىدى. بۇ يەردە فامىلەشۇناس غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىرنىڭ
«ئۇيغۇرلاردا فامىلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە ئويلى-
غانلىرىم» ناملىق ماقالىسىدە تىزىپ كۆرسىتىلگەن مەزكۇر خىل-
دىكى ئاتاش ئۇسۇلىنى نەقىل قىلىپ كۆرسىتىمىز:

(1) دادىسىنىڭ ياكى بوۋىسىنىڭ ھەتتا ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ
ئىسمىنى فامىلە ئورنىدا قوللىنىش. مەسىلەن، ئەھمەدجان قا-
سىمى، سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى...

(2) ئاياللار ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىش: مەسىلەن:
ماھنۇر قاسىمى، ئايىمە ئەزىزى، رەشىدە شەھىدىيە... . بۇ
فامىلىلەردىكى بەزى ئۇلانمىلار بەزىدە ئورۇن ئالماشتۇرۇپ كەت-
سىمۇ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئىسىملاردىمۇ شۇنداق.
مەسىلەن، ئايىمە ئەزىزىيە ياكى ئايىم ئەزىزىۋا... .

(3) ئەرلەر فامىلىلىرىگە «وف»، «ئىن»، «جان» ئۇلان-
مىلىرىنى، ئاياللار فامىلىلىرىگە «ۋا»، «ئىنا»، «خان» ئۇلا-
نمىلىرىنى قوشۇپ ئىشلىتىش. مەسىلەن: ئابدۇللا روزىباقى-
يوف، مۇرات ھەمرايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف...، خەمىت تۆمۈ-
رى، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، تۇران ۋاجىدى...، خىزمەت ئاب-
دۇللىن، ئەنۋەر جاكۇلىن، قايىنام دۆلەتىن...، ئابلىز قوتاز-
جان، ئىسرائىل سامساقجان، سەلىم تارىمجان... ئايىم
ئەزىزىۋا...، ھەلىمە دۆلەتىيە، زەينەپ ۋاجىدىيە، رەشىدە شەھى-
دىيە، ...، رابىيە كۆرسەنىنا، غۇنچەم ھوشۇرىنا، گۈلسارە پەي-
زۇللىنا...، بائىمە يەركەنخان، ئادالەت خوتەنخان، ئىززەت



تۇرغانخان...

(4) ئەۋلادلار ئاتا، بوۋىسىنىڭ فامىلىسىگە ياكى تەخەللۇ-
سىغا ۋارىسلىق قىلىش. مەسىلەن: ئادالەت قاسىمى، ئادىلجان
قاسىمى، مەرغۇپ ئىسھاقوف، ئازاد ئالماس، ئادىل ئالماس،
ئارسلان ئەھمەد زىيائىي... .

(5) ئاتىنىڭ ئىسمىغا «ئوغلى»، «قىزى» ئۇلانمىلىرىنى
قوشۇپ، فامىلىنىڭ ياكى تەخەللۇسىنىڭ ئالدىدا قوللىنىش. مە-
سىلەن، سەيپىدىن تاشاخۇن ئوغلى ئەزىزى، ... لېكىن بۇ خىلدى-
كى ئىسىم - فامىلىنى قوللىنىش بىزدە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

(6) «وف»، «وۋا» ... ئۇلانمىلىرىنى ئاتا ئىسمىغا ئۇلاپ
تەخەللۇس ياكى فامىلە ياساپ ئىشلىتىش. مەسىلەن، ئابدۇرېھىم
تىلەشۇۋ ئۆتكۈر، ... بۇ خىلدىكى تەخەللۇس ۋە فامىلىلەر بىزدە
ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

(7) «وف»، «يوۋا» ...، ئۇلانمىلىرىنى ئاتىسىنىڭ ئىس-
مىغىلا ئۇلاپ ئىشلىتىش. مەسىلەن؛ ئابدۇراخمان پاساروف،
باھاۋۇدۇن مۇسايوف، ... بۇ خىلدىكى ئىسىم - فامىلە سىلاۋىياندى-
چە فامىلىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلمەي تۇرۇپ دوراش ۋە ياكى
شۇ ئىسمىغا فامىلە سۈپىتىدە ۋارىسلىق قىلماسلىق سەۋەبىدىن
ھەقىقىي فامىلىگە ئايلىنالمىغان.

(8) كىشى ئىسىملىرىنى قىسقارتىپ قوللىنىش. مەسى-
لەن: ل. مۇتەللىپ (لۇتپۇللا مۇتەللىپ)، ئا. ت. ئۆتكۈر
(ئابدۇرېھىم تىلەشوف ئۆتكۈر)، ت. ئېلىيوف (تېيىپجان ئېلى-
يوف)... .

(9) ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىلا فامىلە ئورنىدا قوللىنىش. مە-
سىلەن، ئابدۇللا توختىنەزەر، ئىسمايىل ئەھمەد، مۇھەممەد نا-
سىر... بۇنىڭدا يەنە مۇنداق بىر ئالاھىدىلىك بار، يەنى، غەربلىك-
لەرنىڭ ئادەتتە كۆپىنچە فامىلىسىنى ئاتاپ ئىسمىنى كۆپ ئاتى-
مايدىغان ئادىتى، بىزدىكى ئىسىمداشلارنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتى-

ياجى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزىبىر كىشى ئىسىم ـ
فامىلىلىرىمىزدە ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى كۆندىلىك جانلىق ئىستې-
مالدا ئاساس قىلىپ قوللىنىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. مەسىلەن،
ساۋدانوف زاھىر (زاھىر ساۋدانوف)، ناسىر (مۇھەممەد
ناسىر)، روزىيوف (مۇھەممەت روزىيوف)، ....
(10) جانلىق ئىستېمالدا گاھىدا ئاياللارنىڭ ئىسمى ئاتال-
ماي، بىۋاستىلا ئېرىنىڭ ئىسمى ياكى «فامىلە» سى بىلەن
ئاتىلىش. مەسىلەن: «ئازادگۈل خانىم» ياكى «ئازادگۈل كالدىر
خانىم» ئەمەس، بەلكى «غەيرەت خانىم» ياكى «كالدىر خانىم»
دەپ ئاتاش دېگەنلىك. لېكىن بۇنداق قويۇق غەربچە پۇراق بىزدە
ئۇنچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ.①
يۇقىرىقى نەقىلدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ
يىللىرىدىن كېيىنكى فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىگە تۇتقان ئەس-
تايىدىل پوزىتسىيىسىنى ۋە ئۇرۇنۇشلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.
بۇ 20 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلاردا فامىلە بار ئىدى، دېگەن بىر
ئەھۋالنى كۆرسىتىپ بېرىشكە كۇپايە قىلىسىمۇ، ئەمما، بىر مىل-
لەتنىڭ فامىلىسىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاتاش ئەندىزىلىرىنى ئۆز
پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىش، شەخسلەرنىڭ فامىلە سۈپىتىدىكى
ناملارنى قوللىنىش ئەمەلىيىتىدىكى زىيادە ئۆز ئىختىيارىيلىقتىن
كېلىپ چىقىدىغان ئوخشىمىغان شەكىللەر، بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردا
20 ـ ئەسىردىمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى فامىلە ئاساسەن بولمىغان،
دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا مەجبۇرلايدۇ.
ئۇيغۇر تىلىغا بىزگە ھازىر چۈشىنىشلىك بولۇپ كەتكەن
«فامىلە» سۆزى 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئىنگلىز ۋە
لاتىن تىللىرىدىكى «family»، «famel»، «famelus»،
«familia» سۆزلىرىدىن رۇس تىلىدا ئۆزگىرىپ تەلەپپۇزلانغان
«фамилия» (فامىلىيا) ئارقىلىق كىرگەن. قەدىمكى لاتىن تىلى-

① شۇ ماقالە، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىللىق
4 ـ سان



دىكى «familia» ئوسكانچە «famel» دىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ
مەنىسى «قۇل» دېگەنلىكتۇر. دېمەك، دەسلەپكى «family» دې-
گەن ئاتالغۇنىڭ ئۆز مەنىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەر ـ خوتۇن
ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق.①كېيىنكى
ياۋروپا تىللىرىدا ئۇنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ، ئۇرۇق، جەمەت،
ئائىلە، بىر ئۇرۇق، بىر ئائىلە ۋە بالا ـ چاقا، ئەۋلاد مەنىسى
ئاڭلىنىدىغان بولغان. تىلىمىزغا بۇ سۆز رۇس تىلى ئارقىلىق
كىرگەندىن كېيىن «ئائىلە» دېگەن مەنىدە ئەمەس، بەلكى
«شەخس ئىسمىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، شۇ شەخسنىڭ نەسلىنى،
يەنى ئاتىسىنى ياكى بوۋىسىنى بىلدۈرىدىغان ئائىلىۋى نام»②غا
ئايلىنىپ كەتكەن. تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن «فامىلە» سۆزىنىڭ
ئەسلىي مەنىسىنى بىلىپ يەتكەن قىسمەن زىيالىيلار خۇددى يۇقى-
رىدىكى نەقىللەردە مىسال كۆرسىتىلگەندەك شەكىللەردە فامىلە
ئىشلىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇر-
لار ئىجتىمائىي، قانۇنىي ئالاقىلەر ۋە يازما رويخەتلەردە ئىسلامى-
يەتتىن كېيىن شەكىللەنگەن ئاتا ـ بالا ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش
ئۇسۇلى ئىچىدىكى ئاتا ئىسمىنى ئاددىي ھالدا فامىلە دەپ قاراپ
ئىشلىتىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ئەمما بۇنداق ئەھۋالمۇ زىيا-
لىيلار، ئوقۇغانلار ياكى رويخەتكە ھاجىتى چۈشكەنلەر ئارىسىدا
داۋاملىشىپ كېلىپ، دېھقانلار ئارىسىدا «ئىسىم ـ فامىلىسى»
شەكلىدە ئەمەس، بەلكى «ئىسىم + ئاتا ئىسمى» شەكلىدە ئاتى-
لىپ قوللىنىلىپ كېلىندى. شۇڭا، «فامىلە» پۈتۈن ئۇيغۇر
جەمئىيىتىگە تونۇشلۇق ئۇقۇم ۋە ئاتالغۇغا ئايلىنىپ كېتەلمىدى.
فامىلە ھەققىدىكى تەتقىقاتلار داۋامىدا بەزى ئىلىم ساھىبلىرى
«فامىلە» سۆزىنىڭ ئورنىغا ساپ ئۇيغۇرچە سۆزنى ئالماشتۇرۇپ
ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇ-

① لېۋىس. ھېنرى. مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، ئىككىنچى توم. 981 ـ بەت.
② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 12 ـ ئاي
1 ـ نەشرى، 3 ـ توم، 927 ـ بەت.

رۇق» مەنىسىنى بېرىدىغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تېگى، تەكتى، ئۇلى، تۆۋى، ئاستى» مەنىسى بېرىدىغان «تەگ» سۆزى بىلەن «ئىسىم» مەنىسىدىكى «ئات» سۆزىنى قوشۇپ «تەگئات» (تەگات) شەكلىدە ياساپ ئىشلىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.① بىز دەل شۇ پرىنسىپ بويىچە «جەمەت ئېتى»، «ئۆمئات» (ئۆمات)، «باغئات» (باغات)، «ئوقئات» (ئوقات)، «ئوغۇشئات» (ئوغۇشات)، «ئۇرۇغئات» (ئۇرۇغات) قاتارلىق سۆزلەرنى ياساپ ئىشلىتەلەيمىز. بۇنىڭ ھەممىسى بىردەك «قان- قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى» دېگەن مەنىلەرنى بېرىش بىلەن، «فامىلە» دەك غەيرىي سۆزگە قارىغاندا تېخىمۇ ساپ، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشى، ئومۇملاشتۇرۇشقا قولاي بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «فامىلە» نىڭ ئەسلىدىلا «جەمەت نامى» دېگەن مەنىسى يوق، بەلكى «ئائىلە، جەمەت» دېگەن مەنىسى بار. شۇنداقتىمۇ «فامىلە» نىڭ بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت مابەينىدە كىشىلەر تەرىپىدىن كۆپلەپ ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە چۈشىنىشلىك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەزكۇر كىتابتا «فامىلە» سۆزىنى ئىشلەتتۇق. كېيىنكى فامىلە قوللىنىش ئەمەلىيىتىدە، جامائەتچىلىكنىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقىرىقى سۆزلەر ئىچىدىن ئەڭ مۇۋاپىق بىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ تاللىۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋە ئاخىرىقى مەزگىللىرى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت جەھەتتە يەنە بىر قېتىم ئويغانغان، ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى قېزىپ، تىرىلدۈرۈپ، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچىنى ئىلگىرىلەپ تونۇشىنىڭ باشلىنىش دەۋرى بولدى. قەدىمگە سىغىنىش روھىنىڭ تۈرتكىسىدە، تونۇگۈنكى، ئەمما ئۆتمۈشكە ئايلانغان يىللاردا بەزى ئويغاقلىرىمىز ئانا تىلىدىكى ساپ ئۇيغۇرچە (بەزىدە ھەتتا كونىراپ

① يۇسۇپ ئىگەم: «ئۇيغۇرلاردا فامىلە (تەگات) قوللىنىش مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، ئۇيغۇرچە، 1999 - يىللىق 3 - سان



ئىستېمالدىن قېلىپ قالغان) سۆزلەرنى فامىلە ياكى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. ئۇ شەخسلەرنىڭ مەزكۇر سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىشىدا روشەنكى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن فامىلە بولۇپ قېلىشىنى كۆزلەش ئىستەكلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، مەننان ئۇيغۇر (نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (ئابدۇخالىق ئابدۇراخمان مەخسۇمھاجى ئوغلى)، ئابلىز ئۇرخۇن (ئابلىز مۇھەممەدئەلى)، ئەسەت سۇلايمان ئويغار، قۇربان تۇران (قۇربان نىياز)، ئادىل تۇران (ئادىل مۇھەممەد)، يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق، قۇربان ۋەلى كرورەن، مۇختار بۇغرا (مۇختار)، ئەھمەد روزى توغرۇل... بۇ خىلدىكى ناملار تەخەللۇس ياكى فامىلە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردا تەخەللۇس بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەۋلادلارغا مىراس قالىدىغان جەمەت نامى بولۇشتەك خۇسۇسىيەت ھازىرلانغان بولغاچقا، بىز ئۇلارنى ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرغىچە فامىلە ئىشلىتىش تارىخىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرىدىغان نەمۇنىلىك ھالقىسى، دەپ تونۇيمىز.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلار خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش تارىخنىڭ قەدىمكى مەزگىللىرىدە جەمەت - ئۇرۇق نامى سۈپىتىدىكى فامىلىلەرنى ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى، ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ئەرەبچە ناملاش شەكلىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن فامىلىنى قوشۇپ ئاتاش ئەنئەنىسى ئاساسەن ئۈزۈلۈپ قالغان. شۇنداقتىمۇ تەخەللۇس ۋە جەمەت لەقەملىرىنىڭ بەزىدە فامىلە سۈپىتىدە رول ئويناپ كەلگەنلىكى ئېنىق. يېڭى دەۋردە ئۇيغۇرلار فامىلە قوللىنىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى دەل ئەجدادلىرىمىزنىڭ فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىنىڭ بولغانلىقىدەك زور پاكىتتىن ئىبارەت.

## 5. ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىش تارىخى ھەققىدە

فامىلە خۇددى باشقا بەلگىلەرگە ئوخشاش مىللەتنىڭ روھىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى نامايىش قىلىدۇ ھەم دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى يىراق قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا خەنزۇ مىللىتى بىلەن يېقىن ئالاقىلەردە بولۇپ كەلگەن، خەنزۇ مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە بەزى تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى پادىشاھلىقلار ئۇيغۇر خانلىقلىرى، بەگلىكلىرى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتى بىلەن بولغان تۈرلۈك ئالاقىلەرنى قويۇقلاشتۇرۇشقا ئېتىبار بېرىپ، خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەركىبلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز بېيىتقان. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋەتلىرى تەسىرىدە ئۇيغۇرلار تۈرلۈك سەۋەبلەر، جۈملىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى ئۈچۈن تۆھپە كۆرسىتىش، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئولتۇراقلىشىش، بۇددا دىنىنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىن بەزى جەمەتلەر، شەخسلەر خەنزۇچە فامىلە ئىشلەتكەندى.

ھازىرقى خەنزۇلارنىڭ فامىلىسى بەك كۆپ ھەم رەڭگارەڭ بولۇپ، ئايال نەسەبلىك فامىلە (姓) دىن ئەر نەسەبلىك فامىلە (氏) نىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى — خەنزۇلارنىڭ فامىلىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم يول ھېسابلانسا، ئۇيغۇر ۋە باشقا



مىللەتلەرنىڭ فامىلە، ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە فامىلىلەرگە ئۆزگىرىشىمۇ خەنزۇ فامىلىلىرىنىڭ موللىشىشى، تەرەققىي قىلىشىدىكى ئىنتايىن مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى فامىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ئون مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى خەتلىك فامىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ۋە ئۈچ خەتلىك، تۆت خەتلىك، بەش خەتلىك مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى فامىلىلىرى ياكى فامىلە مەنىسىدىكى ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر بىر قەدەر كۆپتۇر.

خۇددى ئالدىنقى سەھىپىلەردە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە قەدىمكى ھۇن، تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلە – ئۇرۇقلىرىنىڭ نامى، مەنسەپ – دەرىجىنى بىلدۈرىدىغان ناملار فامىلە تەرىقىسىدە چۈشىنىلگەن بولۇپ، بۇ فامىلە ھەققىدىكى تۈپ ئۇقۇمغا ماس كېلىدۇ. شۇڭلاشقا قەدىمكى ھۇن، تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق – قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرىنى بىز فامىلىلەر دەپ ھېسابلايمىز. مۇشۇنداق بىر سەۋەبتىن، خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق – قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرى كېيىنكى دەۋرلەردە خەنزۇچە فامىلىلەردىن بىر قىسمى تەركىبىگە قوشۇلۇپ كەتتى. مىللەت تەرەققىياتىدا، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى فامىلىلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى بەلگىلەيدۇ، فامىلىلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ فامىلە تەرەققىياتىنىڭ بىر قانۇنىيىتىدۇر. ھۇن، تۈرك ۋە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىش تارىخى مەسىلىسىدە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى پەرقلەندۈرۈپ بىلىشكە توغرا كېلىدۇ: بىرى، خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە ھۇن، تۈرك ۋە

ئۇيغۇر قەبىلە – ئۇرۇقلىرىنىڭ ناملىرى ئەسلىي ھۇنچە، تۈرك-
چە، ئۇيغۇرچە تىلدىكى ئاتىلىشىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە
خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلغانلى-
قىغا قاراپلا، ئۇلارنى خەنزۇچە فامىلىلەر دەپ قاراشقا بولمايدۇ.
يەنە بىرى، ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خەنزۇ مىللىتى
بىلەن ئالاقىسى كۈچەيگەن بىر قانچە دەۋردە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
خانلىقلىرىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بىرلا ۋاقىتتا خەن-
زۇچە ئىسىم – فامىلە قوللانغىنى يوق. بەلكى ئۇلار دەسلەپتە
ئۆز جەمەتى ياكى ئۇرۇقىنىڭ فامىلىسىنى خەنزۇچىغا ئۆزگەر-
تىپ، «خەنزۇچە فامىلە + ئۆز مىللىتىچە ئىسىم» شەكلىنى
قوللانغان، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلادقا بارغاندىن كېيىن
پۈتۈن ئىسىم – فامىلىسىنى ۋە تەخەللۇسلىرىنىمۇ خەنزۇچە خەت-
لەردىن ئېلىپ ئىشلىتىپ، ئىسىم– فامىلىلىرى ۋە تەركىبىنىڭ
خەنزۇلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. نەتىجىدە، خەنزۇچە فامىلە
ئىشلىتىش ئەجدادلىرىمىزدىن بىرقىسمىنىڭ خەنزۇلارغا قېتى-
لىپ كېتىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ۋە ۋاستىسى بولغان بولسا،
سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى باشقا تۈرلۈك
سەۋەبلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ خەنزۇچە ئىسىم – فامىلە ئىشلىتى-
شىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىشى ۋە ئۆز
فامىلىلىرىنى خەنزۇچە فامىلىلەرگە ئۆزگەرتىش تارىخىغا نەزەر
سالساق، ۋېي ۋە ئىككى جىن سۇلالىسى دەۋرى، تاڭ سۇلالىسى
دەۋرى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرلىرىنىڭ مەزكۇر ئەھۋال بىرقەدەر
گەۋدىلىك ھالدا يۈز بەرگەن دەۋرلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.
ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىشىدا تۆۋەندىكى-
دەك بىرقانچە ئەھۋال بار:

(1) خەنزۇ ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىغا فامىلە ھە-
دىيە قىلغان، مىللىيچە فامىلىسىنى خەنزۇچە فامىلىلەرگە ئۆز-



گەرتكەن ياكى بولمىسا مەمۇرىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ھۇنچە،
تۈركچە، ئۇيغۇرچە فامىلىلەرنىڭ خەنزۇچىلىشىشىغا تەسىر كۆر-
سەتكەن: قەدىمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نۇرغۇن پادىشاھلار
چېگرا رايونلارنى ئېچىش، ئەتراپىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر
قۇرغان خانلىقلارنى ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇش ئېھتىياجىدىن چى-
قىپ تۇرۇپ، دائىم يات مىللەتلەر ۋە قەۋملەرنىڭ باشلىقلىرىغا
ياكى ئۆزلىرىگە بېقىنغان يات مىللەت ئەمەلدارلىرىغا فامىلە ھە-
دىيە قىلغانىدى. بۇ ئەلۋەتتە سىياسىي ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەم-
لەش ئۈچۈن قوللانغان ئالاھىدە بىر خىل مىللىي سىياسەت
تەدبىرى ئىدى. ئەسىرلەر مابەينىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلى-
رىدا پادىشاھلار ھەدىيە قىلىدىغان فامىلىلەرنى ئىككى تۈرگە
بۆلۈشكە بولىدۇ: بىرى، دۆلەت فامىلىسىنى، يەنى خان جەمەتى-
نىڭ فامىلىسىنى ھەدىيە قىلىش؛ يەنە بىرى، باشقا فامىلىلەرنى
ھەدىيە قىلىش. بۇلار ئىچىدە پادىشاھنىڭ خان جەمەتى فامىلىسى-
نى ھەدىيە قىلىش – ئىنئاملانغۇچىغا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي تارتۇق-
نىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى ئىدى. مەسىلەن، خەن سۇلالىسى پادى-
شاھى خەنۋۇدى ھۇن خاقانلىرىدىن بىرىنىڭ ھەرەمبەگلىرىدىن
رىدى ( 日碑 ) گە «جىن» ( 金 ) فامىلىسىنى ئىنئام قىلغانى-
دى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تاڭ پادىشاھلىرى ئۆزىگە بېقىنغان،
ئەل بولغان يات مىللەت ئەمەلدارلىرىغا كۆپلەپ فامىلە ھەدىيە
قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «لى» ( 李 – تاڭ سۇلالىسى خان
جەمەتىنىڭ فامىلىسى) فامىلىسىنى ھەدىيە قىلىش ئەھۋالى كۆپ-
رەك ئىدى. تاڭ دەۋرىدە «لى» فامىلىسىنى قوبۇل قىلغان
ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مىساللار ئاز ئەمەس. مىڭ سۇلالىسىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، جۇيۈەنجاڭ پەرمان چۈشۈرۈپ، پۇقرا-
لارنىڭ غۇزچە كىيىنىش، غۇزچە سۆزلەش ۋە غۇزچە فامىلە ئىشلى-
تىشىنى چەكلىگەن، نەتىجىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلاش-
قان نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مۇرەككەپ فامىلىلىرىنى

خەنزۇچە ئاددىي فامىلىلىرىگە ئۆزگەرتكەنىدى. مەسىلەن «قۇ-
يان» ( 呼延 ) فامىلىسىنى «خۇ» ( 呼 ) غا، «چىپۇ» ( 乞伏 -
قىپۇ ) نى «چى» ( 讫 ) گە، «گوڭسۇن» ( 公孙 ) نى «سۇن»
( 孙 ) گە ئۆزگەرتكەنىدى. 1372 ـ يىلى، جۇيۈەنجاڭ مىڭ
ھۆكۈمىگە ئەل بولغان جەنۇبىي ـ شىمالىي شىنجاڭنىڭ باش
ئەمىرى خەلىل باشىدىن پايدىلىنىپ، خۇنەندىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرىدۇ. خەلىل باشىنىڭ مەز-
كۇر توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇشتا، دۆلەتكە كەلگەن ئاپەتنى قىرقىپ
تاشلاشتا تۆھپىسى زور بولغاچقا، ئۇنىڭغا «قىرقىش» مەنىسىدە-
دىكى «جيەن» ( 翦 ) فامىلىسى ھەدىيە قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن
ئېتىبارەن خەلىلباشى خۇنەندىكى جۇمۇشەن ( ھازىرقى خۇنەن
ئۆلكىسى تاۋيۈەن ناھىيىسى فېڭ شۇ يېزىسى ) دېگەن جايدا قول
ئاستىدىكى ئارمىيىسى بىلەن ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرى ھەم شۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ ھەممىسى «ج-
يەن» فامىلىسىنى ئىشلىتىدۇ ۋە ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كەلمەك-
تە. جۇڭگونىڭ ھازىرقى زاماندىكى مەشھۇر تارىخشۇناسى جيەن
بوزەن ( 翦伯赞 ) دەل خەلىلباشىنىڭ «جيەن» فامىلىسىنى
ئىشلەتكەن كېيىنكى ئەۋلادىدۇر.

(2) ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يېقىن جايلاردا قۇرۇلغان ئاز
سانلىق مىللەت خانلىقلىرىنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قى-
لىش، خەنزۇچە فامىلە قوللىنىش تەشەببۇسى تەسىرىدە، ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتە ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار
خەنزۇچە فامىلىلەرنى قوللانغانىدى: مەسىلەن، شىمالىي ۋېي
سۇلالىسى (368 — 534) خانى شاۋۋېندى توباخوڭ ( 拓跋宏孝文帝 )
مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، جۇڭگو
تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور دەرىجىدىكى فامىلە ئۆزگەرتىش
ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغانىدى. توباخوڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە
ئىنتايىن چوقۇنغانلىقتىن، خەنزۇلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش



ئۈچۈن، بۈگۈنكى سەنشىنىڭ داتوڭ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان
سىيانپىلارنى ئاساس قىلغان ئاھالىلەرنى خەنزۇلارنى ئاساسىي
ئاھالە قىلغان لوياڭغا كۆچۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غۇزچە
سۆزلەش، غۇزچە كىيىنىشنى تەقىب قىلىپ، خەنزۇ تىلىنى
دۆلەت تىلى قىلىپ بېكىتكەن ھەمدە سىيانپىلارنىڭ خەنزۇلاردىن
خوتۇن ئېلىشىنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان. 496 ـ يىلى ئۇ
قايتا پەرمان چىقىرىپ، سىيانپىچە فامىلىلەرنى خەنزۇچە فامىلى-
لەرگە ئۆزگەرتكەن. شۇ قېتىملىق ھەرىكەتتە جەمئىي 144 فامى-
لە خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىلگەن.[1] ئەلۋەتتە، شياۋۋېندىنىڭ فامىلە
ئۆزگەرتىشتىكى بىۋاستە مەقسىتى خۇددى جەنۇبىي سۇلالىلەرگە
ئوخشاش تەبىقە ـ دەرىجە تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش، جەمەت دەرىجى-
سىگە ئاساسەن ئەمەلدارلارنى تاللاپ ئىشلىتىش ئىدى. بۇنداق
ھەرىكەت ئەمەلىيەتتە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى ۋە غۇز-
چە فامىلىلەرنىڭ خەنزۇچىلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى
سۈردى. مۇشۇ قېتىملىق ھەرىكەتتە، نۇرغۇن تۈرك ۋە ئۇيغۇرلار
ئۆز فامىلىلىرىنى خەنزۇچىغا ئۆزگەرتتى ياكى خەنزۇچە ئىسىم-
فامىلە قوللىنىشقا باشلىدى. يۈەن سۇلالىسى خانى يۈەن شىزۇ
( 元世祖 ) جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى پەرمان
چۈشۈرۈپ، پۇقرالارنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىشىنى تەلەپ
قىلدى. بۇ قېتىمدىمۇ خەنزۇچە فامىلە قوللانغان ئۇيغۇرلار بىر
قەدەر كۆپ بولدى. مەسىلەن، «يۈەن تارىخى. بورۇ قايا تەزكى-
رىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، بورۇقايا ( ئۇيغۇر ) يۈەن ھۆكۈمىتى
تەرىپىدىن تەپتىش بېگىلىك مەنسىپىگە قويۇلغاندا، بۇ ئىش بىلەن
ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تۇغۇلۇشى توغرا كېلىپ، بۇ قوش خۇشاللىقنى
تەبرىكلەش ئۈچۈن، خەنزۇلاردا قەدىمدىكى مەنسەپ نامىنى فامىلە
قىلىپ قوللىنىش ئۇسۇلىغا تەتبىق قىلىپ، ئوغلىنى «پاكلىق،

[1] ۋاڭ جۈەنگېن: «جۇڭگو فامىلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت يېشىمى»، ئىتتىپاق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 164 ـ بەت

دىيانەت» مەنىسىدىكى «لىيەن» ( 廉 ) فامىلىسى بىلەن قوشۇپ،
لىيەن شىشيەن ( 廉希宪 ) ئىسىم ـ فامىلىسى بىلەن ئاتىلغان
ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ لىيەن فامىلىلىك بولۇپ قالغان. بۇنىڭغا
ئوخشاش مىساللارنى يۈەن دەۋرىدە كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

(3) ئۆزگىرىۋاتقان دەۋرگە ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇ-
ھىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بەزى ئۇيغۇرلار خەنزۇچە فامىلە
قوللانغانىدى: قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇچە فامى-
لىلەرنى ئىشلىتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى ـ ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ جەلپكار كۈچى ئىدى.
شىمالىي ۋېي خانى شاۋۋېندىنىڭ خەنزۇچە فامىلىلەرنى ئىشلى-
تىشنى، خەنزۇچە سۆزلەش ۋە خەنزۇچە كىيىنىشنى كۈچەپ
تەشەببۇس قىلىشى ـ دەل ئۇنىڭ خەنزۇلاردىكى ئىقتىساد، مەدە-
نىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزلىرى (سىيانپىلار) دىن ئۈستۈنلۈكىنى
كۆرگەنلىكى ۋە بۇ سەۋەبتىن شەكىللەنگەن خەنزۇ مەدەنىيىتىگە
چوقۇنۇش پىسخىكىسىدىن ئىدى. ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ
ئەجدادلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇزاق مەز-
گىللىك ئۇچرىشىش تەسىرىدە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئەندىزىسىگە
ماسلىشىش پىسخىكىسى تەبىئىي رەۋىشتە قوزغىلاتتى. بۇ جەريان-
دا مۇقەررەر ھالدا فامىلە ئۆزگەرتىش يۈز بەرگەنىدى. مەسى-
لەن، تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا كاڭ ( 康 )، ئەن ( 安 )، ساۋ
( 曹 )، شى ( 石 )، مى ( 米 )، خې ( 何 )، شى ( 史 )
قاتارلىق فامىلىلەر بار بولۇپ، بۇ «چاۋۋۇپلارنىڭ توققۇز فامىلى-
سى» دېيىلەتتى. بۇ توققۇز فامىلىنى ئىشلىتىدىغانلار سوغدى
نەسىللىك ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئامۇ، سىر
دەرياسى ۋادىلىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم توققۇز بەگلىك (دۆلەت)
قۇرغانىدى. كېيىنچە بۇ دۆلەتلەردىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلار چاڭئەنگە
كۆچۈپ بېرىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ خەنزۇچە تىلىدىكى نامىنى فامى-
لە سۈپىتىدە قوللانغان ۋە كۆپىنچىسى ئىسمىنىمۇ خەنزۇچىگە



ئۆزگەرتكەنىدى. كاڭ ( 康 ـ سوغدىيانا) دۆلىتى مۇھاجىرلىرى-
نىڭ كۆپىنچىسى مانى دىنىي راھىبلىرى ئىدى؛ ئەن ( 安 ـ
بۇخارا) دۆلىتى مۇھاجىرلىرى ئاتەشپەرەسلىك دىنىي مۇرتلىرى
ئىدى؛ ساۋ ( 曹 ـ ئۆرتۆپە) دۆلىتى مۇھاجىرلىرى ناخشا ـ
ئۇسسۇل، نەغمە ـ ناۋاغا ماھىر ئىدى. رەسساملار، بەرباب
ئۇستىلىرى كۆپ چىققانىدى؛ شى ( 石 ـ شاش) دۆلىتى مۇھا-
جىرلىرى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر، ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە تەر-
جىمىگە ئۇستا ئىدى؛ مى ( 米 ـ ماغىيان) دۆلىتى مۇھاجىرلىرى
ئىچىدىمۇ مۈزىكىغا ئۇستا ماھىرلار كۆپ ئىدى... تارىخ تەرەققىيا-
تىغا ئەگىشىپ، بۇ توققۇز فامىلىلىك چاۋۋۇپ ئۇيغۇرلىرى ئىچى-
دىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىرى خەنزۇ
مىللىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ فامىلىلىرىمۇ خەنزۇ فامى-
لىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسى
ھۆكۈمىتىمۇ خۇددى شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئوخشاش، ئۆزىگە
بېقىنغان مىللەتلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ بىرەر تەركىبىنىڭ ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىشىغا يول قويىدى. شەرقىي
تۈركلەر، غەربىي تۈركلەر، ئۇيغۇرلاردىن جەنۇبقا ـ ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە ئىلگىرى ـ ئاخىر كۆچكەنلىرى نەچچە ئون مىڭ
ئادەمگە يېتىپ، ئۇلار خەنزۇ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش داۋامى-
دا، ئۆز ئىسىم ـ فامىلىلىرىنىمۇ خەنزۇچىغا ئۆزگەرتتى.

(4) مەلۇم ئىش سەۋەبىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن بەزىلەر
فامىلىسىنى خەنزۇچىغا ئۆزگەرتكەن ياكى خەنزۇچە فامىلە
قوللانغانىدى: بۇ تۈردىكى ئەھۋاللار بىرقەدەر مۇرەككەپ بولۇپ،
بەزىلىرى كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان جايلارغا ماسلىشىش يۈزىسىدىن
خەنزۇچە فامىلە قوللانغان بولسا، يەنە بەزىلىرى پاناھلىنىش ۋە
خەۋپتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدى. مەسىلەن،
«يۈەن تارىخى. سەييىد شەمسىددىن تەزكىرىسى» ۋە شەندۇڭدا
خاتىرىلەنگەن «سەييىد جەمەتى نەسەبنامىسى» دە خاتىرىلىنىشى-

چە، يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر ھەربىي ئالىمى سەييىد
شەمسىددىن (1211—1279) نىڭ بەش ئوغلى، ئون يەتتە نەۋرە-
سى بار بولۇپ، ھەممىسى يۈەن ئوردىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى
ئۈستىگە ئالغان، كېيىنچە ئۇلار يۈننەن ئۆلكىسىگە بېرىپ تارقى-
لىپ خەنزۇچە فامىلە قوللانغانىدى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نەسرىد-
دىن ( 纳速拉丁 ) ئەينى چاغدا شەنشىدە مەمۇرىي ھوقۇق تۇتقان
ۋە ئەۋلادلىرى ئاۋۇپ كۆپەيگەنىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتىسى
نەسرىددىننىڭ ئىسمىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى « 纳速拉丁 »نى
پارچىلاپ، ھەربىر جەمەت ئايرىم-ئايرىم ھالدا، نا ( 纳 )، سۇ
( 速 )، لا ( 拉 ) ۋە دىڭ ( 丁 ) دېگەن فامىلىلەرنى ئىشلەت-
كەن. يەنە بىر تارمىقى بولسا بوۋىسى سەييىد شەمسىددىننىڭ
ئىسمىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ( 赛典赤赡思丁 ) نىڭ بىرىن-
چى خېتى «سەي» ( 赛 )نى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىپ، شەندۇڭ
ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ ئاۋۇغان سەي
فامىلىلىك جەمەت ( 赛氏家族 )كە ئايلانغان. تارىخىي خاتىرى-
لەرگە ئاساسلانغاندا، يۈەن سۇلالىسى يىمىرىلىدىغان چاغدا،
موڭغۇللار، ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ نۇرغۇن فامىلە-
لىرى تەدرىجىي يوقىلىپ، ساقلىنىپ قالغانلىرى ساپ خەنزۇچە
فامىلىلەرگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋ-
رىدىكى فۇجيەن ئۆلكىسىدىكى «سا» ( 萨 ) فامىلىلىكلەر ئەدىب
سەيدۇللا ( 萨都拉 ـ سەيدۇللا) نىڭ ئەۋلادلىرى، جياڭسۇ ئۆل-
كىسىدىكى «ليەن» ( 廉 ) فامىلىلىكلەر بولسا ئۇيغۇر ئەدىبى
ليەن شىشيەن ( 廉希宪 ) نىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

تارىختا، ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىلىرى ياكى ئەجدادلىرىنىڭ
ناملىرى ياكى ئۇرۇقلىرىنىڭ ناملىرى خەنزۇ تىلىغا ئاھاڭ تەر-
جىمىسى بويىچە ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، خەنزۇچە فامىلىلىرىدى-
كى خەت سانى بىر خىل بولمىدى. يەنى ئۇ فامىلىلەر ئىچىدە
بىر خەتلىك، ئىككى خەتلىك، ئۈچ خەتلىك ھەتتا تۆت خەتلىك



فامىلىلەر بار. ئەمما دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نۇرغۇن مۇ-
رەككەپ فامىلىلەر خەنزۇ فامىلىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە
تاق خەتلىك ئاددىي فامىلە ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن. ئەمما شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىسمى، ئۇرۇق نا-
مى، يەر نامى قاتارلىقلارنىڭ خەنزۇ تىلىغا ئۇدۇل تەرجىمە قىلى-
نىپ فامىلە سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن، خەنزۇ فا-
مىلىلىرى ئىچىدە «غەلىتە» فامىلىلەر كۆپىيىپ قالغان.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ خەنزۇچە
فامىلە قوللىنىشى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدىكى، بولۇپمۇ
ئۇيغۇر ـ خەنزۇ مۇناسىۋەت تارىخىدىكى زور ۋەقە بولۇپ، خەن-
زۇچە فامىلە قوللىنىش تارىخى ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش
تەبىئىيكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقىنىڭ ئىقتى-
ساد، سىياسى، جەمئىيەت، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىسىنى
ئىسىم ـ فامىلىدىن ئىبارەت مۇشۇ مەدەنىيەت ھادىسىسى نۇقتى-
سىدىن شەرھلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ
ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى چوڭ
تېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە، خەنزۇچە تارىخىي پۈتۈكلەر
ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدى-
لىنىپ، ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار تارىخ مابەينىدە قوللانغان
خەنزۇچە فامىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئايرىم ـ
ئايرىم ھالدا تەھلىل ئاساسىدا تونۇشتۇرىمىز. ئەسكەرتىپ ئۆ-
تۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە
فامىلە قوللىنىشى ياكى ئۇلارنىڭ فامىلىلىرىنىڭ خەنزۇچە يېزى-
لىشى ساپ ھۇنچە ـ تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە فامىلىلەرنىڭ (ياكى
فامىلە ئورنىدا چۈشىنىلىدىغان ناملىرىنىڭ) خەنزۇ تىلىغا قى-
لىنغان نوقۇل ئاھاڭ تەرجىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، بەلكى
ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ ئەۋلادلارغا مىراس قالىدىغان شەكىللىرى-
نى، قىسقارغان شەكىللىرىنى ۋە ساپ خەنزۇچە فامىلە شەكىللە-

رىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
△ خۇ ( 呼氏 ) : ھۇنلاردا «قۇيان» فامىلىلىك ئاقسۆڭەك جەمەتى بار ئىدى. «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتابلاردا «قويان» دېگەن جەمەت نامى 呼衍 (خۇيەن) دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلغان. «جىننامە» دىن تارتىپ 呼延 (خۇيەن) خېتى بىلەن يېزىلىشقا باشلىغان. غەربىي خەن دەۋرىدە مەزكۇر فامىلىلىك جەمەت ھۇنلاردىكى تۆت چوڭ جەمەت-نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار تەڭرىقۇت جەمەتىدىكىلەر بىلەن نىكاھ-لىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ھۇنلارنىڭ بىر قىسمى جەنۇبقا — ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادىلىگەن. دەسلەپتە كۆچۈپ بارغانلار ئىسىم - فامىلىسىنى ئەسلىي شەكلىدە قوللانغان بول-سا، ئىككىنچى ئەۋلادتىن تارتىپ بىرىنچى ئەۋلاد (يەنى ئەجداد) نىڭ ئىسمىنىڭ باش بوغۇمىنى فامىلە قىلىپ، خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادىلەپ ئىشلەتكەن. بىرىنچى ئەۋلاد (دەسلەپتە كۆچكەن-لەر) نىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىسمى ئەسلىي ئانا تىلىدا بولسىمۇ، ئىككىنچى ئەۋلادقا بارغاندا ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىرىدە خەن-زۇچە تۈس پەيدا بولۇپ ۋە كۆپىيىپ، ھۇنلارنىڭ ئىسمى خەنزۇ-لارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىدىن پەرقسىز ھالەتكە يەتكەن. يەنە بىر جەھەتتىن، ھۇنلارنىڭ فامىلىلىرىنى خەنزۇچىغا ئۆزگەرتىش غەربىي خەندىن تارتىپ تاكى ۋېي خانى شاۋۋېندىنىڭ فامىلە ئىس-لاھاتىغىچە بولغان 600 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت داۋاملاشتى. خەن دەۋرىدىكى ھۇنلارنىڭ ئىسىم - فامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ئەنە شۇ قانۇنىيەت بويىچە بولغانىدى. دېمەك، «قويان» فامىلىسى ھەم خەنزۇچە فامىلىگە ئەنە شۇ قانۇنىيەت بويىچە ئۆزگىرىپ كەتتى. ھۇنلار قۇرغان جەنۇبىي جاۋ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە، «خۇيەن» ( 呼衍 ياكى 呼延 ) فامىلىلىكلەر يۇقىرى مەنسەپ



تۇتقانىدى. مەسىلەن، خۇيەن يى ( 呼延翼 )، خۇيەن يەن ( 呼延宴 )، خۇيەن يو ( 呼延攸 )، خۇيەنخۇاڭ ( 呼延晃 )، خۇيەن شېڭ ( 呼延盛 ) قاتارلىقلار جەنۇبىي جاۋ ۋە كېيىنكى جاۋ ھۆكۈمەتلىرىدە يۇقىرى ئەمەل تۇتقان خۇيەن (قۇيان) فامى-لىلىكلەردۇر. خۇيەن ( 呼延 ) فامىلىسى خەنزۇ تارىخنامى-لىرىدە (مەسىلەن، «جىننامە» نىڭ 126 - جىلدى) «خۇيې» ( 胡掖 ) دەپمۇ يېزىلغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپ، «خۇ» ( 呼 ) غا قىسقارتىلىپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.
△ بۇ ( 卜氏 ) : بۇ فامىلە ئەسلىدە «شۇبۇ» ( 须卜 ) بولۇپ، مەزكۇر فامىلىلىك جەمەت ھۇنلاردىكى تۆت چوڭ جەمەت-نىڭ بىرى ئىدى. بۇ جەمەتنىڭ ھۇنچە نامى «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكى-رىسى»دە بىردەك «شۇبۇ» ( 须卜氏 ) دەپ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان. «جىننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى» دىن باشلاپ «بۇ» ( 卜氏 ) دېگەن فامىلىگە قىسقارتىلغان. «شۇبۇ» ( 须卜 ) نىڭ «بۇ» ( 卜 ) غا ئاددىيلاشتۇرۇلۇشى ۋېي ۋە جىن دەۋرى ئارىلىقىدا يۈز بەرگەنىدى. «بۇ» ( 卜氏 ) فامىلىلىك جەمەت ھۇنلاردىكى ئاقسۆڭەك جەمەت بولۇپ، ئالدىنقى جاۋ خانلىقىدا بۇيۇ ( 卜豫 )، بۇگەن ( 卜干 )، بۇچوۋ ( 卜抽 )، بۇتەي ( 卜泰 ) ئىسىملىك ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلار بار ئىدى. شىمالىي ۋېي دەۋرىدە يەنە بۇتيەن( 卜田 )، بۇ چاۋ( 卜朝 )، بۇشى ( 卜式 ) ئىسىملىك ھۇن ئاقسۆكلىرى بار بولغانىدى.
△ لەن ( 兰氏 ) : «لەن» فامىلىسى ئەسلىدە ھۇنچە ئورولان ( 乌洛兰 ) بولۇپ، بۇ ھۇنلاردىكى تۆت چوڭ جەمەت-نىڭ بىرى ئىدى. قەدىمكى ھەرقايسى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلى-رىدا «ئورولان» فامىلىسى «ۋۇلولەن» ( 乌洛兰 ) دەپ ئا-ھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان. ۋېي دەۋرىگە كەلگەندە، «ۋۇلولەن» ( 乌洛兰 ) فامىلىسى «لەن» ( 兰 ) گە قىسقارتىلغان. بۇ

جەمەتتىن جىن. شىمالىي ۋېي دەۋرىدە نورغۇن مۇلكىي ـ ھەربىي ئەمەلدارلار چىققان. مەسىلەن، سانغۇن لەن شۇ ( 兰殊 )، كاتىپ لەنيەن ( 兰延 )، لەن يىڭ ( 兰英 )، ياساۋۇل لەن فۇرۇڭ ( 兰芙蓉 ) قاتارلىقلار.

△ چياۋ ( 乔氏 ): بۇ ھۇنلارنىڭ تۆت چوڭ ئاقسۆڭەك جەمەتىدىن بىرىنىڭ نامى بولۇپ، ئەسلىدە «چىيۇلىن» ( 丘林氏 ) دۇر. بۇ ھۇنچە «چورۇن» ياكى «چورىن» بولۇشى مۇمكىن. بۇ فامىلە دەسلەپتە «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»دە كۆرۈلىدۇ. كېيىنچە ئۇ «چياۋ» ( 乔 ) خېتىگە قىسقارتىلغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن. «چياۋ» فامىلىلىك جەمەت ھۇنلاردىكى چوڭ جەمەت بولغاچقا، ئالدىنقى جاۋ سۇلالىسىدە مەزكۇر فامىلىلىك ئەمەلدارلار كۆپ ئىدى. مەسىلەن، سانغۇن چياۋشى ( 乔希 )، ياندىش بەگ چياۋشى ( 乔诗 )، مۇپەتتىش بېگى چياۋجىمىڭ ( 乔智明 )، مىراخور سانغۇن چياۋتەي ( 乔泰 )، شىغاۋۇل چياۋيۈ ( 乔豫 )… قاتارلىقلار.

△ لوڭ ( 隆氏 ): ھۇنلاردا «لوڭ» دېگەن فامىلە بولغان. ئەمما بۇ جەنۇبىي ھۇنلار خەنزۇچە فامىلە قوللانغاندىن كېيىنكى بىر فامىلە بولسا كېرەك. بۇ فامىلىلىك جەمەت ھەققىدىكى خاتىرىلەر «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» قاتارلىق كىتابلاردا ئۇچرايدۇ.

△ ۋېيشۇ ( 唯徐氏 ): «خەننامە»نىڭ 19 ـ جىلد ۋە 40 ـ جىلدلىرىدا ھۇنلاردىن چىققان ۋېيشۇ ( 唯徐، بەزىدە ۋېيتۇ ـ 唯涂 دەپمۇ يېزىلغان) فامىلىلىك كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ئەھۋالاتى خاتىرىلەنگەن. بۇ ھۇنچە فامىلىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن.

△ پۇ ( 仆氏 ): ھۇنلاردا «پۇ» ( 仆 ) دېگەن فامىلە بولغان. بۇ ھۇنچە مەلۇم فامىلىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى بىرىنچى بوغۇم بولۇشى ياكى باشقا خەنزۇچە فامىلە بولۇشى



مۇمكىن. «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخېتى» قاتارلىق كىتابلاردا خەن دەۋرىدە ئوردىدا ئەمەل تۇتقان پۇپېڭ ( 仆朋 )، پۇدو ( 仆多 ) قاتارلىق ھۇن كىشىلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئۇچرايدۇ.

△ فەن ( 范氏 ): ھۇنلاردا مەزكۇر فامىلە بولغانىدى. «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخېتى»، «ۋېينامە»نىڭ 69 ـ جىلدى قاتارلىق كىتابلاردا فەن دەي ( 范代 )، فەن دو ( 范多 )، فەن ئەنزۇ ( 范安族 ) قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ نامى ۋە ئىش ـ ئىزلىرى خاتىرىلەنگەنىدى.

△ جاۋ ( 赵氏 ): ھۇنلاردا «جاۋ» ( 赵 ) فامىلىسى بولغانىدى. «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخېتى» ۋە «تارىخىي خاتىرىلەر» دە يېزىلىشىچە، خەن ھۆكۈمىتىدە يابغۇلۇق مەنسىپىنى تۇتقان ھۇن كىشى جاۋشىن ( 赵信 ) ھۇنلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ھۇنلارغا ئەسىر بولۇپ، ھۇن تەڭرىقۇتىغا قارشى خەن ھۆكۈمىتى ئۈچۈن كۆپ قېتىم سۇلھى تۈزۈپ بەرگەن. خەنۋۇدى زامانىدا يەنە جاۋ ئەنجى ( 赵安稽 ) ئىسىملىك ھۇن كىشى مۇلكىي ئەمەلدار ئىدى. يۈەن دەۋرىدە يۈەن ئوردىلىرىدا خىزمەت قىلغان ياغلاقار ئۇرۇقىدىن بولغان ئۇيغۇرلارمۇ خەنزۇچە «جاۋ» ( 赵 ) خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغانىدى. يۈەن دەۋرىگە مەنسۇپ ۋەسىقىلەردىن «ۋېي جەي توپلىمى»نىڭ 11 ـ جىلدى، «جاۋ جەمەتىنىڭ ئىلگىرىكى ئابىدىسى»، «قارلىق راۋاق توپلىمى»نىڭ 5 ـ جىلدى… قاتارلىقلاردا بايان قىلىنىشىچە، يۈەن دەۋرىدە مەنسەپ تۇتقان ۋە ئەدەبىي ماھارىتى بار «جاۋ» ( 赵 ) فامىلىلىك ئۇيغۇرلار بولغانىدى. مەسىلەن، جاۋگوباۋ ( 赵国宝 )، جاۋ شىيەن ( 赵世延 ) لەردەك.

△ چېڭ ( 乘氏 ): ھۇنلاردا «چېڭ» ( 乘 ) فامىلىسى بار ئىدى. ھۇنلار ئىشلەتكەن مەزكۇر خەنزۇچە فامىلە ھەققىدە «خەننامە»دا ئېنىق خاتىرە بار.

△ «ۋاڭ» (王氏): «ۋاڭ» (王) ھۇنلاردىكى چوڭ فامىلە بولۇپ ھېسابلىناتتى. «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويىختى» دە، ھۇن تەڭرىقۇتى ئوغاندىن يۈز ئۆرۈپ، خەن ھۆكۈمىتىگە ئەل بولغان سەركەردە ۋاڭ دىڭ (王定)، ۋاڭ يۈەن (王援)، ۋاڭ گۇاڭخەن (王广汉)، ۋاڭ ياڭ (王杨) ئىسىملىك ھۇنلارنىڭ نام ـ ئەھۋالى ئۇچرايدۇ. ئەمما بىز بۇنىڭدىن ئاشۇ ھۇنلارغا «ۋاڭ» (王) فامىلىسىنى خەن ھۆكۈمىتى ھەدىيە قىلغانلىقىنى ياكى ئىسىملىرىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ باش بوغۇمىدىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئاشۇ ھۇنلار مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتىۋالغان فامىلە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. ئون ئالتە پادىشاھلىق دەۋرىدە «ۋاڭ» (王) فامىلىسىنى ئىشلەتكەن ھۇنلار ھەققىدىمۇ خېلى كۆپ مەلۇماتلار بار. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھۇنلارنىڭ ۋاڭ فامىلىلىك جەمەتلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر تارىخى ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: «ۋېينامە» دە ۋاڭ تېكىن (王 ـ بۇ، «تېكىن» سۆزىگە خەنزۇچە فامىلە قوشۇلغان ئىسىم ـ فامىلىلەرگە تىپىك مىسال بولىدۇ. — ئا)، ۋاڭ يېبۇلۇ (王也不卢) قاتارلىق ھۇن ئىسىملىرى خاتىرىلەنگەن.

△ خاۋ (郝氏): «خاۋ» (郝) فامىلىسى ھۇنلاردىكى چوڭ فامىلە بولۇپ، مەزكۇر فامىلىلىك كىشىلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەر جىن سۇلالىسى ۋە جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى تارىخنامىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. جىن دەۋرىدە خاۋسەن (郝散)، خاۋدۇيۈەن (郝度元)، خاۋشۈي (郝水)، خاۋشۇ (郝述) قاتارلىق ھۇن ئەمەلدارلىرى بولغانىدى. خەن دەۋرىدە خاۋ جەمەتىدىكىلەر كۆپ تۆھپە كۆرسەتكەن، بولۇپمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئابرۇيلۇق جەمەت ھېسابلىناتتى. ھۇنلاردىن خەنزۇچە فامىلە «خاۋ» نى قوللانغان جەمەتنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنى غەربىي خەن دەۋرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ.



بۇ تاڭ دەۋرىدىمۇ ھەتتا گۈللەنگەن جەمەت بولۇپ، مەزكۇر فامىلىلىك كىشىلەر نۇرغۇن جايلارغا تارقالغانىدى.

△ گاۋ (高氏): ھۇنلار قوللانغان خەنزۇچە فامىلىلەردىن بىرى «گاۋ» (高) دۇر. «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويىختى»، «ۋېينامە» قاتارلىق كىتابلاردا «گاۋ» فامىلىلىك ھۇنلاردىن بەزى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئولتۇراق جايى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. «گاۋ» خېتىنى يەنە يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر رەسسام، ئۇيغۇر نەسىللىك كىشى گاۋ كېگوڭ (高克恭)① فامىلە قىلىپ قوللانغانىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭمۇ شۇنداقلا ئەجدادلىرىدىن بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭمۇ مەزكۇر خەنزۇچە خەتنى فامىلە قىلىپ قوللانغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. ئەمما ھۇنلار قوللانغان خەنزۇچە فامىلە «گاۋ» بىلەن رەسسام گاۋ كېگوڭ قوللانغان «گاۋ» فامىلىسىنىڭ بىر خەت ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق باغلىنىشىنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز.

△ «خۇن» ياكى «كۇن» (昆氏—浑氏): بۇ ھۇنلار ئىشلەتكەن فامىلىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى بولۇپ، ئەسلىي «كۇن» بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە بۇ سۆز ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «كۇن» (昆)، بەزىدە «خۇن» (浑) دەپ يېزىلغان.

△ ۋۇ (乌氏): ھۇنلاردا خەنزۇچە فامىلە «ۋۇ» بولغانىدى. بۇ فامىلىنىڭ ھۇنچە كىشى ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ بىرىنچى خېتىدىن ئېلىنغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويىختى» دە ۋۇلى (乌黎) دېگەن كىشىنىڭ ھۇن ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىسى قىسقىچە خاتىرىلەنگەن.

① بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي ۋە ئابدۇرازاق توختىلار تۈزگەن «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر» ناملىق كىتابتا «كۇكۇن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

△ چوۋ ( 稠氏 ) : ھۇنلاردا خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان
ياكى ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن «چوۋ» ( 稠 ) فامىلىسى
بولغان. «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخېتى» دە چاڭلى دې-
گەن جاينىڭ ئەمىرى، ھۇن نەسىللىك چوۋدياۋ ( 稠雕 )
ئىسىملىك كىشىنىڭ ئىش - ۋاقەلىرى خاتىرىلەنگەن.
△ فۇ ( 复氏 ) : ھۇنلاردا خەنزۇچە فامىلە «فۇ» ( 复 )
ئىشلىتىلگەن. «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخېتى» دە، دۇ-
داڭ دېگەن جاينىڭ ئەمىرى، ھۇنلاردىن خەن ھۆكۈمىتىگە ئەل
بولغان فۇلۇجى ( 复陆支 ) نىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدىكى بايانلار
بار.
△ يى ( 伊氏 ) : ھۇنلاردا «يى» ( 伊 ) فامىلىسى بولغان
ئىدى. بۇنىڭ ھۇنچە كىشى ئىسمى ياكى ئۇرۇق ئىسمىنىڭ ۋە
ياكى يەر ئىسمىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنىڭ بىرىنچى خېتىدىن
كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. «خەننامە. تۆھپىكار ۋە-
زىرلەر رويخېتى» دە، جوڭلى ( 众利 - بۈگۈنكى شەندۇڭ ئۆل-
كىسىنىڭ جۇچېڭ ناھىيىسى) ناھىيىسىنىڭ ئەمىرى، ھۇن كى-
شى يى جىشۇەن ( 伊即轩 ) نىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر
بار.
△ سى ( 次氏 ) : ھۇنلاردا خەنزۇچە فامىلە «سى» ( 次 )
ئىشلىتىلگەنىدى. «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخېتى»،
«كۆللى فامىلىلەرنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» ( « 万姓通谱 » )،
«خەنزۇ باسما يېزىقىنىڭ يىغىندىسى» ( « 汉印文字征 » )
قاتارلىق تارىخىي ۋەسىقىلەردە، ھۇنلار نەسلىدىن بولغان، خەن
ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلغان سى گوڭ ( 次公 )، سى يەننيەن
( 次延年 )، سى چۈنيو ( 次纯有 ) قاتارلىقلار ھەققىدە
قىسقىچە مەلۇمات بار.
△ دوڭ ( 董氏 ) : ھۇنلاردا «دوڭ» ( 董 ) فامىلىسى
بولغانىدى. «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخېتى» دە خەن سۇ-



لالىسىغا بەيئەت قىلىپ كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن ئەمىر دوڭ
شېۋۇ ( 董舍吾 ) ھەققىدە مەلۇمات بار. «دوڭ شېۋۇ» ھۇنچە
كىشى ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ
ھۇنچىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئاجىزلىق قىلدۇق. ئۇنىڭ ئەۋلاد-
لىرى ئىچىدىكى دوڭ ئەنخەن ( 董安汉 )، دوڭ شيەن ( 董贤 )
لەرنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسى تەدرىجىي ھالدا تولۇق خەنزۇچە تۈس
ئېلىپ كەتكەن.
△ جۇ ( 驹氏 ) : «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر
رويخېتى»، «خەننامە. ئەمەلدار - ۋەزىرلەر رويخېتى»
( « 汉书百官公卿 » ) دېگەن كىتابلاردا ھۇنلاردىن خەن ھۆكۈ-
مىتىگە ئەل بولۇپ تۆھپە كۆرسەتكەن جۇجى ( 驹几 )، جۇپۇ
( 驹普 ) لارنىڭ قىسقىچە ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن.
△ چېڭ ( 成氏 ) : «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخې-
تى» دە ھۇنلاردىن خەن سۇلالىسىغا ئەل بولغان چېڭمىيەن
( 成娩 ) ئىسىملىك ئەمەلدارنىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدە خاتىرە
بار. «غەربىي يۇرتتىكى قاڭقىل (قوش) تەزكىرىسى» ( « 西域
车师传 » ) دە، خەن ۋۇدى مىلادىيە 99 - يىلى كەيلىك ئەمىرى
چېڭ مىيەننى قاڭقىللارغا قارشى ئەۋەتىپ زەربە بەرمەكچى بولغان-
دا، ھۇنلارنىڭ ياردىمى سەۋەبىدىن، قاڭقىللارغا زەربە بېرەلمەي
قايتىپ كەلگەنلىكىدەك ۋەقە خاتىرىلەنگەن.
△ شيەن ( 先氏 ) : «خەننامە. تۆھپىكار ۋەزىرلەر رويخې-
تى» دە ھۇنلاردىن خەنگە بەيئەت قىلىپ تۆھپە كۆرسەتكەن ئەمەل-
دار شيەن شيەنشەن ( 先贤掸 ) نىڭ ئىش - ئىزلىرى تەسۋىر-
لەنگەن. خەن ھۆكۈمىتىگە بەيئەت قىلغان ھۇن ئەمىرلىرى ئىچى-
دىكى شيەن فامىلىلىك جەمەت 130 يىلچە داۋام قىلغان.
△ خەن ( 韩氏 ) : جەنۇبىي ھۇنلاردا «خەن» ( 韩 ) فامى-
لىسى بولغانىدى. «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىر-
سى» دە جەنۇبىي ھۇنلارنىڭ خەن (ھۇنچە نېمىدەپ ئاتىلىدىغانلى-

قى ئېنىق ئەمەس) جەمەتىدىكى قۇتبەگلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ماكان تۇتۇپ، كېيىنكى خەن ھا-
مىيلىقىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى بايان قىلىنغان. ياپونىيە
ئىلمى ساھىبى ئۈچىدا (内田吟风) ئەپەندىنىڭ قارىشىچە،
خەن فامىلىلىكلەر ھۇنلىشىپ كەتكەن خەنزۇلاردۇر.①

△ لاڭ (郎氏): ھۇنلاردا خەنزۇچە فامىلە «لاڭ» (郎)
ئىشلىتىلگەن «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»
دە لاڭ فامىلىلىك قۇتبەگنىڭ ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنغان.
«لاڭ» ساپ خەنزۇچە فامىلە بولۇشى ناتايىن. ئۇنى ھۇنچە فامى-
لىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ بىرىنچى خېتىدىن كەل-
گەن دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

△ لىجى (栗籍氏): جەنۇبىي ھۇنلاردا «لىجى» (栗籍)
فامىلىسى بولغانىدى. بۇ فامىلىنىڭ ھۇنچە فامىلە ياكى فامىلە
سۈپىتىدە چۈشىنىلگەن بىرەر نامنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى
بولۇش ئېھتىمالى كۈچلۈك.

△ ئاۋجيەن (奥鞬): «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇن-
لار تەزكىرىسى» دە، ئاۋجيەن فامىلىلىك قۇتبەگ ھەققىدە قىس-
قىچە مەلۇمات بار. بۇ يەردىكى «ئاۋجيەن» بەلكى ھۇنچە «ئۆ-
كەن» ياكى «ئۆكىن» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن.

△ خېلەن (贺兰氏): بۇ يەنە «خې» (贺氏) ۋە «خې-
لەي» (贺赖氏) مۇ دېيىلىدۇ. «خېلەن» ھۇنلاردىكى چوڭ
جەمەتلەردىن بىرى بولۇپ، مەزكۇر فامىلىلىك جەمەت غەربىي
جىن (255 ـ 316) نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سەددىچىنىنىڭ
جەنۇبىغا كىرگەن. «جىننامە» نىڭ 97 ـ جىلدى «ھۇنلار تەزكى-
رىسى» دە بايان قىلىنغان ھۇنلارنىڭ 19 ئۇرۇقى ئىچىدە خېلەي
(贺赖) ئۇرۇقىمۇ بار. «ئون ئالتە پادىشاھلىقتا ئەمىنىلىك

① جىن لىيەنچىڭ: «جۇڭگودىكى قەدىمكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، 26 ـ بەت.



ۋە يېغىلىق، قا تولۇقلىما» («十六国春秋辑补») دا تەسۋىر-
لىنىشىچە ھۇن تەگرىقۇتى خېلەيتو (贺赖头 ـ ھۇنچە؟) ئوتتۇز
بەش مىڭ تۇتۇنلۇك قەبىلىسىنى باشلاپ، ئالدىنقى يەن سۇلالىسى
(ئون ئالتە پادىشاھلىقنىڭ بىرى) غا بەيئەت قىلغان. بۇ دەۋردە
خېلەي جەمەتىنىڭ سىيانپىيلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىن
ئىدى. كېيىن ئۇلار شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارام بولۇپ
قالدى. ۋېي خانلىقى دەۋرىدە بۇ جەمەتتىن خېلەيلو (贺赖卢)
مۇھىم ۋەزىرلەردىن بىرى بولغانىدى. «ۋېينامە. ئەمەلدارلار
تەزكىرىسى» («魏书官氏志») دا ئېيتىلىشىچە، كېيىن
«خېلەن» (贺兰) ياكى «خېلەي» (贺赖) فامىلىسى «خې»
(贺) غا ئۆزگەرتىلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىلگىرىكى
مۇرەككەپ فامىلە «خېلەي» (贺赖) ۋە «خېلەن» (贺兰)
دېگۈدەك ئىشلىتىلمىگەن. «ۋېينامە» دە خاتىرىلەنگەن خېنا
(贺纳)، خې لىجۇەن (贺力眷) لەر دەل ئاشۇ فامىلىلىك
كىشىلەر ئىدى. خېلەن (贺兰) فامىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى
خېلەن تېغى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. خەنزۇچە نۇرغۇن تارىخىي
ۋەسىقىلەردە خېلەن فامىلىسىنىڭ خېلەن تېغىنىڭ نامىدىن كەل-
گەنلىكى يېزىلغان. كېيىنچە بۇ نام خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغان-
دەك ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، «خې» (贺) خېتىگە قىسقارتىلغان.

△ يۈۋېن (宇文氏): «يۈۋېن» (宇文) ئەسلىدە مو-
رون جەمەتىنىڭ فامىلىسىدۇر. «ۋېينامە. يۈۋېنفۇ تەزكىرىسى»
دە «يۈۋېن» فامىلىلىكلەرنىڭ جەنۇبىي ھۇن تەگرىقۇتلىرى بىلەن
تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىقى خاتىرىلەنگەن. «يۈۋېن»
(宇文) فامىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خەنزۇچە تا-
رىخنامىلەردە ھەر خىل پىكىرلەر بار. «جۇنامە. ۋېندى خاتىرى-
سى» («周书.文帝纪») دە، بۇ «ئاسمان» مەنىسىدىكى «يۈ»
(宇) بىلەن «ئەمىر، مۆتىۋەر» مەنىسىدىكى «ۋېن» (文)
سۆزىدىن تەشكىل تاپقان فامىلە دېيىلىدۇ. ئەمما بۇ يەردە دېيىل-

ۋاقىتنى خەنزۇ تىلىدىكى ئەمەس، بەلكى خۇن تىلى ياكى سىيانپى تىلىدىكى مەنىدۇر. يەنە بەزىلەر، يۈۋېن فامىلىلىك جەمەت چارۋىچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئوت - چۆپ ئىسمىنى قەبىلىسىنىڭ نامى قىلىۋالغان دەپ قارايدۇ.[1] خەنزۇچە تارىخنامىلەردە مەزكۇر فامىلىلىكلەر كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان يۈۋېن شۇ ( 宇文输 ) ، يۈۋېن بو ( 宇文拔 ) ، «ۋېينامە» دە تىلغا ئېلىنغان يۈۋېن فۇ ( 宇文福 ) ، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. داڭ چاڭ تەزكىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان يۈۋېن شېڭ ( 宇文生 ) «ۋېينامە. شىزۇڭ خاتىرىسى» دە تىلغا ئېلىنغان يۈۋېن زىشېڭ ( 宇文子生 ) ... دەك. بۇنىڭدىن سىرت، غەربىي ۋېي ۋە شىمالىي جوۋ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، خۇن ئەۋلادلىرىدىن بولغان خاقانلاردا مەزكۇر فامىلىنى ھەدىيە قىلىش ئەھۋالى كۆپرەك ئىدى.

△ جاڭ ( 张氏 ) : خۇنلاردا خەنزۇچە «جاڭ» ( 张 ) فامىلىسى بار ئىدى. «جىننامە» دە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شىنشىڭ ( 新兴 ) ، يەنمېن ( 雁门 ) ، شىخې ( 西河 ) ، تەييۈەن ( 太原 ) ... قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ 300 دىن ئارتۇق قورغان - قەلئە سالدۇرغان، يۈز نەچچە مىڭ تۇتۇنلۇق ئاھالىسى بار خۇن سەركەردىسى جاڭ پىڭ ( 张平 ) ھەققىدە خاتىرە بار. «كېيىنكى جاۋ خاتىرىلىرى» ( « 后赵录 » ) ، «ۋېينامە. تەيزۇ خاتىرىسى» ، «شىمالىي چىننامە» قاتارلىق تارىخىي ۋەسىقىلەردە خۇن نەسىللىك جاڭ سەيجى ( 张材伎 ) ، غوز سەركەردىسى جاڭ چوڭ ( 张崇 ) ، جاڭ داتو ( 张大头 ) ، جاڭ لياڭ ( 张亮 ) قاتارلىق شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، توغا خۇنلىرىدىمۇ جاڭ فامىلىلىك جەمەت بولغا-

[1] يۇقىرىقى نەقىل، 30 - بەت



نىدى. مەسىلەن، «ئون ئالتە پادىشاھلىقتا ئەمىنلىك ۋە يېغىلىق» ، «كېيىنكى جاۋ خاتىرىلىرى» دا تىلغا ئېلىنغان سەركەردە جاڭ جىن ( 张进 ) ، «جىننامە» دە تىلغا ئېلىنغان جاڭ ۋاڭ ( 张闾 ) ، «جىننامە» دە تىلغا ئېلىنغان جاڭ لوڭشى ( 张龙世 ) ، «ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» دە تىلغا ئېلىنغان جاڭ يەن ( 张延 ) قاتارلىقلاردەك.

△ گو ( 郭氏 ) : بۇ فامىلىنىڭ خۇنلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار «ئون ئالتە پادىشاھلىقتا ئەمىنلىك ۋە يېغىلىق» ، «ئومۇمىي تەھسىل» ( « 通考 » ) ، «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دېگەن ئەسەرلەردە ئۇچرايدۇ. شۇ ئەسەرلەردە «گو» فامىلىسىنى ئىشلەتكەن گوجى ( 郭机 ) ، گوچاۋ ( 郭超 ) قاتارلىق شەخسلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە خاتىرىلەر بار.

△ چېن ( 陈氏 ) : «چېن» ( 陈 ) فامىلىسىنى خۇنلار ۋە توغا خۇنلىرىدىن بىر جەمەت ئىشلەتكەنىدى. «جىننامە» نىڭ 102 - جىلدى «چېن يۈەندا تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنغان چېن يۈەندا ( 陈元达 ) نىڭ فامىلىسى خەنزۇچە ئىدى. توغا خۇنلىرىدىمۇ مەزكۇر فامىلىنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن، «جىننامە. چېن ۋۇنىڭ غەيرىي تەرجىمىھالى» دە توغا غوزلىرىدىن چىققان قوشاقۋاز چېن ۋو ( 陈武 ) ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بار.

△ چىمۇ ( 綦母氏 ) : بۇمۇ خۇنلارنىڭ بىر فامىلىسى ئىدى. بۇ ئەسلىدە خۇنچە فامىلە (ياكى فامىلە تۇسىدىكى نام) بولۇپ، ئۇنىڭ خۇنچە ياكى غوزچە نېمە دېيىلىدىغانلىقى بىزگە نامەلۇم. ئەمما ئۇنى «چىم» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ بېقىشقا بولىدۇ. «جىننامە. خۇنلار تەزكىرىسى» دە خەن ۋۇدى دەۋرىدە چەۋەندازلار مۇپەتتىشى مەنسىپىنى تۇتقان چىمۇ چيەنيې ( 綦母伣邪 ) نىڭ تۆھپىلىرى ھەققىدە، «جىننامە. ليۇسوڭ خاتىرىسى» دە چىمۇدا ( 綦母达 ) ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدىن سىرت

«راھىبلار تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» (« 续高僧传 ») نىڭ 33 ـ
جىلدى «لىنامانتى تەزكىرىسى» ۋە «شىمالىي چىنامە» دە، چىمۇ
خۇەيۋېن ( 綦母怀文 ) نىڭ ئىلمى ھېساب، ئىلمى ھەندەسە،
مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى، بىناكارلىق، كالېندارچىلىق جەھەت-
لەردە ئىنتايىن كامىل شەخس ئىكەنلىكى يېزىلغان.[1] چىمۇ فامى-
لىلىك جەمەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە خەن دەۋرىدىلا كىرىپ بولغان،
ھەم ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى خەنزۇچە خەت بىلەن ئاھاڭ تەرجىمى-
سى قىلىپ، ئىسمىنى خەنزۇچە ئىشلىتىدىغان «ھۇنچە
فامىلە + خەنزۇچە ئىسىم» شەكلىنى پەيدا قىلىپ ئۇزاق داۋام-
لاشتۇرغانىدى.
△ جىن ( 靳氏 ) : جىن دەۋرىدىكى ھۇنلاردا «جىن»
( 靳 ) فامىلىسى بولغانىدى. جىن فامىلىلىك ھۇنلار جىن
سۇلالىسى خان جەمەتى بىلەن قۇدىلاشقان، كېيىن سىياسىي
ئۆزگىرىش قوزغىغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەي قىرغىن
قىلىنغانىدى. جىن دەۋرىگە ئائىت كىتابلاردا بۇ فامىلىلىك جە-
مەتتىن چەۋەندازلار مۇپەتتىشى جىن مەن ( 靳满 ) ، ھۇنەرۋەن-
لەر تۆرىسى جىن لىڭ ( 靳陵 ) ، ھىماتچى بەگ جىن خۇەي
( 靳淮 ) قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرى بىرقەدەر تەپسىلىي تو-
نۇشتۇرۇلغان.
△ ما ( 马氏 ) : ھۇنلاردا «ما» ( 马 ) فامىلىسى بولغانىد-
ى. «جىننامە» نىڭ 101 ـ جىلدى «لىيۇيۇەنخەي تەزكىرىسى»
دە ھىماتچى بەگ ماجىڭ ( 马景 ) ھەققىدە بايانلار بار بولۇپ،
ئۇ ھۇن ئىدى. «ۋېينامە» نىڭ 69 ـ جىلدىدا مىلادىيە 520 ـ
يىللىرىدا شىمالىي ۋېي خاندانىغا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆزىنى خاقان
دەپ ئېلان قىلغان مادېيتىڭ ( 马牒腾 ) ھەم خەنزۇچە «ما»
فامىلىسى ۋە خەنزۇچە ئىسمىنى ئىشلەتكەن ھۇن كىشى ئىدى.

[1] بۇ جەمەتتە جاك زىگاۋ تۈزگەن «جۇڭگونىڭ خىمىيە تارىخى تېزىسلىرى» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن.



يۈەن دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىدە يۈەن ھۆكۈمىتى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىپ تۇرۇپ قالغان بىر جەمەتنىڭمۇ خەنزۇچە «ما»
فامىلىسى بولغانىدى. بۇ جەمەتنىڭ نامى ئەسلىدە «يۇڭگۇ»
( 雍古 : بۇ «يارغۇل» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇم-
كىن) بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئاقسۆڭەك جەمەت
ئىدى. بۇ جەمەتتىن دەسلەپتە تۆمۈر يۆگې ( 铁木尔越哥 -
«تۆمۈر يۈك» ، بولۇشى مۇمكىن) لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاتلىق
قوشۇنىنىڭ پانسادلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولغاچقا،
ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «ئات» مەنىسىدىكى «ما» ( 马 ) نى فامىلە
قىلىپ قوللانغان. بۇ جەمەتتىن لياۋ ۋە يۈەن دەۋرىدە يۇقىرى
مەنسەپ تۇتقانلار ۋە بىلىملىكلەر كۆپ چىققان. مەسىلەن، يۈەن
دەۋرىدىكى ئوردا تېۋىپى مارۇنشى ( 马润什 ) ، ئۇنىڭ ئوغلى،
يۈەن دەۋرى ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى چوڭ ئەدىب مازۇچاڭ ( 马
祖常 ) ، ئۇنىڭ بوۋىسى ماشىدې ( 马世德 ) ۋە ئىنىسى ماج-
يۇشياۋ ( 马九宵 ) ، شۇنداقلا يەنە ئۇلار بىلەن نەسەبداش ماداڭ
( 马当 ) ، ماشۈن ( 马洵 ) ، ماجىزى ( 马季子 ) ، مازۇچ-
يەن ( 马祖谦 ) قاتارلىقلار. ئەلۋەتتە، ھۇنلار قوللانغان «ما»
فامىلىسى بىلەن يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار قوللانغان «ما» فامى-
لىسى ئوتتۇرىسىدا يىلتىزداشلىق مۇناسىۋىتى يوقتۇر.
△ لى ( 李氏 ) : «لى» ( 李 ) فامىلىسىنى يالغۇز ھۇنلار-
لا ئەمەس، بەلكى تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغان ياكى
كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ قوللانغانىدى. «ئون ئالتە پادى-
شاھلىقتا ئەمىنلىك ۋە يېغىلىق. ئالدىنقى جاۋ خاتىرىلىرى»
دە، تاغىسىدىن خەت يېزىشنى ۋە كىتابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن ھەم
ئۇني خوتۇنىغا ئۆگەتكەن ھۇن كىشى لى جىڭنيەن ( 李景年 )
ھەققىدە خاتىرە بار. ئۇنىڭدىن باشقا تۇغا ھۇنلىرىدىمۇ «لى»
فامىلىلىك كىشىلەر بار ئىدى.
تاڭ سۇلالىسىنى بەرپا قىلغان لى شىمىنىڭ خەنزۇ پادىشاھلى-

رىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، دۆلەت فامىلىسى (يەنى خان جەمەتى فامىلىسى) «لى» (李) نى خىزمەت كۆرسەتكەن شەخسلەرگە، ئەل بولغان قوۋملەرگە تارتۇق قىلىشنى ئادەت قىلغان ۋە بۇنى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتىكى ئۈنۈملۈك مىللىي سىياسەت قىلغانىدى. بىز تاڭ سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن قانچىلىغان ئۇيغۇرلارغا «لى» فامىلىسىنى ھەدىيە قىلغانلىقىنى تارىخىي دەلىللەرنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن ئېنىق بايان قىلىپ بېرەلمەيمىز. ئەمما ئېيتىشقا بولىدۇكى، تاڭ دەۋرىدە شەرقىي ۋە غەربىي ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىلگىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەن. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، جەنۇبقا — سەددىچىننىڭ ئىچى تەرىپىگە كۆچكەن ئۇيغۇرلاردىن «لى» فامىلىسىنى قوبۇل قىلغانلىق ياكى ئىشلەتكەنلىك ھەققىدە ئېنىقراق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىراق، جاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق جايلاردا تىجارەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ھەربىي ياردەم تۈرلىرى بويىچە مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ «لى» فامىلىسىنى ئىشلەتكەنلىكىگە دائىر ماتېرىياللار ئاز ئەمەس. كەييۈەننىڭ دەسلەپكى يىللىرى (739 ـ 740 ـ يىللار) تۈركلەرگە ئاسىيلىق قىلىپ تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولغان ئەمەلدار ئاتى سىتەي (阿铁思泰) كېيىنكى كۈنلەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشقا ئەللەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرىدا چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەچكە «لى» فامىلىسىگە مۇيەسسەر بولغانىدى.① بۇنىڭدىن باشقا، تاڭ ھۆكۈمىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان ئۇيغۇرلارغا ھەدىيە قىلىدىغان «لى» فامىلىسىنى يەنە باشقىلارغىمۇ ھەدىيە قىلغان. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي قوماندان بولۇپ ئىشلىگەن ئۇيغۇرلاردىن ھورمۇز تېكىنگە «لى

---

① «يېڭى تاڭنامە»، 217 ـ جىلد.



شېڭتيەن» (李圣天) دەپ، ئارۇچىغا «لى سىجېن» (李思贞) دەپ، سارۋۇچۇرغا «لى سىجوڭ» (李思忠) دەپ، ئاياۋىرغا «لى خوڭگېڭ» (李弘更) دەپ، مەشھۇر تېببىي ئالىم لىشۈن (ئەسلىي ئۇيغۇرچە ئىسمى مەلۇم ئەمەس) گە «لىشۈن» (李旬) دەپ خەنزۇچە ئىسىم ـ فامىلە ھەدىيە قىلغانىدى. ئەمما شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھۇنلار قوللانغان خەنزۇچە فامىلە «لى» (李) بىلەن تاڭ پادىشاھلىرى ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە ھەدىيە قىلغان «لى» فامىلىسى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە يوق. ئۇلار ۋەكىللىك قىلغان جەمەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

△ فېڭ (冯氏): «جىننامە. شىلا خاتىرىسى» (104 ـ جىلد) تىكى بايانلار ئىچىدە، ھۇن (ياكى غۇز) لاردىن چىققان فېڭ موتۇ (冯莫突) ئىسىملىك بىر كىشى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ھۇنلاردا خەنزۇچە فامىلە «فېڭ» (冯) نى قوللىنىلغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

△ ما (麻氏): ھۇنلاردا «ما» (麻) فامىلىسى بار ئىدى. «جاۋيې ھەققىدە ئومۇمىي خاتىرە» («朝野全载») گە كېيىنكى جاۋ بەگلىكىدىكى شىلا سانغۇنى ماچيۇ (麻秋) ھەققىدە قىزىقارلىق بىر ھېكايە پۈتۈلگەن. «ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» نىڭ 98 ـ جىلدىدا ھەم ماچيۇ ھەققىدە بايانلار بار. ئۇمۇ خەنزۇچە فامىلە قوللانغان جەنۇبىي ھۇنلاردىن ئىدى.

△ ساۋ (曹氏): ھۇنلاردا «ساۋ» (曹) فامىلىسى ئىشلىتىلگەن. «جىننامە. فۇجيەن ھەققىدە خاتىرە» (113 ـ جىلد) دە ھۇنلارنىڭ ئوق قول بىلىكخانى ساۋگۇ (曹毂) نىڭ ھەربىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بارغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. «جىننامە» 119 ـ جىلدىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى نەچچە تۈمەن غۇز (يەنى ھۇن ئەۋلادلىرى) لارنىڭ ساۋخوڭ (曹弘) ئىسىملىك ھۇننى تەڭرىقۇت قىلىپ تىكلىگەنلىكى، ئەمما جىن قوشۇن-

لىرىنىڭ ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار.
ئۇندىن باشقا «جىننامە» نىڭ 118 ـ جىلدىدا، نەچچە تۈمەن
ئادەملىك ئارمىيىنى باشلاپ سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كۆچكەن ساۋيەن
( 曹寅 )، ساۋچى ( 曹炽 )، ساۋيۈن ( 曹云 ) قاتارلىق
ھۇنلار ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بار. ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
بىر جەمەتكە مەنسۇپ ھۇنلار ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسى
دەۋرىگە ئائىت خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردىمۇ ساۋ فامىلىلىك
ھۇنلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئېنىق بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە
يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغۇچىلار «ۋېينامە» نىڭ 3 ـ جىلـ
دى، 4 ـ جىلدى، «شىمالىي چىنامە» نىڭ 2 ـ جىلدىغا مۇراجى
ئەت قىلسا بولىدۇ.

ساۋ ( 曹 ) فامىلىسى يالغۇز ھۇنلاردىلا بولۇپ قالماستىن،
يەنە ئۇ سۇي ـ تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى ئۆرتۆپە (كېبۇت)
بەگلىكىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ پائالىيەت قىلغان سوغ
دى نەسىللىك ئۇيغۇرلارمۇ قوللانغان فامىلە ئىدى. ئۆرتۆپە بەگ
لىكى خەنزۇ تىلىدا «ساۋگو» ( 曹国 ) دېيىلىدىغان بولۇپ،
«ساۋ» ئۆرتۆپە خان جەمەتىنىڭ فامىلىسىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ
تەرجىمىسىدىن كەلگەن بولسا كېرەك. گەپنى قىسقارتساق، ئۆر
تۆپە بەگلىكىدىن ئىچكىرىگە بېرىپ پائالىيەت قىلغان ۋە ئولتۇ
راقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارمۇ «ساۋ» فامىلىسىنى قوللانغان. بۇ
جەھەتتە تاڭ سۇلالىسى كەييۈەن يىللىرىدا (مىلادىيە
713 — 714 ـ يىللار) ھەرقايسى ساھەدىكى سەنئەتكارلار بىلەن
چاڭئەنگە كەلگەن مەشھۇر مۇزىكانت، مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ۋە
ئاكۇستىك ساۋ جاۋ كۇي ( 曹召悝 )، مۇزىكا مائارىپچىسى ساۋ
شاۋيى ( 曹昭仪 ) لەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەك كۇپايە



قىلىدۇ.①ئۇلاردىن سىرت، مەزكۇر فامىلىنى ئىشلەتكەن ئۆرتۆ
پە بەگلىكى مۇھاجىرلىرىدىن «كونا تاڭنامە» 29 ـ جىلدىدا تىلغا
ئېلىنغان ساۋپولومىن ( 曹婆罗门 )، «شىمالىي سۇلالىلەر
تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان ساۋمياۋدا ( 曹妙达 )، «شىمالىي
سۇلالىلەر تارىخى. ئىشىن تەزكىرىسى» دە تىلغان ئېلىنغان ساۋ
زىڭنۇ ( 曹僧奴 )، ساۋشياۋيى ( 曹昭仪 )، «بەرباب خاتىرى
سى» ۋە «نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىسى» قاتارلىق ۋەسىقى
لەردە تىلغا ئېلىنغان ساۋباۋ ( 曹保 )، ساۋ شەنسەي ( 曹善
才 )، ساۋگاڭ ( 曹刚 )، ساۋ جۇڭدا ( 曹仲达 )، ساۋ
گوڭفېڭ ( 曹供奉 ) لار ۋە بىز نامىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق
بولالمىغان مەزكۇر فامىلىلىك ئۇيغۇرلار بار ئىدى. ھۇنلار قوللانـ
غان «ساۋ» فامىلىسى ۋە شۇ فامىلىلىك جەمەت بىلەن ئۆرتۆپە
خان جەمەتىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى بارمۇ ـ يوق، دېگەن مەسى
لىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

△ شۆ ( 薛氏 ): «ۋېينامە» نىڭ 69 ـ جىلدى «پېي يەن
جۇن تەزكىرىسى» نىڭ قوشۇمچىسى «پېي لياڭ تەزكىرىسى» دە،
بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى تۇجىڭ ( 吐京 ) دېگەن
جايدا شۆيۈ ( 薛羽 ) قاتارلىق كىشىلەرنىڭ (ۋېي سۇلالىسىگە)
خائىنلىق قىلغانلىقى خاتىرىلەنگەن. يەنە شۇ كىتابتا، غۇزلاردىن
شۆشىگوڭ ( 薛悉公 ) قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىنى پادىشاھ قىلىپ
تىكلىگەنلىكىدەك ۋاقە خاتىرىلەنگەن. دېمەك، ھۇنلاردا خەنزۇچە
فامىلە «شۆ» نى قوللانغان بىر جەمەت بولغانىدى. يۈەن دەۋرىدە
ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر جەمەتمۇ «شۆ»
فامىلىسىنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن، شۆ ئاڭفۇ ( 薛昂夫، ئەس
لىي ئىسمى شۆچاۋۇ ـ 薛超吾، تەخمىنەن 1270 — 1351 ـ

① بۇلار توغرىسىدا، ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ «سۇي ـ تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر» ناملىق كىتابىغا قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.

يىللار) غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر ئەۋلادى بولۇپ، ئۇ يۈەن دەۋرىدە خەنزۇ تىلىدا نۇرغۇن ئەسەر يازغان مەشھۇر نەزمىچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدە مەزكۇر فامىلىنى ئىشلەتكەنلىك ھەققىدىكى يازما خاتىرىلەر ئېنىق ئەمەس.

△ لوڭ (龙氏)؛ قەدىمكى ئاگنى (بۈگۈنكى قارا شەھەر) لىكلەر ئىچىدە «لوڭ» (龙) فامىلىسى قوللىنىلغان ئىدى. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 ـ جىلدى «ئاگنى تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئاگنى خانىنىڭ فامىلىسى «لوڭ»، ئىسمى جۇشبىنو (九尸毕舟 ـ ئارجۇنا كوشبېنا) ئىدى. شۇ ۋەسىقىدە سۈي خانى ياڭدى دەۋرى (مىلادىيە 605 ـ، 616 ـ يىللار) دىكى ئاگنى خانىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى لوڭ تۇچجى (龙突骑支 ـ ئارجۇنا تۇركەش) ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا ئىسمى ئەسلىي ئاگنى تىلىدىكى ئىسمىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان بولسا، «لوڭ» (龙) فامىلىسىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنرەك تەختكە چىققان بىر خانىنىڭ فامىلىسى «لوڭ»، ئىسمى بولسا «لەيتۇ» (赖突) دەپ يېزىلغان. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاگنى خان جەمەتىنىڭ فامىلىسىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى «لوڭ» ئىدى. «ئەجدىھا» مەنىسىدىكى «لوڭ» ئاگنى خان جەمەتى قوللانغان «ئارجۇنا» فامىلىسىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەنمۇ ياكى مەنە تەرجىمىسىدىن كەلگەنمۇ، بۇ بىزگە نامەلۇم.

△ بەي (白氏): «بەي» (白) قەدىمكى كۆسەنلىكلەر قوللانغان فامىلە ئىدى. ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرى قەدىمكى كۆسەنلىكلەر ئىشلەتكەن مەزكۇر فامىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى



«بەگ» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.① كۆسەنلىكلەرنىڭ «بەي» فامىلىسى ئەڭ دەسلەپتە خەنزۇچە تارىخنامىلەردىن «كېيىنكى خەننامە» نىڭ 77 ـ جىلدى «بەنچاۋ تەزكىرىسى» دە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا كۆسەن خانى بەي با (白霸 ـ سۇۋارنا پۇسپا) نىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقى ھەققىدە خاتىرە بار. بەي با خاندىن كېيىن كۆسەندە بەي يىڭ (白英)، بەي چۇن (白纯 ـ سۇۋارناچۇن)، بەي چېن (白震)، بەي سۇنجى (白苏尼咥 ـ سۇۋارنا سۇنىچ)، بەي سۇفا بوجۇ (白苏伐勃駃 : سۇۋارنا پۇسپا ـ Suvarna Puspa)، بەي سۇفالىي (白苏伐垒 : سۇۋارنا دېۋا ـ Suvarna deva)، بەي كې لىبۇشىبى (白诃黎布失毕 ـ سۇۋارنا خارىپۇسپا)، بەي سۇجى (白素稽 ـ سۇۋارنا سۇچى بولۇشى مۇمكىن)، بەي يەنتيەندىي (白延田跌)، بەي موشىن (白莫芯 ـ سۇۋارنا مورچىن بولۇشى مۇمكىن)، بەي دوشى (白多市)، بەي خۇەن (白环 ـ سۇۋارناخان بولۇشى مۇمكىن) قاتارلىقلار خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. بەي با (سۇۋارنا پۇسپا) تەختتە ئولتۇرغان مىلادى 91 ـ يىلىدىن بەي خۇەن (سۇۋارناخان؟) تەختتە ئولتۇرغان مىلادىيە 788 ـ يىلىغىچە بولغان جەمئىي يەتتە ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، كۆسەندە بەي (بەگ ـ سۇۋارنا) فامىلىلىكلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. بۇنىڭدىن باشقا بىر ئەللىكلەرنى بىر جەمەتتىن دەپ قاراشتەك ئادەت ۋە خەنزۇلاردىكى فامىلىلاش ئادىتى سەۋەبىدىن، بۇددا دىنىنى تارقىتىش ۋە ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان كۆسەنلىكلەرمۇ «بەي» فامىلىنى قوللانغان ۋە ئىسىملىرىنىمۇ خەنزۇچىگە ئۆزگەرتكەن. مەسىلەن، جىن دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بۇددا ئىبادىتى

① ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي: «قەدىمكى كۇچارلىقلارنىڭ ‹بەي› (白) فامىلىسىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1993 ـ يىلى 4 ـ سان

بىلەن مەشغۇل بولغان بەي داۋ يوۋ ( 白道猷 ) ئەنە شۇلار
جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭدىن باشقا سۈي ـ تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىكتىكە مۇزىكا سەنئىتىنى ئېلىپ بېرىپ، مۇزىكا ئىجادىيە-
تى بىلەن شۇغۇللانغان كۆسەنلىكلەرمۇ «بەي»نى فامىلە قىلىپ
ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ كۆسەنلىك ئىكەنلىكىنى ئى-
شارە قىلغانىدى. مەسىلەن، سۈيياڭدى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىككە بېرىپ كۆسەن مۇزىكىچىلىق ئېقىمىغا تەۋە مۇزىكىلار
بىلەن مەشغۇل بولغان بەي مىڭدا ( 白明达 ) شۇلار جۈملىسى-
دىندۇر. قەدىمكى كۆسەنلىكلەر قوللانغان خەنزۇچە فامىلە
«بەي» ( 白 ) بەزى تارىخىي كىتابلاردا «بو» ( 帛 ) دەپمۇ
يېزىلغان.

△ ۋېيچى ( 尉迟氏 ) :① بۇگۈنكى خېنەن ئۆلكىسى تەۋە-
سىدىكى بەزى خەنزۇلار ئىشلىتىدىغان «ۋېيچى» ( 尉迟 ) فامى-
لىسى قەدىمكى ئۇدۇن خان جەمەتىنىڭ فامىلىسى «ۋايجرا» (يا-
كى «ۋىسا») نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەندۇر. ئۇدۇن خان
جەمەتىنىڭ فامىلىسى تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى ۋە شۇ چاغدىكى
ۋاقىتلاردا «ۋايجرا» ئىدى. بۇ ھەقتە «جىننامە»نىڭ 125 ـ
جىلدى، «ۋېينامە»نىڭ 2 ـ جىلدى... قاتارلىق خەنزۇچە تارى-
خىي كىتابلاردا ئېنىق مەلۇمات بار. دەسلەپتە «ۋايجرا» فامىلى-
سى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە « 尉迟 » دەپ يېزىلغان. «ۋېينا-
مە، ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، بۇ فامىلە كېيىن
«ۋېي» ( 尉 ) گە قىسقارتىلغان. ئۇدۇن خان جەمەتى ئەسلىي
ۋىجاۋا (Vijava) ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بولۇپ، تىبەتچە ۋەسىقىلەردە
«ۋىجارا» ۋە «ۋىجايا» (vijaya) شەكلىدە يېزىلغان. بۇ دەل ساك
تىلىدىكى «ۋىسا» (visa) بولۇپ، «ۋېيچى» فامىلىسى ئەنە شۇ
«ۋىسا» ( ئۇيغۇرچە تەتقىقات نەتىجىلىرىدە ۋايجرا ـ vayjra دەپ

---

① ۋېيچى ( 尉迟 ) فامىلىسى يەنە «يۈچى» دەپمۇ ئوقۇلىدۇ. « 尉 » خېتى كۆپ ئاھاڭلىق
خەتتۇر.



ئېلىنغان) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. ئۇدۇن خان جەمەتىدە
«ۋايجرا» (ياكى «ۋىسا») فامىلىلىك نۇرغۇن خانلار ئۆتكەن.
بىز يەردە ئۇلارنىڭ نامىنى كۆرسەتمەيمىز. ئۇدۇندىن ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىككە بارغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇدۇنلۇق
ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە «ۋايجرا» نىڭ ئاھاڭ تەرجى-
مىسى «ۋېيچى» نى فامىلە قىلىپ، ئىسىملىرىنى بەزىدە خەنزۇچە
ئىسىم ـ فامىلە خەتلىرى بىلەن بەزىدە ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئاھاڭ
تەرجىمىسى سۈپىتىدىكى خەتلەر بىلەن ئىپادىلىگەنىدى.

△ نا ( 那氏 ) : قەدىمكى فەرغانە (Farghana) دۆلىتىنىڭ
نامى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە «پولونا» ( 破洛那 ) ، «بوخەن»
( 钹汗 ) ، «بوخەننا» ( 拔汗那 ) ، «بۇخەن» ( 怖悍 ) ،
«داۋەنگو» ( 大宛国 ) دېگەن شەكىللەردە يېزىلغان ۋە ئاتالغان.
بۇ «تارىخىي خاتىرىلەر» ، «خەننامە» ، «كېيىنكى خەننامە» ،
«ئۈچ پادىشاھلىق تەزكىرىسى» ، «جىننامە» ، «ئون ئالتە پادى-
شاھلىقتا ئەمىنلىك ۋە يېغىلىق» ، «ۋېينامە» ، «شىمالىي
سۇلالىلەر تارىخى» ، «تاڭنامە» قاتارلىق كىتابلاردىكى ئوخشىمى-
غان ئاتىلىش شەكىللىرىدۇر. «پولونا» ( 破洛那 ) دېگەن
ئىسىمنىڭ ئاخىرىدىكى «نا» ( 那 ) خېتى كېيىنچە فەرغانىلىك-
لەرنىڭ فامىلىسى ھالىتىدە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەن-
گەن. «نا» فامىلىسىنى ئىشلەتكەن فەرغانىلىكلەردىن «ئون ئال-
تە پادىشاھلىقتا ئەمىنلىك ۋە يېغىلىق. كېيىنكى يەن پۈتۈكلى-
رى»دە تىلغا ئېلىنغان شەرقىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىكى ياڭجۇ
ئايمىقىنىڭ مۇئەررىخى، فەرغانىلىك ناچۈن ( 那椿 ) نى مىسال
قىلساق كۇپايە قىلىدۇ.

△ شى ( 石氏 ) : تارىختا شاش خانلىقىدىكى بەزى ئۇيغۇرلار
ئۆزلىرىگە يۇرت نامى شاش ياكى شاش دۆلىتىنىڭ ئورنى تاشكەند-
نىڭ نامىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان بولۇپ، «شى» ( 石 )
فامىلىسىنىڭ «تاشكەند» دىگەن نامدىكى «تاش» نىڭ مەنە تەرجى-

مىسىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق. سۇي تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەمەل تۇتقان، سەنئەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان شاشلىقلار ئىچىدە «شى» (石) خېتىنى فامىلە سۈپىتىدە قوللانغانلار كۆپ ئىدى. مەسىلەن، تاڭ سۇلالىسى جىنگۇەنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئۈۋرغۇل شەھىرىنىڭ باشلىقى شى ۋەنىيەن (石万年)، جاڭيې ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئەمەلدارى شى چۇڭجۇن (石崇俊)، مۇدەررىسلەردىن شى باۋشەن (石宝山)، سەنئەتكارلاردىن شى فۇچىڭ (石福庆)، شى جىيجى (石诚直) ... قاتارلىقلار.

△ خې (何氏): سۇي ـ تاڭ دەۋرىدە كۇشان خانلىقىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان راھىبلار، ھۈنەرۋەنلەر، سەنئەتكارلار، سودىگەرلەر ۋە ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلار خەنزۇچە فامىلە «خې» (何) نى قوللانغانىدى. غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ فامىلىلىرى ئىچىدىكى «خې» فامىلىسى كوشان (Koschanyah) دۆلىتىنىڭ ئىسمىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن. قەدىمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە غەربىي يۇرتتىن بارغانلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىنى فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىشى ـ سۇي، تاڭ ۋە باشقا سۇلالىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، چەت ئەللىكلەرنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىشىدىكى بىر تۈرلۈك قانۇنىيەت بولۇپ قالغان. دېمەك، كۇشان خانلىقىدىن كەلگەنلەرنىڭ «何国» (كۇشان دۆلىتى) دېگەن نامىدىكى «كۇشان» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى «خې» نى فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. «راھىبلار تەرجىمھالى» نىڭ 18 ـ جىلدى «شاكراسامگا تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، شاكراسامگا (释僧伽) كۇشانلىق راھىب بولۇپ، كېيىن ئادەت بويىچە، دۆلەت نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى «خې» (何) خېتىنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن. كۇشانلىقلاردىن ئوت-



تۇرا تۈزلەڭلىككە تىجارەت ئۈچۈن كەلگەن سودىگەرلەرمۇ «خې» فامىلىسىنى قوللانغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 82 ـ جىلدى «خېتو تەزكىرىسى» دە خې تو ئىسىملىك غەربىي رايونلۇق كىشىنىڭ ئەھۋالاتى بايان قىلىنغان. شىمالىي چى سۇلالىسى ئوردىسىدىمۇ «خې» فامىلىسىنى قوللانغان كۇشانلىق كىشىلەر بولغانىدى. «شىمالىي چىنامە» نىڭ 50 ـ جىلدىدا ۋە 12 ـ جىلدىدا چى خانى ئامراق كۇشانلىق مۇزىكانتلاردىن خې خەي (何海) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خې خوڭجېن (何洪珍)، خې ۋېيسا (何猥萨) لار ئاشۇلار ئىچىدىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرىدۇر. سۇي دەۋرىدە كۇشانلىق سودىگەرلەرمۇ «خې» فامىلىسىنى قوللانغان. مەسىلەن، شۇ دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تىجارەت ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بارغان كۇشانلىقلار ئىچىدە ئاكا- ئۇكا مۇزىكانت خې تو (何妥) ۋە خېچوۋ (何绸) لار سۇي ئوردىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «يۇيياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر»، «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 119 ـ جىلدى، «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» نىڭ 184 ـ جىلدى ... قاتارلىق خەنزۇچە تارىخى ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ناخشىچى خې مەنزى، دراما ئارتىسى خې يې، خې پەنرەن، خې لۇ... قاتارلىقلارمۇ خەنزۇچە فامىلە «خې» نى قوللانغان ۋە ئىسىمىمۇ خەنزۇچىغا ئۆزگەرتكەن غەربىي يۇرتلۇقلاردۇر.

△ شى (史氏): تارىختا ئۆتكەن شەھرى سەبز (ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى سەمەرقەند شەھىرىنىڭ جەنۇبى) دىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ پائالىيەت قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىگە دۆلىتىنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى «شى» (史) خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغانىدى. مەزكۇر دۆلەتنىڭ ئەسلىي ئىسمى «شەھرى سەبز» ئەمەس، بەلكى «كېش» (Kesch) بولۇپ، بۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە «چىشى» (乞史) دەپ يېزىلغان. بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى يەنە «كاسانىيە» (Kasania, Kasani)

مۇ دېيىلىدۇ. بۇ خەنزۇچە مەنبەلەردە «چىيىشا» （ 怯沙 ） دەپ
يېزىلغان. بۇ دۆلەت سۈي دەۋرىدە ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك بىلەن
ئالاقىسىنى باشلىغان، ئەمما كېش （ شەھرى سەبز ） لىكلەر جەنۇ-
بىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن كېيىنلا ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە
كىرگەن. دېمەك، «شى» （ 史 ） فامىلىسى «كېش» دىگەن
دۆلەت نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى «شى» （ 史 ）
خېتىدىن ئېلىنغاندۇر. مەزكۇر فامىلىلىك كىشىلەر ئوتتۇرا تۇز-
لەڭلىكتە سەنئەت پائالىيەتلىرى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغان بو-
لۇپ، ئۇلار ئىچىدە «شىمالىي چىنامە» نىڭ 50 - جىلدىدا تىلغا
ئېلىنغان مەشھۇر مۇزىكانت، رەققاس ۋە سىركىچى شى چوۋدو
（ 史丑多 ） ، «تاڭ ئەھكاملىرى توپلىمى» دا تىلغا ئېلىنغان
چوڭ باي شى پوجى （ 史婆陁 ） ، «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 110 -
جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان شىدانەي （ 史达乃 ） ، شۇ كىتابنىڭ
225 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان، تاڭ دەۋرىدە توپىلاڭ كۆتۈرگەن
شى سىمىڭ （ 史思明 ） ، «مۇجۇاڭ كەنتىدىكى سەيلە
خاتىرىسى» نىڭ 4 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان شى خۇەن قاتارلىقلار
بىزگە مەلۇمدۇر.

△ مى （ 米氏 ）: تارىختا ئۆتكەن ماغىيان （ Mahgian -
ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىدىكى جايلار ）
دۆلىتىدىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان شەخسلەر
«مى» （ 米 ） خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغانىدى. خەنزۇچە
تارىخنامىلەردە ماغىيان دۆلىتى « 米国 » دەپ ئاتالغاچقا، بۇ
دۆلەتتىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بېرىپ پائالىيەت قىلغانلار «مى»
（ 米 ） خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغانىدى. بۇ دۆلەتتىن ئوتتۇ-
را تۇزلەڭلىككە بارغانلار ئىچىدە مۇزىكانتلار، ئاتەشپەرەستلەر
كۆپ ئىدى. «تەيپىڭ ھېكايەتلىرى» ۋە «نەغمە - ناۋا مەھكىمى-
سى خاتىرىلىرى» دىگەن كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان مى جياروڭ
（ 米嘉荣 ） ، مى خېجيا （ 米禾稼 ） ، مى ۋەنچۈي



（ 米万槌 ） ، «جەنۇبتا يېزىلغان يېڭى خاتىرىلەر» دە تىلغا
ئېلىنغان مى دۇجى （ 米都知 ） ، «تەيپىڭ خاتىرىلىرى» نىڭ
243 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان مى لياڭ （ 米亮 ） ، تاڭ دەۋرىدە
يېزىلغان «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئۆرنەكلەر» دە تىلغا
ئېلىنغان، تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئەدىب مى سۈي （ 米遂 ） ، سۇڭ
دەۋرىدىكى تۆت چوڭ خەتتاتنىڭ بىرى مى شى （ 米希 ） ،
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 260 - جىلدى «مى شىن
تەزكىرىسى» دە ئىش - ئىزلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن مى شىن
（ 米信 ） ،… لار، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ بارغۇت قەبىلىسىدىكى
تارخانلىق مەنسىپىگە نائىل بولغان مى خۇەييۇ （ 米怀玉 ）①لار
ئەنە شۇ خەنزۇچە «مى» （ 米 ） فامىلىسىنى ئىشلەتكەن ئەجداد-
لىرىمىز ئىچىدىن ئىگىلىگەنلىرىمىزدۇر.

△ ئەن （ 安氏 ）: تارىختا ئارساك （ ياكى بۇخارا ） دۆلىتى-
دىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە بارغانلار دۆلەت نامى «ئارساك» نىڭ
خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى «ئەنشى» （ 安息 ياكى 安迟 ） نىڭ
بىرىنچى خېتىنى ئۆزلىرىگە فامىلە سۈپىتىدە قوللانغانىدى. ئار-
ساكلىقلار خەن دەۋرىدىلا جۇڭگوغا كەلگەنىدى. ئالدى بىلەن
كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى راھىبلار ۋە سودىگەرلەردۇر. مەسى-
لەن، «راھىبلار تەرجىمىھالى» نىڭ 1 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان
راھىب ئەنچىڭ （ 安清 ） ، «ئۈچ ئەڭگۈشتەر خاتىرىسى» دە تىلغا
ئېلىنغان ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئەنفاشيەن （ 安法贤 ） ،
«راھىبلار تەرجىمىھالى» نىڭ 10 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان چوڭ
راھىبلاردىن ئەن خۇيزې （ 安慧则 ） ، ئەن شۈەن （ 安玄 ）
قاتارلىقلار. ۋېي - جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىد-
دىن ئاز سانلىق بىر قىسىم كىشىلەر ئىچكىرىگە بېرىپ لياۋ-
دۇڭدا ئولتۇراقلاشقان ۋە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

---

① «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى» دە، بۇ ئىسىم «مىخار تاش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

بۇلاردىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى «ۋېينامە» نىڭ 3 - جىلدى
«ئەن تۇڭ تەزكىرىسى» دە تونۇشتۇرۇلغان ئەن تۇڭ ( 安同 ) ،
مەشھۇر سېھرىگەر، پىرىخون ئەن كەيجې ( 安开者 ) لاردۇر.
شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىن كېيىن جۇڭگوغا كەلگەن ئاز سان-
لىق ئارساكلىقلار ئىچىدە سودىگەرلەر ۋە راھىب - پىرىخونلاردىن
باشقا ھۈنەرۋەن ۋە مۇزىكانتلارمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، سۈي
دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە ياشىغان ئەن پولو ( 安婆罗 ) ، سۈي دەۋ-
رىدىكى سېھرىگەر ئەن جياتو ( 安伽陀 ) ، شىمالىي چى دەۋرى-
دىن كېيىنكى چاغلاردا ياشىغان ئەن ۋېيرو ( 安未弱 ) ، ئەن
ماجۇ ( 安马驹 ) «سۈي نامە» نىڭ 51 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان
مۇزىكانت ئەن سۈيجيا ( 安遂迦 ) لاردۇر.

تاڭ دەۋرىدە شەرق بىلەن غەربنىڭ ئالاقىسى قويۇقلاشتى،
شۇنىڭ نەتىجىسىدە «ئەن» فامىلىلىكلەر خەنزۇچە تارىخىي مەنبە-
لەردە كۆپ تىلغا ئېلىندى. بۇلاردىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى:
«كونا تاڭنامە» نىڭ 10 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان ئەن مېنۋۇ
( 安门物 ) ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتناشقانلىقى سە-
ۋەبىدىن «ئەل قۇرغۇچى چوڭ سانغۇن» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئەن
يەن ( 安延 ) ، خېشىنىڭ ئورۇنباسار ھىراۋۇلى ئەن جوڭجىڭ
( 安忠敬 ) ، ئەلەمدار ئەن خېيجۈي ( 安黑啜 ) ، «كونا
تاڭنامە» نىڭ 187 - جىلدى بىلەن «يېڭى تاڭنامە» نىڭ 191 -
جىلدى «ئەن جىنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دا تونۇشتۇرۇلغان ئەن
جىنزاڭ ( 安金葬 - ئەنسارى ) ، «چىننامە» نىڭ 187 - جىلدى-
دا تونۇشتۇرۇلغان ئەن بوناۋ، ئەن لىڭجيې ( 安令节 ) ، ئەن
جياۋ ( 安角 ) ، «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى» نىڭ 48 -
جىلدىدا تونۇشتۇرۇلغان سانغۇن ئەن شۇگەن ( 安叔干 ) ، 51-
جىلدىدا تونۇشتۇرۇلغان ئەن سوڭجىن ( 安从进 ) ، 25 -
جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان ئەن جىنچۈەن ( 安金全 ) ، 46 -
جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان ئەن چوڭبا ( 安重霸 ) ، 47 - جىلدىدا



تىلغا ئېلىنغان ئەن يەنۋېي ( 安彦威 ) ، 51 - جىلدىدا تىلغا
ئېلىنغان ئەن جوڭروڭ ( 安重荣 ) ، تاڭ دەۋرىدە سۆيگۈن
بىلەن بىللە توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئەن لۇشەن ( 安禄山 - ئۆڭ-
لۈك )①... قاتارلىق نۇرغۇن بۇخارالىق ئۇيغۇر ئەجدادلىرى خەن-
زۇچە «ئەن» فامىلىسىنى قوللانغانىدى. بۇ فامىلىلىك جەمەت
تاڭ دەۋرىدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا كۆپ ئىشتىراك قىلغان ئابرۇي-
لۇق جەمەت بولۇپ، بۇ فامىلىلىكلەرنىڭ بىر قىسمىغا تاڭ خانلى-
رى دۆلەت فامىلىسى «لى» ( 李 ) نى ھەدىيە قىلغانىدى. شۇڭا
بۇ خارالىق ئۇيغۇرلاردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغانلارنىڭ بە-
زىسىنىڭ فامىلىسى «لى» دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، لى باۋيۈ
( 李抱玉 ) دەك. «ئەن» فامىلىسى ئەسلىي قەدىمكى ئارساك
دۆلىتىنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن بول-
سىمۇ، ئەمما مەزكۇر دۆلەت يىمىرىلىپ، ئورنىغا توققۇز چاۋۇپ
ئۇيغۇرلىرى بۇخارا دۆلىتىنى قۇرغاندىن كېيىنمۇ شۇ فامىلە
ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كەلگەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن فامىلە بولۇپ
قېلىۋەرگەن. «ئەن» فامىلىسىنىڭ قوللىنىلىشىدا بۇ نۇقتىنى
ئېنىق بىلىش كېرەك.

△ شياۋ ( 萧氏 ) : لياۋ سۇلالىسى ( 907 — 1127 )
دەۋرىدە، لياۋ سۇلالىسىنى قۇرغان كىدانلارنىڭ خان جەمەت
ئۇرۇقى - يوللىغ جەمەتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ شۇلۇ جەمەتى
ئوتتۇرىسىدىكى قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋەت ئۇزاققىچە داۋاملاشقا-
نىدى. لياۋ خانى تەيزۇڭ شۇلۇ جەمەتىدىن بولغان خانىشىنىڭ
ئىنىسىگە خەنزۇچە نام شياۋ خەن ( 萧翰 ) نى ھەدىيە قىلغاندىن
باشلاپ، شۇلۇ جەمەتى خەنزۇچە فامىلە «شياۋ» ( 萧 ) نى

---

① ئەن لۇشەن ( 安禄山 ) نىڭ ئىسمى ئۇيغۇرچە تەتقىقات نەتىجىلىرىدە «ئۆڭلۈك» دەپ تەرجىمە قىلىنماقتا. ئەمما خېلىڭ نىڭ ئەپەندىنىڭ دەلىللىشىچە ئۇنىڭ ئىسمى «رۇخسان» بولۇپ، ئۇ خەنزۇچە فامىلە «ئەن» نى ئۆز ئىسمى «رۇخسان» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىگە قوشۇپ ئىشلەتكەن. بۇ ھەقتە سەي خۇڭشېڭ ئەپەندىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى توققۇز غۇزلار ۋە تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىنىڭ 37 - بېتىگە قارالسۇن.

ئىشلىتىدىغان بولغان. بۇ فامىلىنى ئىشلەتكەن ئۇيغۇرلاردىن
بىزگە كۆپرەك تونۇشلۇق بولغىنى داۋزوڭ خانىنىڭ خانىشى،
شائىرە شياۋگۇەنيىن (萧观音، 1039 — 1075) بىلەن،
تيەنزۇدى خانىنىڭ بانۇسى، شائىرە شياۋسېسې (萧瑟瑟،
? —1121) دۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇن تۇتقان
بۇ ئىككى شائىرەنىڭ جەمەتى قوللانغان خەنزۇچە فامىلە «شياۋ»
نىڭ كېيىنكى تەقدىرى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز.
△ گۇەن (贯氏): يۈەن دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە
يۈەن ھۆكۈمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بىر جەمەت خەنزۇچە
«گۇەن» (贯) فامىلىسىنى ئىشلەتكەنىدى. ئەسلىي بۇ جەمەت
جىمىسارلىق بولۇپ، بۇ جەمەتتىن بىرەيلەن دەسلەپتە (سەۋەبى
ئېنىق ئەمەس) «گۇەن» فامىلىسىنى خەنزۇچە ئىسىم بىلەن
قوشۇپ ئىشلەتكەن. ئۇ گۇەن جىگې (贯只哥) دۇر. ئۇنىڭ
ئوغلى گۇەن يۈنشى (贯云石) ئاتا فامىلىسىگە ۋارىسلىق
قىلغان مەشھۇر نەزمىچىدۇر. بۇ فامىلىلىك جەمەتنىڭ دەسلەپكى
ئەجدادى يۈەن دەۋرىدىكى تۆھپىكار ۋەزىر ئەلى قايا بولۇپ، گۇەن
يۈنشىدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ھەم بۇ فامىلىنى قوللانغانلى-
قىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.
△ نەي (乃氏): خەنزۇچە «نەي» (乃) فامىلىسىنى
ئۇيغۇر قارلۇق ئۇرۇقىغا مەنسۇپ بولغان، بۈگۈنكى چۆچەك ۋىلا-
يىتى تەۋەسىدىن ئىچكىرى ئۆلكىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان
بىر جەمەت كىشىلىرى قوللانغانىدى. مەزكۇر فامىلىنى قوللانغان
شەخسلەردىن بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى
دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىب نەشيەن (乃贤، 1310–1362)
دۇر.
△ دىڭ (丁氏): خەنزۇچە «دىڭ» (丁) فامىلىسىنى
يۈەن دەۋرىدە بېيجىڭ شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر
ئالاۋىددىن (阿老丁)، ئۇنىڭ ئەۋلادى شەمسىددىن (苦思丁)



ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلۇددىن (马禄丁) نىڭ ئوغلى دىڭ خېنيەن
(丁鹤年، 1335 — 1424) قوللانغانىدى. ئۇ ئەجدادلىرىنىڭ
ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىدىكى «دىن» سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ
تەرجىمىسى «دىڭ» (丁) خېتىنى فامىلە سۈپىتىدە ئىشلەت-
كەن. بۇلاردىن سىرت، يۈەن دەۋرىدە، «دىڭ» فامىلىلىك ئۇي-
غۇرلاردىن دىڭ شىيۈەن (丁希元)، دىڭ شېنجى (丁慎之)
لارمۇ بار. ئۇلار بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار ئوتتۇرىسىدا
قانداشلىق مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرىنىڭ مەزكۇر فامىلىنى داۋاملىق ئىشلەتكەنلىكىنىمۇ قى-
ياس قىلىشقا بولىدۇ.
△ شيې (偰氏): يۈەن دەۋرىدە ئوۋياڭشۈەن تەرىپىدىن
يېزىلغان «قوچۇلۇق شيې جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى»، جېڭ لىنجى
تەرىپىدىن يېزىلغان «گاۋلى تەزكىرىسى» ئىچىدىكى «شيې سۈن
تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەردىكى بايانلارغا قارىغاندا،
يۈەن دەۋرىدە ناھايىتى ئابرۇيلۇق، كاتتا بىر ئۇيغۇر جەمەتى
«شيې» (偰) فامىلىسىنى قوللانغانىدى. مەزكۇر ئەسەرلەردى-
كى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شيې فامىلىلىك جەمەت ئۇيغۇر-
لاردىكى ئابرۇيلۇق جەمەت بولۇپ، ئۇلار بىرقەدەر بالدۇر موڭ-
غۇللارغا بېقىنغان ۋە يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور
تۆھپە قوشقانىدى. يەنە بەزى خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە،
شيې جەمەتىدىكى ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىن 60 تىن كۆپرەك ئادەم
يۈەن ئوردىسىدا مەنسەپ تۇتقان. شيې جەمەتىنىڭ فامىلىسى «ش-
يې» شۇ جەمەتنىڭ ئىلگىرىكى ئەجدادى شيېۋېنجى (偰文质)
نىڭ فامىلىسىدىن كەلگەن بولۇپ، شيې ۋېنجىنىڭ ئىلگىرىكى
ئەجدادلىرى ۋە ئۇنىڭ زامانداش قانداش تۇغقانلىرى «شيې» فامى-
لىسىنى قوللانمىغان، بەلكى «لى» (里) فامىلىسىنى قوللان-
غانىدى. «قوچۇلۇق شيې جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى» بىلەن ئاسا-
سەن بىر دەۋر (14 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى) دە يېزىلغان

شىيې جەمەتىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئەسەر – «لى جەمەتىنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدىكى خەرىتىگە مۇقەددىمە» دە خاتىرىلىنىشىچە، مەزكۇر جەمەتىنىڭ يىراق ئەجدادى كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ۋەزىرى تونيۇقۇق بولۇپ، تونيۇقۇقنىڭ ئەۋلادلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ مەنسەپ تۇتقان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تونيۇقۇقنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان بۇ جەمەت كۆچمەنلەرگە قوشۇلۇپ قوچۇ (تۇرپان) غا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 13 – ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا مۇپتىلا بولغاندا، تونيۇقۇقنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئۇ جەمەتتىكىلەر دۆلەت ۋەزىرلىكى مەنسىپىدە تۇرغان ۋە بۇنداق ئەھۋال تاكى يۈەن دەۋرىگىچە داۋاملاشقان. يۈەن دەۋرىدە مەزكۇر جەمەتنىڭ يەتتىنچى ئەۋلادىدىن باشلاپ بۇ جەمەتتىكىلەر خەنزۇچە فامىلە قوللىنىشنى باشلىغان. بۇ چاغدا بۇ جەمەتنىڭ بىر تارمىقىدىكى موييۇنچۇر (脉约著) ئىسىملىك كىشى ئۆز ئاتىسى سالمان (撒里蛮) نىڭ ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىچىدىكى «لى» (里) خېتىنى جەمەتىنىڭ فامىلىسى ئورنىدا ئىشلىتىشكە باشلىغان. ئەمما يەنە بىر تارمىقى بولسا ئۆزلىرىنىڭ يىراق ئەجدادى تونيۇقۇقنىڭ ياشىغان ئانا ماكانى سېلىنگا (ئەينى چاغدىكى خەنزۇچە يېزىلىشى: 偰辇杰، كېيىنكى يېزىلىشى: 色楞格) دەرياسىنىڭ نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش شەكلىدىكى بىرىنچى خەت «شيې» (偰) نى جەمەتىنىڭ فامىلىسى قىلىپ قوللانغان. بۇ فامىلىنى تۇنجى قېتىم قوللانغان كىشى شيې ۋېنجى (偰文质) دۇر. «قوچۇلۇق شيې جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى» نى دەل يۈەن ئوردىسىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان شيې ۋېنجى ئوردا تارىخچىسى ئوۋياڭ شۈەنگە ھاۋالە بىلەن ئاغزاكى بايان قىلىپ يازدۇرغاندۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، مەزكۇر جەمەتنىڭ «سېلىنگا» فامىلىسىنى قوللانغانلىقى ئېنىق. بۇ فامىلىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا «لى» (里)



فامىلىسىنىڭ سېلىنگا جەمەتى ئىچىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشى – جەمەتلەر زىيادە چوڭىيىپ كەتكەندە ئۇنىڭ تارماقلارغا شاخلىنىدىغانلىقىدەك تارىخىي يۈزلىنىشنى چۈشەندۈرىدۇ. شيې ۋېنجىدىن كېيىن، ئۇنىڭ بەش ئوغلى ئايرىم – ئايرىم ھالدا شيې يۈلى (偰玉立) شيې لېيچى (偰列篪)، شيې چاۋۋۇ (偰超吾)، شيې جېفېڭ (偰哲笃) ۋە شيې جىجيەن (偰直坚) لەر، ئۇلار ئىچىدىكى تۆتىنچى ئوغۇل شيې جېفېڭنىڭ ئون ئوغلى ئىچىدە سەككىز ئوغلى شيې جوۋ (偰粥)، شيې بىن (偰贲)، شيې جىسى (偰吉思)، شيې دېجى (偰德基)، شيې تېگەي (偰帖该)، شيې لىتەي (偰理台)، △شيې بولياۋسۈن (偰伯僚逊) ۋە شيې سى (偰斯) قاتارلىقلار بىردەك «سېلىنگا» دىن ئاھاڭ تەرجىمىسى ۋاستىسىدە كەلگەن «شيې» خېتىنى فامىلە قىلغان كىشىلەردۇر. بۇ جەمەت يۈەن دەۋرىدە مەنسەپ تۇتقانلار، ئىجادىيەتچى، سەنئەتكارلار ئەڭ كۆپ چىققان، يۈەن تارىخىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن جەمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ جەمەت ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

△ لى (里氏): يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بىر جەمەتنىڭ «لى» (里) خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللانغانلىقىنى يۇقىرىدا قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇق. بىز ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يېزىلىشى ئىچىدىكى (里) خېتىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا باشلىغان موييۇنچۇرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭمۇ مەزكۇر فامىلىنى داۋاملىق قوللانغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. بۇ ھەقتە ماتېرىيال تېپىشقا ئۇلگۇرمىگەچكە، مۇشۇنچىلىك سۆزلەش بىلەن كۇپايىلەندۇق.

△ شې (舍氏): بىر خەنزۇچە فامىلە «شې» (舍) نى قوللانغان ئۇيغۇرلاردىن پەقەت يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر بۇددىست شې لەنلەن (舍蓝蓝) نىلا بىلىمىز. ئۇ نامدار

بۇددىست، تىل ئۇستىسى ۋە كاتتا تەرجىمان بولۇپ، ئىچكىرىدىكى، قۇجۇدىكى ۋە تىبەتتىكى نۇرغۇن بۇتخانىلارنى بەرپا قىلىشقا قاتناشقان ھەمدە «بۇددا ۋاتامساكا ماھاۋايپۇليا سۇترا»، «سۇرامگاما سامادى سۇترا»، «ساددىھارما پۇندارىكا سۇترا»، «سۇۋارناپرابھا سوتتاما سۇترا» (ئۇيغۇرچە ئىسمى «ئالتۇن يارۇق») ... قاتارلىق نوم سۇترالىرىنى خەنزۇچە، تىبەتچە، ئۇيغۇرچە خەت بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان ساخاۋەتلىك ئايالدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلاردا «شي» فامىلىسىنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالى ھەققىدە خاتىرە يوق.

△ ليەن ( 廉氏 ): يۈەن دەۋرىدە ئوردىدا خىزمەت قىلغان بىر جەمەت ئۇيغۇرلار خەنزۇچە «ليەن» ( 廉 ) فامىلىسىنى قوللانغانىدى. بۇ فامىلىنىڭ قاچاندىن تارتىپ قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. مەزكۇر فامىلىنى يۈەن دەۋرىدىكى تارىخشۇناس، «لىياۋ تارىخى»نىڭ تۈزگۈچىلىرىدىن بىرى ليەن خۈيشەن قايا ( 廉惠山海牙 )، مەشھۇر خەتتات ليەن شىگوڭ ( 廉希贡 )، ئەدىب ليەن شىشيەن ( 廉希宪 )، ليەن پۇ ( 廉浦 ) ۋە ليەن دۈن ( 廉惊 ) قاتارلىق ئۇيغۇرلار قوللانغانىدى. ئۇلار بىر جەمەتتىن بولۇشى مۇمكىن.

△ شېڭ ( 盛氏 ): «شېڭ» ( 盛 ) فامىلىسىنى قوللانغان ئۇيغۇرلاردىن يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر خەتتات، كىتابەتچىلىك پېشۋاسى، كۆسەنلىك ئۇيغۇرلار نەسلىدىن بولغان شېڭ شىمىڭ ( 盛熙明 ) بىزگە مەلۇم. بۇ خەنزۇچە فامىلىنى ئۇنىڭ يۈەن ئوردىسىدا خىزمەتتە بولغان ئەجدادلىرى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

△ بيەن ( 边氏 ): «بيەن» ( 边 ) فامىلىسىنى يۈەن خانىدانى شۇندى تۆمۈر دەۋرىدە (ھەربىي بۇيرۇق زورلۇقىدا) ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچكەن بىر تۈركۈم سەنئەتكارلار ئىچىدىكى بيەنلۇ ( 边鲁 ) ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى بيەنزۇ ( 边祖 ) لار ھەم ئۇلار-



نىڭ ئەۋلادلىرى قوللانغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتى كۆسەننىڭ چەت - ياقا مەنزىلدە قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، «چەت، ياقا» مەنىسىدىكى «بيەن» خېتىنى فامىلە قىلغان بولسا كېرەك.

△ دا ( 大氏 ): «دا» ( 大 ) فامىلىسىنى يۈەن ئوردىسىدا خىزمەتتە بولغان بىر جەمەت قوللانغانىدى. «يۈەن كاتىپلىرى تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە، يۈەن ئوردىسىدا «دا» فامىلىسىنى قوللانغان دادۇ ( 大都 ) ئىسىملىك قۇچۇلۇق كاتىپ بولغانىدى. «چىن دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى قەبرە تەزكىرىسى»نىڭ 9 - جىلدى ۋە «قارلىق داۋان خاتىرىسى»نىڭ 8 - جىلدىدا تىلغا ئېلىنغان دا چېڭدۇ ( 大乘都 ) ۋە داسىدۇ ( 大慈都 ) لارمۇ دادۇ بىلەن نەسەبداش شەخسلەر بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

△ يۈەن ( 元氏 ): «چاڭجۇ ناھىيىسى دارۇغاچ مەھكىمىسىنىڭ تۇغ ھەزرەتكە شەپقەت ئابىدىسى» ۋە «چاۋ ۋۇ توپلىمى»نىڭ 8 - جىلدىدا، يۈەن دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ياشىغان، تەكتى قۇچۇلۇق يۈەن تۇغ دېگەن كىشىنىڭ نامى ۋە بەزى ئىش-پائالىيىتى پۈتۈلگەن بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن يۈەن دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچكەن جەمەتلەردىن بىرىنىڭ خەنزۇچە «يۈەن» ( 元 ) خېتىنى جەمەت فامىلىسى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

△ مۇ ( 木氏 ): «ياغاچ» مەنىسى بېرىدىغان «مۇ» ( 木 ) فامىلىسىنى ئوخشاشلا يۈەن دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىدە ئولتۇراقلاشقان بىر جەمەت قوللانغانىدى. يۈەن دەۋرىگە مەنسۇپ ۋەسىقە «ۋۇشى توپلىمى»نىڭ 5 - جىلدىدا تەكتى غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇر، يۈەن ئوردىسىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان مۇ جۇڭيى ( 木中毅 ) ئىسىملىك كىشىنىڭ ئىش - ئىزلىرى، تۆھپىلىرى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرقانچە ئەۋلاد كىشىلەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ «مۇ» فامىلىسىنى قوللانغانلىقىنى تە-

سەۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

△ شى ( 世氏 ) : يۈەن دەۋرىگە مەنسۇپ ۋەسىقە «تاغتۇرادىكى يېڭى گەپلەر» دە تەكتى جىمىسارلىق ئۇيغۇرلاردىن بولغان، «شى» ( 世 ) فامىلىسىنى ئىشلەتكەن شى جيېبەن ( 世杰班 ) ھەققىدە خاتىرىلەر بار. بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، يۈەن دەۋرىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار جەمەتلىرىدە خەنزۇچە فامىلە «شى» ( 世 ) نى قوللانغان بىر جەمەت بولغانىدى.

△ جيەن ( 翦氏 ) : بىز ئىلگىرىكى سەھىپىدە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مىڭ خاندانى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان خەلىلباشىغا مىڭ شاھىنىڭ «قىرقىش» مەنىسىدىكى «جيەن» فامىلىسىنى ھەدىيە قىلغانلىقىنى، بۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار تاكى بۈگۈنگە قەدەر شۇ فامىلە بىلەن ئاتىلىپ ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر نەسىللىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماي كېلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندۇق. بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز.

بىز سەھىپە چەكلىمىسى ۋە قولىمىزدا بار بولغان ماتېرىياللارنىڭ كەمچىللىكى ۋە سەھىپە چەكلىمىسى سەۋەبىدىن، ھۇنلار قوللانغان چۇ ( 渠 ) ، لاڭ ، ( 郎 ) ، شىجۇ ( 尸逐 ) ، فېي ( 费 ) ، لياڭ ( 梁 ) ، لۇ ( 路 ) ، بى ( 毕 ) ، ياۋ ( 姚 ) ، يۈ ( 郁 ) ، خۇاڭ ( 黄 ) ، ھەرقايسى غۇز نەسىللىك جەمەتلەر ئىشلەتكەن جى ( 治 ) ، فېڭ ( 封 ) ، لەن ( 兰 ) ، پېڭ ( 彭 ) ، گەي ( 盖 ) ، قاڭقىلار ۋە دىڭلىڭلار ئىشلەتكەن شيەن ( 鲜 ) ، لو ( 洛 ) ، يەن ( 严 ) ؛ ياڭ ( 杨 ) ، دى ( 狄 ) ، يۆ ( 越 ) ، يى ( 易 ) ، فاڭ ( 房 ) ، غەربىي يۇرتلۇق ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن شەن ( 鄯 ) ، يۈ ( 于 ) ، چې ( 车 ) ، شاۋ ( 邵 ) ، فېي ( 斐 ) قاتارلىق خەنزۇچە فامىلىلەر، يۈەن دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار قوللانغان خەنزۇچە فامىلىلەردىن جوڭ ( 仲 ) ، گۇەن ( 关 ) ، شۇ ( 守 ) ، گۇەن ( 观 ) ، مەي



( 买 ) ، كې ( 克 ) ، خې ( 和 ) ، مىڭ ( 孟 ) ، ياۋ ( 咬 ) ، بەي ( 拜 ) ، شۈەن ( 宣 ) ، لى ( 理 ) ، خۇاڭ ( 黄 ) ، يې ( 野 ) ، چوڭ ( 崇 ) ، لا ( 拉 ) ، نا ( 纳 ) ، سۇ ( 速 ) ، جاڭ ( 章 ) ، خې ( 赫 ) قاتارلىقلار ۋە مەزكۇر فامىلىلەرنى ئىشلەتكەن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىمىزنى قىسقارتىمىز، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋردە خۇيزۇلار فامىلە ئورنىدا ئىشلەتكەن سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالاتى ھەققىدىكى بايانلىرىمىزنى ھەم بۇ ھەقتىكى چوڭقۇر ئىزدىنىشلەرنى كېيىنكە قالدۇرىمىز.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ۋە يېقىن مۇناسىۋەتتىكى قوۋملەر قوللانغان خەنزۇچە فامىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىشى مىلادىيىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باشلىنىپ تاكى يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملاشقان. بۇ ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي - غەربىي جىن سۇلالىسى (265 — 420) ، ئون ئالتە پادىشاھلىق دەۋرى (304 — 439) ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرى (420 — 581) ، سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (581 — 907) ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1279 — 1368) لىرىدە ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلىشىشى (بۇ مەيلى قانداق مۇناسىۋەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) غا مۇناسىپ ھالدا، مەلۇم دائىرىدە خەنزۇچە فامىلىنى بىرقەدەر كۆپ قوللانغان. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى فامىلىلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، فامىلىلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىچىدە خەنزۇچە فامىلە قوللانغان مۇتلەق كۆپ قىسىم جەمەتلەر ئاخىرقى ھېسابتا خەنزۇ مىللىتى ئىچىگە سىڭىپ يوقاپ كەتتى، ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كېتىش كۆپىنچە خەنزۇچە

فامىلە قوللىنىشنى مۇھىم بەلگە ۋە ۋاستە قىلدى. ئەلۋەتتە بۇنداق جەريان دەسلەپتە پۈتۈن ئۇيغۇرچە ئىسىم - فامىلىسىنى (ئاتا ئىسمى، ئۆز ئىسمى ۋە فامىلە سۈپىتىدىكى ناملارنى) خەنزۇچىغا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئاغدۇرۇپ ئىشلىتىش، ئاندىن ئىسىم - فامىلىنىڭ خالىغان بىرسىنى (كۆپىنچە فامىلىنى) خەنزۇچە مەنە تەرجىمىسى قىلىپ ئىشلىتىش، قىسقارتىپ ئىشلىتىش ۋە ياكى مۇناسىۋەتسىز خەنزۇچە خەتكە ئالماشتۇرۇش، ئاندىن بەزىدە خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە قوش ئىسىم - فامىلە ئىشلىتىش ۋە بەزىدە پۈتۈنلەي خەنزۇچە ئىسىم - فامىلە ئىشلىتىشتەك قەدەم باسقۇچلار ئارقىلىق تاماملاندى. بىز بۇ يەردە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ خەنزۇچە مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئىسىم - فامىلىسىنى خەنزۇچە ئىسىم - فامىلىلەرگە ئۆزگەرتكەن ياكى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە قوش ئىسىم قوللانغان، مەنە ۋە ئاھاڭدا ھەم خەنزۇچە، ھەم ئۇيغۇرچە ئىسىم - فامىلىلەرگە ئوخشايدىغان ناملارنى ئىشلەتكەن كىشىلەر ۋە ئۇلار ھەققىدىكى تەھلىل - مىساللارنى قىسقارتىمىز. بۇ ھەقتە ئىلىم ساھبى، ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن نۇرمۇھەممەد دۆلەتىينىڭ «ئىسىم - فامىلە مەسىلىسى ۋە مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى»، «خەنزۇچە ئىسىم - فامىلە خەتلىرى بىلەن يېزىلىۋاتقان بەزى ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرى ھەققىدە» ماۋزۇلۇق ماقالىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز[①]. ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان يوغۇر (سېرىق ئۇيغۇر) لارنىڭ فامىلىسى ۋە خەنزۇچە فامىلە قوللىنىش ئەھۋالى ئالاھىدىرەك مەسىلە بولغاچقا، ئۇنى ئايرىم تارماقتا مۇلاھىزە قىلىمىز.

① بۇ ماقالىلەر «شىنجاڭ تەزكىرىسى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىنىڭ 1993 - يىللىق 4 - سانى ۋە 1994 - يىللىق 1 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان.



## 6. يوغۇر (سېرىق ئۇيغۇر) لارنىڭ فامىلىسى

يوغۇر (سېرىق ئۇيغۇر) لار دۆلىتىمىزدىكى نوپۇسى بىر قەدەر ئاز مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، 1990 - يىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشكە ساسلانغاندا، شۇ چاغدا يوغۇرلارنىڭ نوپۇسى 12، 297 ئادەم ئىدى. ئۇلار ئاساسەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سۇنەن يوغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلاردىن تەخمىنەن 2000 ئادەم سۇنەن يوغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ مىڭخۇا رايونى بىلەن تۇتىشىدىغان جيۇچۈەن شەھىرىنىڭ خۇاڭنىباۋ يوغۇر ئاپتونوم يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان.

كېلىپ چىقىشى جەھەتتىن ئېيتقاندا، يوغۇر (سېرىق ئۇيغۇر) لار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بىر. خەنزۇچە تارىخنامىلەردە تىلغا ئېلىنغان دىڭلىڭ (丁令, 丁灵, 钉灵, 丁零)، دىلى (狄历)، چىلى (敕勒)، تېلى (铁勒)، گاۋچې (قاڭقىل - 高车)، يۈەنخې (袁纥)، خۇيخې (回纥) ۋە خۇيخۇ (回鹘) دەپ ئاتالغان قوۋم، مىللەت - ئۇيغۇرلار ۋە يوغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولۇپ، ئەينى دەۋردە بۇ ئىككى مىللەت تېخى ئايرىلمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئايرىلىشى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن بولغان ۋەقە ئىدى. يەنى 840 - يىلى مەزكۇر خانلىق يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى قەشقەردە قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇردى، يەنە بىر قىسمى تۇرپاندا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. ئەمما يەنە بىر قىسمى گەنسۇ (ئاساسەن خېشى كارىدورى) غا كۆچۈپ كىردى ۋە بۇ يەردە ئەسلىدە بار بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلەشتى. 848 - يىلى پانتېكىن (مىلادىيە 850 — 866 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) ئەنشىدە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ شىجو ئۇيغۇرلىرى (西州回鹘) نىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى، ۋە تەدرىجىي رەۋىشتە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، تەخ-

مىنەن 890 ـ يىلى گەنجو ( 甘州 ) نى مەركەز قىلغان خىشى
كارىدورىدا گەنجو ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. 1028 ـ يىلى
غەربىي شىيا قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا، جاڭيې ( 张掖 ـ
بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خىشى كارىدورىنى مەركەز قىلغان
بىر ۋىلايىتى ) نى بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن ئىگىلەپ تۇرغان
گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلدى. دېمەك، ئۇيغۇرلار غەربكە
كۆچكەندە، خىشى كارىدورىغا كۆچۈپ، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى
قۇرغان ئۇيغۇرلار دەل ھازىرقى يوغۇرلارنىڭ ئەجدادىدۇر.
«سوڭنامە. يۇتەن تەزكىرىسى» ( « 宋书. 于寘传 » ) دە خاتىـ
رىلىنىشىچە، شۇ چاغدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى تۇنجى قېتىم
«سېرىق ئۇيغۇرلار» ( 黄头回纥 ، كېيىنكى 撒里畏儿兀 )
دەپ ئاتالغان ۋە ئۇلارنىڭ زېمىنى بۈگۈنكى دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبى،
چەيدام ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغىچە، غەربتە لوپنۇر كۆلىگىچە ۋە
چارقىلىققىچە بولغان جايلار بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سې-
رىق ئۇيغۇرلار غەربىي شىيا، چىڭگىزخان ۋە يۈەن سۇلالىسى
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېرىق
ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانى بويان تۆمۈر مىڭ سۇلالىسىگە بېقىنـ
غان. مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى مىڭ تەيزۇ ئۇنىڭغا ئەندىڭ ۋاڭ
( 安定王 ـ تىنجىتقۇچى خان ) دەپ نام بېرىپ، سېرىق ئۇيغۇر-
لارنى مىڭ دۆلىتىنىڭ غەربتىكى چېگراسىنى قوغدىغۇچى قىسمى
ۋە غەربىي يۇرتتىكى قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان سودا ـ دىپلوما-
تىيە مۇناسىۋىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كېپىللىك قىلىدىغان قىسىم
تەرىقىسىدە ئورۇنلاشتۇرغان. دەل مۇشۇ مەزگىللەردە ھازىرقى
زامان يوغۇر مىللىتىنىڭ تەركىبىنىڭ شەكىللىنىشى جەھەتتە
نىسبەتەن زور تارىخى ھادىسىلەر يۈز بەردى. يەنى مىڭ سۇلالىـ
سىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى دەۋرلىرىدە نۇرغۇن موڭغۇل قەبىلىـ
لىرى خىشى كارىدورىغا كۆچۈپ كىردى. نەتىجىدە بۇ يەردىكى
سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن سىياسى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتـ



لەردە سىڭىشىپ كەتتى. ئەمما سېرىق ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا
بالدۇر كۆچۈپ كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن، موڭغۇل قەبىلىلىرى
سېرىق ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قىسمەن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىندى،
ئۇلار «موڭغۇل» دەپ ئاتالماي بىردەك «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ
ئاتالدى. كۆرۈشكە بولىدۇكى، گەنجۇ ۋە سۇجۇ ئەتراپىدا 14 ـ
ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىـ
رىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى ـ «يوغۇر» مىللىتىنىڭ شەكىللىنىـ
شىنىڭ ئالدىنقى سەۋەبى بولغان بولسا، 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنـ
كى يېرىمىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان بىر
ئەسىرچە ۋاقىت ئىچىدە موڭغۇللارنىڭ گەنجۇ ۋە سۇجۇغا كۆچۈپ
چارۋىچىلىق قىلىشى، «يوغۇر» مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى
مۇھىم بىر ھالقىدۇر. بۇ ئىككى گۇرۇپپا گەنجۇ ۋە سۇجۇ بەلبىـ
غىدا مەۋجۇت بولۇش، تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن بىرلىشىپ يا-
شاپ، يات دۈشمەنلەرگە ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، بىر مىللەت
سۈپىتىدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تارىخ سەھـ
نىسىدە پەيدا بولدى. ھازىرقى زامان يوغۇرلىرىنىڭ گەۋدىسى.
سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ بىرىكىشىدىن تەشكىل
تاپقان بولغاچقا، ھازىرقى يوغۇر تىلى ئىچىدىمۇ ناھايىتى زور
پەرقى بار. مىللەت گەۋدىسى سۈپىتىدە شەكىللەنگەندىن كېيىن
يوغۇرلار چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمـ
رانلىقى ئاستىدا تۇردى. مىنگو دەۋرىدە مەزكۇر مىللەت مىنگو
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا مەدەنىيەت جەھەتتە زور دەرىجىدە ئىلگىـ
رىلىدى. «يوغۇر» دېگەن نامنىڭ «سېرىق ئۇيغۇر» دېگەن نامىـ
نىڭ ئورنىنى ئېلىشى بولسا 1954 ـ يىلى 2 ـ ئايدىكى ئىش
ئىدى.

دېمەك، يوغۇرلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە تارىخىي
تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار. ئەمما ئۇيغۇرلارغا ئوخشىمىغان
ھالدا يوغۇرلارنىڭ فامىلە ئىشلىتىش ئەنئەنىسى ۋە ئادىتى بار.

يوغۇرلارنىڭ فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسى ۋە ئادىتىنى ئىككى جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: بىرى، يوغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى فامىلىسى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەبىلىۋى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىن كەلگەن؛ يەنە بىرى، يوغۇرلارنىڭ ھازىر ئىشلىتىۋاتقان خەنزۇچە فامىلىسى فامىلە مەنىسىدىكى ئەنئەنىۋى قەبىلە نامىلىرىنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىدۇر. يوغۇرلارنىڭ قەبىلىۋى جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدىن سۆز ئاچىدىغان بولساق، 1698 - يىلى (كاڭشىنىڭ 37 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى سېرىق ئۇيغۇرلارنى يەتتە قەبىلىگە بۆلگەنىدى. يەتتە قەبىلە ئىچىدە «ئەنگەر تىلى» (ياكى «ئېنگىر تىلى»، بۇ تىل شەرقىي يوغۇر تىلى بولۇپ، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋەدۇر. بۇ تىل 13 -، 14 - ئەسىرلەردىكى قەدىمكى موڭغۇل تىلىغا بەكرەك يېقىن كېلىدۇ، ئەمما ھازىرقى زامان موڭغۇل تىلى بىلەن روشەن پەرقى بار) دا سۆزلىشىدىغان باش قەبىلە (大头目家)، ئوق قەبىلىسى (五格家)، لورگا قەبىلىسى (罗尔格家)، ياڭۇق قەبىلىسى (杨哥家) ۋە بەگ قەبىلىسى (八格家) بار ئىدى؛ يوغۇر تىلى (بۇ تىل يەنە غەربىي يوغۇر تىلى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تىل ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋە بولغان قەدىمكى تۈركىي تىلى بولۇپ، بۇ تىلنىڭ مەزكۇر تىل ئائىلىسىدىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار) دا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەردىن ياغلاق قەبىلىسى (亚拉格家) ۋە خېلاڭگىر قەبىلىسى (贺郎格家) بار ئىدى. كېيىنچە بۇ يەتتە قەبىلە ئىچىدىن يەنە ئۈچ قەبىلە بۆلۈنۈپ چىقتى. يەنى بەگ قەبىلىسى ئۆز ئىچىدىن شەرقىي بەگ قەبىلىسى ۋە غەربىي بەگ قەبىلىسىگە بۆلۈندى. يەنە سىگمە قەبىلىسى (四格马) ۋە مانتاي قەبىلىسى (曼台) پەيدا بولدى. شۇنداق قىلىپ جەمئىي ئون قەبىلە بار بولدى. ھەربىر قەبىلە ئىچىدە يەنە بىرنەچچە ئۆرۈق (جەمەت) بار ئىدى.



قەبىلىلەر بىلەن قەبىلىلەر ئارىسىدا ئەسلىدە بىرقەدەر ئېنىق زېمىن چېگراسى بولغان بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھازىر ھەرقايسى قەبىلىلەر ئارىسىدىكى زېمىن چېگراسى ئىلگىرىكىدەك ئۈنچىلىك روشەن ئەمەس. يوغۇرلار ئىچىدە تۈركىي تىللىق (يوغۇر تىللىق) قەبىلىلەردىن ياغلاق (ئەسلىي «ياغلاقار» ئىدى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىن تارتىپ، مەزكۇر مىللەتتىن بولغان رەھبەر، خان، ئەمەلدارلار بىردەك مۇشۇ قەبىلىدىن چىقاتتى.) قەبىلىسى ئىچىدە ئەنجان (安章)، قوڭغىرات (巩鄂拉提)، سۆگەل (索嘎勒)، تۈمەن (杜曼)، ياغلاق (亚赫拉格)، قالغار (卡勒嘎尔)، ئاق تاتار (阿克达塔尔) ۋە سىنا (斯娜) دىن ئىبارەت سەككىز ئۆرۈق (جەمەت) بار؛ خېلاڭگىر قەبىلىسى ئىچىدە ئەنجان، خېلانگىت (呼郎嘎特)، جائىش (扎鄂什)، جۇڭغىل (钟鄂勒)، ئۇلان (ياكى ئارلان- 阿尔郎,乌郎)، ئېگىر (鄂盖尔) ۋە قىزىل (ياكى ھۇن - 浑, 克孜勒) قاتارلىق يەتتە ئۆرۈق (ياكى جەمەت) بار. غەربىي بەگ قەبىلىسىدە ئەنجان، پالتان (帕勒坦)، زىڭگىس (增柯斯)، تۈمەن، سولدۇس (苏勒都斯) ۋە سۆگەلدىن ئىبارەت يەتتە ئۆرۈق (ياكى جەمەت) بار. قالغان يەتتە قەبىلە ئىچىدىكى 45 ئۆرۈق (جەمەت) شەرقىي يوغۇر تىلى (ياكى ئەڭگىر تىلى) نى قوللىنىدىغان ئۆرۈقلار بولۇپ، ئۇلارمۇ قەدىمكى زامان موڭغۇل تىلىدىكى ناملار بىلەن ئاتالغان. بۇ يەردە ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ساناپ ئولتۇرمايمىز.

يوغۇرلاردىكى يۇقىرىقى ھەرقايسى قەبىلىلەر ۋە ئۆرۈقلار ئىچىدە قەبىلىچىلىك ۋە ئۆرۈقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان بولۇپ، بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ بىر ئۆرۈق (ياكى بىر جەمەت) تىكىلەرنىڭ ئورتاق بىر نامىنى ھەم جەمەت نامى ھەم فامىلە سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىدە ئېنىق ئىپا-

دىلىنىدۇ. ئەمما يوغۇرلاردىكى ھەربىر ئۇرۇق ياكى جەمەتنىڭ نامى فامىلە رولىنى ئۆتىسىمۇ، لېكىن ئۇ خەنزۇلارنىڭ فامىلىلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدۇ. يوغۇرلاردا ئىسىم ئىسىم ئورنىدا، فامىلە فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە ئادەم ئىسمى ئالدىغا شۇ جەمەتنىڭ فامىلىسى (نامى) قوشۇلمايدۇ، يەنى «فامىلە + ئىسىم» شەكلىدىكى ناملاش شەكلىنى ئىشلەتمەيدۇ. يوغۇرلاردا جەمئىي ئون قەبىلە، 29 ئۇرۇق (يۇقىرىقى ئۇرۇقلار ئىچىدىكى تەكرارلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە) بار، شۇڭا مەزكۇر مىللەتنىڭ 29 فامىلىسى (يەنى ئۇرۇق - جەمەت ئىسمى) بار. بۇلار ئىچىدە بەزى فامىلىلەرنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن.

يوغۇرلارنىڭ فامىلىلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تۆۋەندىكىدەك تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

(1) ئەجدادلار ناملىرىدىن كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، «ياغلاقار» قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «جەسۇر، كۈچلۈك، باتۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. ياغلاقار ھازىرغىچە يوغۇرلار ئىچىدىكى ئاقسۆڭەكلەر (خان جەمەتى) نىڭ فامىلىسى بولۇپ، ئەسىرلەردىن بۇيانقى سېرىق ئۇيغۇر خاقانلىرى بىردەك ياغلاقار فامىلىلىكلەر جەمەتىدىن بولۇپ كەلگەن. يەنە مەسىلەن، ئەنجان فامىلىسى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم بىر قەبىلە باشلىقى ئەنجادنىڭ نامىدىن كەلگەن.

(2) يوغۇرلار ئولتۇراقلاشقان ياكى كۆچۈش داۋامىدا بېسىپ ئۆتكەن يۇرتلارنىڭ ناملىرىدىن كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، «سۆگەل» - «ئوت سۈيى ئەلۋەك يەر» دېگەنلىك بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۆگەل ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئاشۇنداق ئوت - سۈيى ئەلۋەك يەر (سۆگەل) نى تاللاپ ئولتۇراقلىشىپ چارۋىچىلىق قىلغانىكەن.

(3) تارىختىكى باشقا قەبىلە ۋە مىللەتلەرنىڭ ناملىرىدىن كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، «قىرغىز» فامىلىسى قىرغىز



مىللىتىنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن، «ئاقتاتار» فامىلىسىدىكى «ئاق» بولسا رەڭ نامى، «تاتار» بولسا قەدىمكى تاتار قەبىلىسىنىڭ نامىدۇر. دېمەك، ئاقتاتار فامىلىسى تاتار قەبىلىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

(4) مەلۇم كىشىلەرنىڭ لەقىمى ياكى فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، «پالتان» دېگەن فامىلىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «چوڭ كۆزلۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پالتان ئەسلىدە چىڭخەينىڭ مەلۇم جايىدىن شىپەك جەمەتىگە تىجارەت ئۈچۈن كەلگەن سودىگەر بولۇپ، ئۇ سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەلگەندىن كېيىن شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەك چوڭ بولغاچقا، سېرىق ئۇيغۇرلار ئۇنى «پالتان» دەپ لەقەملەپ چاقىرىدىغان بولغان. كېيىنچە ئۇ كىشى سېرىق ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلىنىپ، تەدرىجىي كۆپىيىپ، ئاخىرى پالتان ئۇرۇقىنى شەكىللەندۈرگەن.

يوغۇرلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ فامىلىسى بولغاندىن تاشقىرى يەنە خەنزۇچە فامىلىلەرمۇ قوللىنىلىدۇ. ئىلگىرىكى بەش دەۋر ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق ۋەسىقىلەردە نۇرغۇن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ (ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ) خەنزۇچە ئىسمى بارلىقى تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، ياڭ فۇئەن (杨福安)، ئەن چيەن (安千)، لى ئاشەن (李阿山) دېگەندەك. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئاشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە ئىسىم - فامىلە قوللانغانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن بەش سۇلالە ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئوردىلىرىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ياكى بەش سۇلالە ھەم شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن تارتۇقلانغان ئەمەلدارلار ئىدى. ئەمما ئۇلار خەنزۇچە ئىسىم - فامىلە قوللانغاندا، ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىدا ئاھاڭ تەرجىمىسى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا خەنزۇچە

خەتلەرنى ئىشلەتكەنىدى. يۇەن ۋە مىڭ دەۋرىگە كەلگەندە، لاما دىنى تەدرىجىي هالدا سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىردى. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ لاما دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، ئۇلار لامالارنى بالىلىرى ئۇچۇن ئىسىم قويۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۇرۇشكە ئەگىشىپ، سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىملىرىدىمۇ ناهايىتى قويۇق لاما دىنى تۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە فامىلىلەرنى ۋە ئىسىملارنى بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىشى نىسبەتەن كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن ئەھۋالدۇر. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشىمىزدىن ئېرىشكەن ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەرگىچە، سېرىق ئۇيغۇرلار ئاساسەن خەنزۇچە فامىلە ئىشلەتمەيتتى. يوغۇر پېشقەدەملىرىنىڭ ئەسلىشىگە قارىغاندا، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خەنزۇچە فامىلىلەرنى ئىشلىتىشكە باشلىغان، ئەمما يەنىلا خەنزۇچە فامىلىلەرنى ياكى ئۆز فامىلىلىرىنى ئىسىملىرى ئالدىغا قوشۇپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىپ بولالمىغان. ھەتتا ئازادلىققا قەدەر سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆز ئىسىم) ـ فامىلىلىرىنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمى «يوغۇر» («يۇگۇ» ـ 裕固) غا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىدە خەنزۇچىلىشىش ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى. يەنى، قەبىلە ياكى ھەرقايسى ئۇرۇقلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ باش بوغۇمى ۋە ياكى ئاخىرقى بوغۇمى ئېلىنىپ، ئۇ بوغۇملار ئاھاڭ جەھەتتىن مۇناسىپ كېلىدىغان خەنزۇچە فامىلىلەرگە ئۆزگەرتىلدى. خەنزۇچە خەتنى تاللىغاندا، يەنە خەنزۇ فامىلىلىرىدە كۆپ قوللىنىلىدىغان خەتلەر ئىشلىتىلىپ، يوغۇرلارنىڭ قەبىلە ۋە



ئۇرۇقلىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ باش ياكى ئاياغ بوغۇملىرىدىن ئېلىنغان تەركىبلەرنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىندى. مەسىلەن، ئەنجان ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ فامىلىسى 安 (ئەن) بولدى: خېلازگېر ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ فامىلىسى ئاساسەن 贺 (خې) غا ئۆزگەرتىلدى؛ ئۇلان ئۇرۇقىدىكىلەر فامىلىسىنى 郎 (لاڭ) غا ئۆزگەرتتى. بەزى ئۇرۇقلار ئۆز ئۇرۇق ناملىرىنىڭ مەنىلىرىگە ئاساسەن مەنە تەرجىمىسى قىلىپ، خەنزۇچە خەت تاللاپ فامىلە سۈپىتىدە ئىشلەتتى. مەسىلەن، ئاقتاتار ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ فامىلىسى «ئاق» مەنىسىدىكى 白 (بەي) گە ئۆزگەرتىلدى. «چىلۇ» نىڭ مەنىسى «تاش» ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، چىلۇ ئۇرۇقىدىكىلەر «تاش» مەنىسىدىكى 石 (شى) خېتىنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتتى. دېمەك، يوغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان خەنزۇچە فامىلىلەر يوغۇر قەبىلىلىرى ياكى ئۇرۇقلىرىنىڭ ناملىرىنىڭ ياكى ئاھاڭ تەرجىمىسى ياكى مەنە تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. ئۇلارنى تىزىپ كۆرسەتسەك:

| يوغۇر تىلىدىكى قەبىلە ياكى ئۇرۇق نامى | ئۆزگەرتكەن خەنزۇچە فامىلىسى |
|---|---|
| ئەنجان (ئادىز) | 安 (ئەن) |
| قوڭغرات | 郭 (گو) |
| سۆگەل | 索 (سۇ) |
| تۇمەن | 杜 (دۇ) |
| ياغلات (ياكى ياغلاقار) | 杨 (ياڭ) |
| سىنا | 白 (بەي) |
| ئاقتاتار | 白 (بەي) |

خىلاڭگىر 贺 (خې)

تۇركەش (تونۇش) 妥 (تو)

چومىل 钟 (جوڭ)

ئۇلان (يا ئالان) 郎 (لاڭ)

ئىگىر 李 (لى)، 高 (گاۋ)

قالىغار 柯 (كې)، 哈 (خا)

قىزىل (ياكى ھۇن) 浑 (خۇن)

پالتان 潘 (فەن)

سولدۇس 苏 (سۇ)

غۇلىن 顾 (گۇ)

زېڭگېس 郑 (جېڭ)

بايات 吴 (ۋۇ)، 巴 (با)

چاڭمان 常 (چاڭ)

لانچاق 兰 (لان)

قىرغىز 耿 (دى)

مېڭگىل 孟 (مېڭ)

چوڭسا 孔 (كوڭ)

شىرا 黄 (خۇاڭ)

جورۇق 贾 (جيا)



گىلەك 葛 (گې)

جورۇس 左 (زو)

چىلۇ 石 (شى)

يۇقىرىدىكى قەبىلە ۋە ئۇرۇق نامىلىرى بىلەن ئۇلارغا مۇناسىپ ئۆزگەرتىلگەن خەنزۇچە فامىلىلەردىن تاشقىرى، يوغۇرلاردا يەنە 张 (جاڭ)، 蔺 (لىن)، 屈 (چۈ)، 凯 (كەي)، 李(لى)، 强 (چياڭ) قاتارلىق خەنزۇچە فامىلىلەرمۇ ئىشلىتىلمەكتە. بۇلار يوغۇرچە فامىلىلەر بولماستىن، بەلكى يوغۇر قىزلىرى خەنزۇلارغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن قوللانغان خەنزۇچە فامىلىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمەن، يوغۇرلار نۆۋەتتە ئۇرۇق ۋە جەمەتلەر بويىچە يۇقىرىقىدەك بىر نەچچە ئون فامىلىنى مۇقىم ئىشلىتىدۇ. ئەمما ئائىلىۋىي تىل ئورنىغا چۈشۈپ قالغان يوغۇر تىلىدا فامىلە چۈشەنچىسى ئەسلىدىلا ئۇرۇق چۈشەنچىسىگە ئوخشاش بولغاچقا، يوغۇرچە ئىسىملارنى ئىشلەتكەندە، ئۇلارغا ئۇرۇق ياكى جەمەت نامى بولغان فامىلىنى قوشۇپ ئىشلەتمەيدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، يوغۇرلار ـ ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇچە فامىلە قوللىنىش ئەھۋالىنىڭ ئېھتىماللىق يۈزلىنىشىنى ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر فامىلىچىلىكىدە بەزى تەرەپلىرىنى ئەينەك قىلغۇدەك قىممەتنى ئۆزىدە ھازىرلىغان. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر فامىلىچىلىك تەتقىقاتىمىز ۋە ئەمەلىيىتىمىزنىڭ تارىخى ۋە تارماق ئەھۋالاتىنى بىلىشتىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەرەپتۇر.

## 7. باشقا مىللەتلەردىكى فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىدىن ئۆرنەكلەر

فامىلە ـ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇش
بىلەن، ئۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن. دۇنيادىكى ھەممە مىللەت ئوخشى-
مىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۇرۇق، قەبىلە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى
دېگەن باسقۇچلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، زورىيىپ مىللەتكە ئاي-
لانغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ھەممە مىللەت دېگۈدەك ئۇرۇقداش-
لىق جەمئىيەت تۈزۈمىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئەمما ھازىرقى
زاماندىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ فامىلىسى يوق. بۇ نېمە ئۈچۈن؟
دەرۋەقە، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىنتايىن تەكشى-
سىز بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى فامىلە
ئەنئەنىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئۇرۇق-
داشلىق تۈزۈمىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل يىمىرىلگەنلىكى تۈپ سە-
ۋەب بولدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۇرلۇك تاشقى سەۋەبلەر، مەسى-
لەن، ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جۇملىدىن ناملاش ئەندىزى-
سىنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى تەسىرى ۋە ئورنىنىڭ
ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە زور بولغانلىقى...دەك ئامىللارمۇ بار. نۆ-
ۋەتتە ئۇيغۇرلار فامىلە قوللىنىش بوسۇغۇسىدا تۇرماقتا. مۇشۇن-
داق ئەھۋالدا، فامىلىنى قانداق قوللىنىش، قانداق سۆزلەرنى
فامىلە قىلىپ قوللىنىش، فامىلە قوللىنىشتا قانداق پرىنسىپلار-
غا رىئايە قىلىش،... دېگەندەك مەسىلىلەرگە نەزەرىيە نۇقتىسىدىن
جاۋاب بېرىش كېرەك. بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتىن بۇ-
رۇن، نۆۋەتتە فامىلە قوللىنىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ فامىلە قوللى-
نىش ئەنئەنىسىگە نەزەر سېلىپ، ئۇلاردىن ئىجابىي تەرەپلەرنى
قوبۇل قىلىش ۋە فامىلىنى قانداق قوللىنىش ئۈچۈن ئۈلگە ـ



ئۆرنەك ئېلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇ-
لۇپ، تۆۋەندە ئىنگلىز تىللىق مىللەتلەر، خەنزۇلار، ئەرەبلەر،
پارسلار، لاتىن تىللىق (ئىسپان تىللىق) مىللەتلەر، ھىندىلار،
ئىران تىللىق مىللەتلەر ۋە تۈركىيە تۈركلىرى... قاتارلىق ئون
نەچچە مىللەتنىڭ فامىلە قوللىنىش ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇ-
رۇلدى.①

△ خەنزۇلارنىڭ فامىلىسى:

خەنزۇلارنىڭ فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسى قاچان شەكىللەن-
گەن دېگەن مەسىلىدە ئېنىق تارىخىي دەلىل يوق. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا، رىۋايەت دەۋرىگە خاس فۇشى زامانىدا «ئوخشاش فامى-
لىلىكلەر نىكاھلانسا بولمايدۇ» دېگەن ئادەت بار بولۇپ، ئەگەر
مۇشۇ قاراش ئىشەنچلىك بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، خەنزۇلاردا
فامىلىچىلىك بەش مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە بولغان
بولىدۇ. خەنزۇلاردا فامىلە «姓氏» دېيىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە 氏
بولۇپ، 姓氏 (فامىلە) بولسا 姓 بىلەن 氏 نىڭ بىرىكىشىدىن
تۈزۈلگەن. يىراق قەدىمكى دەۋردىن تاكى ئالدىنقى چىن سۇلالى-
سى دەۋرىگىچە بولغان جەريانىدا، 姓 بىلەن 氏 ئوخشاش بولمىغان
كاتېگورىيىگە مەنسۇپ ئىككى ئۇقۇم ئىدى. ئەڭ دەسلەپتە، 姓
بولسا قەبىلە ياكى ئۇرۇقنىڭ نام بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ئانىلىق
ئۇرۇق، يەنى ئانا تەرەپ قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ۋەكىللىك قىلا-
تتى. يالغۇز 姓 خېتىدە ئاياللىق جىنسىنى بىلدۈرىدىغان يان
بۆلەك «女» بولۇپلا قالماستىن، يەنە نۇرغۇن فامىلىلەردىمۇ
يان بۆلەك «女» بار. مەسىلەن: 姚 (ياۋ)، 姒 (سى)، 姬
(جى)، 姜 (جياڭ)، 灵妫 (گۈي)، 嬴 (يىڭ) قاتارلىقلار.
بۇ ئەھۋال خەنزۇلاردا فامىلىنىڭ يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئانى-

① بۇ بۆلەكتىكى مەزمۇنلار جاڭ لىيەنفاڭ تۈزگەن «جەت ئەللىكلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى» دېگەن كىتاب ۋە دۇشۆزىڭ تۈزگەن «جۇڭگو ۋە ئىنگلىز تىللىق دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادىتى ئۈستىدە سېلىشتۇرما» دېگەن كىتابلاردىكى مۇناسىپ مەزمۇنلاردىن قىسقارتىپ ئېلىنغان.

لىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەنلىكىنى چۈشەندۈر-
دۇ. قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى، نوپۇسىنىڭ كۆپە-
يىشىگە ئەگىشىپ، بىر ئۇرۇق بىرقانچە تارماقلارغا بۆلۈنۈپ،
ھەرقايسى تارماقلار جاي - جايلارغا تارقىلىپ ئولتۇراقلىشىپ،
ھەرقايسى تارماقلار ئۆزلىرىگە خاس ئالاھىدە نام بەلگىلەرنى ئىش-
لىتىشكە باشلىدى ۋە باشقا تارماقلار تەرىپىدىن ئاشۇناملار بىلەن
ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن 氏 شەكىللەندى. تارىخىي خاتىرىلەرگە
ئاساسلانغاندا، شاڭ سۇلالىسىدىكى خەنزۇلارنىڭ ئەجداد قەبىلىسى
شاڭ ( 商 ) لارنىڭ ئانا تەرەپ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈر-
ىدىغان فامىلىسى 子 (زى) بولۇپ، كېيىنچە بۇ قەبىلىنىڭ
پارچىلىنىپ كۆپىيىشى بىلەن، ئۇنىڭدىن 殷 (يى)، 时
(شى)، 来 (لەي)، 宋 (سۇڭ)، 空同 (كۇڭتۇڭ) قاتارلىق
ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان فامىلە
( 氏 ) لەر ئايرىلىپ چىققان. بۇنىڭدىن بىر 姓 دىن بىرقانچە
氏 نىڭ ئايرىلىپ چىققانلىقىنى، بىر 氏 دىن يەنە نۇرغۇن 氏
لارنىڭ كۆپىيىپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. شۇ
سەۋەبتىن 氏 نىڭ سانى 姓 نىڭ سانىدىن ناھايىتى زور دەرىجىدە
ئېشىپ كەتكەن. جۇ ( 周 ) سۇلالىسى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن
كېيىنكى ئەمىنىيە ۋە يېغىلىق دەۋرلىرىدە 氏 مىسلىسىز تەرەق-
قىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ ئەلۋەتتە ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق
سۇيۇرغاللىق تۈزۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يېغىلىق دەۋ-
رىدىن كېيىن، كىشىلەر ئادەتتە 氏 نى ئىشلىتىدىغان، ئەمما 姓
نى ئىشلەتمەيدىغان بولۇشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، 姓 بىلەن
氏 نىڭ چەك - چېگراسى بارغانسېرى تۇتۇقلىشىپ ھەم يوقى-
لىپ، ئىككىسى قوشۇلۇپ بىر ئۇقۇمغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ
ئەھۋال خەنزۇلار جەمئىيىتىدە ئاتىلىق ھوقۇقچىلىقنىڭ تەدرىجىي
ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاتىلىق ھوقۇقچىلىقنىڭ ئال-
غانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چىن ۋە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، بولۇپ-



مۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلاردا ھەممە ئادەم فامىلە بىلەن
ئاتىلاتتى. بۇ ئەھۋال سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق
ئەسىرىدە ئېنىق ئەكس ئەتكەن. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى
شۇكى، جۇ ( 周 ) دەۋرىدە، خەنزۇلاردا پەقەت ئاقسۆڭەكلەر ۋە
يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭلا فامىلىسى بار بولۇپ، ئاددىي پۇقرا-
لارنىڭ بولسا ئىسمىلا بار، فامىلىسى يوق ئىدى. خەن دەۋرىدىن
كېيىن، 姓 بىلەن 氏 بىرلەشتى. شۇنىڭ بىلەن پۇقرالارمۇ ئۆز
فامىلىلىرىنى ئىشلىتىدىغان بولۇشتى. يىراق قەدىمكى دەۋردىن
تارتىپ تاكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان نەچچە مىڭ يىللىق
تەرەققىيات داۋامىدا، خەنزۇلارنىڭ فامىلىسى ( 姓氏 ) تەدرى-
جىي مۇقىملىشىپ، خەنزۇ مىللىتىنىڭ فامىلىلىرىنىڭ ئاساسىغا
ئايلاندى.
خەنزۇلارنىڭ فامىلە قوللىنىش تارىخى ئۇزۇن بولۇپلا قال-
ماي، يەنە ئۇلارنىڭ فامىلىسى ناھايىتى كۆپتۇر. ئۇنداقتا، خەن-
زۇلاردىكى فامىلىلەر قانداق مەنبەلەردىن كەلگەن؟. خەنزۇلار-
دىكى فامىلىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇق-
تىغا يىغىنچاقلاپ كۆرسىتىش مۇمكىن:
(1) ئەجدادلىرىنىڭ تۇتېمىنى فامىلە قىلىش. بۇنىڭ ئىچى-
دە تۇتېم قىلىنغان ھايۋانلاردىن باشقا، يەنە جانلىقلارغا ۋە تەبى-
ئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇشتىن كەلگەن فامىلىلەرمۇ بار: مە-
سىلەن، 云 (يۈن - بۇلۇت)، 龙 (لوڭ - ئەجدەرھا)، 熊
(شيوڭ - ئېيىق)، 牛 (نيۇ - كالا)، 马 (ما - ئات)، 羊
(ياڭ - قوي)، 鹿 (لۇ - بۇغا)، 鲍 (باۋ - بىر خىل بېلىق)
قاتارلىقلار؛
(2) ئەجدادلىرىنىڭ ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامى-
لىلەر: مەسىلەن، 轩辕 (شۈەن يۈەن)، 高阳 (گاۋياڭ) قاتار-
لىقلار؛
(3) ئەجدادلارنىڭ لەقەملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامى-

لىلەر: مەسىلەن، جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 文 ۋە 武王
قاتارلىقلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ فامىلىسى ئايرىم ـ ئاي-
رىم ھالدا 文 (ۋېن) ۋە 武 (ۋۇ) بولۇپ ئۆزگەرگەن؛

(4) ئەجدادلار قۇرغان ياكى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن
بەگلىكلەرنىڭ ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: مەسى-
لەن، 齐 (چى)، 鲁 (لۇ)، 秦 (چېن)، 晋 (جىن) قاتارلىق-
لار؛

(5) ئەجدادلارنىڭ ئىسمى ياكى تەخەللۇسىدىن ئۆزگىرىپ
كەلگەن فامىلىلەر؛ مەسىلەن، جېڭ بەگلىكىنىڭ بېگىنىڭ ئىس-
مى 子偃 (زىيەن)، تەخەللۇسى 子游 (زىيوۋ) بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەۋلادلىرى ئاتىسىنىڭ تەخەللۇسىدىكى 游 (يوۋ) نى فامىلە قى-
لىپ قوللانغان. 伍员 (ۋۇيۈەن) نىڭ ئەۋلادلىرى « 员 » خېتى-
نى فامىلە قىلىپ قوللانغان بولۇپ، بۇ ئەجدادىنىڭ ئىسمىنى
فامىلە قىلىپ قوللىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛

(6) دەرىجە ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر:
مەسىلەن، 王 (ۋاڭ ـ پادىشاھ)، 公 (گوڭ-بەگ، كىنەز)،
侯 (خوۋ ـ قەدىمكى خەنزۇلاردىكى بەش دەرىجىلىك ئەمەل تۈزۈ-
مىدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەمەل نامى) قاتارلىقلار؛

(7) ئولتۇراقلاشقان جايلار ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن
فامىلىلەر: مەسىلەن، 东门 (دوڭ مېن ـ شەرقىي قوۋۇق)،
南宫 (نەن گوڭ ـ جەنۇبىي قەسىر)، 西廓 (شى كو ـ غەربىي
ھويلا) قاتارلىقلار؛

(8) ئۇنۋان ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر:
مەسىلەن، 司马 (سىما ـ ئات باقار، مىراخور ياكى ھەربىي
قوشۇن ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئەمەل
نامى)، 司徒 (سىتۇ ـ دۆلەتنىڭ يەر ـ زېمىن ۋە پۇقرانى
باشقۇرىدىغان سەيسچى ئەمەل نامى)، 帅 (شۇەي ـ سانغۇن،
باش قوماندان)، 尉 (ۋېي-قەدىمكى ئۇنۋان ناملىرىدىن بى-



رى)، 司空 (سىكوڭ ـ قەدىمكى دەۋردىكى قۇرۇلۇش ۋە باشقا
مۇئەسسەسەلەرنى باشقۇرغۇچى ئەمەل نامى) قاتارلىقلار؛

(9) كەسىپ نامىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: مە-
سىلەن، 陶 (تاۋ ـ كۇلالچى)، 卜 (بۇ ـ رەمبال)، 巫 (ۋۇ-
باخشى، پېرىخون)، 商 (شاڭ ـ سودىگەر)، 乐 (يۆ ـ مۇغەن-
نىي، مۇزىكانت) قاتارلىقلار؛

(10) خان ـ پادىشاھلار ھەدىيە قىلغان فامىلىلەر: خەنزۇ-
لاردا بۇ خىلدىكى فامىلىلەر بەك كۆپ بولۇپ، ئومۇمەن ئىلگىرى-
كى پادىشاھلار خىزمەت كۆرسەتكەن شەخسلەرگە كۆپىنچە 李,王
دېگەندەك فامىلىلەرنى ئارمىغان قىلىشقان، نەتىجىدە شۇ شەخس-
تىن شاخلانغان جەمەتلەرنىڭ فامىلىسى 李 (لى) ياكى 王
(ۋاڭ) بولۇپ قالغان؛

(11) تىل پەرھىزى قاتارلىق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
ئۆزگەرتىلىپ پەيدا بولغان فامىلىلەر: مەسىلەن، 丘 (چيۇ)
فامىلىسى كوڭزىنىڭ تەخەللۇسى « 丘 » نى بىۋاسىتە تىلغا ئې-
لىشتىن پەرھىز قىلىنغانلىقى سەۋەبىدىن « 邱 » (چيۇ) غا ئۆز-
گەرتىلگەن. فامىلىسى 庆 (چىڭ) بولغان بەزى كىشىلەر پادى-
شاھلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىۋاسىتە تىلغا ئېلىشتىن پەرھىز قى-
لىپ فامىلىسىنى 贺 (خې) ئۆزگەرتكەن؛

(12) ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرىنىڭ ئاھاڭ تەر-
جىمىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، 呼延
(خۇيەن ـ قۇيان)، 宇文 (يۈۋېن) قاتارلىقلار.

خەنزۇلارنىڭ فامىلىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، زادى قانچى-
لىك فامىلە بار دېگەن مەسىلىدە ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن
قاراش يوق. خەنزۇلارنىڭ فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئالاقىدار
ئەسەرلىرىنىڭ بەزىلىرىدە 3107 فامىلە بار دېيىلسە①، يەنە بەزى-

① يەن يالڧەن تۈزگەن: «يېڭى تۈزۈلگەن فامىلىلەر».

لىرىدە تاق خەتلىك، ئىككى خەتلىك ۋە ئۈچ خەتلىك فامىلىلەر
بولۇپ جەمئىي 6363 فامىلە بار دەپ قارىلىدۇ.[1] 1982 - يىلى-
دىكى فامىلە ستاتىستىكىسىدا ئېنىقلانغان جۇڭگودىكى ھەرقايسى
مىللەتلەر قوللانغان خەنزۇچە فامىلە جەمئىي 11969 دۇر.[2]
ئادەتتە، ھازىر كىشىلەر خەنزۇلاردا قوللىنىلىۋاتقان فامىلىلەرنى
تەخمىنەن 3 مىڭدىن كۆپرەك دەپ قارىشىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ فامىلىسى قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئاددىي ئە-
مەس. بۇنىڭ ئىچىدە تاق خەتلىك فامىلىلەرمۇ، ئىككى خەتلىك
مۇرەككەپ فامىلىلەرمۇ، ئۈچ خەتلىك ۋە تۆت خەتلىك فامىلىلەر
بار. بۇنىڭ ئىچىدە تاق خەتلىك فامىلىلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. تارىختا ئىككى خەتلىك مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ
كونكرېت سانى خېلى كۆپ ئىدى. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغان-
دا، جىن دەۋرىدىن تارتىپ تاڭ دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا
بارلىققا كەلگەن يازما ۋەسىقىلەردە كۆرۈلىدىغان ئىككى خەتلىك
مۇرەككەپ فامىلىلەر 3 يۈزدىن ئاشىدۇ. ئەمما ھازىر ئىشلىتىلى-
ۋاتقىنى بولسا پەقەت نەچچە ئونغا ئاران يېتىدۇ. مەسىلەن، 上
官 (شاڭ گۇەن)، 诸葛 (جۇگې)، 司马 (سىما)، 孟仲
(مېڭ جوڭ)، 公孙 (گوڭ سۈن)، 步叔 (بۇشۇ)، 尉迟
(ۋېي چى)، 欧阳 (ئوۋ ياڭ)، 西门 (شى مېن)، 贺兰
(خېلەن) قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن تاشقىرى، نىكاھلىنىش سەۋەبى-
دىن بىر قىسىم ئىككى خەتلىك مۇرەككەپ يېڭى فامىلىلەرمۇ
بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، 陆费 (لۇفېي)، 钱王 (چيەن
ۋاڭ)، 范姜 (فەن جياڭ)، 刘胡 (ليۇخۇ) قاتارلىقلار. رو-
شەنكى، بۇنداق ئىككى خەتلىك فامىلىلەر تويلاشقان ئىككى ئائى-
لىنىڭ ئەسلىدىكى تاق خەتلىك فامىلىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن
شەكىللەنگەن. فامىلىلەر ئىچىدە ئۈچ خەتلىك ۋە تۆت خەتلىك

[1] تەيۋەندە نەشر قىلىنغان «جۇڭگولۇقلارنىڭ فامىلىسى» دېگەن كىتاب.
[2] ۋاڭ چۈەن گېن: «جۇڭگو فامىلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت يېشىمى»، 357 - بەت



فامىلىلەر بەك ئاز بولۇپ، ئۈچ خەتلىك فامىلىدىن پەقەت 朱可
浑 (جۇكېخۇن)، 步六孤 (بۇلىيۇگۇ) ۋە 侯莫陈 (خوموچېن)
قاتارلىق ئۈچىلا بار، تۆت خەتلىك فامىلىلەردىنمۇ ھەم 井疆六
氏 (جىڭ جياڭ ليۇ شى)، 自死独膊 (زى سى دۇ بو) ۋە
爱新觉罗 (ئەي شىن جۆلۆ) قاتارلىق ئۈچىلا بار.

خەنزۇلار نۆۋەتتە ئىشلىتىۋاتقان 3 مىڭدىن كۆپرەك فامىلە
ئىچىدە، ئۇلارنى ئىشلىتىدىغان نوپۇسنىڭ تارقىلىشى بەك تەك-
شىسىزدۇر. باشقىچە ئېيتقاندا، بەزى فامىلىلەرنى ئىشلىتىدىغان
نوپۇسنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلار «چوڭ فامىلىلەر»
دېيىلىدۇ. مەسىلەن، «张»، «王»، «李»، «赵»
قاتارلىقلار چوڭ فامىلىلەر قاتارىغا كىرىدۇ. بەزى فامىلىلەرنى
ئىشلىتىدىغان نوپۇس ئىنتايىن ئاز بولۇپ، بۇلار «كىچىك فامى-
لىلەر» دېيىلىدۇ. مەسىلەن: مۇرەككەپ فامىلە «轩辕»
(شۈەن يۈەن) گەرچە خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى - پادى-
شاھ شۈەن يۈەننىڭ فامىلىسى بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا كەلگەن-
دە، مەزكۇر فامىلىنى ئىشلىتىدىغان خەنزۇلار ئىنتايىن ئاز
تېپىلىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، پەرزەنت
(مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولسۇن) بىردەك ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلى-
سىگە ۋارىسلىق قىلىپ قوللىنىدۇ. بۇ ئادەت پەيدا بولغاندىن
تارتىپ تاكى مۇشۇ كەمگىچە ئۆزگەرمىدى. ئەمما بۇنىڭدىن مۇس-
تەسنا ئەھۋاللارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئائى-
لىلىرىدە، ئەگەر بىر ئائىلىدە كۆپ پەرزەنت بولىدىغان بولسا،
بەزىلىرى دادىسىنىڭ فامىلىسىگە، بەزىلىرى ئانا تەرەپنىڭ فامى-
لىسىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ، يەنە بەزى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە
يېڭى فامىلە ئىجاد قىلىپ بېرىدۇ. يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ شىددەت
بىلەن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، پەرزەنتلىرى ئۈچۈن يېڭى فامىلە
ئىجاد قىلىدىغان ئائىلىلەر ھازىر كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە.

بۇنىڭدا نىسبەتەن ئومۇملاشقان بىر ئۇسۇل بولسا ئاتا ۋە ئانا جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر فامىلە پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن، بۇنداق ئۇسۇلدىن ئىككى خەتلىك مۇرەككەپ بىر فامىلە پەيدا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنداق خىلدىكى ئىككى خەتلىك مۇرەككەپ فامىلىلەر يۈزدىن ئېشىپ كەتكەن. يەنە بەزىلەر بولسا ئاتىنىڭ ئىسمى بىلەن ئانىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ، مۇرەككەپ فامىلە شەكىللەندۈرۈپ، پەرزەنتلىرىنىڭ فامىلىسى قىلىپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمەكتە.

△ ئىنگلىز تىللىق خەلقلەرنىڭ فامىلىسى:

ئىنگلىز تىللىق خەلقلەرنىڭ فامىلە ئىشلىتىش ئەنئەنىسى ۋە ئەھۋالىغا كەلسەك، ئىنگلىز تىللىق بارلىق دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭ فامىلە سىستېمىسى ئاساسەن ئوخشايدۇ. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى ئەنگلىيەدە كىشىلەرنىڭ پەقەت ئىسمىلا بولۇپ، فامىلىسى يوق ئىدى. ئانگلو - ساكسونلارنىڭ ئىسىملىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، كۆپىنچىسى بىر ئاددىي ئىسىمدىن تەشكىل تاپاتتى. مەسىلەن، Frith (تىنچلىق)، Snelgar (باتۇر) دېگەندەك. قەدىمكى ئىنگلىزلار ئىسىم قويۇشتا قاتتىق بىر قائىدىگە ئەمەل قىلاتتى: يەنى، ئىسىملارنىڭ تەكرارلىنىپ قېلىشىغا يول قويۇلمايتتى. بۇ ئەھۋال كەم دېگەندىمۇ مەلۇم بىر رايوندا شۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئادىتى شۇ ئىدىكى، بىر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىسمى قايتا تىلغا ئېلىنمايتتى ۋە باشقىلارغا قويۇلمايتتى. ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئالماسلىق - ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلارنى ھۆرمەت قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشىنىلەتتى. پەقەت ئىسىملا بولۇپ، فامىلە بولماسلىقتەك ئەھۋال تاكى 10 - ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشتى. 1066 - يىلى نورمانلار ئەنگلىيەگە بېسىپ كىردى ھەم ئۆزلىرىنىڭ فامىلىچىلىك تۈزۈمىنى ئەنگلىيەگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 500 يىل ئىچىدە، ئىنگلىزلار تەدرىجىي رەۋىش-



تە ئۆزلىرىنىڭ مۇكەممەل بولغان فامىلە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

ئىنگلىز تىللىق خەلقلەرنىڭ فامىلىلىرى ئەسلىدە مەلۇم مەنىلەرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ فامىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقىتىپ، ساپ مەنىدىكى فامىلە بەلگىلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنگلىزلارنىڭ فامىلىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى تۆۋەندىكى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى:

(1) كەسىپ ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: ئىنگلىز تىللىق خەلقلەردىكى Carpenter (ياغاچچى)، Thatcher (ئۆي ياپقۇچى)، Tailor (تىككۈچى)، Smith (تۆمۈرچى)، Cooper (خىزمەتچى)، Cook (ئاشپەز) قاتارلىق فامىلىلەر ئەسلىدىكى يۇقىرىدا بېرىلگەن تەرجىمىلىرىدىكى كەسىپ ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن؛

(2) ئولتۇراقلاشقان شەھەر، يېزا، مەھەللە ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، York (يورك)، Kent (كېنت)، London (لوندون) قاتارلىقلار ئەنگلىيەدىكى يەر ناملىرى بولۇپ، بۇلار كېيىنچە فامىلىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن؛

(3) ئولتۇراقلاشقان جايلار ۋە ئۇ جايلارغا يېقىن جايلارنىڭ يەر شەكلى ۋە قىياپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، Moor (مور - سازلىق)، Hill (خىل - تۆپىلىك)، Wood (ۋۇد - ئورمان، ياغاچ)، Brook (برۇك - ئۆستەڭ، ئېرىق)، Bush (بۇش - چاتقال) قاتارلىقلار دەل ئاشۇ خىل ئۇسۇلدا ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەردۇر؛

(4) كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، Small (سمول - كىچىك)، Long (لوڭ - دارازا)،

Wise (ۋايس ـ ئەقىللىق، زېرەك)، Short (شورت ـ پاكار،
پاكىنەك) قاتارلىقلار دەل ئاشۇنداق يوسۇندا پەيدا بولغان فامىلى-
لەردۇر.

ئىنگلىز تىللىق خەلقلەردىكى بەزى فامىلىلەر «ئىسىم +
ئوغلى» (firstname + son) شەكلىدە كېلىپ ئاتا ـ بالىلىق
مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، Johnson (جونسون ـ
جوننىڭ ئوغلى)، Jackson (جەكسون ـ جەكنىڭ ئوغلى)،
Wilson (ۋىلسون ـ ۋىلنىڭ ئوغلى)، Jameson (جامېسون ـ
جامېنىڭ ئوغلى)، Grayson (گرايسون ـ گىرايىنىڭ ئوغلى)
قاتارلىقلار ئەنە شۇ يوسۇندا پەيدا بولغان فامىلىلەر بولۇپ، بۇ
فامىلىلەردىكى «son» (ئوغۇل) سۆزى فامىلىگە ئايلانغاندىن
كېيىن، ئەسلىدىكى «ئوغۇل» دېگەن مەنىدىن تېخىمۇ كەڭرەك
بولغان «ئەۋلاد» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئوغلى»، «پەرزەن-
تى» ياكى «ئەۋلادى» دېگەن مەنىلەر ئىنگلىز تىلىدا يەنە ئىسىم
ئاخىرىغا «ing» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنى-
دۇ. شۇڭلاشقا، ئارقىسىغا سۆز ئارقا قوشۇمچىسى «ing»
قوشۇلغان فامىلىلەردىن Willing (ۋىللىڭ)، Wilding
(ۋىلدىڭ)، Golding (گولدىڭ)، Henning (خېننىڭ) قاتار-
لىقلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا Will (ۋىل) ياكى William
(ۋىليام) نىڭ، Wild (ۋىلد) ياكى Wilde (ۋىلدې) نىڭ،
Godwin (گودۋىن) ۋە Henry (ھېنرى) نىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ
فامىلىسىدىن ئىبارەت.

جەمەتچىلىك ۋە قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈر-
دىغان فامىلىلەرنىڭ يەنە باشقا بىر شەكلى بار. بىز ئىنگلىز
تىللىق مىللەتلەرنىڭ فامىلىسىدىن دائىم Mac، Mc ۋە O
قاتارلىق سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرىنى بايقايمىز. مەسىلەن،
MacArthur (ماك ئارتۇر)، MacMillan (ماك مىللان) ياكى
Macmillan (ماكمىللان)، MacLeod (ماكلېئود)،



Macpherson ماك فېرسون)، Mcclellan (مىك كلېللان)،
Mcclure (مىك كلۇر)، McDonald (مىك دونالد)،
McNamara (مىك نامارا)، OBrien (ئوبرئېن) OCasey
(ئوكاسېي)، OC'onnel (ئوكوننېل)، OKelly (ئوكېللىي)،
O'Neil (ئونېيىل) قاتارلىقلار. بۇلار ئىچىدە ئالدىغا
«Mac» ۋە «Mc» لەر قوشۇلغان فامىلىلەر مەزكۇر فامىلىلىك
كىشىلەرنىڭ شوتلاندىيەلىكلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلدۈر-
سە، ئالدىغا «O» قوشۇلغان فامىلىلەر مەزكۇر فامىلىلىك كى-
شىلەرنىڭ ئىرلاندىيىلىكلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادى-
لەيدۇ.

ئىنگلىز تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاز ساندىكى فامىلىلىرى ئىك-
كى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ، ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىغا
قىسقا سىزىقچە قويۇلۇش ئارقىلىق بىرلەشتۈرۈلىدۇ ـ دە، ئۇلار
ئىنگلىز تىلىدىكى مۇرەككەپ فامىلىلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. مە-
سىلەن، Llody — Jones (للودىي ـ جونېس)، Bartle—Smith
(بارتل ـ سمىس) قاتارلىقلار. بۇنداق مۇرەككەپ فامىلىلەر ئاتا
ۋە ئانا تەرەپنىڭ فامىلىلىرىنى بىرىكتۈرۈشتىن ياسالغان بولۇپ،
بۇنداق قىلىش بىر تەرەپتىن فامىلىلەردىكى تەكرارلىقتىن ساقلى-
نىش ئۈچۈن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئەھۋال ئەنگلىيە
تارىخىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە ۋارىسلىق قى-
لىشىنىڭ بىر خىل شەكلىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەنگلى-
يىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال- مۈلكىگە بەلگىلىمە بويىچە ئەر
جىنسلىق پەرزەنتلەر ۋارىسلىق قىلاتتى. ئەگەر ئەر جىنسلىق
ۋارىس بولمىسا، ئايال جىنسلىق ئەۋلادلار ئاشۇ مال ـ مۈلۈككە
ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. ئەمما بۇنداق ۋارىسلىق
ھوقۇقىغا ئىگە قىزلار باشقىلار بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن،
ئېرى ۋە ئۆزى تەرەپنىڭ فامىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتى-
لىشى زۆرۈر ئىدى. مانا بۇ ئىنگلىز تىللىق خەلقلەردىكى مۇرەك-

كەپ فامىلىلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تارىخىي مەنبەدۇر.
ئىنگلىز تىلىدىكى فامىلىلەر ئىچىدە قانداشلىق مۇناسىۋىتى-
نى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر سۆز - ئالدى قوشۇمچىسى Fitz
(فىتز) بار بولۇپ، ئۇ شۇ قوشۇمچە قوشۇلغان فامىلىلىك
كىشىلەرنىڭ نورماندلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.
FitzGerald (فىتز گېرالد)، FitzJohn (فىتزجون)، Fitzroy
(فىتز روي)، FitzWilliam (فىتز ۋىليام)، Fitzhugh (فىتز
خۇگ) قاتارلىق فامىلىلەر ئاشۇ تۈرگە مەنسۇپ بولغان فامىلىلەر-
دۇر.
تارىختا ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈپ يۈرۈشى دائىم يۈز بېرىپ
تۇرىدىغان ئەھۋالدۇر. ئىنگلاندقا كۆچۈپ كىرگەن ياقا يۇرتلۇق-
لارنى يەرلىكلەر دائىم Scot (شوتلاندلار)، Wallace
(ۋاللاسلىقلار) دەپ ئاتايتتى. ئىنگلىز تىلىدىكى «Wallace»
دېگەن سۆز يەر نامى Walse دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. شۇنىڭ
بىلەن، Scott (سكوت) ۋە Wallace (ۋاللاس) لار ئاشۇ كۆچمەن-
لەرنىڭ فامىلىسى بولۇپ قالغان. يەنە بىر قىسىم كۆچمەنلەر
يەرلىكلەر تەرىپىدىن «traveller» (مۇساپىر، يولۇچى)،
«strange» (ناتونۇش ئادەم)، «newcome» (كەلگۈندى، يېڭى-
كەلدىئاخۇن) دەپ ئاتالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كۆچمەنلەرنىڭ
فامىلىلىرى «Strange» (سىچۇئېنج)، «Newcom» (نيۇ-
كام)، ياكى «Newcomb» (نيۇكوم) بولۇپ مۇقىملاشتى.
ئامېرىكا تارىخىدا نۇرغۇنلىغان نېگىرلار قۇل قىلىنىپ ئاف-
رىقا قىتئەسىدىن ئامېرىكىغا سېتىپ ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ،
ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەسلىدە فامىلىسى يوق ئىدى. (ئەمما
بۇ يەردە شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ئافرىقا قىتئەسىدە
قەبىلىۋى ھايات كەچۈرۈۋاتقان چاغلىرىدا، جەزمەن ئۆزلىرىنىڭ
قەبىلىسىنىڭ ئومۇمىي نامى ياكى تۇتېم بەلگىلىرىنى فامىلە ئور-
نىدا ئىشلىتىش ئارقىلىق باشقا قەبىلە ۋە ئۇرۇقلاردىن پەرقلە-



نىشنى بىلەتتى.) قۇللارنى ئازاد قىلىش ھەرىكىتى (ئامېرى-
دىكى ئىچكى ئۇرۇش) دىن كېيىن، ئاشۇ ئازاد بولغان نېگىرلار
ئۆزلىرىنىڭ خوجايىنلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللى-
نىشقا باشلىدى. ئاشۇ دەۋردە نۇرغۇن نېگىرلار ئۆزلىرىنى ئازاد
قىلغۇچى داھى پرېزىدېنت لىنكولنغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادى-
لەش ئۈچۈن، ئۇنى خاتىرىلەش تەرىقىسىدە «Lincoln» (لىن-
كولن) دېگەن نامنى ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسى قىلىپ تاللاشتى ۋە
شۇ بويىچە ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە.
كۈندىلىك تۇرمۇشتا خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر باشقىلار-
غا ئوخشىمايدىغان يول تۇتۇش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىدۇ. باش-
قىلارغا ئوخشىمايدىغان فامىلىلەرنى ئىجاد قىلىپ چىقىش - دەل
ئاشۇ ئەھۋالنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. مەسىلەن، ئامېرىكىدى-
كى مەلۇم بىر ئوقۇغۇچى William Youguess (ۋىليام يۇگۇۋېس)
دەپ ئاتىلاتتى. ئەمەلىيەتتە فامىلە ئورنىدا ئىشلەتكەن Youguess
دېگەن سۆز ئىنگلىز تىلىدىكى «You guess» (قىياس قىل!)
دېگەن جۈملىدىن ئېلىنغان. بۇنداق خىلدىكى فامىلىلەر ئاڭلى-
نىشقا غەلىتىرەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ئۇمۇ فامىلە قوللىنىش
داۋامىدا بارلىققا كەلگەن بىر خىل مۇقەررەر ئەھۋالدۇر.
ئىنگلىز تىللىق خەلقلەر ۋە دۆلەتلەردە پەرزەنتلەر ئادەتتە
ئاتا تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىپ ئۇنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا
داۋاملاشتۇرىدۇ. قىزلار نىكاھلانغاندىن كېيىن ئەر تەرەپنىڭ
فامىلىسىنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، Marry Smith (مارري.
سمىس) ئىسىملىك قىز John. Robinson (جون. روبىنسون)
غا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تولۇق ئىسىم - فامىلىسى-
نى Marry Robinson (مارري. روبىنسون) غا ئۆزگەرتىدۇ.
ئەمما يېقىنقى يىللار مابەينىدە قىز توي قىلغاندىن كېيىن يەنىلا
ئەسلىدىكى فامىلىسىنى ساقلاپ قالىدىغان ئەھۋال كۆپەيمەكتە.
بەزىلەر توي قىلغاندىن كېيىن ئۆز فامىلىسىنىڭ ئارقىسىغا (بە-

زىدە ئالدىغا) ئېرى تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوشۇپ مۇرەككەپ فامىلىلەرنىمۇ شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ بەلكى ئاياللار ئازادلىقى ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئامېرىكىدا ئايال ئارتىسلار ۋە يازغۇچىلار ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىنى بەك ئاز ئىشلىتىدۇ. بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى بار بولغان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئايال ئارتىسلارنىڭ نىكاھ ئىشى ئىنتايىن سەزگۈر ئىش بولغانلىقتىن، كىنو ئىشلىگۈچىلەر ۋە تىياتىرخانا خوجايىنلىرى ئۇلارنىڭ جىسمانىي - گۈزەللىك جەھەتتىكى قىممىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئېرى تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىشىگە يول قويمايدۇ.

ئىنگلىز تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ئادەتتە ئىككى بۆلەكتىن، يەنى: ئىسىم ۋە فامىلىدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن فامىلىسىنىڭ تىزىلىش تەرتىپى خەنزۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن فامىلىسىنىڭ تىزىلىش تەرتىپىنىڭ نەق ئەكسىچە بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىنگلىز تىللىق خەلقلەرنىڭ فامىلىسىدە ئاتا ئىسمى پەقەتلا چۈشۈپ قالىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئادەتتە تولۇق ناملاش «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» شەكلىدە بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا بولسا ئاتا ئىسمى قىسقارتىلىدۇ ياكى ۋاقىتلىق چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. ئەمما بۇ ئۇلارنىڭ ناملاش شەكلىدە ئاتا ئىسمىنىڭ بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

### △ تۈركلەرنىڭ فامىلىسى:

تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ فامىلىسىز ھالەتتىن فامىلىلىك ھالەتكە ئۆتۈشى، مەمۇرىي - قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولسا كېرەك. ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى، تۈركىيە تۈركلىرىنىڭ پەقەت ئىسمىلا بار بولۇپ، فامىلىسى يوق ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە ئىسىم - شەخسنىڭ ئىسمى بىلەن ئۇنىڭ ئاتا ئىسمىدىن تەشكىل تاپاتتى.



ئۆز ئىسمى ئالدىدا، ئاتىسىنىڭ ئىسمى كەينىدە كېلەتتى. مەسىلەن، ئەھمەت جالال (Ahmet Celal). بۇنىڭدا ئەھمەد شەخسىنىڭ ئۆز ئىسمى، جالال بولسا ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئىدى. ئاتا ئىسمى دەۋرلەرگە قاراپ ئۆزگىرىدىغان بولغاچقا (يەنى ئەۋلاد پەرقلىرىدە بىر كىشى دەسلەپتە بالا بولغان بولسا، كېيىن ئاتا بولىدىغان بولغاچقا)، ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئىشلىتىدىغان شەكىل مەڭگۈلۈك ئائىلە فامىلىسىگە ئايلىنالمايتتى. ئەمما تۈركىيە تۈركلىرى رەسمىي فامىلە قوللانغىچە بولغان ئارىلىقتا، ناھايىتى ئاز ساندىكى «ئائىلە ئىسمى» بار بولۇپ، ئۇلار مەلۇم دەرىجىدە فامىلە مەنىسىگە ئىگە ئىدى. مەلۇم ئائىلىدە مۇئەييەن ئارتۇقچىلىقى سەۋەبىدىن مەشھۇر بولغان ئادەملەر چىققاندىن كېيىن، مەزكۇر ئائىلىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ نامى قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىناۋىتىنى نامايىش قىلىشقا ئىشلىتەتتى. ئائىلە ئىسمى ئادەتتە شەخس ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا ئورۇنلىشاتتى. مەسىلەن، خامۇرجۇ ئوغلۇ ھاسان جەمىل (Hamurcu Oglu Hasan Cemil) دېگەن ئىسىمدا «خامۇرجۇ ئوغلۇ» بولسا ئائىلە ئىسمى بولۇپ ئۇ «خېمىرچى ئوغلى» دېگەنلىك بولاتتى. ئائىلە ئىسىملىرى ئادەتتە «ئوغلۇ» (Oglu - ئوغلى)، «زادە» (Zadeh - پارسچە «پۇشتى»، «ئوغلى» مەنىلىرىدە) دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاخىرلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىلە ئىسمى قوشۇلغان شەخس ئىسىملىرى «پۇستانىنىڭ ئوغلى...» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. كېيىنكى فامىلە ئىسلاھاتىدا، ھەممە ئائىلە ئىسىملىرى دېگۈدەك فامىلىلەرگە ئايلاندۇرۇلدى. ھالبۇكى، تۈركلەردە فامىلە قوللىنىشنى باشلاش 1934 - يىلىدىكى فامىلە ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى ئىشتۇر.

تۈركلەردە فامىلە قوللىنىش مۇستاپا كامال تەشەببۇسچىلىقىدا، 1934 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرد-

يىتى خەلق پالاتاسى ماقۇللىغان «سوۋېت قانۇنى»[1] يولغا قويۇل-
غاندىن كېيىن باشلانغان. فامىلە قوللىنىش - مۇستاپا كامال
ئىنقىلاب غەلىبىسىدىن كېيىن فېئودال دىنىي كۈچلەرگە زەربە
بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان
بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا تارىختىن بېرى قوللىنىلىپ كەلگەن،
فېئوداللىق ۋە دىنىي تۈسى قويۇق ھۆرمەت ناملىرى ۋە نام -
ئاتاقلار بىكار قىلىندى. بۇ فېئودال دىنىي كۈچلەرنىڭ تەسىرىنى
ئاجىزلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. «سوۋېت
قانۇنى» ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن، ھەر خىل كونا
ھۆرمەت - مەنسەپ ناملىرى ۋە نام - ئاتاقلار ئىشلىتىلمەي،
بىرلىككە كەلگەن «بەي» ياكى «باي» (Bay ، - ئەپەندى مەنىسى-
دە) ۋە «بايان» (Bayan - خانىم ياكى خانقىز مەنىسىدە) دېگەن
نام - ئاتاقلار ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. «بەي» ۋە «بايان» لار
فامىلىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بۇنىڭدا يۇقى-
رىقى ئىككى ئاتاق سۆزى فامىلىلەرنىڭ ئالدىدا ئاتالدى. مەسى-
لەن، بەي ئاقيول (Bay Akyol)، يەنى ئاقيول ئەپەندى، بايان
ئاقيول (Bayan Akyol)، يەنى ئاقيول خانىم (ياكى خانقىز)
دېگەندەك. ئەمما رېئال تۇرمۇشتا «بەي»، «ئەپەندى» ۋە «بەي
ئەپەندى» قاتارلىقلار يەنىلا ئىسىملارنىڭ ئارقىسىدا ئىسىملارغا
قوشۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ. «سوۋېت قانۇنى» دا ھەربىر تۈركنىڭ
خۇددى ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش ئۆزلىرى ئۈچۈن فامىلە تاللىۋې-
لىشى زۆرۈرلۈكى بەلگىلەنگەن بولغاچقا، تۈركلەرنىڭ فامىلە
ئىشلىتىش تارىخى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى. تۈركلەرنىڭ تارىخى-
دا فامىلە بولمىغانلىقتىن، تۈركلەر «سوۋېت قانۇنى» غا ئاساسەن
ئۆزلىرىگە فامىلە بەلگىلىگەن ۋاقتىدا تەقلىد قىلىپ ئەگىشىدىغان

[1] تۈركچىدە فامىلە «سوۋېت» دېيىلىدۇ. «سوي» - «نەسىل، ئەۋلاد» دېگەنلىكتۇر. بۇ «ئىسىم» مەنىسىدىكى «ئات» بىلەن قوشۇلۇپ ياسالغان سۆز.



فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسى بولمىغاچقا، فامىلە تاللاش ئۇسۇللى-
رىمۇ ھەر خىل بولۇشتىن خالىي بولالمىدى. تۈرك ھۆكۈمىتى
«سوۋېت قانۇنى» نى ماقۇللاپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كىشى-
لەرنى فامىلە تىزىملىكى بىلەن تەمىنلىدى، ئادەتتە كىشىلەر ئاشۇ
تىزىملىك ئىچىدىن فامىلە تاللاپ ئىشلەتتى. مەسىلەن:
«ئۆز تۈرك» (Ozturk - ھەقىقىي تۈرك)، «چەتىن تۈرك»
(Cetinturk - كەسكىن تۈرك)، «شەن تۈرك» (Senturk -
خۇشال تۈرك)، «ئاقجان» (Akcan - ئاق جان)، «ئاقيول»
(Akyol - ئاق يول) قاتارلىقلار. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ
كەسپلىرىنىڭ، تۇغۇلغان يۇرتلىرىنىڭ ناملىرىنى ۋە ئالاھىدىلى-
كىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى فامىلە قىلىپ قوللاندى. مەسى-
لەن، «ئەجزاجى باشى» (Eczacibasi - دورىگەر)، «سابانجى»
(Sabanci - ساپانچى)، «بالىكجى» (Balikci - بېلىقچى)،
«مۇغلالى» (Muğlali - مۇغلالىق ئادەم) قاتارلىقلار. ئىلگىرى-
كى بىر قىسىم يۇقىرى تەبىقە ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ «ئائىلە
ئىسىملىرى» نى فامىلە قىلىپ قوللاندى. مەسىلەن، تۈركىيەنىڭ
مەشھۇر تارىخشۇناسى مەھمەت فۇئاد كۆپرۈلۈزادە «كۆپرۈلۈزادە»
(Kopruluzade) دېگەن ئىسمىدىكى پارسچە قوشۇمچە «زادە»
(Zade) نى ئېلىپ تاشلاپ «كۆپرۈلۈ» نى فامىلە قىلىپ قوللان-
دى. يەنە بەزىلەر قەدىمكى ۋە ھازىرقى تۈركىي قوۋملەرنىڭ
ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللاندى. مەسىلەن، «سەلجۇك»
(Selcuk - سالجۇق)، «تۈركمەن» (Turkmen)، «ئۇيغۇر»
(Uyğur) دېگەندەك. زىيالىيلار بىلەن ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۆز
خىزمەت - كەسپلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن يېڭى
فامىلە ياساپ قوللاندى. مەسىلەن، «يۇرتاكۇل» (Yurtakul -
يۇرت- ئەل قۇلى) قاتارلىق. بىر قىسىم تۈركلەر يەنە ئۆز
ئاتىلىرىنىڭ ئىسمى ۋە ئاتا كەسپلىرىنىڭ ناملىرىنى فامىلە
قىلىپ قوللاندى. مەسىلەن، «ئوسمان ئاغا ئوغلۇ»

( Osmanagaoğlu ـ ئوسمان ئاغا ئوغلى ) ، « كـاسـاپ ئوغلۇ »
( Kasapoğlu ـ قاسساپ ئوغلى ) دېگەندەك . بۇ خىلدىكى فامىلىـ
لەر بىر دەك « ئوغلۇ » ( Oğlu ـ ئوغلى ) بىلەن ئاخىرلىشىدۇ .
بۇنىڭدىن باشقا ، زور تارىخىي ۋەقەلەر ، ئەپسانىۋى ھېكايىلەر ،
ئامراق ھايۋانلارنىڭ ناملىرى ، ھەتتا لەقەم ۋە بىر قىسىم ئالاھىدە
سۆزلەرمۇ فامىلە سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدى . مەسىلەن ، تۈركىيە
جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك پرېزىدېنتىنىڭ فـامىلىـ
سى « ئىنۆنۈ » ( Inönü ) بولۇپ ، ئۇ دەل ئۆزى قوماندانلىق
قىلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن جەڭگاھنىڭ نامىدىن كەلگەن
فامىلىدۇر . تۈركىيىدىكى ئەڭ چوڭ كاپىتالىستنىڭ فامىلىسى
« كۆچ » ( koc ) بولۇپ ، ئۇ ئۆچكىنىڭ ئىسمىدىن ئېلىنغان .
« دەمىر باشلى » ( Demirbasli ) دېگەن فامىلە « تۆمۈر باشلىق »
دېگەن لەقەمدىن كەلگەن . تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى ، تۈر ـ
كىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى مەشھۇر يازغۇچىسى ئەزىز نەسىن
( Aziz Nesin ) كىشىلەردىن پەرقلىق ھالدا تۈرك تىلىدىكى
« سەن كىمسەن ، سەن نېمە سەن ؟ » دېگەن مەنىدىكى « نەسىن »
( Nesin ) نى ئۆزىنىڭ فامىلىسى قىلىپ ئىشلەتكەن .
مۇستاپا كامال فامىلە ئىسلاھاتىدىن كېيىن ئېلىپ بارغان
دېموكراتىيە خاراكتېرىدىكى ئىسلاھاتلار تۈركىيىلىكلەرنىڭ
ئىسىم ـ فامىلىسىگە يېڭى مەزمۇن ئاتا قىلدى . تۈركچە
ئىسىم ـ فامىلىلەردە ئەرەبچە ـ پارىسچە تەركىبلەر ئازىيىپ ،
تۈركچىلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تېخىمۇ
كۆپ ئادەم ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيىتى ۋە ئىسلاھات ـ
ئىنقىلاب ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۆزلۈكلەرنى ئى ـ
سىم ـ فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە باشلىدى . مەسىلەن ، مۇستاپا
كامالنىڭ فامىلىسى « ئاتاتۈرك » ـ تۈركىيە پارلامېنتى ئۇنىڭ
ئىنقىلابقا قوشقان تۆھپىلىرىنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا
ھەدىيە قىلغان فامىلىدۇر . دەسلەپكى سابىق باش مىنىستىرنىڭ



فامىلىسى « كورۇتۈرك » ( Korutürk ) نىڭ مەنىسىمۇ « تۈركىيە
قوغدىغۇچىسى » ئىدى . بۇنىڭدىن باشقا « ئىلەرى » ( Ileri ـ ئىلـ
گىرى ) ، « ئالبايراك » ( Albayrak ـ قىزىل بايراق ) ، « كۇرتۇ ـ
لۇش » ( Kurtulus ـ قۇتۇلۇش ، ئازادلىق ) قاتارلىق فامىلىلەر ـ
دىمۇ ئاشۇنداق تەرەققىيات يۈزلىنىشى ئەكس ئەتكەن . يەنە مەسى ـ
لەن ، « دوگان » ( Doğan ـ تۇغۇلۇۋاتقان ) ، « گۈۋەن » ( Güven ـ
ئەقىدە ، ئىشەنچ ) ، « ئايدىن » ( Aydin ـ يورۇق ، زىيالىي ) ،
« ئۇگۇر » ( Uğur ـ تەلەي ، ئامەت ) ، « گۈنەش » ( Günes ـ
قۇياش ) قاتارلىق ئىلىم ، يورۇقلۇق ۋە گۈزەل ئىستەكلەرنى
بىلدۈرىدىغان سۆزلەر تېخىمۇ كۆپ تۈركلەر تەرىپىدىن ئىسىم ۋە
فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىلدى .
يۇقىرىقىدەك ئىسلاھات تەدبىرى نەتىجىسىدە ، تۈركلەردە فا ـ
مىلە ئىشلىتىش ئومۇملىشىپ قالدى . ھازىرقى زاماندىكى تۈركى ـ
يە تۈركلىرى ئىسىم ـ فامىلە جەھەتتە ئاتا جەمەتكە ئەگىشىش
پرىنسىپىنى قوللىنىدىغان بولۇپ ، بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ ئىسمى ئال ـ
دىدا ، فامىلىسى كەينىدە كېلىدۇ . مەسىلەن ، مەشھۇر تۈركىيە
شائىرى نازىم ھىكمەتنىڭ ئىسمى « نازىم » بولۇپ ، « ھىكمەت »
فامىلىسىدۇر . مۇشۇ قائىدە بويىچە ، ئاتىنىڭ فامىلىسىگە شۇ
جەمەتنىڭ ئەر جىنسلىق ئەزالىرى ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملاشتۇ ـ
رىدۇ . مۇشۇنداق ئۇسۇل تۈركىيىدە ئاللىقاچان مۇقىم فامىلە
ئەنئەنىسى بولۇپ شەكىللىنىپ بولدى . تۈرك ئاياللىرىنىڭ ئى ـ
سىم ۋە فامىلىسىنىڭ تىزىلىش شەكلى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش ـ
تۇر . مەسىلەن ، داڭلىق كىنو چولپىنى تۈركەن سوراي
( Turkan Soray ) نىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىدە « تۈركەن » ئۇنىڭ
ئىسمى بولسا ، « سوراي » ئۇنىڭ فامىلىسىدۇر . ئەمما ئەرلەرنىڭ
فامىلە ئىشلىتىش ئەھۋالىغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى ، قىزلار ياتـ
لىق بولغاندىن كېيىن ، ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئاساسەن ، ئۇلار ئۆز ـ
لىرىنىڭ ئاتا جەمەت فامىلىسىنى تاشلاپ ، ئەر تەرەپنىڭ فامىلىـ

سىنى قوللىنىدۇ.

تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە، رەسمىي سورۇنلاردا، كىشىلەر بىر - بىرىنى تولۇق ئىسىم - فامىلىسى بىلەن ئاتىشى لازىم. ئەمما مۇناسىۋىتى بەك يېقىن كىشىلەر ئارا ئىسىملىرىنى بىۋاسىتە ئاتاشسا بولىدۇ. مۇناسىۋىتى يىراقراق كىشىلەر ئارا پەقەت فامىلىسىنى ئاتىسىمۇ بولىدۇ. تۈركلەر ئىسىم - فامىلىسىنى يازغاندا ياكى ئىمزا قويغاندا، قىسقارتىپ باش ھەرپىنىلا يازىدۇ، ئەمما فامىلىسىنى تولۇق يازىدۇ. مەسىلەن، مۇستاپا كامال ئاتا تۈرك (Mustafa Kamal Atatürk) نى «م. ك. ئاتا تۈرك» (M. K. Atatürk) شەكلىدىمۇ يازىدۇ. ئاياللار ئەرلەرنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىدىغان سەۋەبلىك، پەقەت فامىلىنى ئىشلىتىپلا ئەر - خوتۇن ئىككى كىشىنى چاقىرىشقا بولىدۇ، بۇنداق چاغدا ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىش زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. مەسىلەن، سابىق باش مىنىستىر بۇلەنت ئەجەۋىت (Bülent Ecevit) بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى رەھسان ئەجەۋىت (Rahsan Ecevit) نى چاقىرىشتا ۋە ئاتاشتا، ئاددىيلاشتۇرۇپلا «ئەجەۋىت ئەر - خوتۇنلار» دېيىشكە بولىدۇ.

△ ئەرەبلەرنىڭ فامىلىسى:

كېسىپ ئېيتقاندا، ئەرەبلەر فامىلىسىز مىللەتتۇر. ئەرەبلەردە تولۇق كىشى ئىسمى «شەخسى ئىسمى + ئاتا ئىسمى + بوۋا ئىسمى» شەكلىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا لەقەم ۋە يۇرت ناملىرىنى، تەخەللۇسلىرىنى قوشىدۇ. بۇلار قوشۇلۇپ ئەرەبلەرنىڭ تولۇق ئىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ يۇقىرىقى ئىسىم شەكلىدىكى ھەرقانداق بىر تەركىب ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالمايدىغان بولغاچقا، ئۇنى فامىلە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئاز ساندىكى كىشىلەر ئەجدادلىرىنىڭ ئىسىملىرى ئىچىدىكى مەلۇم ئىسىمنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش بىلەن ئۇنى فامىلە تۈسىگە ئىگە قىلىپ ئىشلىتىدۇ.



ئەرەبلەرنىڭ ناملار تىزىملىكىدە شەخس ئىسمىدىن كېيىن كېلىدىغىنى ئاتا ئىسمىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغىنى ئاساسەن ئاتىسىنىڭ ئاتىسى (بوۋىسى) نىڭ ئىسمىدۇر. ئاز ساندىكى كىشىلەر يەنە ئۆز ئىسمى ئاخىرىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى، ئاندىن مومىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئىسمى ئاتىنىڭ ئىسمى ۋە بوۋىسىنىڭ ئىسمىغا قوشۇلغاندا ئوتتۇرىسىدا «ئوغلى» مەنىسىدىكى (ابن) سۆز قىستۇرۇلىدۇ [بەزىدە «ابن» ئالدىدىكى سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى تاۋۇشنىڭ سوزۇق تاۋۇش بولۇشىغا ئاساسەن «بن» (بىن) دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ]. مەسىلەن، «عبد الله ابن موسى ابن نصير» (ئابدۇللا ئىبنى مۇسا ئىبنى نەسىر). بۇ ئەمەلىيەتتە «ئابدۇللا - نەسىر ئوغلى مۇسانىڭ ئوغلىدۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. يەنە مەسىلەن، «ابو الوليد محمد ابن احمد ابن رشد» (ئەبۇلۋەلىيد مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئىبنى رۇشد) بولسا «رۇشد ئوغلى ئەھمەد ئوغلى ئەبۇلۋەلىيد مۇھەممەد» دېگەنلىكتۇر. قەدىمدە ئەرەبلەردە بەزى كىشىلەر سۆز ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە بوۋىسىنىڭ ئىسمىدىن باشقا ئۇلۇغ بوۋىسى ھەتتا ئۇنىڭ بوۋىسىغىچە... بولغان ئالتە - يەتتە ئەجداد بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتايتتى. ئەمما ھازىر ئەرەبلەردە شەخس ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئاتا ئىسمىنى قوشۇپلا، بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قوشماسلىق يۈزلىنىشى مەۋجۇت، مەسىلەن، خالد ابن عبد العزيز (خالىد ئىبنى ئەبدۇلئەزىز)، عبد العزيز ابن سعد (ئابدۇلئەزىز ئىبنى سەئۇد) دېگەندەك.

ئاياللارنى ئىسىملىرىمۇ ئوخشاشلا ئاتا ئىسمى ۋە بوۋىسىنىڭ ئىسمىدىن بۇرۇن كېلىدۇ، پەقەت ئەرلەر ئىسىملىرىدىكى «ئوغلى» مەنىسىدىكى «ابن» سۆزى «قىزى» مەنىسىدىكى «بنت» (بىنتى) گە ئالمىشىدۇ. مەسىلەن، فاطمة بنت زيد ابن على (فاتىمە بىنتى زەيد ئىبنى ئەلى) دېگەندەك. بۇ، «ئەلى ئوغلى زەيدنىڭ قىزى فاتىمە» دېگەنلىكتۇر. ھازىرقى زاماندا بەزى ئە-

رەبلەر ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە بوۋىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىدا كېلىدىغان «ابن» ۋە «بنت» نى قىسقارتىۋېتىپ، تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئۈچ ئىسمىنى ھاسىل قىلىپ ئىشلەتمەكتە. مەسىلەن، «خاتم قاسم شكري»، (خاتىم قاسىم شۇكرىي) دېگەندەك. دېمەك، ئەرەبلەردە فامىلە يوق بولۇپ، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بىر قىسىم ئائىلىلەردىكى بارلىق ئەزالار بىرنەچچە ئەۋلادقىچە ئەجدادلىرى ئىچىدىكى مەلۇم كىشىنىڭ ئىسمىنى ئىزچىل ئاتاش ئارقىلىق، ئۇنى فامىلە خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

△ پارسلارنىڭ فامىلىسى:

پارسلار قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلاردا خۇددى دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش ناھايىتى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە پەقەت ئىسىملا بولۇپ فامىلە بولمىغانىدى. قەدىمكى پارسلارنىڭ ئاتەشپەرەسلىك دەستۇرى «ئاۋىستا» دا تىلغا ئېلىنغان ئىلاھلار ۋە قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىلا بولۇپ، فامىلىسى يوق ئىدى. ئاھامانىد سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر پادىشاھلىرىنىڭمۇ، ساسان ئىمپېرىيىسىنىڭ شاھلىرىنىڭمۇ فامىلىسى يوق ئىدى. بۇنداق ئەھۋال مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە ئەرەبلەر پارسنى پەتھى قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. ئەرەبلەرنىڭ ئىراندىكى ئۇزاق مەزگىللىك ھۆكۈمرانلىقى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئەرەب ئادەتلىرىنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، پارسلار ئەرەبلەرنىڭ ناملاش شەكلى ـ شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە (ياكى بوۋا ئىسمى) نى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پارسلاردا قىسمەن تەرەپلەردە فامىلىلىك خۇسۇسىيەت بولمىغان، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن فامىلىگە ئوخشاش ناملار تەدرىجىي ئومۇملىشىشقا باشلىدى. بۇنداق فامىلىلەر كۆپىنچە يەر ناملىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بىر جەھەتتە تەخەللۇسقىمۇ ئوخشايتتى. مەسىلەن، بۈيۈك پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ تولۇق ئىسمى ـ ھاكىم ئەبۇلقاسىم بىن ئىسھاق شەرەفشاھ فىردەۋسىي



بولۇپ، بۇنىڭدا «ھاكىم ئەبۇلقاسىم» ـ ئۇ زاتنىڭ ئۆز ئىسمى، «ئىسھاق شەرەفشاھ» ـ ئاتىسىنىڭ ئىسمى، «فىردەۋسىي» بولسا ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ نامىدۇر. پارسلار ئەرەبلەرنىڭ ناملاش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى تەرتىپىدە شەخس ئىسمى ئەڭ ئالدىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا ئىسمى، ئۇنىڭدىن كېيىن فامىلە (ئەگەر قوللانغان بولسا) كېلىدۇ. پارسلاردا فامىلىگە قانداق سۆزنىڭ ئېلىنىشىدا قاتتىق چەك ـ چېگرا يوق. ئومۇمەن، ئىسىم ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىكى سۆزلەر فامىلە ئورنىدا قوللىنىلسا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. پارسلارنىڭ فامىلىلىرى ئومۇمەن تۆۋەندىكى بىرقانچە مەنبەدىن كېلىدۇ:

(1) تۇغۇلغان ۋە ئولتۇراقلاشقان يۇرتلارنىڭ نامىنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، ھۆسەيىن تېھرانىي (تېھران شەھىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن فامىلە)، مەقسۇد كاشانىي (كاشان ئىسىملىك شەھەر نامىدىن كەلگەن فامىلە) دېگەندەك. ئەمما بۇنداق فامىلىلەر شەرقتىكى يۇرت نامىنى ئۆز ئىسىملىرى ئارقىسىغا قوشۇپ ئاتاش ئەنئەنىسىدىن مەلۇم جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. پارسلاردا يەر ناملىرىدىن كەلگەن بۇنداق ئىسىملار ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلدۇرۇلغان بولسا ئاندىن فامىلە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پەرقلەندۈرۈپ قاراش لازىم..

(2) ئۇرۇق ياكى جەمەتىنىڭ نامىنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، ئەھمەد شەملۇ (شەملۇ ـ ئۇرۇق نامىدۇر)، ئەھمەد جالال (جالال ـ جەمەت نامىدۇر) دېگەندەك.

(3) پارسلاردا فامىلىلەر ئارقىسىغا ئەرەبچە مەنسۇپلۇق قوشۇمچىسى تەشدىيدلىك «ى» قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىشتىن سىرت، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان فامىلىلەرنىڭ ئارقىسىغا «پەرزەنت، ئەۋلاد» مەنىسىدىكى «زاد» (zad) «زادە» (zadeh) ۋە «ئوغۇل» مەنىسىدىكى «پۇر» (pur) قوشۇلـ

دۇ. مەسلەن، سەييىد مۇھەممەد جامالزادە، ھۆسەيىن كازىم-
زادە، نادىرپۇر... دېگەندەك.
پارسلاردا ئاياللار ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ فا-
مىلىلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ. ھازىر ئاممۋى سورۇنلاردا ئاياللار-
نى ئەرلىرىنىڭ فامىلىلىرى بىلەن «خانىم» دەپ چاقىرىشمۇ
بولىۋېرىدۇ. دېمەك، پارسلاردا فامىلە تۇراقلىشىش ۋە سىستېما-
لىشىشقا يۈزلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

△ ھىندىلارنىڭ فامىلىسى:

ھىندىستان — تارىخىي ئۇزاق قەدىمكى دۆلەت بولۇپ،
ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەر خىل، ئادەملەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىمۇ
كۆپ خىلدۇر. قەدىمكى ھىندىستاندا، مەيلى ئىلاھلاشتۇرۇلغان
شەخسلەر بولسۇن ياكى ئادەملەشتۈرۈلگەن ئىلاھلار بولسۇن،
مەيلى پادىشاھ، ۋەزىر، سانغۇنلار ياكى ئاۋام پۇقرا بولسۇن،
ھەممىسىنىڭ ئىسمىلا بار بولۇپ، فامىلىسى يوق ئىدى. ھىن-
دىستاننىڭ قەدىمكى دەستۇرى «ۋېدا» (Veda) دا تىلغا ئې-
لىنغان ئۇرۇش ئىلاھى ئىندرا (Indra)، ئاتەش ئىلاھى
ئاگنى (Agni)، «ماخاپخاراتا» (Mahapharata») دا تەس-
ۋىرلەنگەن كېلىشتۈرگۈچى كرىسنا (Krisina) ۋە ئۇرۇشقۇچى
ئىككى تەرەپ - يۇدىستىرا (Yudhisthira) بىلەن دۇريودانا
(Duryodhana)، «رامايانا» (RamaYana) دىكى باش قەھرى-
مان راما (Rama) ۋە سىتا (Sita) لارنىڭ ئىسمىلا بولۇپ،
فامىلىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ھىندىلاردا
فامىلە بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىياللار يوق. ھىندىلارنىڭ
ئومۇميۈزلۈك فامىلە ئىشلىتىش ئادىتى 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىر-
لىرى ۋە 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاندىن شەكىللىنىشكە باشلى-
غان. بۇنداق بولۇشى بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلار ۋە غەربلىكلەر-
نىڭ ئىسىم - فامىلە ئادىتىنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولسا، يەنە
بىر تەرەپتىن قانۇنىي ئېھتىياج سەۋەبىدىن بولغان.



ھىندىلارنىڭ فامىلە ئىشلىتىش ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىش-
تا، ئالدى بىلەن ھىندىستاندىكى تەبىقە تۈزۈمىنى تونۇشتۇرۇشقا
توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ھىندىستاندا تەبىقە تۈزۈمىنىڭ فامىلە
بىلەن مۇئەييەن مۇناسىۋىتى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق مۇناسى-
ۋەت خېلىلا چىڭ. تەبىقە ياكى دەرىجىدە تۈزۈمى ئەڭ دەسلەپتە
ۋارنا (Varna) دېيىلگەن بولۇپ، مەنىسى «تېرە رەڭگى، ئۆڭ»
دېگەنلىك ئىدى. ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن ئارىيانلار ئۆزلى-
رىنىڭ ئورنىنى مەڭگۈلۈككە تىكلەش ۋە ئۆز مەنپەئەتلىرىنى
قوغداش ئۈچۈن، ۋارنا تۈزۈمى، يەنى تەبىقە تۈزۈمىنى يولغا
قويغانىدى. بۇ تۈزۈم بويىچە، جەمئىيەتتىكى ئادەملەر كەسپلى-
رىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن تۆت ۋارنا (تەبىقە) گە ئايرىلغان
بولۇپ، ئۇلار براھمان (Brahman)، كساترىيا (Ksatriya)،
ۋايسيا (Vaisya) ۋە سۇدرا (Sudra) لار ئىدى. ئارىيانلار
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 — 1500 - يىللار ئارىلىقىدا
يېزىپ قالدۇرغان ئەڭ بۇرۇنقى بىر «ۋېدا» - «رىگ ۋېدا»
(«RegVeda») دا، براھمانلار براھما (Brahma - ھىندى
دىنىدىكى ئۈچ چوڭ ئىلاھنىڭ بىرى، ياراتقۇچى ئىلاھ) نىڭ ئې-
غىزىدىن يارىتىلغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ئىلىمنى قولى-
دا تۇتۇش ۋە تارقىتىش، نەزىر - چىراق مۇراسىملىرىنى باشقۇ-
رۇشتۇر، ئۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ يۇقىرىدۇر؛ كساترىيالار براھما-
نىڭ ئىككى بىلىكىدىن ئاپىرىدە بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپى-
سى پادىشاھلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، ئەسكەر بولۇپ ئۇرۇش
قىلىش، جەمئىيەتنى قوغداشتۇر. ئۇلارنىڭ ئورنى براھمانلار-
دىن كېيىن تۇرىدۇ؛ ۋايسيالار براھماننىڭ يوتىسىدىن ئاپىرىدە
بولغان، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى سودا - تىجارەت ۋە دېھقانچىلىق
بىلەن مەشغۇل بولۇپ، جەمئىيەتنى تەمىنلەشتۇر. ئۇلار ئۈچىن-
چى دەرىجىگە تەۋە؛ سۇدرالار براھماننىڭ پۇتىدىن يارىتىلغان
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان ئۈچ تەبىقە

ئۇچۇن خىزمەت قىلىشتۇر. ھەر خىل كاسىپ – ھۈنەرۋەنلەر مۇشۇ تەبىقىگە تەۋە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ، دېيىلگەن. بۇنداق كەسىپ بويىچە ئايرىلغان تەبىقىلەر دەسلەپتە كەسىپلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرگەن بولىسىمۇ، ئەمما ئاخىرىدا تەدرىجىي مۇقىملىشىپ قالغان ۋە تەبىقە بەلگىسى، تەبىقە تۈزۈمىگە ئايلىنىپ قالغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك، تەبىقە (Varna) پەقەت بىر خىل دەرىجە ئۇقۇمى بولۇپ، كەسىپ قانچىلىك ئۆزگەرسۇن ياكى ۋەزىپىسى قانچىلىك يۇقىرى بولسۇن، كىشى كېلىپ چىققان تەبىقە مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. دەرۋەقە، بۇنداق تەبىقە ناملىرى فامىلە ئۇقۇمىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتكەنمۇ ئەمەس. ھەربىر تەبىقىدە نەچچە ئونلىغان، ھەتتا نەچچە يۈزلىگەن فامىلىلەر بار بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن فامىلىلەر شاخلاپ چىققان. ئادەتتە، براھمان، كساترىيا ۋە ۋايسىيادىن تۇغۇلغانلارنىڭ فامىلىسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ فامىلىلىرى مۇئەييەن دائىرىدە چەكلەنگەن، يەنى قالايمىقان كەلسە – كەلمەس سۆزلەرنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىش چەكلەنگەن. مەسىلەن، براھمان تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ فامىلىسى ئادەتتە «ۋىدا»، باشقا نوم – دەستۇرلار، ھىندى دىنىدىكى ئاساسلىق ئىلاھلار ۋە ھۆرمەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؛ كساترىيالار تەبىقىسىگە مەنسۇپ فامىلىلەر ئومۇمەن قورال – ياراغ، ھوقۇق – مەرتىۋە، قەھرىمانلىق بىلەن ئالاقىدار سۆزلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر؛ ۋايسىيا تەبىقىسىدىكىلەر دائىرىسىدىكى فامىلىلەر دائىم بازار، مال – مۈلۈك ۋە بايلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ؛ سۇدرا تەبىقىسىدىكىلەر دائىرىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەزەلدىن فامىلىسى يوق بولۇپ، ئۇلار پەقەت ياغاچچى، تازىلىقچى، كۆكتاتچى، چوشقا باقار، بېلىقچى، توقۇمىچى، كۇلالچى، موزدۇز، تۆمۈرچى...گە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ



سالاھىيەت ئورنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۈگۈنكى دەۋردە ئايرىم ساندىكى سۇدرا تەبىقىسىدىكى كىشىلەر فامىلە قوللانغان بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكىنى يوق. دېمەك، مۇنداق تەبىقە ئۇقۇمى ۋە تەبىقە تۈزۈمى ھىندىلار ئارىسىدا مەۋجۇت بولغانلىقتىن، تەبىقە ئاساسىدا شەكىللەنگەن تەبىقە فامىلىلىرى ھىندىلارنىڭ فامىلىلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھىندىلاردا ئادەتتە تەبىقە فامىلىسى، قەبىلە فامىلىسى ۋە ئائىلە (جەمەت) فامىلىسى بار بولۇپ، ئەينى بىر تەبىقە فامىلىسى ئىچىدىمۇ يەنە ئېسىل – پەسلىك پەرقى بولىدۇ. ئوخشاش تەبىقە فامىلىسىگە تەۋە ياكى ئوخشاش قەبىلە فامىلىسىگە تەۋە، ئەمما ئېسىل – پەسلىك دەرىجىسى ئوخشىمىغانلار ئارىسىدا نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. بۇ يەردە ھىندىلارنىڭ بىز ئادەتتە دەپ كېلىۋاتقان ئائىلە – جەمەت فامىلىسىنى تونۇشتۇرىمىز. ھىندىلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان فامىلىلەر مەنبە جەھەتتىن ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) ئەجداد ئىسىملىرىدىن ئۆزگەرگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، ھىندىستاندا 1179 – يىلىدىن 1192 – يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان پرىتۋىراج چوھان (Prithviraj. Chohan) نىڭ ئىسىم – فامىلىسىدىكى چوھان (Chohan) پرىتۋىراجنىڭ فامىلىسى بولۇپ، ئۇ چاھامان (Chahaman) ئاتلىق بىر كىشىدىن كۆپەيگەن جەمەتنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، ئۇ «چوھان» سۆزىنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن؛

(2) ئەجدادلىرى ياكى ئۆزى تۇغۇلغان جاي ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، ھىندىستاننىڭ شىمالىي شتاتىدىكى «ماتۇر» (Mathur) فامىلىلىكلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئەسلىدە ماتۇرا رايونىدىن كەلگەنىدى. پەنجاپ شتاتىنىڭ بەزى يېزىلىرىدا «ئارولاي» (Arolai) فامىلىسىنى ئىشلىتىد-

غانلارنىڭ ئەجدادى ئەسلىدە ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئارولا دېگەن يەردىن كەلگەنلەر بولۇپ، «ئارولاي» نىڭ مەنىسى «ئارولادىن كۆچۈپ كەلگەنلەر» دېگەنلىكتۇر. كالالا شتاتىدىكى «گانگادېگار» (Gangadegar) فامىلىسىنى قوللىنىدىغانلارنىڭ ئەجدادى شىمالىي شتاتتىكى گانگا (Ganga) دەرياسى ئېقىنىدا ئولتۇراقلاشقانلار بولۇپ، كېيىن جەنۇبقا بېرىپ پادىشاھلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىن «گانگادېگار» نى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن. بۇنىڭ مەنىسى «گانگا دەرياسى ئېقىنىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادى» دېگەنلىك بولىدۇ؛

(3) ئەجدادلار شۇغۇللانغان كەسىپ ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: بۇنداق فامىلىلەر تەبىقە فامىلىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن، «دۋېدى» (Dvedi – ئىككى «ۋېدا» غا پىششىق ئادەم، مەنىسىدە)، «ترىۋېدى» (Trivedi – ئۈچ «ۋېدا» غا پىششىق ئادەم، مەنىسىدە)، «چاتۇرۋېدى» (Chaturvedi – تۆت «ۋېدا» غا پىششىق ئادەم، مەنىسىدە)، «شاسترى» (Shastri – نوم – دەستۇرلارغا كامىل ئادەم، مەنىسىدە)، «ۋاجپاي» (Vajpei – سوما ھارىقى[1] نەزىرىسى ئۆتكۈزۈپ بولغان ئادەم، مەنىسىدە)، «جوشى» (Joshi – مۇنەججىم، ئاسترونوم، مەنىسىدە) دېگەندەك. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، يۇقىرىقى فامىلىلەرنىڭ ھەممىسى براھمانلار تەبىقىسىنىڭ فامىلىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە مەسىلەن، «سىنھا» (Sinha– باتۇر شىر، مەنىسىدە)، «تومر» (Tomr – نەيزىلىك ئادەم مەنىسىدە)، «كاترى» (Khatri – قوراللىق ئادەم مەنىسىدە)، «چودرى» (Chodhri–رەھبەر، مەنىسىدە)، «راي» (Ray–پادىشاھ، ئەمىر، مەنىسىدە)، راسور (Rathor – راگاستان خان جەمەتى ئەۋلادى، مەنىسىدە) قاتارلىق فامىلىلەر

① سوما (soma) ھارىقى: «سوما» دېگەن ئۆسۈملۈكتىن تەييارلانغان ھاراق بولۇپ، ھىندى دىنىدا نەزىر – چىراغقا ئىشلىتىلىدۇ.



كساترىيا تەبىقىسىنىڭ فامىلىسىگە مەنسۇپتۇر. يەنە مەسىلەن، «نىگم» (Nigm – بازار مەنىسىدە)، «شىرىۋاستىۋا» (Shirivastva – باي ئادەم، پۇلى بار، مەنىسىدە)، «گۇپتا» (Gupta – بىر نەرسىنى يوشۇرۇپ قويغۇچى، مەنىسىدە)... قاتارلىق فامىلىلەر سودا – سېتىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شۇڭلاشقا ھەممىسى ۋايسىيا تەبىقىسىنىڭ فامىلىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛

(4) ئەجدادلارنىڭ نام – ئاتاقلىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەر: مەسىلەن، بېنگالدىكى «ئۇپادياي» (Upadhyay) ۋە «ئاچاريا» (Acharya) لار پادىشاھ ئىنئام قىلغان ئاتاقلار بولۇپ، «ئۇپادياي» نىڭ مەنىسى «نامدار كىشى» دېگەنلىك بولىدۇ، «ئاچاريا» نىڭ مەنىسى «ئۇستاز، پىر» دېگەنلىك بولىدۇ. كېيىن بۇ ئاتاق – ناملىرىنىڭ ئالدىغا بىردىن سۆز قوشۇلۇپ فامىلىگە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، چاتوپادياي (Chathopadhyay) ۋە مۇكراچاريا (Mukracharya) دەك. يەنە مەسىلەن، «بات» (Bhath) دېگەن فامىلە «پاندىت» (Pandit) دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، «پاندىت» بولسا براھمانلارنىڭ «ئىلىم ئەھلى» مەنىسىدىكى ئاتىقى ئىدى. كېيىن ئۆزگىرىپ مەزكۇر «بات» فامىلىسىگە ئايلىنىپ قالغان. «راي» (Ray) ۋە «راۋ» (Rav) قاتارلىق فامىلىلەرمۇ ئەسلىدە بىر خىل ئاتاق سۆزلىرى ئىدى؛

(5) بەزى فامىلىلەر ئىلاھلار ۋە ئىلاھلارنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. مەسىلەن، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدا ئىشلىتىلىدىغان «شىكر» (Shikr)، «لىنگاپا» (Lingapa) قاتارلىق فامىلىلەر ئىچىدە، «شىكر» ئەسلىدە ھىندى دىنىدىكى ئۈچ چوڭ ئىلاھنىڭ بىرى بولغان شىۋا (Siva) نىڭ نامى ئىدى. «لىنگاپا» بولسا ئىلاھ شىۋاغا سىمۋول قىلىنغان ئەرلىك تاناسىل ئەزاسىغا ھۆرمەت ۋە بەيئەت قىلىدىغان ئادەمنى كۆرسىتەتتى.

ھىندىلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلە ئىشلىتىش ئۇسۇلى مۇرەككەپ بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېگەندەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. شەرقىي، شىمالىي، غەربىي ۋە ئوتتۇرا ھىندىستاندىكىلەر ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئارقىسىغا فامىلىسى (ياكى يەر نامى) نى قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، ھىندى تىلىدا ئەسەر يازىدىغان يازغۇچى بېدابۇ باناراسى (Bedhabu Banarasi) ئۆز يۇرتى باناراس (Banaras) نىڭ نامىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان. ھىندى دىنى مۇرتلىرى ئىچىدە يەر ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىدىغانلار ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلە ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ياكى بولمىسا ھازىرقى زامان ئىدىيىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەبىقە فامىلىسى ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلۈكلەرنى ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇشنى خالىمىغان.

ھىندى قىز ـ ئاياللىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى توي قىلىشتىن ئاۋۋال «ئۆز ئىسمى + ئاتا تەرەپ فامىلىسى» شەكلىدە بولىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن ئۆز ئىسمىغا ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. بۇ جەھەتتە باشقا مىللەت ئاياللىرىنىڭ فامىلە ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

ھىندىلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى بىرقانچە سۆزدىن تەشكىل تاپقان بولغاچقا، بىرقەدەر ئۇزۇن، ئېيتماققا قولايسىز. شۇڭا ئۇلار رەسمىي سورۇنلاردا ئىسىم ـ فامىلىسى ئىچىدىكى بىر ياكى ئىككى سۆزنىلا ئىشلىتىپ بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادىتىدە، يېقىن كىشىلەر ئارا ئىسىملىرىنىڭ بىرىنچى سۆزىنىلا چاقىرىشىدۇ، مۇناسىۋىتى ئادەتتىكىدەك كىشىلەر ئارىسىدا پۈتۈن ئىسمى ياكى فامىلىسىنىلا چاقىرىشىدۇ. مەسىلەن: پۇرۇشوتتىم پۇراساد ترىپاتى (Purushottm Purasad Tripati) دېگەن تولۇق ئىسىم ـ فامىلىدىكى «پۇرۇشوتتىم» نىڭ مەنىسى ـ مۇنەۋۋەر ئادەم؛ «پۇراساد» نىڭ مەنىسى ـ راما (ھىندى دىنىدىكى مۇھىم



ئىلاھلارنىڭ بىرى) ھەدىيە قىلغان سوۋغا؛ «ترىپاتى» نىڭ مەنىسى ـ ئۈچ خىل «ۋېدا» غا پىششىق ئادەم دېگەنلىكتۇر. يېقىن كىشىلەر ئۇنى چاقىرغاندا «پۇرۇشوتتىم» دەپلا چاقىرىدۇ. مۇناسىۋىتى ئادەتتىكىرەك كىشىلەر چاقىرغاندا «پۇرۇشوتتىم پۇراساد» ياكى «ترىپاتى» دەپلا چاقىرىدۇ.

ھىندىلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ فامىلىسى ناھايىتى مۇرەككەپ بىر مەسىلە بولۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي ھىندىستانلاردا ئوخشىمايلا قالماستىن، يەنە ھەربىر رايوندىمۇ ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئەينى بىر فامىلە A رايوندا كىساترىيا تەبىقە فامىلىسى بولغان بولسا، B رايوندا ۋايىسيا تەبىقە فامىلىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى فامىلىلەرنىڭ كۈنسايىن ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئەينى بىر سۆز A رايوندا فامىلە ھېسابلانسا، B رايوندا ئىسىم بولۇشى مۇمكىن.

**△ ئىسپان تىللىق خەلقلەرنىڭ فامىلىسى:**

1492 ـ يىلى دېڭىزچى كولومبو ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئىسپانىيە پادىشاھلىقى سىرتقا قارىتا جىددىي كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت تۆت قىتئەدىن ھالقىغان «قۇياشى پاتماس ئىمپېرىيە» گە ئايلاندى. 300 يىللىق مۇستەملىكە قىلىش جەريانىدا، زور تۈركۈمدىكى ئىسپانىيە ئارمىيىسى ۋە كۆچمەنلىرى ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى ۋە ئۇ زېمىنلارغا ئىسپان تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئېلىپ باردى. 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسپانىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھەر قايسى مۇستەملىكىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىك ئېلان قىلىپ، ئىسپان تىللىق نۇرغۇن دۆلەتلەر بولۇپ شەكىللەندى. ئىسپان تىللىق دۆلەتلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئانا دۆلىتى ئىسپانىيە ئوتتۇرىسىدا تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ

ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە زور دەرىجىدە ئوخشاشلىق بار بولۇپ، ئىسپان تىلىدىكى ئىسىم ـ فامىلىلەرمۇ ئىسپانىيە مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلىدۇ. شۇڭا ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئىسپان تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە ئىشلىتىشى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىنكى ئىشتۇر. ئەڭ ئالدى بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر، ئارمىيە باشلىقلىرى ئۆز جەمەتىنىڭ ۋە ئۇرۇقىنىڭ ئېسىللىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئىسىملىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆزلىرى ئىگىلىگەن يەر ـ زېمىنلار، قەلئەلەر، يېزا ـ بازارلارنىڭ ئىسىملىرىنى ياكى ئۇنۋان ـ دەرىجەناملىرىنى قوشۇپ، باشقىلاردىن پەرقلىنىشكە ئىشلىتەتتى. مەسىلەن، جۇئان (Juan) ئىسىملىك ئاقسۆڭەك باداجوز (Badajoz) دېگەن يەرنى ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسى قىلىپ ئىگىلىگەن بولسا، ئۇ «جۇئان دې باداجوز» (Juan de Badajoz ـ يەنى باداجوزلۇق جۇئان) دەپ ئاتالغان. دەسلەپتە، بۇنداق بىرىكمە پەقەت ئىسىم ئۇقۇمىنىلا بىلدۈرگەن بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يەر ئىسمى Badajoz جۇئاننىڭ باشقا جەمەتلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى ئالاھىدە نامغا ئايلىنىپ قالغان ۋە فامىلە بولۇپ شەكىللەنگەن. كېيىنچە، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلامدىكى ئىسپانلارمۇ مۇشۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىش نەتىجىسىدە، ھەممە ئائىلە ۋە جەمەتلەرنىڭ فامىلىسى بار بولدى. گەرچە ئىسپانلاردا فامىلىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىسىمنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن تولىمۇ كېيىن بولسىمۇ، ئەمما فامىلىلەرنىڭ سۆز مەنبەلىرى بەك مول. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ فامىلىلىرى ئىسىملىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇرەككەپتۇر. يىغىنچاقلىغاندا، ئىسپانلاردا دائىم ئۇچرايدىغان فامىلىلەرنى تۆت چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:



(1) تېررىتورىيە (زېمىن) ۋە تۇرالغۇ ـ جاي ناملىرىنى فامىلە قىلىدۇ: بۇ خىلدىكى فامىلىلەر جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلاملاردا بار بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ يەنە ئوخشىمىغان ئىككى تىپقا ئايرىلىدۇ. ئاقسۆڭەكلەر كۆپىنچە ئۆزلىرى ئىگىلىگەن زېمىن، يېزا ـ بازار، قورۇق ۋە قەلئە ـ قەسىر ناملىرىنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن، «تولېدو» (Toledo)، «ئاراگون» (Aragon)، «سېۋىللا» (Sevilla)، «كادىز» (Cadiz)، «كاستىللو» (Castillo ـ قەلئە مەنىسىدە) قاتارلىقلار مۇشۇ خىلدىكى فامىلىلەردۇر. جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قاتلىمىغا مەنسۇپ جەمەتلەر كۆپىنچە تۇغۇلغان ۋە ئولتۇراقلاشقان يېزىلارنىڭ ياكى خاسلىقتا ئىگە بىر قىسىم يەر ناملىرىنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، تاغ ـ جىرالاردا ئولتۇراقلاشقان بىر جەمەتنىڭ فامىلىسى «ۋاللېس» (Valles ـ جىرا، قاپتال) بولسا، ئېقىن بويىدا ئولتۇراقلاشقان مەلۇم جەمەتنىڭ فامىلىسى «ئارروييو» (Arroyo ـ ئېرىق)، ئېدىرلىقتا ئولتۇراقلاشقان جەمەتنىڭ فامىلىسى «سېررو» (Cerro ـ ئېدىر)، چوڭ يول بويىدا ئولتۇراقلاشقان جەمەتنىڭ فامىلىسى «كامىنو» (Camino ـ يول) بولىدۇ، ۋەھاكازا؛

(2) كەسىپ ناملىرىنى فامىلە قىلىدۇ: ئىسپانلارنىڭ فامىلىلىرى ئىچىدە ئائىلىدىكى ئاساسلىق ئەزالار شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ، خىزمەتلەرنىڭ ناملىرىدىن كەلگەن فامىلىلەرنىڭ سانى خېلى كۆپ. مەسىلەن، بىر ئائىلىدىكى ئەرلەر تۆمۈرچىلىك قىلسا، بۇ ئائىلىنىڭ فامىلىسى «ھېررېرو» (Herrero ـ تۆمۈرچى) بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە خىشچىلار بولسا، بۇ ئائىلىنىڭ فامىلىسى «تېجېرو» (Tejero ـ خىشچى) بولۇشى مۇمكىن؛ ئەگەر ئائىلە باشلىقى ساتىراش بولىدىغان بولسا، بۇ ئائىلىنىڭ فامىلىسى «باربېرو» (Barbero ـ ساتىراش) بولۇشى مۇمكىن؛ ئەگەر بىرەر ئائىلە موزدۇزلۇق دۆكە-

نى ئېچىپ كېلىۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا فامىلىسى «زاپاتېرو»
Zapatero - موزدۇز) بولۇشى مۇمكىن؛ ئەگەر ئىلگىرى بىر
ئائىلىدىن بىرەر كىشى جاللات بولغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئائىلە-
نىڭ فامىلىسى «ۋېردۇگو» (Verodugo - جاللات) بولۇشى
مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ فامىلىسى بىلەن ئەجدادلىرىنىڭ
كەسپى ئوتتۇرىسىدا قىلچە مۇناسىۋەت بولماسلىقىمۇ مۇمكىن؛
(3) ئاتا ئىسمى ياكى بوۋا ئىسىملىرىنى فامىلە قىلىدۇ:
بۇ خىلدىكى فامىلىلەر ئىسپانلاردا خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ،
بولۇپمۇ ئاخىرىغا سۆز ئارقا قوشۇمچىسى ez ياكى es قوشۇلغان
فامىلىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. بۇنداق فامىلىلەر-
دە ئەسلىي ئىسمىنىڭ تومۇرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، تونۇش
ناھايىتى قۇلاي. مەسىلەن، فېرناندو (Fernando) ئىسىملىك
كىشىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسىنى «فېرنان-
دېز» (Fernandez) قىلىپ بېكىتىدۇ؛ گونزالو (Gonzalo)
نىڭ پەرزەنتلىرى «گونزالېز» (Gonzalez) نى، ھېرناندو
(Hernando) نىڭ پەرزەنتلىرى «ھېرناندېز» (Hernandez) نى
فامىلە قىلىپ ئىشلىتىدۇ. ئوخشاشلا، كىشىلەر «مارتىنېز»
(Martinez) فامىلىلىك جەمەتنى كۆرگەندە، بۇ جەمەتنىڭ بوۋا
ئەجدادلىرى ئىچىدە مارتىن (Martin) ئىسىملىك كىشىنىڭ
بولغانلىقىنى بىلەلەيدۇ. فامىلىسى سانچېز (Sanchez) بولغان
كىشى جەزمەن سانچو (Sancho) ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئەۋلادى
بولىدۇ؛
(4) لەقەم ۋە جىسمانىي ئالاھىدىلىكنى بىلدۈرىدىغان سۆز-
لەرنى فامىلە قىلىدۇ: بۇ خىلدىكى فامىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى
يۇرتداش كىشىلەر مەجبۇرىي تېڭىشتىن پەيدا بولغان بولۇپ،
شەخسنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ۋاقىتنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق سۆزلەر ئائىلە ئەزالىرىغا مۇقىملىشىپ
قېلىپ، ئەۋلادلىرىغا مىراس بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئىسپاد-



لاردىكى «لادرون» (Ladron - ئوغرى)، «باربا» (Barba -
بومبا ساقال)، «كالىۋو» (Calvo - تاقىر باش)، «كابېزا»
(Cabeza - يوغان باش)، «رىكو» (Rico - باي)، «دېلگادو»
(Delgado - ۋىجىك)، «گوردىللو» (Gordillo - ئۈزۈنتۈرا)
غا ئوخشاش فامىلىلەر دەل جىسمانىي ئەيىبنى ياكى باشقىلارنى
ئىپادىلەيدىغان لەقەملەردىن كەلگەن بولۇپ، ھازىرقى ئەۋلادلار
گەرچە مەزكۇر فامىلىلەرگە ۋارىسلىق قىلىسىمۇ، ئەمما بۇ فامى-
لىلەر ئەڭ دەسلەپكى مەنىسىنى يوقاتقان.
يۇقىرىقى تۆت تۈرلۈك كۆپ ئۇچرايدىغان فامىلىلەردىن
سىرت، يەنە ئاز ئۇچرايدىغان فامىلىلەرمۇ بار بولۇپ، بۇنداق
فامىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى سەھرالاردا پەيدا بولغان ۋە كېيىنچە
شەھەرلىكلەر ئارىسىدىمۇ قىسمەن قوللىنىشقا سازاۋەر بولغان.
بۇ خىلدىكى فامىلىلەر ئادەتتە (1) كۆندىلىك يېمەكلىك، زىرا-
ئەت ۋە ئۆسۈملۈكناملىرى؛ (2) قورال - جابدۇق، نەرسە -
كېرەك ناملىرى؛ (3) ھايۋانات ناملىرى؛ (4) تەبىئىي جۇغرا-
پىيىلىك ھالەتلەرنىڭ ناملىرى؛ (5) سەييارە، ۋاقىت - چاغ
ناملىرى؛ (6) مېتال ناملىرى؛ (7) رەڭ ناملىرى؛ (8)
ئاقسۆڭەكلەرنىڭ دەرىجە - مەنسەپ ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەل-
گەن. بۇ يەردە سەھىپە ئېتىبارى بىلەن كۆپ مىسال كەلتۈرمى-
دۇق.
ئىسپان تىللىق خەلقلەردە نۇرغۇن كىشىنىڭ ئىسىم - فامى-
لىسى تۆت - بەش سۆزدىن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ سۆزدىن
تۈزۈلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ۋە فامىلىلىرىدە
مۇرەككەپ ئىسىم ۋە مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى
چۈشەندۈرىدۇ. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىسمىدىكى مۇرەككەپلىك ئەھ-
ۋالىنى تونۇشتۇرمايمىز. مۇرەككەپ فامىلىلەر ئىسپان تىللىق
خەلقلەر ئارىسىدا بەك كەڭرى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئى-
سىم - فامىلىلىرىدە دائىم باغلىغۇچى مەنىسىدىكى سىزىقچە

«-»، ئالدى قوشۇلغۇچى «de» («نىڭ» مەنىسىدە) ۋە باغلى-
غۇچ سۆز «y» («ۋە»، «بىلەن» مەنىسىدە) بولىدۇ. ئادەتتە
بۇ ئۈچ خىل ئەھۋال مۇرەككەپ فامىلىنىڭ بەلگىسى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ سەۋە-
بى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىق سەۋەب ئىككى: ئومۇمەن ئىككى
فامىلە سىزىقچە «-» ئارقىلىق باغلانغان بولسا، بۇ ئادەتتە مەلۇم
ئائىلىدىكى ئانا كاتتا جەمەتلەرگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ پەرزەنت-
لىرى ئانا تەرەپ فامىلە بىلەن ئاتا تەرەپ فامىلىنى قوشۇپ
ئىشلىتىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسى قىلىپ كېيىنكى ئەۋ-
لادلىرىغا مىراس قىلىپ بەرگەنلىكىدىن، ئەمما كېيىنكى ئەۋلاد-
لارنىڭ ئۇ قوشما فامىلىنى ئاتا تەرەپ فامىلىسى سۈپىتىدىلا
كۆرۈپ ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. ئومۇمەن، ئالدى قوشۇل-
غۇچى «de» ئارقىلىق باغلانغان فامىلىلەر ئادەتتە ئاقسۆڭەكلەر-
نىڭ مەنسەپناملىرىدىن، يەنى ئاتا تەرەپ ۋە ئانا تەرەپ ئەجدادلى-
رىدىن قېلىپ قالغان مەنسەپ ناملىرىنىڭ قوشۇلۇپ پۈتۈن ئاتى-
لىشى ياكى بىر قىسمىنىڭ ئاتىلىشىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فا-
مىلىلەردۇر. مەسىلەن، لېئوپولدو كالۋو - سوتېلوي بۇستېلو
(Colvo—Soteloy Bustelo Leopoldo) ۋە دىئېگو. رودرىگۇئېز
دې سىلۋا ي ۋېلازكەۋېز (Diego Rodriguez de Silva y
Velazquez) قاتارلىق ئىككى كىشىنىڭ فامىلىسى ئايرىم -
ئايرىم ھالدا يۇقىرىقى ئىككى خىل مۇرەككەپ فامىلىگە مەنسۇپ
بولىدۇ. ئىككىنچى ئىسىمدا ئوتتۇرىغا چىققان «y» بولسا مۇ-
رەككەپ فامىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىغۇچى ئالامەت ئەمەس،
بەلكى ئاتا تەرەپ فامىلە بىلەن ئانا تەرەپ فامىلىسىنىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى باغلىغۇچى ئالامەتتۇر.

ئىسپان تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى ئادەتتە ئۈچ
سۆزدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ تىزىلىش تەرتىپى مۇنداق:
«ئۆز ئىسمى + ئاتا جەمەت فامىلىسى+ئانا جەمەت فامىلىسى».



كىشىلەرگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان مەشھۇر ئىسپان يازغۇچىسى،
«دون كىخوت» نىڭ مۇئەللىپىنى مىسال قىلساق، ئۇنىڭ تولۇق
ئىسمى مىگۇئېل دې سېرۋانتېز سائاۋېدرا (Miguel de Cervantez
Saavedra) بولۇپ، بۇنىڭدا Miguel - ئۇنىڭ ئىسمى،
Cervantez - ئاتا جەمەت فامىلىسى، Saavedra بولسا ئانا جەمەت
فامىلىسىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت، ئىسپانلارنىڭ ئىسىم فامىلى-
رىدە يەنە تۆت - بەش سۆزلۈكلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ
مۇرەككەپ ئىسىم ۋە مۇرەككەپ فامىلىلەرنىمۇ قوللىنىدىغانلى-
قىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسپان تىللىق خەلقلەردىكى توي قىلغان ئاياللارنىڭ فامى-
لىسىگە كەلسەك، پرىنسىپ بويىچە ئېيتقاندا، ئۇلار توي قىلغان-
دىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسىنى تاشلىۋەتمەيدۇ،
خەت - چەكلەردە، ھۆججەت - ئىسپاتلاردا ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرى-
دا ئۆزلىرىنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇنقى بارلىق ئىسىم - فامىلى-
سىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئەمما ئادەتتىكى تۇرمۇشتا، توي قىلغان-
دىن كېيىن پەقەت ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتا جەمەت فامىلىسىنى
ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىنى
«de» ئارقىلىق قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، روسا لوپېز دې
بلانكو (Rosa Lopez de Blanco) دېگەن ئايالنىڭ ئىسىم -
فامىلىسىدە روسا (Rosa) - ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى، لوپېز
(Lopez) - ئاتا جەمەتنىڭ فامىلىسى، بلانكو (Blanco) بولسا
ئېرىنىڭ فامىلىسىدۇر. توي قىلىپ بولغان بەزى ئاياللار ئۆز
ئىسىم - فامىلىسىنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ، پەقەت ئۆز ئىسمى
بىلەن ئېرىنىڭ فامىلىسىنىلا ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن، مارىيە
دې سانچېز (Maria de Sanchez) دېگەن ئاددىيلاشتۇرۇلغان
ئىسىم - فامىلىدە مارىيە (Maria) - ئايالنىڭ ئۆز ئىسمى،
ئۇنىڭ سانچېز (Sanchez) ئەپەندىنىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىر
قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ.

ئىسپان تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىسىم - فامىلىسى مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئەمما دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى شەكىل جەھەتتە ئاددىيلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. ئادەتتىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە، كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتا جەمەت فامىلىسىنىلا ئىشلىتىدۇ. ئۆز ئىسمىدىن كېيىنكى باشقا سۆزلەر (يەنى ئۆز ئىسمى بىلەن ئالاقىدار سۆزلەر) ۋە ئانا تەرەپنىڭ فامىلىسى قىسقارتىلىدۇ. ئەكسىچە يەنە بەزىلەر ئۆز ئىسىم - فامىلىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرغاندا ئانا تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئاتا تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قىسقارتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، كۆپىنچە ئانا تەرەپ جەمەتىنىڭ نامدار، دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئاتا جەمەت تەرەپتىن ئۈستۈنرەك بولغانلىقىدىندۇر. ئەمما ئانا جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىپ، ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى قىسقارتىۋېتىش - يەنە شەخسىي قىزىقىش سەۋەبىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، مەشھۇر رەسسام پابلو رۇئىز ي پىكاسسو (Pablo Ruiz y Picasso) نىڭ ئىسىم - فامىلىسىدىكى «رۇئىز» (Ruiz) - ئۇنىڭ ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلىسى، «پىكاسسو» (Picasso) بولسا ئانا جەمەتىنىڭ فامىلىسىدۇر. پىكاسسونىڭ ئاتىسى ئەينى دەۋردىكى داڭلىق رەسسام، شۇ يەرلىك مۇزېيخانىنىڭ باشلىقى، شۇڭا ئۇنىڭ رەسىم ئۆگىنىشىگە ئاساس سالغان كىشى بولۇپ، ئورۇن - مەرتىۋە ۋە شۆھرەت جەھەتلەردە ئانا جەمەت تەرەپتىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى. ئەقلىي پرىنسىپ بويىچە ئۇ ئاتا جەمەت فامىلىسى بولغان «رۇئىز» (Ruiz) نى ئۆز فامىلىسى قىلىپ تاللىۋالسا بولاتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى بولغان پابلو (Pablo) بىلەن ئانا جەمەت فامىلىسى «پىكاسسو» (Picasso) نىڭ باش تاۋۇشى ئوخشاشلا «p» بولغاچقا، «پىكاسسو» (Picasso) دېگەن ئانا جەمەت فامىلىسىنى تاللىۋېلىپ ئىشلەتكەندى.



**△ پورتۇگال تىللىق خەلقلەرنىڭ فامىلىسى:**

دۇنيادا پورتۇگال تىلى پورتۇگالىيەلىكلەردىن باشقا، ئافرىقىدىكى ئانگولا، موزامبىك، گىۋىنىيە بىسساۋ، سان تومې - پرىنسىپى، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى برازىلىيە، ئاسىيادىكى شەرقىي تىمور قاتارلىق دۆلەتلەردىكى خەلقلەر ئورتاق قوللىنىۋاتقان تىلدۇر. پورتۇگال تىللىق خەلقلەرنىڭ فامىلىسى پورتۇگالىيەلىكلەرنىڭ فامىلىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش.

پورتۇگال تىلى - فرانسۇز، ئىسپان، ئىتالىيان تىللىرى بىلەن قوشۇلۇپ ھىندى ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ رىم تىلى ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، بۇ تىللارنى ئىشلىتىدىغان خەلقلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىدە ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر نۇرغۇن. مەسىلەن، ھەممىسى لاتىن يېزىقى بىلەن يېزىلىدۇ؛ ئىسىم بىلەن فامىلىنىڭ تەرتىپىدە، ئىسىم ئالدىدا، فامىلە كەينىدە كېلىدۇ؛ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇن كىشى ئىسىملىرى ئورتاق مەنبەلىك سۆزلەردىن كەلگەن.

ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم يەر شارىنى ئايلىنىش سەپىرىنى تاماملىغان كىشى پورتۇگالىيىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسى فېرنان . دې. ماگىللان (Farnan de Magalhaes) دۇر. بۇنىڭدا «فېرنان» - ئۇنىڭ ئىسمى، ئوتتۇرىدىكى «de» تەۋەلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە، «ماگىللان» بولسا فامىلىدۇر. بۇنداق ئاددىي ئىسىم بىلەن ئاددىي فامىلە (Nomes Simples) دىن تەركىب تاپقان ئىسىم - فامىلىلەر پورتۇگال تىلىدىكى ئىسىم - فامىلىلەر ئىچىدە قۇرۇلمىسى ئەڭ ئاددىي ئىسىم - فامىلىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما پورتۇگال تىللىق خەلقلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىسىم - مۇرەككەپ فامىلە (Nomes Copostos) سىمۇ بار. بەزىلىرىنىڭ ئاددىي ئىسمى ھەم مۇرەككەپ فامىلىسى، يەنە بەزىلىرىنىڭ مۇرەككەپ ئىسىم ۋە ئاددىي فامىلىسى بار. مەسىلەن، مانۇئېل ئانتونىئو

ئالۋارېس دې ئازېۋېدو (Manuel Antonio Alwares de Azevedo) دېگەن ئىسىم- فامىلە مۇرەككەپ ئىسىم ۋە مۇرەككەپ فامىلىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇنىڭدا «مانۇئېل ئانتونىئو» بولسا شەخس ئىسمى، «ئالۋارېس دې ئازېۋېدو» بولسا فامىلىدۇر. «جوسې كوستا نېگرېروس» (Jose Costa Negreiros) دېگەن ئىسىم - فامىلىدە، «جوسې»- شەخس ئىسمى، «كوستا نېگرېروس» بولسا فامىلىدۇر. فرانسىسكو دې پاۋلا سوۋسا» (Francisco de paula Sousa) دېگەن ئىسىم - فامىلىدە، «فرانسىسكو دې پاۋلا» - ئىسىم، «سوۋسا» بولسا فامىلىدۇر.

پورتۇگاللارنىڭ ئىسىم - فامىلىسى مۇشۇنداق گاھى ئۇزۇن، گاھى قىسقادۇر. ئەمما پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتى 1958 - يىلى ئېلان قىلغان ئالاقىدار پەرماندا شەخس ئىسمى (Nome Proprio) مۇستەقىل مەنىگە ئىگە ئىككى سۆزدىن ئاشماسلىق، فامىلە (Apelido de familia) مۇستەقىل مەنىگە ئىگە تۆت سۆزدىن ئاشماسلىق، فامىلىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر سۆز ئاتا جەمەتنىڭ فامىلىسى بولۇش (ئەگەر مۇرەككەپ فامىلە بولسا، ئەڭ ئاخىرىدىكى سۆز ئاتا جەمەت فامىلىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇش)، ئەگەر ئانا جەمەتنىڭ فامىلىسىنى قوشۇپ قوللانماقچى بولسا، ئۇنى مۇرەككەپ فامىلە تەركىبىدە ئاخىرىدىن سانىغاندا ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇپ ئىشلىتىش كېرەك، دەپ بەلگىلىگەنىدى. مەسىلەن، پورتۇگاللارنىڭ يېقىنقى دەۋردىكى مەشھۇر يازغۇچىسى جوسې مارىيە ئېسا دې كېۋېروس (Jose Maria Eca de Queiros) نىڭ فامىلىسى «ئېسا دې كېۋېروس» (Eca de Queiros) بولۇپ، بۇ مۇرەككەپ فامىلىدە «دې كېۋېروس» - ئۇنىڭ ئاتا جەمەت فامىلىسى، «ئېسا» بولسا ئانا جەمەت فامىلىسىدۇر.

پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتى پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا جەمەت فامىلى-



سىنى ياكى ئانا جەمەت فامىلىسىنى ئىشلىتىش بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن بولغاچقا، كۆپ قىسىم ئادەم ئاتا جەمەتنىڭ فامىلىسىنى ئىشلەتسىمۇ، ئەمما قىسمەن كىشىلەر ئانا جەمەتنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىدۇ.

پورتۇگالىيەدە قەدىمكى ئىپتىدائىي دەۋرلەردە شەخس ئىسمىلا بار بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە قەدەر فامىلە ئىشلىتىلمىگەنىدى. مەسىلەن، پورتۇگالىيە مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى گراف نۇنو مېندېس (Nuno Mendes. 1070 - يىلى ئۆلگەن) نىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى مېندو نۇنېس (Mendo Nunes)، بوۋىسىنىڭ ئىسمى نۇنو ئالۋېتىس (Nuno Alvites)، ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئالۋېتو نۇنېس (Alvito Nunes) ئىدى. بۇ تۆت ئەۋلاد كىشىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىدىن نۇنېس (Nunes)، ئالۋېتېس (Alvetes) ۋە مېندېس (Mendes) لارنىڭ نۇنو (Nuno)، ئالۋېتو (Alvito) ۋە مېندو (Mendo) دىن «o» نى ئېلىپ تاشلاپ، «es» نى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئەينى چاغدا مۇنداق «es» قوشۇلغان يېڭى ئىسىملار پەقەت ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتىنىلا ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئۇ ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشالمايتتى. شۇڭا ھەقىقىي مەنىدىكى فامىلە دەپ ھېسابلىغىلى بولمايتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، سۆز ئارقا ياردەمچىسى «es» نىڭ ئەسلىدىكى پەقەت ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتىنىلا ئىپادىلەيدىغان رولىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئاتىدىن بالىغا، بالىدىن نەۋرىگە داۋاملىشىدىغان، نەسىل - نەسەبتىن دېرەك بېرىدىغان فامىلىلەرنىڭ تۈپ بەلگىسى بولۇپ قالدى. ئاتا ئىسمىنىڭ بىر جەمەتنىڭ فامىلىسىگە ئۆزگىرىپ قېلىشىدەك ئۆزگىرىش پورتۇگال تىلىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرايدۇ.

نوپۇسنىڭ تەرەققىياتى، ئوخشاش فامىلىلىكلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، پەقەت ئەسلىدىكى فامىلىلەرگىلا تايىنىپ ئوخ-

شاش فامىلىلىكلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش تەس بولۇپ قالغانلىقتىن، پورتۇگال تىللىق خەلقلەرنىڭ فامىلىلىرىگە يېڭى مەزمۇنلارنى، جۈملىدىن كىشىلەرنىڭ يۇرتلىرىنىڭ نامى، تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ نامى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكى، پەزىلىتى، ئىجتىمائىي ئورنى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قوشۇشقا توغرا كەلدى. كېيىن قوشۇلغان مەزمۇنلار نەچچە ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن بىر جەمەتتىن شاخلىنىپ چىققان ھەرقايسى تارماق جەمەتلەرنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق بەلگىلەر يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىشتىن ساقلىنىشقا، نوپۇسنىڭ نەسىل سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق بولغاچقا، يەرلىك دائىرىلەر ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا نائىل بولدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، بۇ تەركىبلەر مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ياكى يېڭى فامىلىلەرگە ئايلاندى. پورتۇگالىيىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ فامىلىسى سۈپەت سۆزلىرى، ئۇنۋان ناملىرى، ئىمارەت ناملىرى، يەر ناملىرى، ھەتتا دۆلەت ناملىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبى دەل ئاشۇنىڭدا. مەسىلەن، برازىلىيەنىڭ يېقىنقى زامان تارىخشۇناسى بالتاسار دا سىلۋا لىسبون (Baltasar da Silva Lisboa) نىڭ فامىلىسى «لىسبون» پورتۇگالىيە پايتەختىنىڭ نامىدا كەلگەن. جاكۋىم جوسې دا فرانسا (Joaquim Jose da Franca) نىڭ فامىلىسى «فرانسا» دۆلەت نامى فرانسىيىدىن كەلگەن. پورتۇگالىيىدە «ماركىز» (Marques-ئۇنۋان نامى)، «برانكو» (Branco-قەلئە نامى)، گېررېروس (Guerreiros - ئەلەمدار، جانباز مەنىسىدە)، «خورتا» (Horta - كۆكتاتلىق) دېگەندەك فامىلىنى ئىشلىتىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ.

پورتۇگال تىللىق خەلقلەردە بەزىلەر ھايۋانات ناملىرىنى فامىلە قىلغان. مەسىلەن، ۋاسكو دا گاما (Vasco da Gama) ئىسىملىك كىشىنىڭ فامىلىسى «گاما» (Gama) - «چىشى



كېيىك» مەنىسىدىكى سۆزدۇر. بۇنىڭدىن سىرت «راپوسا» (Raposa - تۈلكە)، «لوبو» (Lobo - بۆرە)، «لېئو» (Leao - شىر)، «كوئېلخو» (Coelho - توشقان)، «كاۋ» (Cão - ئىت) قاتارلىق فامىلىلەر پورتۇگاللارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ تۇتېملار بىلەن ئورۇقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پورتۇگال تىللىق خەلقلەردە ئۆسۈملۈك نامى بىلەن باغلانغان فامىلىلەرمۇ بار. مەسىلەن، ئۇلاردا پاراسەت، تىنچلىق، پاراۋانلىق ۋە شەرەپنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدىغان زەيتۇن دەرىخى (Oliveira) نىڭ نامىنى فامىلە قىلغانلارمۇ خېلى كۆپ.

ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى پورتوگال تىللىق خەلقلەردە ئادەتتە پورتۇگال تىلىدىكى ئىسىم - فامىلىلەر ئىشلىتىلىشىمۇ، ئەمما ئافرىقىدىكى ماندىنگو تىلى، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئان تىلى ۋە پورتوگال تىلىدىن ئېلىنغان ئارىلاش ئىسىم - فامىلىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، مارىئو جۇرۇنا (Mario Juruna) دېگەن ئىسىم - فامىلىدە، «مارىئو» - پورتۇگالچە شەخس ئىسمى، «جۇرۇنا» بولسا ئىندىئان تىلىدىكى فامىلىدۇر. «سامبا فېرناندېس» (Samba Farnandes) دېگەن ئىسىم - فامىلىدە، «سامبا» بولسا ئافرىقىدىكى مۇبىندۇ تىلىدىكى شەخس ئىسمىدۇر، «فېرناندېس» بولسا پورتۇگال تىلىدىكى فامىلىدۇر. مامادۇ ماندىنگاس (Mamadu Mandingas) بولسا ساپ ماندىنگو تىلىدىكى ئىسىم ۋە فامىلىدۇر.

پورتۇگال تىللىق دۆلەتلەردە ئىسىم - فامىلىلەر مەيلى قايسى تىلدا ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك پورتوگال يېزىقى بىلەن خاتىرىلىنىدۇ.

قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، پورتۇگالىيەدە ھۆكۈمەت بىلەن دىنىي جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئىسىم تاللىشىغا قارىتا مۇئەييەن بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان. مەسىلەن،

هۆكۈمەت پۇقرالاردىن پورتۇگال تىلىدىكى قېلىپلاشقان شەخس
ئىسىملىرى (Nomes Portugueses) نى ياكى پورتۇگالچىلاشقان
چەتئەلچە ئىسىملار (Nomes aPortuguesados) نى قوللىنىش-
نى، ھەركىم ئۆزى خالىغانچە ئىسىم ئويدۇرۇپ چىقارماسلىقنى
تەلەپ قىلغاندىن باشقا، قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن
فامىلىلەرنى شەخس ئىسمى ئورنىدا ئىشلىتىشنى رۇخسەت قىلـ-
مايدۇ. ھايۋانات ۋە نەرسە - كېرەكناملىرىنى ئادەم ئىسمى
قىلىپ ئىشلىتىشنى، ھاكىمىيەت مەنىسىگە ئىگە ئىسىملارنى
ئىشلىتىشنى لايىق ئەمەس، دەپ قارايدۇ.

## △ رۇسلارنىڭ فامىلىسى

قەدىمدە رۇسلاردا خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش فامىلە
بولمىغانىدى. ئاتا ئىسمىنى شەخس ئىسمىغا قوشۇپ ئاتاش ئۇسۇ-
لى نىسبەتەن بالدۇر پەيدا بولغان بولۇپ، ئاتا ئىسمى ئوخشاش
ئىسىملىكلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى قىلىناتتى. بۇ ئەھ-
ۋال ئۇيغۇرلاردىكى ناملاش ئۇسۇلىغا ئوخشايتتى. 13 - ئەسىر-
نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شۋېتسىيەلىكلەر رۇسلارنىڭ بىر
شەھىرى - نوۋوگورودنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، رۇسىيە
كىنەزلىكىنىڭ كىنەزى ئالېكساندىر ياروسلاۋىچ (Александир
Ярославич) نوۋوگورودقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قوشۇن باش-
لاپ، نېۋا (Нева) دەرياسى بويىدا شۋېتسىيەلىكلەرنى مەغلۇپ
قىلدى ھەم ئۇلارنى قوغلىۋەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ نامى
ئالېكساندىر نېۋسكىي (Александр Невский) دەپ ئاتالدى.
چارروسىيەنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك چار پادىشاھى ئىۋان Ⅳ
(1530 — 1584) ئۆزىنىڭ ۋەھشىيانىلىكى بىلەن «ئىۋان
گروزنىي» (قەھرلىك ئىۋان - Иван Грозний) دەپ ئاتالغان.
بۇنىڭدىن ھازىرقى رۇس فامىلىلىرىنىڭ مەنىسىنى ۋە كېلىپ
چىقىش سەۋەبىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. رۇس فامىلىلىرى
ئىچىدە مەنسەپ نامىدىن، ئۇرۇق تۇتېملىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن



فامىلىلەرمۇ بار. مەسىلەن، «كىنيازېۋ» (Князев) دىن
كەلگەن؛ «ئورلوۋ» (Орлов) فامىلىسى «بۈركۈت» مە-
نىسىدىكى سۆز «ئورېل» (Орёл) دىن كەلگەن، «مېدۋېدېۋ»
(Медведев) فامىلىسى «ئېيىق» مەنىسىدىكى «مېدۋېدي»
(Медведь) دىن كەلگەن. رۇسلاردا ھۈنەر - كەسىپ ناملىرى-
دىن كەلگەن فامىلىلەرمۇ ھەم بار. مەسىلەن «كۇز نېچوۋ»
(Кузнецов - تۆمۈرچى)، «سلېسارېۋ» (Слесарев - سېلە-
سار) دېگەندەك.

يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى رۇسلارنىڭ ئىسىم - فامىلە-
لىرى ئومۇمەن ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار:
شەخس ئىسمى (Имя)، ئاتا ئىسمى (Отчество) ۋە فامىلە
(Фамилия) لاردىن ئىبارەت. مەسىلەن، مەشھۇر رۇس شائىرى
ماياكوۋىسكىينىڭ تولۇق نامى ۋلادىمىر (Владимир
Владимирович Маяковский) بولۇپ، بۇنىڭدا «ۋلادىمىر» -
ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى، «ۋىلادىمىروۋىچ» - ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىس-
مى، «ماياكوۋىسكىي» بولسا ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ فامىلىسىدۇر.
كۆرۈشكە بولىدۇكى، رۇسلاردا ئىسىم ئاخىرىغا «ۋىچ»
(вич -...نىڭ بالىسى مەنىسىدىكى قوشۇمچە) قوشۇلۇش بىلەن
ئۇ ئىسىمنىڭ ئاتا بولغۇچىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى ئىپادە قىلىنىـ-
دۇ. رۇسلاردا قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئاتا ئىسمى بىلەن شەخس
ئىسمى ۋە فامىلە پەرقلەندۈرۈلىدىغان بولغاچقا، شەخس ئىسمى،
ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسى ئوخشاش ئىسىملاردىن بولغان
كىشى ئىسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋا-
نوف. ئەمما بۇندا ئەھۋال بەك ئازدۇر. رۇس كىشى ئىسىملىرىدا
فامىلىلەرنىڭ مۇتلەق بەلگىسى ۋۇ (ов)، «ئوۋا» (ова)،
ېۋ (ев)، - ېۋا (ева)، - ىن (ин)، - ىنا (ина)، - سكىي
(ский)، - سكايا (ская) لەردۇر. بۇلار ئىچىدە «ۋۇ، - ىۋ،
- ىن، - سكىي» لار ئەرلەر ئىشلىتىدىغان فامىلىلەر ئاخىرىسىغا

قوشۇلۇپ كېلىدۇ، «ـ وۋا، ـ ېۋا، ـ نا، ـ سكايا» لار خوتۇن-
قىزلار قوللىنىدىغان فامىلىلەرگە قوشۇلۇپ كېلىدۇ. شۇنداق
بولغاندا، رۇس كىشى ئىسىملىرىدە «ۋىچ» قوشۇمچىسى قوشۇل-
غان سۆز ـ ئاتىنىڭ ئىسمى، يۇقىرىقى قوشۇمچىلار قوشۇلغان
سۆزلەر ـ فامىلە، قېلىپ قالغىنى شەخس ئىسمى بولىدۇ.
مەسىلەن، گونچاروف (Гончаров)، پاۋلوف (Лавлов)، چېخوف
(Чехов)، مېندېلېۋ (Менделъв)، تۇرگېنېـۋ (Тургенев)،
رېپىن (Релин)، ئىلىن (Ilьин)، ژۇكوۋسكي (Жуковский)،
دوستوئېۋسكي (достоевский) لار ئەرلەر قوللانغان فامىلىلەر
بولسا، يۇقىرىقى فامىلىنى قوللانغان ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى، ھەم-
شىرىلىرى ۋە قىزلىرى ھەم ئانىلىرى قوللىنىدىغان فامىلىلەر
مۇناسىپ ھالدا گونچاروۋا (Гончарова)، پاۋلوۋا (Лавлова)،
چېخوۋا (Чехова)، مېندېلېيېۋا (Менделъва)، تۇرگېنېۋا
(Тургенева)، رېپىنا (Релина)، ئىلىنا (Ilьина)، ژۇكوۋس-
كايا (Жуковская) ۋە دوستوئېۋسكايا (Достоевская) بولىدۇ.
ئەمما، شېۋچېنكو (Шевченко)، گوگول (Гоголв)،
گلىنكا (Глинка) قاتارلىق ئاز ساندىكى فامىلىلەرنى ئەر ـ
ئاياللىق جىنس تۈسىنى ئىپادىلەيدىغان يۇقىرىقىدەك قوشۇمچىلا-
رسىزلا ئورتاق ئىشلىتىدۇ.

رۇسلاردا پەرزەنتلەر ئاتىسىنىڭ فامىلىسىگە ۋارىسلىق قى-
لىدۇ، قىزلار ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىنى
ئىشلىتىدۇ. ئىلگىرى قىزلار ياتلىق بولغاندىن كېيىن چوقۇملا
ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىشى ئادەت بولسىمۇ، ئەمما
ھازىرقى زامانغا كەلگەندە، قىزلار نىكاھتىن كېيىن ئېرىنىڭ
فامىلىسىنى ئىشلەتمەي، ئۆز فامىلىسىنى ساقلاپ قالىدىغان ئەھ-
ۋاللارمۇ بار.



## △ ياپونلارنىڭ فامىلىسى:①

قەدىمدە ياپونلاردا پەقەت ئىسىملا بار بولۇپ، فامىلە يوق
ئىدى. كېيىنچە سىنىپىي جەمئىيەت باسقۇچىغا كىرگەندىن كې-
يىن، ھۆكۈمران سىنىپلار ئارىسىدا ئالدى بىلەن 氏 (uji) ۋە
姓 (kabane) پەيدا بولدى. 氏 (uji) بولسا ياپونلارنىڭ قەدىمكى
دۆلىتىدىكى بىر خىل سىياسىي تەشكىلات ئىدى. ھەربىر ئۇرۇق
氏 (uji) نىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بولاتتى. بۇ « 氏名 »
(ئۇرۇق نامى) دېيىلەتتى. ئۇرۇق نامى ئۇرۇقنىڭ ئوردىدا ئۇس-
تىگە ئالغان ۋەزىپىسى ۋە شۇ ئۇرۇقنىڭ ئولتۇراقلاشقان، باش-
قۇرغان زېمىنلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ياپونلارنىڭ قەدىم-
كى فامىلىسى (kabane) بولسا ئۇرۇق (uji) قا ھەدىيە قىلىن-
غان ئاتاق نامى بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي
ئورنىنى ئىپادىلەيتتى. فامىلە (kabane) نەچچە ئون تۈر-
لۈك بولۇپ، ئۇ گوياكى فېئوداللىق ئۇنۋان ناملىرىغا ئوخشاپ
كېتەتتى ۋە ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالاتتى. ھەرقايسى فامىلە
(kabane) ئوتتۇرىسىدا دەرىجە پەرقى ئېنىق ئىدى. ئۇرۇق نامى
(uji) ۋە فامىلە (kabane) دىن تاشقىرى، مىلادىيە 1009 ـ
ئەسىرلەردە يەنە يېڭىچە بىر خىل نام بولغان 苗 (miyooji)
ئوتتۇرىغا چىقتى. miyoji دېگىنى ئەۋلاد، تارماق، شاخچە دېگەن
مەنىلەرنى بېرىدۇ. miyooji بولسا ئائىلىلەر ئۇرۇق جەمەتىدىن
بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن قويۇلغان يېڭى فامىلە ئىدى. دېمەك،
قەدىمكى ياپونلارنىڭ فامىلىسى 氏 (uji)، 姓 (kabane) ۋە 苗
(miyooji) دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ،
ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەلۇم بىر مەنىنى بىلدۈرەتتى.
قەدىمدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى بىرقەدەر ئۇزۇن

① ياپونلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان خەت بۇ يەردە ئەسلى ياپونچە ئەمەس،
بەلكى ئۇلارنىڭ خەنزۇچە يېزىق بىلەن يېزىلىدىغان شەكلى ۋە تەلەپپۇزى بويىچە بېرىلىدۇ.

بولاتتى. كېيىنچە يېڭىچە 苗 (miyooji) كۇنسايىن كۆپىيىپ،
氏 (uji)، 姓 (kabane) ۋە 苗 (miyooji) لار بىرلىشىشكە
قاراپ يۈزلەندى. ھازىرقى ياپونچىدا دېيىلىدىغان 苗字
(moyooji) دەل بىز دەۋاتقان فامىلىگە جەھەتتىن تەڭداشتۇر.
ياپونىيىدە ھەم 氏 (uji) ۋە 姓 (kabane) غا، ھەم 苗字
(miyooji) غا ئىگە ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ئىچىدە، ساماۋى پادى-
شاھ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. تارىختىكى ياپونىيە ساماۋى
پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ فامىلىسى يوق بولۇپ، پەقەت
ئىسمىلا بار. قەدىمدە ساماۋى پادىشاھلار تەڭرىنىڭ ئەۋلادى دەپ
قارىلاتتى ۋە ئىنتايىن ئالىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.
شۇڭلاشقا فامىلىسى بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. يالغۇز ساما-
ۋى پادىشاھنىڭلا ئەمەس، ھەتتا خانىش ۋە شاھزادە - مەلىكىلەر-
نىڭمۇ فامىلىسى يوق ئىدى. (ئەمما ساماۋى پادىشاھنىڭ قىزلى-
رى سىرتقا ياتلىق بولغاندا، ئېرى تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ئىشلى-
تىدۇ). 氏 (uji)، 姓 (kabane) ۋە 苗字 (miyooji) ھوقۇق-
نىڭ سىمۋولى بولغاچقا، ئىسىملىرى ئالدىغا مەزكۇر نام-
بەلگىلەرنى قوشۇش پەقەت ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭلا ھوقۇقى
ئىدى. ئەمما خەلق ئاممىسىنىڭ فامىلىسى يوق ئىدى. مېڭجىژ
يېڭىلىقىقا كۆچۈش ھەرىكىتى (1868 - يىلى) دىن كېيىن، ياپو-
نىيە ھۆكۈمىتى فېئوداللىق دەرىجە تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ،
مېڭجىژنىڭ ئۈچىنچى يىلى، يەنى 1870 - يىلى بارلىق پۇقرالار
فامىلە قوللانسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقاردى. ئەمما ئۇزاق-
تىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت تۈپەيلى، خەلق ئۆزلى-
رىگە دەرمەھەل فامىلە تاللاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇنىڭ ئۈ-
چۈن ياپونىيە ھۆكۈمىتى مېڭجىژنىڭ 8 - يىلى (1875 - يىلى)
قايتا قارار چىقىرىپ، بارلىق پۇقرالار جەزمەن فامىلە قوللىنىش
لازىم دەپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ياپونلارنىڭ ھەممە
ئائىلىلىرىدە فامىلە ئىشلىتىلدى، پەرزەنتلەر ئاتا تەرەپنىڭ فامى-



لىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى، ئاياللار ئېرىنىڭ فامىلىلىرىنى
قوللاندى. ھازىرقى ئەھۋال ئەنە شۇنداق جەريانلاردىن كېيىن
شەكىللەندى.

ياپونلار دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ فامىلىسى بار مىللەتتۇر.
ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، ھازىر ياپونلارنىڭ فامىلىسى تەخ-
مىنەن 110 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان-
لىرى 400 دىن ئارتۇقراقتۇر. ياپونلارنىڭ فامىلىسىمۇ مۇئەييەن
مەنىلەرگە ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان يەر نامىلىرىنى
(مەسىلەن، Yamaxita - 山下 - تاغ قاپتىلى؛ Yamamoto -
山本 - تاغ ئۈستى؛ Tanabe - 田边 - ئېتىز يېنى…)، يېزا
نامىلىرىنى (مەسىلەن، Niximura - 西村 - غەربىي كەنت؛
Orimura - 森村 - ئورمان كەنتى؛ Kimura - 木村 - ياغاچ
كەنتى …)، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ نامىلىرىنى، ئۆسۈملۈك
نامىلىرىنى (مەسىلەن، Wakamasu - 若松 - قارىغاي؛
Takazuki - 高杉 - ئېگىز شەمشاد…)، دىنىي پائالىيەت
سورۇنلىرىنىڭ نامىلىرىنى (مەسىلەن، Onoji - 小野寺 - دالا
بۇتخانىسى؛ Saionji - 西园寺 - غەربىي ھويلا بۇتخانىسى)
فامىلە قىلىپ ئىشلىتىدۇ.

ياپونلاردا قىزلار ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئەر تەرەپنىڭ
فامىلىسىنى ئىشلىتىدۇ. ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ ئايالى تەرەپكە
كىرىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرلەر ئايالى تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ئىش-
لىتىدۇ. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيىنىڭ يېڭى
«ھەق تەلەپ قانۇنى» دا، ئەر - ئايال ئىككى تەرەپ تويدىن
ئىلگىرىكى بەلگىلىمە بويىچە ياكى ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىنى
ئىشلىتىدۇ، ياكى ئايالى تەرەپنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىدۇ، دەپ
بەلگىلەنگەن. ئەمما بۈگۈنگىچە مۇتلەق كۆپ ئاياللار ئەنئەنە بويى-
چە يەنىلا ئەرلىرى تەرەپنىڭ فامىلىلىرىنى ئىشلەتمەكتە.

ياپونلارنىڭ فامىلىلىرى ئىچىدە بىر خەتلىك فامىلىمۇ،

كۆپ خەتلىك مۇرەككەپ فامىلىلەرمۇ بار. مەسىلەن، mori (森 - مورى)، Masumoto (松本 — ماسۇموتو)، Usenta (宇喜多 - ئۇسېنتا)، Kadenokooji (武者小路 — كادېنوكوئوجى)، Kantokuyooro (勘解由小路 — كانتوكۇيوئورو) دېگەندەك. ئىلگىرى ھەتتا يەتتە خەتلىك فامىلىلەرمۇ بولغان. ئادەتتە، ھازىرقى زاماندىكى ياپونلارنىڭ فامىلىلىرى ئىچىدە ئىككى خەتلىك فامىلە ئەڭ كۆپ. ئۇنىڭدىن قالسا ئۈچ خەتلىك فامىلىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن قالسا بىر خەتلىك فامىلىلەردۇر. تۆت خەتلىك فامىلىلەر ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ.

ياپونلارنىڭ فامىلىسى بىلەن ئىسمىنىڭ تىزىلىش تەرتىپىدە، فامىلە ئالدىدا، ئىسىم كەينىدە تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىسىم ۋە فامىلىسىدىكى خەت سانىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن بىر پۈتۈن ئىسىم - فامىلىدە قايسى ئىسىم، قايسى فامىلە ئىكەنلىكىنى ئاسان پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا قۇلاي بولۇشى ئۈچۈن، ياپونلار رەسمىي ئىمزا قويىدىغان ئەھۋالدا فامىلىسى بىلەن ئىسمىنىڭ ئارىسىنى بىراقلاشتۇرۇپراق يېزىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۇلارنى پەرقلەندۈرىدۇ.

## 8. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشتا فامىلە مەنبەسى مەسىلىسى

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «فامىلە مەنبەسى مەسىلىسى» ئەمەلىيەتتە فامىلىلەرگە سۆز تاللاش مەسىلىسىدۇر. ئالدىنقى سەھىپىدىكى بايانلاردىن بىزگە شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، فامىلە يالغۇز ئادەمنىڭ نام - بەلگىسى مەسىلىسىلا ئەمەس، مۇھىمى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، سىياسىي - ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، ئۆرپ - ئادەت، ئۇدۇملىرى بىلەن ئالاقىدار بولغان زور مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فامىلىلەر مىللەتلەر-



نىڭ تىل ئادىتى ۋە مىللىي تىل تەرەققىياتىنىڭ جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مىللىي تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بويىچە تەشكىل قىلىنىپ ئىشلىتىلگەندىن سىرت، يەنە ئۇلار ھەر ۋاقىت مىللەتلەرنىڭ تىلدا ئىپادە قىلغان مەدەنىيەت پسىخىكىلىرىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، بىر مىللەتنىڭ فامىلىلىرىگە سۆز تاللىغاندا، تەبىئىيكى، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ ئىلگىرى فامىلىسى بار مىللەتلەرگە ئوخشىمىغان تەرزدە فامىلىنى ئاڭلىق قوللانماقچى بولغان مىللەتلەر ئۈچۈن، فامىلە مەنبەلىرىنى بېكىتكەندە مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى، فامىلە سۈپىتىدە تاللىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تارىخىي يىلتىزىغا بولغان سېغىنىش تۇيغۇلىرىنى ئىپادە قىلىشنى، ئۇنىڭدىن باشقا، فامىلە قوللىنىش جەريانىدا يۈز بېرىدىغان بىر قاتار ئەھۋاللارنى تولۇق نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى، فامىلە قىلىپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئانچە سىرلىق نەرسىمۇ ئەمەس، ئۇلار بىر مىللەت تىلىدا جانلىق ئىشلىتىلىۋاتقان ياكى ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن، مىللەت تۇرمۇشى، تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ھادىسات، ئەشيا، ئەھۋالات، كەيپىيات قاتارلىقلارنىڭ كونكرېت ناملىرىدىن ئىبارەت.

دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ فامىلە ئىشلىتىش ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەتلەرنىڭ فامىلە قىلىپ تاللىۋالغان سۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەڭ دەسلەپتە فامىلە قىلىپ تاللانغان سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر ئۇرۇق، قەبىلىۋى ھالەتتە ياشاۋاتقان دەۋرلەردە ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن ئالاقىدار دەپ تونۇپ، تىۋىنغان توتېم ھايۋانلىرى (بەزىدە توتېم ئۆسۈملۈكلىرى) نىڭ ئىسىملىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىسىم -

فامىلەشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي ساھەبىلىرىنىڭ پىكرى بىردەك. بۇنىڭدىن باشقا مەنبەلەر ھەم شۇ مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشى، تەبىئىي مۇھىتى، تىل ئادەتلىرى ۋە ئۆزگىچە كۆزقاراشلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان تۈرلۈك سۆزلەردۇر. چەت ئەللەردىكى ۋە جۇڭگودىكى فامىلىسى بار مىللەتلەرنىڭ فامىلە قىلىپ قوللانغان سۆزلىرىنى مۇنداق بىرقانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

(1) تۇغۇلغان ۋە ئولتۇراقلاشقان يۇرت ـ جايلارنىڭ ناملىرى؛

(2) دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ ناملىرى؛

(3) ئەجدادلىرى تۇتېم سۈپىتىدە تېۋىنغان ھايۋانلارنىڭ ناملىرى؛

(4) باشقا ھايۋان ۋە ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ ناملىرى؛

(5) ئىشلەپچىقىرىش قورال ـ سايمانلىرى ۋە تۇرمۇش جابدۇقلىرىنىڭ ناملىرى؛

(6) ئەجدادلىرىنىڭ ئىسىملىرى؛

(7) ئەجدادلىرىنىڭ لەقەملىرى؛

(8) ئەجدادلىرىنىڭ تەخەللۇسلىرى؛

(9) ئەجدادلىرىنىڭ ئۇنۋان ـ دەرىجە ناملىرى؛

(10) ئەجدادلىرىنىڭ ھۆرمەت ناملىرى؛

(11) تۈرلۈك كەسپلەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنىڭ ناملىرى؛

(12) شەھەر ـ قەلئە، يېزا ـ كەنت ناملىرى؛

(13) ئادەمنىڭ سىرتقى قىياپىتى ۋە خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر؛

(14) تەبىئەت جىسىملىرى، جۈملىدىن سەييارىلەرنىڭ ناملىرى؛

(15) تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ناملىرى؛



(16) ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى؛

(17) ئەجدادلىرى قۇرغان بەگلىك، خانلىق، سۇلالە ۋە دۆلەتلەرنىڭ ناملىرى؛

(18) يېمەكلىك ۋە زىرائەت ناملىرى؛

(19) ھەربىي قورال ـ ياراغلارنىڭ ناملىرى؛

(20) پەسىل، ئاي، ھەپتە ۋە كۈنلەرنىڭ ناملىرى؛

(21) مېتاللار ناملىرى؛

(22) رەڭ سۆزلىرى؛

(23) دىنىي ئەپسانىلەردىكى ئىلاھلارنىڭ ناملىرى؛

(24) دىنىي رىۋايەت ۋە قەھرىمانلىق قىسسەلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ناملىرى؛

(25) ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر؛

(26) پەرزەنتلەر تۇغۇلغان كۈن ياكى قېرىنداش ـ ھەمشىرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەرتىپ مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر؛

(27) ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ئەتراپىدىكى جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر؛

(28) مىللەت ناملىرى؛

(29) بايرام ـ مۇراسىم ناملىرى؛

(30) تەم، پۇراق قاتارلىق سەزگۈلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر؛

(31) ئادەمنىڭ پەزىلىتى ۋە مىجەز ـ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر؛

(32) تاغ ـ دەريا، كۆل ـ سازلىق ناملىرى؛

(33) ئاتا ئىسمى ياكى ئۇنىڭدىن شاخلىنىپ تۈرلەنگەن ئىسىملار؛

(36) سۈپەت سۆزلىرى؛

(37) رەۋىش سۆزلىرى؛
(38) جۈملە شەكلىدە تۈزۈلگەن، مەنىسى غەلىتە بىرىكمە-
لەر؛
(39) ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر؛

يۇقىرىقى تۈرلەر دۇنيادىكى فامىلە قوللىنىدىغان ھەرقايسى
مىللەتلەر فامىلە مەنبەسى سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغان سۆزلەر بو-
لۇپ، بۇ دېگەنلىك، ھەربىر مىللەت فامىلىلىرى يۇقىرىدىكى
ھەممە تۈردىكى سۆزلەرنى مەنبە قىلغان دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى
ئۇلار بارلىق فامىلىلىك مىللەتلەر مەنبە سۈپىتىدە پايدىلانغان
سۆز - نامالارنىڭ تەسۋىرىدۇر. يۇقىرىقى تىزىملىكتە كۆرسىتىل-
گەن تۈرلەر فامىلە سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدىغان سۆزلەرنىڭ
تولىمۇ كەڭ دائىرىلىك بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى ئايان قىلىدۇ.
ئەمما ئۇيغۇرلار فامىلە قوللىنىش بوسۇغىسىدا تۇرغاندا، خۇددى
ئالدىنقى سەھىپىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەندەك، ئاڭلىق ئىش كۆرۈش-
لىرى زۆرۈر. يەنى، فامىلە قوللىنىش ئارقىلىق تارىخ تۇيغۇسى-
نى تىرىلدۈرۈش ۋە كۈچەيتىش، فامىلە قوللىنىشتىكى مىللىي
شەكىل - ئۇسلۇبنى توغرا ھەل قىلىش، دەۋر تەرەققىياتى تەلەپ-
لىرى بويىچە ئىش كۆرۈشلىرى زۆرۈر.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى-
دا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكچىلىك
قىلىش گۇرۇپپىسى» مۇتەخەسسىسلەرگە سۇنغان «ئۇيغۇر كىشى
ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش توغرىسىدا لايىھە (لايى-
ھە، پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» دا، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرىدا فامىلە قوللىنىشتا فامىلە مەنبەسى مەسىلىسى
ھەققىدە مۇنداق يەتتە تۈرلۈك سۆزلەرنى فامىلە قوللىنىشقا بولى-
دۇ، دەپ بېكىتكەندى. ئۇلار: ئادەم ئىسمىنى فامىلە قىلىش؛
لەقەملەرنى فامىلە قىلىش؛ قەدىمكى مەنسەپ - مەرتىۋە، ئۇنۋان
ناملىرىنى فامىلە قىلىش؛ تەخەللۇس، جۇغراپىيىلىك نامىلار،



ھايۋانات ناملىرى، قورال جابدۇق ناملىرىنى فامىلە قىلىش؛
ھۈنەر - كەسىپ ناملىرىنى فامىلە قىلىش؛ سۈپەت سۆزلىرىنى
فامىلە قىلىش؛ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىك بولغان، مەلۇم ئىجابىي
مەنىگە ئىگە شىۋە سۆزلۈكلىرىنى فامىلە قىلىش.①لاردىن ئىبا-
رەت.

ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشتا فامىلە مەنبەسى
سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان سۆزلۈكلەر مەسىلىسىدە، كۆپلىگەن
ئىلىم ساھەبلىرىنىڭ پىكرى يۇقىرىدىكى بىرقانچە تۈرگە مەر-
كەزلىشىدۇ. جۈملىدىن مەزكۇر «گۇرۇپپا» دىكى مۇتەخەسسىس-
لەر ۋە ئىلىم ساھىبى، تىلشۇناسلىق ئىلمى پروفېسسورى ئابدۇ-
رەئۇف پولات تەكلىماكاني ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى
تەتقىقاتىغا دائىر ئىككى مەسىلە توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدە②
لەقەملەر، جۈملىدىن جەمەت لەقەملىرىنى فامىلە ئورنىدا ئىشلى-
تىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى. ئەمما يۇقىرىقى پىكىرگە ئوخ-
شىمىغان ھالدا، ياش ئىلىم ساھەبلىرىدىن يۈسۈپ ئىگەم ۋە
دىلنۇر ئېلىلار ئۆزلىرىنىڭ «ئۇيغۇرلاردا فامىلە مەسىلىسى ۋە
ئىسىم - فامىلىدىكى تەرتىپ ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالى-
سىدە، «ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇرلار فامىلە قىلغۇدەك بەزى بىر خىل
كەسىپ تۈرلىرى، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ پسىخىكىسى، چىرايى،
نەسەبى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان لەقەم سۆزلىرىنى ئەسلىيەلەي-
دۇ. بەزىلىرى خەلق ئارىسىدا ئۇدۇم ھالىتىدە ھېلىھەم مەۋ-
جۇت. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەۋلادلىرى ھازىرمۇ ئاشۇ
كونا كەسىپ، مىجەز - خۇلقى، چىرايى بىلەن يۈرۈۋاتقىنى يوق.
لەقەمنىڭ ئادەملەرنىڭ كەسپى، چىرايى، مىجەزىگە ۋەكىللىك
قىلىپ مىراس قالغانلىرى ناھايىتى ئاز. نەسەبىگە ۋەكىللىك

① شۇ «لايىھە»، 5 -، 6 -، 7 - بەتلەر.
② بۇ ماقالە «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 3 - سانىغا
بېسىلغان.

قىلىدىغانلىرى ئاللىبۇرۇنلا كىشى ئىسمىغا ئايلىنىپ بولغان.
شۇڭا، لەقەمنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشنى ھەممىسى ھەل قىلى-
دۇ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.»①دېيىش ئارقىلىق لەقەملەرنى فا-
مىلە مەنبەسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى ئاساسەن ئىنكار قىلىدۇ.
ئەمەلىيەتتە، لەقەملەرنىڭ ھەممىسىنىلا فامىلە مەنبەسى سۈپىتى-
دە ئىشلىتىشنى ھېچ كىشى تەشەببۇس قىلمىدى. «لەقەملەرنى
فامىلە مەنبەسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ» دېيىشتە، «جە-
مەت لەقەملىرىنى فامىلە مەنبەسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ»
دەپ چۈشىنىش ئىنتايىن زۆرۈر. يەنە بىر جەھەتتىن، لەقەملەر-
نى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىش ھەرگىزمۇ شۇ ئارقىلىق بىر ئائىلە
ياكى جەمەتكە فامىلە قىلىپ تاللىۋېلىنغان لەقەملەردە ئىپادىلەن-
گەن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ چىراي - تۇرق، مىجەز - خۇلق،
كونا كەسىپ جەھەتتىكى «يېتەرسىزلىكى» نى مەجبۇرىي تېڭىش
ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، جەمەت لەقەملىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە
ئەسلىي سۆز ئاڭلاتقان لېكسىكىلىق مەنە سۇسلىشىپ، تېخىمۇ
يۇقىرى دەرىجىدە ئومۇمىي نام - بەلگە خاراكتېرى ئىپادىلىنىپ
تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لەقەملەرنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشتا
مەجبۇرىيەت پرىنسىپى يوق، شۇنداقلا مەنىسى ئىجابىي، ئاڭلى-
نىشقا چىرايلىق، تەلەپپۇزغا قولايلىق جەمەت لەقەملىرىنىلا فا-
مىلە قىلىپ قوللىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى،
بۇنداق جەمەت لەقەملىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە فامىلىنىڭ رو-
لىغا يېقىن كېلىدىغان رولىنىڭ زور بولغانلىقى، ئاممىۋى ئاسا-
سىنىڭ چوڭقۇر ۋە كەڭلىكى، مىللەت ئادىتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلى-
كى بەكرەك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا بۇ جەھەتتە كۆزقاراش
ئېنىق بولۇشى لازىم. بىرقانچە ئەۋلاد لەقەم قوللىنىش تارىخى
بار جەمەتلەر ئۆز جەمەت لەقەملىرىنى فامىلە قىلىپ ئالدىن

① شۇ ماقالە، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2001 - يىللىق 4 - سان.



بېكىتسە، بۇ ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنىڭ ياخشى
باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ.
بىز فامىلىلىك مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرىگە تاللىۋالغان سۆز
مەنبەلىرىنى تەكشۈرگەن، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىل ئادىتى، ناملاش
ئادىتى، مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىق ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان
ئاساستا، مەزكۇر مەسىلىدە پىكىر بايان قىلغان ئىلىم ساھىبلى-
رىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، شۇنداقلا تولۇقلىما قى-
لىپ، ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشتا ئاساسلىنىدىغان سۆزلۈك
مەنبەسى ھەققىدە تۆۋەندىكىچە تۇرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:
(1) لەقەملەر: بىز دەسلەپتە لەقەملەرنى شەخس لەقەملى-
رى، جەمەت لەقەملىرى ۋە يۇرت (مەھەللە) لەقەملىرى دەپ
ئۈچكە ئايرىپ، ئۇلاردىكى ئوخشىماسلىقلارنى شەرھلەپ ئۆتكەن-
دۇق. روشەنكى، شەخس لەقەملىرى بىر شەخسكىلا تەۋە لەقەم
بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق لەقەملەر شەخسلەرنىڭ ئۆزىدى-
كى جىسمانىي، پسىخىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولىدىغان بولغاچقا، بۇنداق لەقەملەرنى شۇ شەخس تەۋە بولغان
ياكى ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرغان ئائىلە - جەمەتلەردىكى باشقا
ئەزالارنىڭ قوبۇل قىلىشى تەسكە توختايدۇ. ئەمما بىر نۇقتا ئايان
بولۇشى كېرەككى، جەمەت لەقەملىرىمۇ دەل جەمەتلەرنىڭ دەس-
لەپكى مەلۇم ئەجدادلىرىنىڭ شەخسىي لەقەملىرىنىڭ ۋارىسچان-
لىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. شەخس لە-
قەملىرىنىڭ جەمەت لەقەملىرىگە ئايلىنىپ قېلىشىدا، ئاشۇ
شەخس لەقەملىرىدە مەلۇم ھېكمەتنىڭ، ئىجابىي مەنىنىڭ بولغان-
لىقى، سەلبىي مەنىلەرنىڭ ئاز بولىدىغانلىقى مۇھىم ئامىل بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، خالىغان ۋاقىتتا، شەخس لەقەملىرى-
نىڭ شۇ شەخسلەردىن شاخلىنىپ چىققان جەمەت ۋە ئائىلىگە
ئورتاق لەقەمگە ئايلىنىپ قېلىشى تامامەن مۇمكىن بولىدۇ.
شۇڭلاشقا، فامىلە قوللىنىشتىن بۇرۇن جەمەت لەقەملىرى بار

بولغان كىشىلەرنىڭ شۇ لەقەمنى ئورتاق قامىلە قىلىپ قوللىنى-
شى، جەمەت لەقەملىرى بولمىغان، ئەمما شەخس لەقەملىرى بار
بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق شەخس لەقەملىرى ۋارىسچانلىققا
ئىگە بولۇشتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بول-
غانلىقىنى مۆلچەرلىيەلىگەن قامىلە قوللانماقچى بولغان شەخسلەر
(خۇسۇسەن ئائىلە باشلىقى بولغان ئەر) ئۆزلىرىنىڭ شەخس
لەقەملىرىنى قامىلە ئورنىدا مۇقىملاشتۇرۇپ ئىشلەتسە ناھايىتى
مۇۋاپىق بولىدۇ.

(2) تەخەللۇسلار: دەرۋەقە تەخەللۇس - قامىلە ئەمەس.
ئەمما چەت ئەللەردە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئانا يۇرتلى-
رىنىڭ نامىنى ئىشلىتىپ قوللانغان تەخەللۇسلىرىنىڭ، شۇنداقلا
تەخەللۇسلۇق مۇئەللىپ - قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆزىدىن شاخلىنىپ
كۆپەيگەن ئەۋلادلارغا مىراس نام سۈپىتىدە قالدۇرغان ھەمدە
ئەۋلادلىرىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ قوللانغان تەخەللۇسلارنىڭ قامىلى-
لىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشىنى كۆزدە تۇتقاندا، تەخەللۇسلار-
نىمۇ قامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. قەلەمكەشلەر دەۋرىنىڭ
ئاۋانگارتلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىگە تەخەللۇس
قوللانغاندا، تاللىۋالغان سۆزلىرىنىڭ خۇددى قامىلىگە ئوخشاش
ئەۋلادلىرىغا مىراس بولۇپ قېلىشىنى ئويلىشىدۇ. بۇنداق ئەھ-
ۋالدا بۇنداق تەخەللۇسلار بىرىنچى ئەۋلادتىن تارتىپلا قامىلىلىك
رولىنى ئۆتەشكە باشلايدۇ. بۇ ھەقتە ناھايىتى ياخشى بىر مىسال
بار. يەنى، ئەدىب ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىن ئۆزىنىڭ «قامىلە
توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» ناملىق ماقالىسىدە[①] ئۆزىنىڭ «كۆلتېـ-
گىن» سۆزىنى تەخەللۇس سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكىنى تىلغا ئې-
لىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ سۆزنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلاد-
لىرىنىڭمۇ داۋاملىق ئىشلىتىدىغان قامىلىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى

---

① بۇ ماقالە «كرورەن» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 6 - سانىغا بېسىلغان.



ئىشارە قىلىدۇ. دەرۋەقە ئۇنىڭ پۈشتى بولغان ياش قەلەمكەش
زۇلپىيە ئۆزىنىڭ مەتبۇئاتتىكى ئەسەرلىرىدە ئۆز نام - شەرىپىنى
«زۇلپىيە كۆلتېگىن» دەپ ئاتىدى. يەنە باشقا پەرزەنتلىرىمۇ
«كۆلتېگىن»نى ئۆز ئىسىملىرى ئارقىسىغا قوشۇپ ئىشلەتمەكتـ-
تە. دېمەك، ھاجى ئەھمەد كۆلتېگىننىڭ پەرزەنتلىرىدىن تار-
تىپ، «كۆلتېگىن» تەخەللۇسىنىڭ قامىلىلىك رولىنى ئۆتەۋات-
قانلىقىنى ئەقىل ئىگىلىرى ھېس قىلىشى تۇرغانلا گەپ. بىز
قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىچىدىن چىققان ناۋاتور ئەدىب - شائىر-
لار قوللانغان كاتتا تەخەللۇسلارنى ئۇلارنىڭ قامىلىسى سۈپىتىدە
تونۇمايمىز. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاشۇ ئەجدادلىرى
قوللانغان تەخەللۇسلارنى داۋاملىق ئىشلەتكىنىگە دائىر تارىخىي
ماتېرىياللاردىن يىپ ئۇچى تېپىلسا، شۇنىڭدىلا ئۇلارنى قامىلە
سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغان بولاتتۇق. ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تې-
گىشلىكى شۇكى، مەدەنىيەت تارىخىمىزدا ئوخشاش تەخەللۇس-
لۇق ئەدىب - شائىرلاردىن بەزىلىرى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ.
مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرىي (كاشغەرىي)، مۇھەممەد سادىق
قەشقەرىي دېگەندەك. بۇنداق ئەھۋالدىمۇ بىزدە مەھمۇد قەشقەرىي
بىلەن مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي ئوتتۇرىسىدىكى قانداشلىق مۇنا-
سىۋەتنىڭ بار - يوقلىقى ھەم ئىككى ئەدىب ئوتتۇرىسىدىكى
بارلىق قانداش كىشىلەرنىڭ «قەشقىرى» ياكى «كاشغەرىي»نى
ئۆزلىرىگە مىراس نام سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەتكەنلىكىگە
ئائىت دەلىل - ئىسپاتلار بولمىغانلىقى تۈپەيلى، بىز دەۋر ئاتلاپ
تەكرارلىنىپ قالغان تەخەللۇسلارنىمۇ قامىلە سۈپىتىدە تونۇماي-
مىز. ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى «سەككاكىي» تە-
خەللۇسلۇق ئىككى زات ھەققىدىمۇ بىز ئوخشاش پىكىردە بولى-
مىز. دېمەكچىمىزكى، تەخەللۇسلارنىمۇ قامىلە ئورنىدا ئىشلى-
تىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىكى شەرت شۇكى، بۇنداق تەخەللۇس
سۆزلىرى ئۇيغۇر قامىلىلىرى ئۈچۈن تاللىنىدىغان سۆزلەرگە

قويۇلىدىغان تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى، مۇھىمى تەخەللۇسنى
دەسلەپ قوللانغان قەلەمكەش، سەنئەتكارلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلاد-
لىرى گەرچە قەلەمكەش ۋە سەنئەتكارلاردىن بولالمىسىمۇ، ئەمما
ئاشۇ قەلەمكەش ئەجدادى قوللانغان ۋە فامىلە سۈپىتىدە بېكىتكەن
تەخەللۇسنى ئىزچىل ئىشلىتىشى زۆرۈر. بۇ يەردە شۇنداق بىر
مەسىلىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ،
ئۆتكەنكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئەدىبلىرى، سەنئەتكارلىرى قوللانغان
تەخەللۇسلارنى تەكرار قوللىنىش، گەرچە كىشىلەرگە بۇنداق
تەخەللۇسلارنى فامىلە سۈپىتىدە ئۆزگەرتىپ قوللىنىشقا باشلىغان
شەخسلەر بىلەن ئاشۇ قەدىمكى ئوخشاش تەخەللۇسلۇق ئەدىب،
سەنئەتكارلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم قانداشلىق مۇناسىۋەت بارمۇ –
قانداق دېگەن گۇماني تەسىراتنى بەرسىمۇ، ھەتتا ياقتۇرماسلىق
پوزىتسىيىسىنى قوزغىسىمۇ، ئەمما، مۇنداق تەخەللۇسلارنى فا-
مىلىگە ئايلاندۇرۇپ قوللىنىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ مە-
دەنىيەت پېشىۋالىرى بىلەن مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيەت قانداشلى-
قىنىڭ بارلىقىنى ئەۋلادلارغا دالالەت قىلىش زىيانلىق بولمىسا
كېرەك.
(3) ئادەم ئىسىملىرى: فامىلىنىڭ مەنىسى ئېتىبارى بى-
لەن، قانداق خىلدىكى نام بولسۇن، ئۇنى ئەجداد – ئەۋلاد مۇنا-
سىۋەتلىرىدە ئۈزۈلدۈرمەي قوللانسىلا، ئۇ فامىلە ھېسابلىنىدۇ
دەپ قارايمىز. فامىلە ئادەمنىڭ نام – بەلگىلىرى سىستېمىسىدا
ئىسىمغا ئەڭ ئوخشاپ كېتىدىغان تەركىب بولغاچقا (بۇ يەردە
ئۇنىڭ تەخەللۇس ۋە لەقەملەر بىلەن بولغان پەرقى كۆزدە تۇتۇل-
دى.) ئادەم ئىسىملىرىنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىش بىرقەدەر
مۇۋاپىق ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال باشقا فامى-
لىلىك مىللەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسىدۇر. ئۇيغۇر كىشى
ئىسىملىرىنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىش تەشەببۇسىنى بەزى ئىلىم
ساھىبلىرى مۇۋاپىق دەپ ئويلىمايدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئۇيغۇر



كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئەرەبچە ۋە پارسچە
سۆزلەر بولغانلىقى، شۇڭا ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھى-
دىلىكىنى گەۋدىلەندۈرمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، بۇنداق ئۇي-
غۇر كىشى ئىسىملىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى
سۈپىتىدە، ئۇيغۇر فامىلىلىرى ئۈچۈن سۆز تاللاش ئوبيېكتى
بولالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بىلىش كېرەككى، ئەرەب – پارس تىل
تەركىبلىرىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەرەب – پارس مەدەنىيىتى
تەركىبلىرىمۇ دۇنياۋى مەدەنىيەت ئامىللىرى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر
ئەنئەنىۋى تىل – مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئاي-
لىنىپ كەتكەن. بۇ رېئاللىقنى قارىسىغا ئىنكار قىلىش، تار
مىللەتچىلىك نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن مىللەت مەدەنىيىتى تەر-
كىبىدىكى چەت ئەل مەدەنىيىتى ئامىللىرىنى بىر يولىلا سۈپۈرۈپ
تاشلىماقچى بولۇش – ئالدىراڭغۇلۇق، شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ
ئالمىشىش قانۇنىيىتىگە خىلاپ قىلمىشتۇر. دەرۋەقە ئۇيغۇرلاردا
ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرى، ئۇنىڭدىن قالسا پارسچە كىشى ئى-
سىملىرى بىرقەدەر كۆپ. كەڭ خەلق ئاممىسى بۇنى چەت ئەلچە
ئىسىم دەپ چۈشىنىشتىن ئۆز ئىسىملىرى دەپ چۈشىنىش ھالى-
تىگە ئۆتكىلى نەچچە ئەسىرلەر بولدى. ئەگەر ئۇيغۇر كىشى
ئىسىملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشتا فامىلە تەكرارلىقىدىن
ساقلىنىشتىكى تۈپ تەلەپلەرگە رىئايە قىلىنسا، ئەرەبچە – پارس-
چىدىن كىرگەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى فامىلە قىلىپ تاللى-
ۋالىدىغانلارمۇ كۆپ بولۇپ كەتمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، فامىلە
قوللىنىش پرىنسىپلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ فامىلىنى ئەركىن تال-
لاش ھوقۇقى چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى كېرەكلىكىنى جامائەت
بىلىپ يېتىدۇ. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر كى-
شى ئىسىملىرىنى فامىلە مەنبەلىرىدىن بىرى قىلىشقا تامامەن
بولىدۇ. بۇ خىل مەنبەدىن پايدىلىنىشتا مۇنداق ئىككى يول بار:
بىرى، مەلۇم كىشى (ئەر جىنسلىق، ئائىلە باشلىقى) فامىلىنى

ئۆزىگە ئۇرۇق ـ تۇغقان مۇناسىۋىتىدە بولغان كىشىلەر بىلەن
ئورتاق ھالەتتە تاللىماي، پەقەت ئۆزىدىن كېيىنكى ئائىلە ۋە
جەمەتكىلا خاس قىلىپ تاللاشنى ئىرادە قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ ئاتى-
سىنىڭ ئىسمىنى فامىلە سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. بۇ
ئەھۋالدا ئۇنىڭ بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئاتىسى-
نىڭ نامىنى فامىلە سۈپىتىدە ئىشلىتىپ ماڭىدۇ. بۇنداق مىسال-
لار بىزدە ھازىرغا قەدەر ئاز مەيدانغا چىقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇنداق قىلىشنىڭ بىرقەدەر ئوڭاي ئۇسۇل ئىكەنلىكى ئايان بول-
دى. يەنە بىرى، بىر فامىلىنى ئۆز ئائىلىسىدىكى ئەزالاردىن
تارتىپ ئەمەس، بەلكى بوۋا ـ ئەجدادلىرى ئىچىدىكى ئۆزى بىلى-
دىغان ئەڭ بۇرۇنقى شەخسنىڭ ئىسمىنى ۋە ياكى شۇ شەخستىن
ئاۋۋۇغان ئائىلىلەر ئىچىدىكى مەشھۇرراق شەخسلەرنىڭ ئىسمىنى
جەمەت ـ ئائىلىلەرگە ئورتاق فامىلە قىلىپ تاللىۋالسا بولىدۇ.
ئەلۋەتتە، بۇنداق ئۇسۇلمۇ شۇ شەخسنىڭ ئىسمىنىڭ باشقىلار
ئىشلىتىپ بولغان فامىلىلەرگە ئوخشاپ قالماسلىقىدەك شەرتىنىڭ
چەكلىمىسىنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈر. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇرلاردا
نامىلە ئىشلىتىۋاتقانلار ئىچىدە بۇ ئۇسۇلنى قوللانغانلارمۇ نىسبە-
تەن كۆپ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى فامىلە مەنبەسى قىلىپ ئىشلى-
تىشتىكى يەنە بىر مۇھىم تەرەپ بولسا، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى
قەدىمدە قوللانغان تارىخىي، رېئال شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى،
ئەپسانىۋى ـ رىۋايەتلىك شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى، داستان قەھ-
رىمانلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى فامىلە سۈپىتىدە تاللاپ ئىشلىتىش-
تۇر. قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا سانسكرىت، سوغدى،
پارس ۋە باشقا چەت ئەل تىللىرى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن
ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشى ئىسىملىرىدىن باشقا، مۇتلەق كۆپ
كىشى ئىسىملىرى ساپ ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى، لېكسىكىسى-
نىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ جانلىق ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇ ئىسىم-



لار مەنىدار، ئاڭلىنىش ۋە تەلەپپۇزغا قۇلايلىق بولۇپلا قالماس-
تىن، يەنە نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدە تۈرلىنىش خۇسۇسىيىتىگە
ئىگە. قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا قەبىلە ـ قوۋم ناملى-
رىدىن كەلگەن ئىسىملار (مەسىلەن: مەركىت، كاراي، قىپ-
چاق، قىتاي بۆرت، قىتاي بۇقا، ئىندۇ، تاتار ئاپاتېكىن، ياغلا-
قار ئىنال، ئۇيغۇر تاپمىش...)، كەسىپ ناملىرىدىن كەلگەن
ئىسىملار (مەسىلەن: تويىن، بادىزچى، بورلۇقچى، قومۇرچى،
ئىنانچى، باشچى، ئەلچى...)، ھايۋانات ناملىرىدىن ئېلىنغان
ئىسىملار (مەسىلەن: ئارسلان، ئارسلان بالبان، بارس ـ بۇقا،
تېمىر بۇقا، باي بۇقا، تۆگرۈنچ بۇقا، بۇقا خان، تەكە باخشى،
توغرىل، ئارسلانىسىغ توغرىل، خوتەن توغرىل، ئالىپ توغرىل،
ئوغۇل توڭا، ئەر توڭا، ئىت تارخان، مەڭلىق سىڭغۇر. . .)
، تەبىئەت جىسىملىرى ناملىرىدىن ئېلىنغان ئىسىملار (مەسى-
لەن، ئوغۇز، ئاي، كۈن، يۇلتۇز، دېڭىز، ...)، مېتال نامل-
رىدىن كەلگەن ئىسىملار (بۇنىڭدا «تۆمۈر» بىلەن بىرىكىپ
كەلگەن قوشما ئىسىملار بىرقەدەر كۆپ. مەسىلەن، تۆمۈر، مىڭ
تۆمۈر، باغ تۆمۈر، قارا تېمىر، قۇتلۇق تېمىر، كۈچ تېمىر،
تېمىر بۇقا، ...)، «قارا» غا ئوخشاش سۈپەت سۆزلىرىگە قوشۇپ
ياسالغان، پۇقرالار كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىدىغان كىشى ئىسىملى-
رى (مەسىلەن: بۆلۈك قارا، مىڭ قارا، قۇلۇن قارا، يەتمىش
قارا، ئاسان قارا، كەنت قارا، قارا تېمۇر، قارا بۇقا، قارا
قۇش، سارىغ تويىن، سارىغ سامان...)، «جەمەت، دۆلەت»
مەنىسىدىكى «ئېل» سۆزىگە «شى، ۋش، ۇش» ئىسىمدىشىنىڭ
قوشۇلۇشىدىن ياسالغان ۋە باشقا سۆزلەر قوشۇلۇپ ياسالغان ئى-
سىملار (مەسىلەن: ئېل قايا، ئېل ئالمىش، ئېل قۇتادمىش،
ئېل كەسمىش، ئېل يىغمىش، ئېل ئىنانچ...)، تۈرلۈك سۈپەت
سۆزلىرى ۋە نازۇك مەۋجۇداتلارنىڭ ناملىرىدىن كەلگەن ئايال
ئىسىملىرى (مەسىلەن، ئىتمىش تەگرىم، كۈمسا خاتون، ئا-

رىغ، كۇسەمىش، ئاي چەچەك، ئامراتمىش...) قاتارلىقلار بىر-
قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇنداق ئىسىملارنى فامىلە قىلىش —
تەكرارلىقتىن ساقلىنىش ۋە فامىلە رەھبەرلىقىنى كاپالەتكە ئىگە
قىلىشنىڭ ئەڭ چىل ئۇسۇلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ھازىرقى
زامان ئۇيغۇرلىرى بىلەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسى-
دا ئۇزاقلاپ كەتكەن ئارىلىقنى ئىسىم - فامىلە بابىدا يېقىنلاشتۇ-
رۇشنىڭ ئەڭ ياخشى يولىدۇر. بۇ جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرىنى فامىلە قىلىپ تاللىۋېلىشتا، قەدىمكى ئۇيغۇر
ئاياللىرىنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بۇ دائىرىدىن چەتتە قېلىش ئېھتى-
ماللىقىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش زۆرۈر.

(4) قەدىمكى مەنسەپ - مەرتىۋە، ئۇنۋانناملىرى: دۇنيا-
دىكى فامىلىلىك مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرى ئىچىدە مەنسەپ -
مەرتىۋە، ئۇنۋان ناملىرىدىن ئۆزگەرگەن فامىلىلەرنىڭ كۆپلۈكى
ھەققىدە ئالدىنقى سەھىپىلەردە كەڭ - كۇشادە سۆزلىدۇق. دې-
مەك، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق ئەسىرلەر مابەي-
نىدە قوللىنىپ كەلگەن مۈلكىي، ھەربىي، سىياسىي، ئىجتىما-
ئىي، ئىلمىي دەرىجە - مەنسەپ ناملىرىنى ۋە بىر قىسىم ھۆرمەت
ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا تامامەن بولىدۇ. ھازىرقى
ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى مەنسەپ - ئۇنۋان ناملىرى-
نى ئادەم ئىسمى ياكى لەقەم قىلىپ ئىشلىتىش ئادىتى مەۋجۇت
ئەمەس. ئەمما ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى مەنسەپ - ئۇنۋان ۋە
ھۆرمەت ناملىرىنى كىشى ئىسمى ۋە لەقەم ئورنىدا ئىشلىتىدىغان
ئەھۋال بار. ئەگەر بولمىغان تەقدىردىمۇ مۇناسىپ كەلگەنلىرىنى
فامىلە قىلىپ قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. ئەمما فېئوداللىق
دەرىجە - تەبىقە ئايرىمىسى ۋە مۇنداق مەنسەپ - ئۇنۋان ناملىرىنى
ۋە ھۆرمەت سۆزلىرىنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىش دەۋر تەلىپى
ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات تەققەزاسىغا ئۇيغۇن بولماسلىقى مۇم-
كىن. تولۇقلاپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، بىز ئۇيغۇر ئەجداد-



لىرىدا تەبىقە - مەنسەپتىن دېرەك بېرىدىغان تەبىقە فامىلىلىرى
(ناملىرى) بار ئىدى، دەپ ئۆتكەنىدۇق. ئەمما دەۋر تەرەققىياتى-
غا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تەبىقە چۈشەنچىسى سۇسلى-
شىپ، ھەربىر ئادەم ئۆز مېھنەتلىرى بىلەن باراۋەر دېگەن ئۇقۇم
شەكىللەنگىنى نەۋاق. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۆتكەن دەۋرلەردىكى
سىياسىي، دىنىي تەبىقە - دەرىجىگە ئالاقىدار ناملارنى فامىلە
قىلىپ قوللىنىشتا، بىرى شۇ ناملارنىڭ ھازىرقى لېكسىكىلىق
مەنىلىرىدىكى زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېتىبارغا ئېلىش، يەنە بىرى،
كىشىلەرگە خاتا تۇيغۇ، چۈشەنچە بەرمەسلىك شەرتى ئاستىدا
تەلەپپۇزى قولاي، ئاڭلىنىشقا يېقىملىق ئاشۇنداق ناملارنىڭ بەزى-
لىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ئېتىبار بېرىش بىلەن، فامىلە
رەھبەرلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈر.

(5) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئۇرۇق - قەبىلە نام-
لىرى: قەدىمكى بىر قىسىم ئۇرۇق - قەبىلە ناملىرىنىڭ ئاشۇ
ئۇرۇق - قەبىلىلەر تۇتىم تەرزىدە تېۋىنىغان ھايۋانلارنىڭ ناملىرى
ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. (بۇ مەسىلە «ھايۋا-
نات، ئۇچار - قانات ئىسىملىرى» دېگەن بۆلەكتە تەكرار بايان
قىلىنىدۇ). فامىلىلىك مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالساق،
ئۇلاردىمۇ قەدىمكى ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرىنى فامىلە
قىلىپ قوللانغانلىق ھەققىدىكى مىساللارنى كۆپ ئۇچرىتالايمىز.
ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىندىن فامىلە قوللانغان تۈركىيە تۈركلىرىدە
قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەر ۋە مىللەت ناملىرىمۇ فامىلە قىلىپ
قوللانغانلىق ھەققىدە جانلىق ئۆرنەك بار. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا
فامىلە ئۈچۈن سۆز تاللىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ
ئۇرۇق - قەبىلىلىرىنىڭ ناملىرىنىمۇ فامىلە قىلىپ قوللىنىشلى-
رىنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئۇرۇق ئەسلىدىلا فامىلىنىڭ ئىجتىما-
ئىي بىرلىكى ئىدى، فامىلىمۇ ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي نامى ئىدى.
خەنزۇ تارىخنامىلىرىدە توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ، يەنى توققۇز ئۇيغۇر

ئۇرۇقى ئۇيۇشمىسىنىڭ «توققۇز فامىلىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىدىكى « 九姓回纥 » سۆزى بىلەن يېزىلىشى، «ئون ئۇيغۇر»لارنىڭ «ئون فامىلىلىك ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىدىكى « 十姓回纥 » سۆزى بىلەن يېزىلىشى، ئېگىز هارۋىلىقلارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىنىڭ « 高车十二姓 » دەپ يېزىلىشى ـ قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياكى ئۇرۇقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا فامىلە سۈپىتىدىكى ئومۇمىي نامى بولغان، قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان زور جەمەتلەر ئۇيۇشمىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ قەبىلە ـ ئۇرۇقلىرىنىڭ ناملىرىنى هازىرقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا فامىلە قىلىپ قوللىنىشنىڭ يالغۇز مۇمكىنچىلىكىلا ئەمەس، يەنە زۆرۈرىيىتى باردۇر. ئەمما مۇنداق ئۇرۇق ـ قەبىلە ناملىرى بەك كۆپ بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە فامىلە قوللىنىدىغان كىشى فامىلە قىلىپ تاللىۋالىدىغان سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىشنى شەرت قىلىدىغان بولغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ فامىلە قىلىپ قوللىنىشىدىكى تەكرارلىقتىن ساقلىنىش، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردا ئاشۇ ئۇرۇق، قەبىلە ناملىرىنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىنى يېشىپ شەرھلەش كېرەك.

(6) هۈنەر ـ كەسىپ ناملىرى: فامىلىلىك مىللەتلەردە، ئاشۇ مىللەتلەر شۇغۇللانغان هۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭ ناملىرىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن فامىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە لەقەملەر (بولۇپمۇ جەمەت لەقەملىرى) ئىچىدە هۈنەر ـ كەسىپ ناملىرى بىلەن ئاتىلىدىغان لەقەملەرمۇ مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ هۈنەر ـ كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىنى فامىلە جەھەتتە بولسىمۇ داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇيغۇر هۈنەر ـ كەسىپ ناملىرىنى فامىلە مەنبەسى سۈپىتىدە تاللاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر هۈنەر ـ



كەسىپ ناملىرى كىشىلەر ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلغاندا، مۇنداق ئىككى ئۇسۇلدا ئېيتىلىدۇ: بىرى، «چى» قوشۇمچىسىنى مەزكۇر هۈنەر ـ كەسىپلەردىكى ئاساسىي بۇيۇمنىڭ نامى ئارقىسىغا قوشۇپ، ئۇنى يەنە هۈنەرۋەن ـ كاسىپنىڭ ئىسمى ئارقىسىغا قوشۇپ «ئادەم ئىسمى + بۇيۇم ئىسمى + چى» شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئىشلىتىش. خۇددى «تۇرسۇن + كۆن + چى» دېگەندەك. يەنە بىرى، هۈنەرۋەن ـ كاسىپنىڭ ئىسمى ئارقىسىغا شۇ هۈنەرۋەن ـ كاسىپ ياسايدىغان، ئىشلەپ چىقىرىدىغان بۇيۇمنىڭ، مەھسۇلاتنىڭ نامىنى قوشۇپ، «كىشى ئىسمى + بويۇم نامى» شەكلىگە كەلتۈرۈش. مەسىلەن، «مۆمىن ياغ»، «ئابلا كوزا»، «ۋاھىت بازغان»، «ھەسەن تۆمۈر» دېگەندەك. بۇنىڭدا «چى» قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدىغان بولغاچقا، ھەممە كاسىپ ـ هۈنەرۋەنلەرنىڭ نامىنى بۇ ئۇسۇل بىلەن قىسقارتىپ ئاتاش ئادىتى يوق. مەسىلەن: «مامۇت ياغاچچى» ئەگەر «مامۇت ياغاچ» دېيىلسە، ئۇ ياغاچچىلىق هۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى ئەمەس، بەلكى «ياغاچپۇرۇش» (ياغاچ ئېلىپ ـ ساتىدىغان ئادەم) دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ قېلىشى مۇمكىن. مەيلى قايسى خىلدىكى هۈنەر ـ كەسىپ نامى ياكى ئۇلارنى ناملاش شەكلى بولسۇن، هۈنەر كەسىپلەرنىڭ دەۋر تەرەققىياتىدىكى ئورنى، جەمەت ئىچىدە هۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭ بىر قانچە ئەۋلاد مەخسۇسلاشقانلىقى، هۈنەر ـ كەسىپ نامىنىڭ لەقەم ياكى نىسبىي مۇقىم نامغا ئايلانغانلىقى، فامىلە قوللانغۇچىنىڭ رايى قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپ، فامىلە ئورنىدا ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەگەر ھەقىقەتەن، ئۇيغۇرلاردىكى «72 خىل هۈنەر»نىڭ ناملىرى كىشىلەر تەرىپىدىن تولۇق فامىلە قىلىپ قوللىنىلسا، بۇ خەلقىمىزنىڭ هۈنەر ـ سەنئەت مۆجىزىلىرىنى ۋە تەرەققىياتىنى جاھان ئەھلىگە نامايىش قىلىشنىڭ ياخشى شەكلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

(7) جۇغراپىيىلىك نامىلار: جۇغراپىيىلىك نامىلارنى فامىلە
مەنبەسى سۈپىتىدە تاللاپ ئىشلىتىش تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق
چارىدۇر. ئەمما بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت
قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچىدىن، جۇغراپىيىلىك يەر نامىلى-
رى بىلەن ئاتالغان تەخەللۇسلار ۋە جۇغراپىيىلىك يەر نامىلىرى
بىلەن ئاتالماقچى بولغان فامىلە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىش
كېرەك. بىز بۇ ھەقتە ئالدىنقى سەھىپىدە يېتەرلىك دەرىجىدە
بايان قىلغانىدۇق. ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئوخشىمى-
غان دەۋرلەردە ئەينى بىر يەر نامىنى تەخەللۇس سۈپىتىدە قوللان-
غان ئەدىب - شائىرلار بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەينى بىر دەۋردە
ئەينى بىر يەر نامىنى تەخەللۇس قىلىدىغان ئەدىب - شائىرلارمۇ
مەيدانغا كېلىدۇ. ئەمما فامىلىنى ئاڭلىق رەۋىشتە، تەكرارلىق-
تىن ساقلىنىشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ قوللانماقچى بولغان مىل-
لەتتە، ئەينى بىر يەر نامىنى بىرقانچە جەمەتنىڭ فامىلە قىلىپ
تاللىۋېلىشى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، يەر نام-
لىرىنى فامىلە قىلىپ قوللانغاندا، جەمەت - ئائىلىلەر بىلەن
يۇرت - مەھەللىلەر ۋە فامىلىنىڭ قاتلام مۇناسىۋىتىنى توغرا
ھەل قىلىش كېرەك. يەنى بۇنىڭدا مۇنداق تەرتىپنى قوللىنىشقا
بولىدۇ: چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ
پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي نامىنى، تارىم (جەنۇبىي شىن-
جاڭ)، قۇرىغار (شىمالىي شىنجاڭ) دېگەندەك زور يەر نامىلىرى-
نى فامىلە قىلىپ قوللىنىشنى ئەقىلگە مۇۋاپىق. چۈنكى بۇنداق
فامىلىلەر چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنى باشقىلاردىن
پەرقلەندۈرۈشتە يىلتىزىغا باغلاپ ئايرىپ بېرەلەيدۇ؛ ئىچكىرى
ئۆلكىلەردە ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلى-
شىپ قالغانلار، شۇنداقلا ئەسلىي ئانا يۇرتىدىن چىقىپ كېتىپ
باشقا ۋىلايەتلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار ۋىلايەت نامىلىرىنى
فامىلە قىلىپ قوللانسا بولىدۇ. (خۇددى، «خوتەنىي» ياكى



«خوتەن»، «قەشقەرىي» ياكى «قەشقەر»، «ئاقسۇرىي» ياكى
«ئاقسۇ»، «تۇرپانىي» ياكى «تۇرپان»، «قۇمۇلىي» ياكى «قۇ-
مۇل»... دېگەندەك)؛ ۋىلايەت دەرىجىلىك چوڭ شەھەرلەردە ئول-
تۇراقلىشىپ قالغان ۋە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئائىلىلەر ئۆزلىرى-
نىڭ ئانا يۇرتى بولغان ناھىيە نامىلىرىنى فامىلە قىلىپ قوللانسا
بولىدۇ (مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان،
ناھىيىلەردىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئائىلىلىرى، «پەيزىۋالىئابا-
دىي»، «يېڭىھسارىي» ياكى «يېڭىھسار»؛ «بارچۇق»، ياكى
«بارچۇقىي»... دېگەندەك فامىلىلەرنى قوللانسا بولىدۇ)؛ نا-
ھىيە بازارلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئەسلىي يۇرتى يېزىدا
بولغانلارنىڭ ئائىلىسى ئۆزلىرىنىڭ ئانا يۇرتى بولغان يېزا -
كەنتلەرنىڭ نامىلىرىنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتسە بولىدۇ (مەسى-
لەن، پەيزاۋات ناھىيە بازىرىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئائىلىلەر
ئۆز ئائىلىلىرىدىن تارتىپ يېڭى فامىلە قوللانماقچى بولسا،
«شاپتۇل» ياكى «شاپتۇلىي»، «گۈللۈك»، «مىشا» ياكى «مى-
شايىي»، «قىزىلسۇ»... قاتارلىق نامىلارنى فامىلە قىلىپ ئىشلەت-
سە بولىدۇ). ئەمما يۇقىرىقى ئۇسۇلدىكى شەرت شۇكى، يۇرت
نامىنى فامىلە قىلىپ قوللانغانلار فامىلىسىنى ئۆزى ۋە ئۆزىدىن
كېيىنكى ئەۋلادلاردىن باشلاپ قوللىنىشى كېرەك. ئەگەر ئانا
يۇرتىدىكى قوۋم قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قوللىنىشقا توغرا
كەلسە قاتلام بۇزۇلىدۇ - دە، تەكرارلىنىشتىن ساقلانغىلى بول-
مايدۇ. مەسىلەن، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئەسلىي يۇرتى پەيزاۋات
ناھىيىسى بولغان بىر شەخس ئۆزىدىن باشلاپلا «پەيزاۋات» نامىنى
يۇرتىدىكى بارلىق جەمەت ئەزالىرىغىچە ئورتاق ئىشلىتىشنى ئىرا-
دە قىلغان بولسا، ئۇنداقتا مەزكۇر فامىلە پەيزاۋات ناھىيىسى
بازىرىدا ھەتتاكى يېزىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان قانداشلىرى ئۇچۇن
ئېيتقاندا دېگەندەك مۇۋاپىق بولماي قېلىشى مۇمكىن ياكى ئۇ
فامىلە پەيزاۋاتتىكى قوۋمداشلىرىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈشتە

كۆپ رول ئوينىيالماسلىقى، خاسلىقى ئىپادىلەنمەسلىكى مۇم-
كىن. دېمەكچىمىزكى، يۇرت ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللى-
نىشتا، يۇرتلارنىڭ مەمۇرىي دەرىجىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى
بىلەن يۇرت، شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان ئائىلىلەرنىڭ ئۇلارنى
فامىلە قىلىپ ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا قاتلام پەرقىگە
دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ مۇئەللىپنىڭ شەخسىي پىكرى بو-
لۇپ، جامائەتنىڭ ئويلىشىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ.
يەر ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشتا يالغۇز شىنجاڭدى-
كى يەر ناملىرىغىلا ئېسىلىۋالماي، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىلگىرى
ياشىغان ماكانلارنىڭ، شۇ ماكانلاردىكى تاغۇ ـ دەريالارنىڭ نامل-
رىنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ ئېتىبار بېرىش كېرەك.
خۇددى ئىلىم ساھىبى، تارىخشۇناس ئابلىز مۇھەممەد ئەلى «ئۇر-
خۇن» نامىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىش ئىستىقباللىقىنى ئويلى-
شىپ تەخەللۇس قىلىپ تاللىۋالغىنىدەك. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇ-
ھىمى ھازىرقى شىنجاڭدىكى يۇرت ـ جاي ناملىرىدىكى موڭغۇل-
چە، خەنزۇچە ئاتالمىلار بويىچە فامىلە قىلىپ تاللىۋالماي، شۇ
يۇرت ـ جايلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى بويىچە
ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن، «قۇمۇل» نامىنى ئىشلەتمەي
«ئىۋىرغۇل» نى، «كۇچار» نامىنى ئىشلەتمەي «كۇسەن» نامى-
نى، «مارالبېشى» نامىنى ئىشلەتمەي «بارچۇق» نامىنى…
ئىشلىتىش كېرەك. دەرۋەقە، مەيلى ھازىرقى بىر قىسىم يەر
ناملىرى بولسۇن ياكى قەدىمكى بىر قىسىم يەر ناملىرى بولسۇن،
ئۇلارنىڭ تىل تەۋەلىكىنى ۋە مەنىسىنى ئۇقۇقىلى بولمايدۇ. مۇن-
داق ئەھۋالدا مەنىسى ئېنىق، ئىخچام يەر ناملىرىنى فامىلە
سۈپىتىدە تاللىۋېلىش بىلەن بىرگە، مەنىسى ئېنىق ئەمەس دەپ
ئولتۇرماي باشقا قەدىمكى يەر ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللى-
نىش، شۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرى فامىلە قىلىپ تاللىۋال-
غان يەر ناملىرىنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى ھەققىدىمۇ



ئىزدىنىش، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات، ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىسى-
نىڭ چوقۇم روياپقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىش كېرەك.
(8) ھايۋانات، ئۇچار قانات ناملىرى: ھايۋانات ۋە ئۇچار
قاناتلار ناملىرىنىڭ فامىلە قىلىپ ئىشلىتىلىش ئېھتىماللىقىنى
ئويلاشقاندا ئوتتۇرىغا قويۇشقا تېگىشلىك بولغان كۆچلۈك دەلىل-
لەرنىڭ بىرى — فامىلىلەرنىڭ مۇھىم كېلىش مەنبەلىرىدىن
بىرىنىڭ قەدىمكى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقى-
شى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ تېۋىنغان توتېم ھايۋاناتلىرى-
نىڭ ناملىرى ئىكەنلىكىدۇر. فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش باسقۇچىدا تۇرغان مىللەتنىڭمۇ ئەجدادلىرى
توتېم دەپ تېۋىنغان، ئەسىرلەر مابەينىدە خىسلەتلىك، سىرلىق
ۋە ئۇدۇملۇق دەپ قارىغان ھايۋانلارنىڭ ناملىرىنى مەركەز قىلغان
ھالدا يەنە باشقا بىر قىسىم ھايۋان ۋە ئۇچار ـ قاناتلارنىڭ
ناملىرىنى فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىش ـ زۆرۈرىيەتلەرنىڭ بىرى-
دۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇرۇق ـ قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ئال-
دىغا توتېملىرى بولغانلىقى بىزگە ئايان. ئەمما ئۇرۇق ـ قەبىلى-
لەرنىڭ ئۇيۇشۇپ بىر مىللەت گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىشى يال-
غۇز سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئېتنىك جەھەتتە قوشۇلۇش بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەتنىڭ قوشۇلۇشى، جۈملىدىن
نۇرغۇن توتېملارنىڭ قوشۇلۇپ، ئۇلار ئىچىدىن مەلۇم بىر توتېم-
نىڭ خۇددى مىللەتنى مەلۇم بىر ئۇرۇق ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇ-
رۇپ ھاسىل قىلغاندەك قوشۇۋېلىشى، سۇسلاشتۇرۇش جەريانى-
دۇر. بۈگۈنگە قەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر توتېملىرى ئىچىدە مىللەت
ئىچىدە ئورتاق ئېتىراپ قىلىشقا سازاۋەر بولغىنى ـ بۆرەدۇر.
بۇنىڭدىن باشقا بۇركۇت، تۇغرۇل… قاتارلىقلارمۇ بار. دېمەك،
ھازىرقى دەۋردە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرى توتېم دەپ تېۋىنغان
ھايۋانلارنىڭ، قۇشلارنىڭ ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىش —
قەدىمنى ھازىرغا ئۇلاش ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا بىر خىل زۆرۈ-

رىيەتتۇر. بۇ جەھەتتە مۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ: ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمدىلا كۆندۈرۈپ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىنىڭ ناملىرىغا سېلىشتۇرغاندا، ياۋايى ھايۋانات ۋە ياۋايى قۇشلارنىڭ ناملىرى فامىلە قىلىشقا كۆپرەك ماس كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار كۆپلىگەن ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرىغا تۈرلۈك سىمۋوللۇق مەدەنىيەت مەنەلىرىنى يۈكلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناملىرىنى فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىشى قەيسەرلىك، كۈچ، ئۆتكۈرلۈك ۋە ئەركىنلىك سىمۋولى بولغان، ئەمما كۆپ ئىجتىمائىي مەنە يۈكلەنمىگەن ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلار ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا سېلىشتۇرغاندا، كۆپ قارشى ئېلىنمايدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىلىدا ئاتالغان قۇش، ھايۋان ناملىرىنى كۆپرەك ئىشلىتىش - مۇئەللىپنىڭ يەنە بىر تەۋسىيەسىدۇر.

(9) ئەشيا ۋە قورال - جابدۇقلار ناملىرى: ئەشيا ۋە قورال - جابدۇقلار ناملىرىدىن كەلگەن فامىلىلەر فامىلىلىك مىللەتلەردە ھەم كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەشيا ۋە قورال - جابدۇق ناملىرى چوقۇملا ئۇيغۇر فامىلىلىرىگە تاللىنىدىغان سۆزلەر ئىچىدە مەلۇم سالماقنى ئىگىلىشى لازىم. ئەمما ھەممە ئەشيا ۋە قورال - جابدۇق نامىنى فامىلە سۈپىتىدە ئىشلىتىشنىڭ ئورنى يوق. ئەشيا ناملىرىنى فامىلە قىلىش مەسىلىسىدە، بىز كۆپرەك تەبىئەتتىكى تاغ، تۈزلەڭلىك، ئورمانلىق، سازلىق، دەشت - باياۋان، ئۆسۈملۈك، گۈل - گىياھ، دەريا - كۆل قاتارلىقلارنىڭ، شۇنداقلا ئاسمان جىسىملىرىنىڭ (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) نامىنى فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئەمما قورال - جابدۇق ناملىرىنى فامىلە قىلىپ قوللىنىشتا ئۇنداق كەڭرى بولۇپ كېتەلمەسلىكىمىز مۇمكىن. بۇ جەھەتتە ھەربىي ساھەدە ئىشلىتىلىدىغان قورال - سايمانلارنىڭ ۋە ھۈنەر - كە-



سىپلەردە ئىشلىتىلىدىغان قىسمەن قورال - جابدۇقلارنىڭ ناملىرىنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. خۇددى «قىلىچ»، «خەنجەر»، «شەمشەر»، «ئوقيا»، «سالغا...» دېگەندەك. بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا تەلەپپۇز ۋە ئاڭلىنىشتا يېقىملىق، جاراڭلىق بولۇش، كىشىلەر رايىغا بېقىش، مەجبۇرلىماسلىق پرىنسىپىغا رىئايە قىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

(10) ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بەگلىك، خانلىقلار ناملىرى: بۇ خىلدىكى ناملار گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەگلىك، خانلىقلارنىڭ نامىنىڭ كۆپ قىسمى يەر ناملىرى بىلەن ۋە شۇ بەگلىكلەر ۋە خانلىقلارنى قۇرغان شەخسلەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل نام بىلەن ئاتالمىغان بەگلىك - خانلىقلارمۇ بار. مەسىلەن، قاراخانىيلار خانلىقى دېگەندەك. بۇ خىلدىكى نام مەنبەلىرىنى تولۇق قېزىپ چىقىپ، ئۇلارنى فامىلە سۈپىتىدە پايدىلىنىشنىڭ ئەھمىيىتى كىچىك بولمىسا كېرەك.

(11) سۈپەت سۆزلىرى: تىلىمىزدا سۈپەت سۆزلىرى ئىچىدىكى رەڭ، دەرىجە... گە ئالاقىدار سۈپەت سۆزلىرىنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق سۆزلەرنى لەقەم ئورنىدا ئىشلىتىش ئۇيغۇرلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان. «پاكىز»، «سەتەڭ»، «زور»، «سۈزۈك»، «يارقىن»، «ئۆتكۈر»، «كۆركەم» قاتارلىق سۆزلەرنى لەقەم ۋە تەخەللۇس ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولغانىكەن، ئۇنداقتا ئۇلارنى فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىش - ئەقىلگە مۇۋاپىق چارە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(12) پېئىللار: بۇ يەردە فامىلە مەنىسى سۈپىتىدە كۆرسىتىۋاتقان پېئىللار ھەرىكەتنام ۋە سۈپەتداش ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن پېئىللارنى كۆرسىتىدۇ. «ش، ىش، ۇش، ۈش» قاتارلىق ھەرىكەتنام ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى پېئىل تومۇرلىرىغا ئۇلاش ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرنىڭ فامىلە قىلىپ ئىشلىتىلىش ئىم-

كانىيتىنى تۈركلەرنىڭ فامىلىلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللانغاندا بۇ خىل شەكىلنى ئىشلىتىپ «قۇتۇلۇش»، «تىنىش»، «ئۆسۈش»، «يېڭىش»، «بۆسۈش»، «تالاش»، «كۈلۈش...» قاتارلىقلارنى ياساپ فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپ شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ش، ۋش، ۇش» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان «كۆسەمىش»، «ئۇدغۇرمىش»، «ئۆگدۈلمىش»، «قۇتادمىش»، «قانتىرمىش...» شەكلىدىكى ئىسىملار بىر قەدەر كۆپ. شۇڭا شۇ تەقلىدتە مەزكۇر قوشۇمچىلارنى قوشۇش يولى بىلەن بىر تۈركۈم سۆز ياساپ فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىش تېخىمۇ تەبىئىي، قەدىمىي تۇيغۇغا باي ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن. خۇددى «ئۇقارمىش»، «ياكسەلمىش»، «قۇتۇلمىش»، «يېڭەرمىش...» دېگەندەك. يەنە بىر تەرەپتىن، پېئىل يىلتىزلىرىغا سۈپەتداش ياسىغۇچى قوشۇمچىلار «ار، ەر» ۋە «ماس، ـ مەس» لەرنى قوشۇپ ياسالغان سۆزلەردىنمۇ ئېسىل فامىلىلەرنى ياساپ ئىشلىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، «ئاشار»، «ياشار»، «يېڭەر»، «بۆسەر»، «قايتماس»، «يانماس»، «تىنماس»... دېگەندەك.

ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشتا، فامىلە مەنبەلىرىنى يۇقىرىقى ئون ئىككى تۈر ئىچىدە بايان قىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا فامىلە قىلىشقا لايىق كېلىدىغان ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرى يوق، دېگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ سىرتىدا فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا بولىدىغان پەسىل، ئاي، ھەپتە كۈنلىرى، ئېسىل غىزا، مېۋە ـ چېۋە تۈرلىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، خاراكتېر ـ مىجەز، بايرام ـ مۇراسىملار نامىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرمۇ بار. بۇ جەھەتتە ھەر كىم ئۆز زەۋقىگە بېقىپ سۆز تاللاشقا ھوقۇقلۇقتۇر. قوشۇمچە قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ئۇيغۇرلاردىمۇ خۇددى تۈرك يازغۇچىسى ئەزىز-



نىڭ فامىلىسى «نەسىن (نېمە سەن)»، ئىنگلىزلاردىكى «Youguess» (قىياس قىل!) دېگەنگە ئوخشاش شەكلى غەلىتە، ئەمما مەلۇم ھېكمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، جۈملە ۋە ياكى سۆز بىرىكمىسى شەكلىدىكى فامىلىلەرنىمۇ پەيدا قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە بىز شىۋە سۆزلىرىنى ئايرىم فامىلە مەنبەلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە تىلغا ئالمىدۇق. سەۋەب شۇكى، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئون نەچچە تۈردىكى سۆزلەر ئىچىدە ھەم شىۋە سۆزلىرى بار، شىۋە سۆزلىرى ئىچىدە ھەم يۇقىرىقى ناملار بار. شۇڭا ئەسكەرتىپ كۆرسىتىلمىدى.

ئۇيغۇر فامىلىلىرىنى تەكرارلىقتىن خالىي قىلىش، رەڭدارلاشتۇرۇش، تارىخىي تۇيغۇنى ئىپادىلەش ئۈچۈن چوقۇم فامىلە مەنبەسى مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا نۇرغۇن كىشىلەر فامىلە قىلىشقا لايىق كېلىدىغان سۆز تاللاشتا تەلەپپۇزى ۋە ئاڭلىنىشى ئاجايىپ ئېسىل، مەنىسى چوڭقۇر بولۇشنى تۈپ ئۆلچەم قىلىۋېلىپ، فامىلە قوللىنىشنى كېچىكتۈرۈشلىرى مۇمكىن. بىلىش كېرەككى، ئائىلە، جەمەت گەۋدىسى بىلەن فامىلە قىلىپ تاللىۋالغان سۆزنىڭ مەنىسى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش بولمايدۇ. ئېسىل فامىلىلەرنى بەزى جەمەتلەر دەپسەندە قىلىشى مۇمكىن. ئاددىي سۆزلەردىن ياسالغان فامىلىلەر جەمەتلەرنىڭ ئەمەلىي شان ـ شەرىپىنىڭ ئۆسۈشى ۋە داۋاملىشىشى بىلەن مەڭگۈ قالىدىغان چوڭ فامىلىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

فامىلە تەشەببۇسكارلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارىشىدا، ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە ئۈچۈن تاللىنىدىغان سۆزلەر چوقۇم ساپ ئۇيغۇر تىلىدىن ئېلىنغان سۆزلەر بولۇشى كېرەك، دېيىلىدۇ. ئەمما بۇنداق قاراشتا بەزى چەكلىمىلىكلەر بارمۇ ـ يوق؟ بۇ مەسىلىگە ئىلگىرىلەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن، ئۇيغۇر تىلى تەركىبىگە مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەي-

نىدىن باشلاپلا باشقا مىللەت تىللىرى تەركىبلىرىنىڭ ئۈزلۈك-
سىز سىڭىپ كىرىپ، ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندى تەركىبىگە
ئايلىنىپ بولغانلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ
مەنىدە، ئۇيغۇر تىلى تەركىبىگە ئەسىرلەر مابەينىدە ئەرەب،
پارس، ئۇردۇ، ھىندى، خەنزۇ، لاتىن، يۇنان، ئىنگلىز،
رۇس، فرانسۇز، موڭغۇل... تىللىرىدىن نۇرغۇن سۆزلەر قوبۇل
قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسى زور دەرىجىدە بېيىغان.
بولۇپمۇ بىرقەدەر ئىلگىرىكى دەۋرلەردە باشقا تىللاردىن قوبۇل
قىلىنغان سۆزلەر ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەر-
كىبىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، خەلق ئۇلارنى ئۇيغۇرلار ئانا تىلى
تەركىبلىرىدەك چۈشىنىش باسقۇچىغا ئاللىقاچان يەتكەن. ئىك-
كىنچى تەرەپتىن، بىز يۇقىرىدا تىزىپ كۆرسەتكەن (ۋە باشقىلار-
مۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن) فامىلە سۆزلۈكلىرى مەنبەلىرى ئىچىدە
مۇقەررەر ھالدا باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۇيغۇرلارغا چۈشىنىشلىك
بولۇپ كەتكەن نۇرغۇن سۆزلەر بار. شۇڭا فامىلە قوللىنىشتەك
زور مەسىلىگە قارىتا مىللىي ئەسەبىيلىكنىڭ كۆپ پايدىسى بول-
مايلا قالماستىن، باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۇيغۇر تىلى تەركىبىگە
ئايلىنىپ كەتكەن سۆزلۈكلەرنى بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە سۈپى-
تىدە تاللاپ ئىشلىتىشنى چەكلەش ھوقۇقىنىڭ كۆپ بولمايدىغان-
لىقىنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەك. دېمەكچىمىزكى، مۇتلەق
كۆپ ئۇيغۇر فامىلىلىرىگە ساپ ئانا تىلىدىكى سۆزلەرنى تاللاپ
ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەرەب-
پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ قىسمەن ئىشلىتىلىش مۇم-
كىنچىلىكىنىمۇ ئويلىشىش كېرەك.



## 9. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇراقلىق فامىلىسىدىكى مۇۋاپىق ئەندىزە ۋە پرىنسىپلار

ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولۇشتەك ئالاھى-
دىلىككە ئىگە. بۇنداق كۆپ خىللىق بىر مىللەتنىڭ ئىسىم -
فامىلە مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماس-
تىن، يەنە ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىسىم - فامىلە مەدەنىيەت-
لىرى ئارىسىدىمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسىم بىلەن فامىلىنىڭ
ئالدى - كەينىلىك تىزىلىش تەرتىپى، ئىسىم - فامىلە شەكىللى-
رىنىڭ ئوخشىمىغان بىرىكىش قائىدىلىرى، ئەجداد - ئەۋلادلىق
مۇناسىۋەتنى ئىسىم - فامىلىدە ئىپادىلەش شەكلى قاتارلىقلار
بىردەك ئىسىم - فامىلە شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىپادى-
لەيدۇ. خۇددى ئالدىنقى شەھىپىلەردە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك،
ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى قۇرۇلما ۋە مەنە،
يەنى ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ شەكلى ۋە ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ
مەزمۇنىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. ئىسىم -
فامىلە شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى مەدەنىيەت ۋە تىلنىڭ كۆپ
خىللىقى بىلەن مۇقەررەر مۇناسىۋەتكە ئىگە. دۇنيادىكى مىللەتلەر
ئىچىدە ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ شەكىللىرى كۆپ خىل ھەم
رەڭگارەڭدۇر. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىسىم - فا-
مىلىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پەيدا قىلغان بولسا، ئىسىم - فامى-
لىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىر
تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ-
كى، مەدەنىيەت بىلەن ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى دەل
پۈتۈنلۈك بىلەن ئايرىمىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. مىللىي
مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى، كۆپ مەنبەلىكلىكى بىلەن ئى-
سىم - فامىلە شەكىللىرىنىڭ كۆپ خىللىقى، مۇرەككەپلىكى

بىر ـ بىرىگە پاراللېل ھالەتتە راۋاجلىنىدۇ ۋە بىر ـ بىرىنى
چەكلەيدۇ. دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئىسىملىرى بىلەن فامىلىلى-
رىنىڭ بىللە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق،
بايقايمىزكى، بەزى مىللەتلەردە ئىسىم بىلەن فامىلىنى قوشۇپ
ئىشلىتىش شەكلى مەۋجۇت؛ بەزى مىللەتلەردە پەقەت ئىسىمنىلا
ئىشلىتىپ فامىلىسىنى ئاتىمايدىغان شەكىل بار؛ بەزى مىللەتلەر
ئىچكى قىسمىدا ھەم ئىسىم بىلەن فامىلىنى قوشۇپ ئاتايدىغان
شەكىلنى، ھەم پەقەت ئىسمىنىلا ئاتاپ فامىلىسىنى ئاتىمايدىغان
شەكىلنى ئىشلىتىدۇ؛ بەزى مىللەتلەردە ئەجداد ئىسمىنى شەخس
ئىسمىغا قوشۇپ (ئۇلاپ) ئاتايدىغان شەكىل ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە بۇنداق شەكىل ئىچىدە يەنە نۇرغۇن پەرقلەر ۋە
ئۆزگىرىشلەرمۇ بار؛ بەزى مىللەتلەر تاق ئىسمىنى ئىشلەتسە،
بەزى مىللەتلەر قوش ئىسمىنى ئىشلىتىدۇ، يەنە بەزى مىللەتلەر-
دە كۆپ ئىسىم شەكلى ئىشلىتىلىدۇ؛ بەزى مىللەتلەرنىڭ
ئىسىم ـ فامىلىسى ئوخشىمىغان سورۇنلاردا ئەينەن شەكىلنى
ساقلىغان ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ؛ يەنە بەزى مىللەتلەردە ئوخشىمى-
غان سورۇن، ئەھۋال، مەقسەتلەرگە ئاساسەن ئوخشىمىغان شە-
كىللەردە ئۆزگەرتىپ ئىشلىتىدۇ. ئەجداد ئىسمىغا شەخس ئىس-
مىنى قوشۇپ ئاتاش شەكلىدىنلا ئېيتىدىغان بولساق، بەزى مىل-
لەتلەردە ئاتا ئىسمى بىلەن پەرزەنت ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش
شەكلى قوللىنىلىدۇ، يەنە بەزى مىللەتلەردە ئانا ئىسمى بىلەن
شەخس ئىسمى قوشۇپ ئاتاش شەكلى قوللىنىلىدۇ، يەنە بەزى
مىللەتلەردە بولسا شەخس ئىسمىغا ئاتا ئىسمى بىلەن ئانا ئىسمىنى
قوشۇپ ئاتاش شەكلى قوللىنىلىدۇ. ئەجداد ئىسمى بىلەن شەخس
ئىسمى قوشۇپ ئاتىلىدىغان شەكىلنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تۈرلەي-
دىغان بولساق، ئۇ ئۆز ئىچىدىن ئەجداد (ئاتا ياكى ئانا) ئىسمى
ئالدىدا، شەخسنىڭ ئۆز ئىسمى كەينىدە ئاتىلىدىغان شەكىل بى-
لەن ئەجداد ئىسمى ئارقىسىدا، شەخسنىڭ ئۆز ئىسمى ئالدىدا



ئاتىلىدىغان شەكىللەرگە بۆلۈنىدۇ. دېمەك، ھەرقايسى مىللەت-
نىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىنىڭ ئاتىلىش ۋە تىزىلىش شەكلى شۇ
مىللەتنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەندۇرگەن مەدەنىيىتى، ئادىتى
بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.
ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىدە، كىشى
ئىسىملىرى بىلەن جەمەت فامىلىلىرىنىڭ تىزىلىش تەرتىپى،
ئاتىلىش شەكلى، فامىلىگە پەرزەنتلەر قانداق تەرزدە ۋارىسلىق
قىلىش، ئاياللارنىڭ فامىلە قوللىنىش ئەھۋالى، فامىلىدىكى
جىنسىي تۈس قاتارلىقلار مۇھىم مەسىلىلەر جۈملىسىدىن ھېساب-
لانسا كېرەك. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇرلاردىن چىققان فامىلە تە-
شەببۇسچىلىرى ۋە تەتقىقاتچىلىرى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ھەم-
مىسى ياكى بىرقىسمى ھەققىدە پايدىلىق تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا
قويغانىدى. ئۇيغۇرلاردا تارىختىكى فامىلە ۋە فامىلە تۈسىدىكى
ناملارنى قوللىنىش ئەھۋالى ھەققىدە ئېلىپ بارغان مۇلاھىزىلىد-
رىمىزدە، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسى، ئىسمى، ئۇنۋان ـ ھۆر-
مەت نامى، ئاتا ئىسمى، تەبىقە فامىلىسى، تەخەللۇسى قاتارلىق
ناملارنىڭ تىزىلىش شەكلىدىكى بىرقانچە خىل ئېھتىماللىق ئەندى-
زىلىرىنى يىغىنچاقلاپ چىققان ھەمدە 10 ـ ئەسىرلەردىن
ئىلگىرى فامىلە ۋە فامىلە تۈسىدىكى ناملارنىڭ كۆپىنچە كىشى
ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كەلگەنلىكىنى، ئاتا ئىسمىنىڭ
كۆپىنچە ئاتالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. دېمەك، ئۇ
10 ـ ئەسىرلەردىكى ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىلىرىدىكى
تۈپ شەكىل «فامىلە (ياكى فامىلە تۈسىدىكىناملار) + كىشى
ئىسمى» دىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما «كىشى ئىسمى + فامىلە
(ياكى فامىلە تۈسىدىكى ناملار)» شەكلىمۇ قوللىنىلغانىدى. ۋە-
ھالەنكى، بىز ئېيتىپ ئۆتكەن بىرقانچە سەۋەب ۋە باشقا ئىزدى-
نىشكە تېگىشلىك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۈگۈنكى دەۋردە ئۇيغۇر
كىشى ئىسىملىرىدە فامىلە تۈسىدىكى ناملار يوقاپ، ئاتا ئىسمى

تولۇق مۇقىملاشقان ھالەتتە «كىشى ئىسمى + ئاتا ئىسمى» شەكلى مۇتلەق ئۇستۇنلۇككە ئۆتتى. بىز بۇنداق ئۆزگىرىشتىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە قانچىلىك زور ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىمىز مۇمكىن. خوش، مەقسەتكە كەلسەك، جەمەتكە ئورتاق نام بولغان فامىلىنى كىشى ئىسمى ۋە ئاتا ئىسمىنىڭ قايسى تەرەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، قانداق شەكىلدە ئاتاش مەسىلىسىگە جاۋاب بېرىشكە ۋە نىسبىي مۇقىم ئەندىزە بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن بۇ ھەقتە ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەشەببۇسلارغا نەزەر سالايلى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» دىكى مۇتەخەسسىسلەر ئۆز پىكىرلىرىدە ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، شەخسنىڭ ئىسمى ئالدىدا فامىلە كەينىدە بولىدىغان شەكىلنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى، دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىشنى ۋە تەرەققىياتنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ ئىمكانقەدەر قىسقا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇ تەلەپ بويىچە «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» (C+B+A) قۇرۇلمىسىنى تەدرىجىي ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شەخسنىڭ ئىسمىدىن كېيىنلا فامىلە كېلىدىغان قۇرۇلما (C+A)نى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ھازىرغىچە ئارىلىقتا ئۆزىگە تۇراقلىق فامىلە تاللاپ بېكىتىپ بولغان ئايرىم شەخسلەر ئىچىدە «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» (C+B+A) شەكلىنى قوللىنىپ بولغانلار بولسا، ئۆزلىرى تاللىغان شەكلىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.[1] تەتقىقاتچى يولۋاس راشىدىن ئۆزىنىڭ «خەنزۇ ۋە ئىنگلىزلاردا فامىلە» ناملىق ماقالىسىدە ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرىدە مۇۋاپىق

① مەزكۇر تەتقىقات گۇرۇپپىسى تارقاتقان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش توغرىسىدا لايىھە (لايىھە، پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)»، 5 - بەت



شەكلىنىڭ «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» بولۇشى كېرەكلىكىنى، بىرەسمىي سورۇنلاردا ئاتا ئىسمى ئاتالماي، «ئىسىم + فامىلە» شەكلىدە يۈرگۈزۈلسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.[1] ياش ئىلىم ساھەبلىرىدىن يۈسۈپ ئىگەم ۋە دىلنۇر ئېلىلار «ئۇيغۇرلاردا فامىلە مەسىلىسى ۋە ئىسىم - فامىلىدىكى تەرتىپ ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە، «فامىلىنى ئەڭ ئۇنۇملۇك كېڭەيتىش، ئۇنى كىشى ئىسمى، لەقەم، تەخەللۇسلاردىن تۈپتىن پەرقلىق ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، فامىلە بىلەن تەخەللۇس، يۇرت نامى قاتارلىقلارنى ئورۇن تاللىشىپ قالىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماسلىق» نى نەزەردە تۇتۇپ، فامىلىنى ئەڭ مۇھىم بولغان، دىققەتنى ئەڭ تارتىدىغان ئورۇن بولغان ھەربىر شەخسنىڭ ئۆز ئىسمى ئالدىغا قويۇشنى، يەنى «فامىلە + ئۆز ئىسمى + ئاتا ئىسمى (لەقەم، يۇرت نامى، تەخەللۇس، بوۋا نامى)» شەكلىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.[2] ئەلۋەتتە، باشقا فامىلەشۇناسلار ۋە ئىلىم ساھەبلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلىدىكى تەرتىپ مەسىلىسى ھەققىدە مەتبۇئات يۈزىدە ئاشكارىلانمىغان قاراشلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بارلىق تەشەببۇسلارنى خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇر فامىلىلىرىدىكى تۈپ شەكىل ھەققىدىكى تەشەببۇسلارنى «كىشى ئىسمى + فامىلە» ۋە «فامىلە + كىشى ئىسمى» دىگەن ئىككى شەكىلگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىز جامائەتنىڭ پىكرىنى، فامىلىلەرنىڭ خەلقئارا تەرتىپ - نىزاملاردىكى ئىشلىتىلىش شەكلىنى، مۇۋاپىقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ جەمەت فامىلىسى كىشى ئىسمىنىڭ ئارقىسىدا بولىدىغان «كىشى ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» شەكلىنى مۇۋاپىق دەپ قارايمىز. شۇنداقلا يەنە مۇناسىپ سورۇن ۋە يېزىق يۈزىدە «كىشى ئىسمى + فامىلە» شەكلىگە قىسقارتىپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىد-

① شۇ ماقالە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان.
② شۇ ماقالە «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان.

مىز. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسمىغا ئاتا ئىسـ-
مىنى قوشۇپ، «كىشى ئىسمى + ئاتا ئىسمى» شەكلىدە ئاتاش
شەكلىنىڭ قوللىنىلىش تارىخى ئۇزۇن، بۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ
چوڭقۇر مەنبەلىك ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە، تەخەللۇس، لەقەم، يۇرت نامى ۋە فامىلە ياكى فامىلە
تۈسىدىكى ناملارنى شەخس ئىسمى بىلەن ئاتا ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا
قوشۇپ ئاتاشنىڭمۇ تارىخىي ئۇزۇن. يېقىنقى مەزگىللەردە بىر
قىسىم ئويغاقلار ئاشۇ شەكىل بويىچە ناملىنىشنى لايىق كۆرگەن
ھەم ياقتۇرغان. ھازىرقى ئومۇمىي يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، مەز-
كۇر شەكىلنىڭ ئاسان ئومۇملىشىش ئېھتىمالى زور. ئىككىنچى-
دىن، تەرەققىي قىلغان غەرب مىللەتلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلە
شەكلى بولغان «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» ھازىرقى
خەلقئارا ئالاقىلەردە ئەڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلىۋاتقان شەكىل-
دۇر. يەنى «Given Name+Middle Name+Surname» ياكى
«First Name+Second Name+Family Name» [شەخس ئىسـ-
مى (بىرىنچى نام) +ئاتا ئىسمى (ئارانام ياكى ئىككىنچى
نام) +فامىلە (جەمەت نامى)] شەكلى دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىل-
لەتلەردىكى ناملاش شەكلى بولۇپ، خەلقئارا ئالاقىلەردە ئىشلىتى-
لىدىغان پاسپورت، ۋىزا، ئىمزا، ھۆججەت، توختام …
قاتارلىقلاردا بىردەك ئاشۇ شەكىل ئىشلىتىلىدۇ. يۇقىرىقى ناملاش
شەكلىنىڭ ئەكسىچە ناملاش شەكلىنى، يەنى «فامىلە + شەخس
ئىسمى» (بەزىدە «فامىلە + شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى»)
شەكلىنى قوللىنىدىغان خەنزۇ تىللىق، ياپون تىللىق، كورىيان
تىللىق … مىللەتلەر خەلقئارا ئالاقىلەردە يۇقىرىقى ئەندىزىگە
بويسۇنىدۇ - دە، يېزىقتا فامىلىسىنى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇ-
لىدىغان شەكىلگە ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن، ۋاڭ شىڭخەن
(王星汉) ئىسىملىك خەنزۇ كىشى خەلقئارا ئالاقىلەردە
ئىسىم - فامىلىسىنى يېزىشقا توغرا كەلسە، جەمەت فامىلىسى



بولغان «ۋاڭ» (王) سۆزىنى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا كەلتۈرۈپ،
«Xing Han Wang» شەكلىدە يازىدۇ؛ تاناكا كاكۇئېي (田中角荣)
ئىسىملىك ياپونلۇق خەلقئارا يازمىلاردا فامىلىسى «تاناكا» (田
中) نى ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ «Kakuei • Tanaka» شەك-
لىدە يازىدۇ؛ فەن بوي چاۋ (Phan Boi chaw) ئىسىملىك
ۋيېتناملىقنىڭ ئىسىم - فامىلىسى خەلقئارا ئالاقىلەردە
«Boi • Chau • Phan» شەكلىدە يېزىلىدۇ. … ۋەھاكازالار.
دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، خەلقئارا ئالاقىلەرگە
كۆنسايىن كۆپ قاتنىشىۋاتقان ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى قاتنىشىش
ئېھتىمالى بارغانسېرى چوڭ بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن
ھەر خىل پاسپورت، ۋىزا، خەلقئارا تىجارەت - توختام ھۆججەت-
لىرى، دىپلوم … قاتارلىقلاردا ئۆز نام - شەرىپىنى يېزىش
ئېھتىمالى چوڭ بولغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ناۋادا
«فامىلە + ئاتا ئىسمى + شەخس ئىسمى» شەكلىنى قوللانسا،
ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدىن زادىلا ساق-
لانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا فامىلىنى شەخس ئىسمى ۋە ئاتا ئىسمى-
نىڭ ئارقىسىغا قويۇش شەكلىنى مۇۋاپىق دەپ قارايمىز. ئۈچىن-
چىدىن، كىشى ئىسمى ئارقىسىدىن فامىلىنى كەلتۈرۈپ ئاتاش
- ئۇيغۇر فامىلىچىلىك تارىخىدا يوق ئەھۋال ئەمەس. قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر ئىچىدە فامىلە تۈسىدىكى ناملارنى
كىشى ئىسمى ئارقىسىغا قوشۇپ ئاتاش كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسى-
لەن، قانتۇرمىش توغرىل، باسا توغرىل، باچاق توغرىل، ئۆز
توغرىل، ئۆزمىش توغرىل، يارپ توغرىل …. قومار ساڭۇن،
ئالىپ تاش ساڭۇن، توڭقارا ساڭۇن، ئەر ساڭۇن… دېگەندەك.
شۇڭا «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» شەكلىنى قوللى-
نىش ناملاش ئەنئەنىمىزگە خىلاپ كەلمەيدۇ. تۆتىنچىدىن، ئاتا
ئىسمى، فامىلە، تەخەللۇس، يۇرت نامى قاتارلىق ناملارنىڭ
بىردەك شەخس ئىسمىدىن كېيىن كېلىشىنى ئېتىبارغا ئالغاندا،

بىزنىڭچە بىر كىشى ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىسىغا ئاتىسىنىڭ ئىس-
مى، فامىلىسى، تەخەللۇسى، لەقىمى ۋە ھەتتا ئۇنۋان-
ھۆرمەت ناملىرىنىڭ ھەممىسىنىلا قوشۇپ قاتار تىزىۋېلىشىنىڭ
زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك. دۇنيادا ناملاش ئادىتى رەڭگارەڭ،
تارىخىي ئۆزۈن مىللەت خەنزۇلاردىمۇ ھەممە ناملىرىنى شەخس
ئىسمىغا ئۇلاپ تىزىدىغان ئەھۋال يوق. ئەگەر شۇنداق قىلىشنىڭ
زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارالسا، ئۇلار ئىچىدىكى بەزىلىرىنى ئايرىم
يېزىپ قىسقىچە ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقىدەك
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر ئىسىم-فامىلىلىرىدە «شەخس
ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلىسى» شەكلىنى ئەڭ مۇۋاپىق
ئەندىزە سۈپىتىدە تونۇيمىز ۋە ئىشلىتىشكە تەۋسىيە قىلىمىز.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى-
دا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكچىلىك
قىلىش گۇرۇپپىسى» نىڭ لايىھىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان
«شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» شەكلىنى تەدرىجىي
ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئاتا ئىسمىنى ئېلىپ تاشلاپ، شەخسنىڭ
ئىسمىدىن كېيىنلا فامىلە كېلىدىغان «شەخس ئىسمى + فامىلە»
شەكلىنى قوللىنىش تەشەببۇسىنىڭ ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان مەسى-
لىنى ئويلىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى
نام-شەرىپى ئىچىدە ئاتمايدىغان مىللەتلەرنى دوراشتىن شەكىل-
لەنگەن تەشەببۇسمۇ ياكى باشقا نەرسە؟ ئاتا ئىسمىنى تاشلاپ
قويۇشنىڭ قانداق زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى خۇسۇسەن بىز ھېس
قىلالمىدۇق. ئەمما پىكىر شۇكى، خۇددى بىر مىللەتتە فامىلە-
نىڭ بولۇش-بولماسلىقى بىر مەسىلە، فامىلىنى ئاغزاكى تىلدا
ئاتاش-ئاتىماسلىق باشقا بىر مەسىلە بولغىنىدەك، ئاتىنىڭ
ئىسمىنى تاشلاپ قويۇش باشقا مەسىلە، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاش
ياكى باشقا شەكىللەردە يوشۇرۇپ ئىپادىلەش يەنە باشقا مەسىلە-
دۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەخس ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمى-



نى قوشۇپ ئاتاپ كۆنگەن خەلق ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى
تاشلاپ قويماي، ئەكسىچە ئاغزاكى ئالاقىدە فامىلىسىنى ئاتىماي
قالىدىغان ئەھۋالنىڭ ئۇزاق بىر مەزگىل داۋاملىشىدىغانلىقىنى
نەزەرگە ئېلىش كېرەك. شۇڭا تەشەببۇسىمىز شۇكى، كىشىلەر-
نىڭ تولۇق نام-شەرىپىنى ئاتىغاندا، يېزىقتا «شەخس
ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلىسى» شەكلىنى تولۇق يېزىش ياكى
بەزى شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە يولۇققاندا ئاتا ئىسمىنى تولۇق
تاشلىۋەتمەي قىسقارتىشقا مۇمكىن بولسا قىسقارتىپ ئېلىش ۋە
ياكى باش ھەرپىنى ساقلاپ قېلىش لازىم. ئاغزاكى ئاتاشتا شەخس
ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسىنى قوشۇپ تولۇق ئاتاش،
ياكى شەخسنىڭ ئىسمى بىلەن فامىلىسىنىلا قوشۇپ ئاددىيلاشتۇ-
رۇپ ئاتاش لازىم. مەسىلەن، ساۋۇتجان ئىسىملىك كىشىنىڭ
ئاتىسىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ، قوللانغان فامىلىسى «تادۇ» بولۇپ،
ئۇنىڭ نام-شەرىپىنى يېزىقتا «ساۋۇتجان يۈسۈپ تادۇ» ياكى
«ساۋۇتجان • ي • تادۇ» دەپ ئاتاش، ئاغزاكى ئالاقىدە «ساۋۇت-
جان يۈسۈپ تادۇ» ياكى «ساۋۇتجان تادۇ» («ساۋۇت تادۇ»)
دەپ ئاتاش كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ يەردە يېزىقتا بەزىدە شەخس
ئىسمىنىڭمۇ قىسقارتىلىپ، شەخس ئىسىملىرىنىڭ باش ھەرپىنى
ساقلاپ قېلىپ، «شەخس ئىسمىنىڭ باش ھەرپى (تىلدا تاۋۇ-
شى) + ئاتا ئىسمىنىڭ باش ھەرپى (باش تاۋۇشى) + فامىلىسى»
شەكلىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەم ئىشلىتىلىش مۇمكىنچىلىكىنىمۇ
ئويلىشىش كېرەك. خۇددى «ساۋۇتجان يۈسۈپ تادۇ» نى «س •
ي • تادۇ» دەپ يازغاندەك. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ يېزى-
لىش شەكلىدە ھازىرغا قەدەر شەخس ئىسمى بىلەن ئاتا ئىسمى
ئوتتۇرىسىغا پەرقلەندۈرگۈچ بەلگە قويۇش ئومۇملىشالمايۋاتىدۇ.
بۇ ئەھۋال قوش سۆزلۈك شەخس ئىسىملىرى بىلەن تاق سۆزلۈك
ئاتا ئىسىملىرى قوشۇلغان شەكىللىرىدە، ياكى تاق سۆزلۈك
شەخس ئىسىملىرى بىلەن قوش سۆزلۈك ئاتا ئىسىملىرى قوشۇل-

غان شەكىللەردە ھەم قوش سۆزلۈك شەخس ئىسىملىرى بىلەن
قوش سۆزلۈك ئاتا ئىسىملىرى قوشۇلغان شەكىللەردە قايسىسى
شەخسنىڭ ئۆز ئىسمى، قايسىسى ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى
پەرقلەندۈرۈشكە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. مە-
سىلەن، «غوجا مۇھەممەت ئەلى» دېگەن ئىسىمدا «غوجا مۇھەم-
مەت» شەخسنىڭ ئۆز ئىسمىمۇ ياكى «غوجا» مۇ، ئاتىسىنىڭ
ئىسمى «مۇھەممەت ئەلى» مۇ ياكى «ئەلى» مۇ، مانا بۇنى پەرق-
لەندۈرۈش بىرقەدەر قىيىن. شۇڭا يازما نامىلاش ئادىتىدە شەخس
ئىسمى، ئاتا ئىسمى فامىلە ئوتتۇرىسىغا ئايرىغۇچى بەلگە سۈپىتى-
دە قارا چېكىت (•) قويۇپ ئىشلىتىشنى بۇنىڭدىن كېيىنكى
يازما خاتىرىلەردە نامىلاشتا قوللىنىشقا ئەرزىيدىغان ئۇسۇل دەپ
قارايمىز. دېمەك، مەيلى ئاتىنىڭ ئىسمى قىسقارتىلىپ باش
ھەرپى ساقلىنىپ قالىدىغان شەكىل بولسۇن ياكى شەخس ئىسمى
بىلەن ئاتىنىڭ ئىسمى قىسقارتىلىپ باش ھەرپى ساقلىنىپ قالى-
دىغان شەكىل بولسۇن، ئۇ ئۇچى ئارىسىغا ئايرىغۇچى
بەلگە ـ قارا چېكىت (•) نى قويۇپ ئىشلىتىش مۇۋاپىق.
مەسىلەن، «ساۋۇتجان يۇسۇپ تادۇ» نى يېزىقتا قىسقارتىشقا توغ-
را كەلسە «ساۋۇتجان • ي • تادۇ» دەپ، ياكى يەنىمۇ قىسقار-
تىپ «س • ي • تادۇ» شەكلىدە ئىپادىلەش مۇۋاپىق. ئەگەر قارا
چېكىت قويۇلمايدىكەن، خاتالىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسى-
لەن، «قۇربان تۇرسۇن ئاشىمىش» نامىنى قىسقارتىشقا توغرا
كەلسە، ئۇ «ق تۇرسۇن ئاشىمىش» ياكى «ق ت ئاشىمىش» شەك-
لىدە يېزىلىدۇ ـ دە، كىشىلەردە ئۇنىڭ فامىلىسى «تاشىمىش»
بەلكى خاتا ھالەتتە «ئاشىمىش» يېزىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن
دېگەن ئوي كېلىپ قالىدۇ. قىسقىسى، ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ
قىسقارتىلغان شەكلىدە، شەخس ئىسمى، ئاتا ئىسمى ۋە فامىلە
ئارىسىغا قارا چېكىت (•) نى قويۇپ يېزىش زۆرۈرلۈكىنى
تونۇپ يېتىش لازىم.



فامىلىنى شەخس ئىسمىنىڭ ئالدىغا قويۇش ئارقىلىق ئۇنى
تەخەللۇس، لەقەم، يۇرت ناملىرىدىن پەرقلەندۈرۈش پىكرىگە
كەلسەك، خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك فامىلىنى شەخس
ئىسمى بىلەن ئاتا ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن يەنە مەزكۇر ناملارنى قاتار تىزىپ يېزىش ياكى ئاتاش-
نىڭ ھاجىتى يوق. بۇنداق ئەھۋالدا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە مۇۋا-
پىق ئەندىزىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن. (1) «شەخس
ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلىسى» : بۇنداق شەكىلنى قوللانغان-
دا، شەخسلەرنىڭ تەخەللۇسى، لەقىمى، يۇرت نامىنى ئەسكەر-
تىش زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆز ئىسمى مۇھەممەد، ئاتىسى-
نىڭ ئىسمى سەيدۇللا، جەمەتىنىڭ فامىلىسى بۇقا، تەخەللۇسى
پىنھان، لەقىمى مۆڭ، يۇرتى يەركەن بولغان بىر كىشىنىڭ
ئىسىم ـ شەرىپىنى تولۇق ئاتايمىز دەپ «مۇھەممەت سەيدۇللا
بۇقا پىنھان مۆڭ يەركەنىي (ياكى يەركەن) » دېيىشىنىڭ زادىلا
ھاجىتى يوق. ئادەتتە ئۇنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىنى «مۇھەممەد
سەيدۇللا بۇقا، تەخەللۇسى پىنھان، لەقىمى مۆڭ، يەركەندىن»
دەپ يازساق ۋە ئاتىساق كۇپايە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممە
ئۇيغۇردا يۇقىرىقى ناملارنىڭ ھەممىسىنىڭ، بولۇپمۇ لەقەم، تە-
خەللۇسنىڭ بولۇپ كېتىشى ناتايىن؛ (2) «ھۆرمەت نامى +
شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلىسى» : ئەگەر مۇشۇنداق
ئاتاش زۆرۈرىيىتى بار دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ يېزىقتىلا بولۇشى
مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ھەر خىل ھۆرمەت ناملىرىنىڭ
ئىسىم ـ فامىلىنىڭ ئالدىدا كېلىشى كۆپرەك ئۇچرايدۇ، ئارقى-
سىدا بولۇشى ھەم بەزىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ھۆرمەت ناملىرى-
نىڭ تىل ئادىتىدىكى ئاتىلىش ئۇسۇلىغا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر
ھۆرمەت ـ ئۇنۋان نامى بار شەخسنىڭ تەخەللۇسى، لەقىمى،
يۇرت نامىمۇ بولۇپ، ئۇلارنى قوشۇپ ئىپادىلىگۈسى كەلسە،
ئۇنداقتا يۇقىرىقىلارنى يەنىلا ئايرىپ شەرھلەپ يازغىنى، ئاتىغ-

نى مۇۋاپىق. ئاغزاكى تىلدا بولسا يۇقىرىقى تۆت نامنىڭ ھەممى-
سىنى ئاتاشمۇ يەنىلا قۇلايسىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، كە-
سىپ، ئىلىم، مەنسەپ نامىلىرىدىن كەلگەن ھۆرمەت نامىلىرىنى
ۋە باشقا ھۆرمەت نامىلىرىنى باشقا نامىلارغا «شەخس ئىسمى +
فامىلىسى + ھۆرمەت نامى» (بەزىدە «ھۆرمەت نامى +
شەخس ئىسمى + فامىلىسى»)، «ھۆرمەت نامى + شەخس
ئىسمى» (ياكى «شەخس ئىسمى + ھۆرمەت نامى)، «فامىلە +
ھۆرمەت نامى» (ياكى «ھۆرمەت نامى + فامىلە») شەكلىدە
قوشۇپ ئاتاشقا بولىدۇ. يۇقىرىقى ئەندىزىلەرنىڭ بەزىلىرى، بو-
لۇپمۇ «ھۆرمەت نامى + شەخس ئىسمى» (ياكى «شەخس
ئىسمى + ھۆرمەت نامى») خەلقىمىز ئادەتتە ئىشلىتىدىغان
ناملاش ئەندىزىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى فامىلىلىك ئۇي-
غۇرلاردا بۇنداق شەكىلدە فامىلىنىڭ بولماسلىقى شۇ شەخسنىڭ
فامىلە قوللانمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاغزاكى تىلدا ئىپا-
دىلەنمىگەنلىكىنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؛ (3) لەقەملەر ئا-
دەتتە بىر ەسمىي سورۇنلاردا كىشى ئىسىملىرىگە قوشۇلىدۇ،
ھەممە كىشىنىڭلا تەخەللۇسى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، يۇرت
نامىنى ھېچكىم بىھۇدە ھالدا ئىسمى ئارقىسىغا قوشۇۋالمايدۇ،
ئەگەر ئۇ تەخەللۇس بولمىسىلا. شۇڭلاشقا ئەقلىي جەھەتتىن
قارىغاندا «شەخس ئىسمى + فامىلە + تەخەللۇس» شەكلى،
«شەخس ئىسمى + فامىلە + لەقەم» شەكلى ۋە «كىشى ئىسمى +
فامىلە + يۇرت نامى» شەكلىنى چەتكە قېقىشقا توغرا كېلىدۇ.
چۈنكى بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان فامىلىلەرنىڭ بىر قىسمى يۇرت
نامىدىن كەلسە، يەنە بىر قىسمى تەخەللۇستىن ئۆزگىرىپ كېلى-
دۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا لەقەملەردىن ئۆزگىرىپ كېلىدۇ.
ئەگەر تەخەللۇسلارنىڭ مۇتلەق بەلگىسى ئەرەبچىدىن كىرگەن
مەنسۇپلۇق قوشۇمچىسى تەشدىدلىك «ى» (ياء) بولسا، شۇن-
داقلا ئۇيغۇر فامىلىلىرىنىڭمۇ مۇتلەق بەلگىسى بار دېيىلسە،



ئۇنداقتا فامىلىلەرگە تەخەللۇسلارنى قوشۇپ ئىشلىتىش مۇم-
كىن. ئەھۋال دەل ئۇنداق ئەمەس، يەنى ئۇيغۇرلاردا تەخەللۇس-
لۇق كىشىلەرنىڭ تەخەللۇسلىرىنىڭ ھەممىسىلا «ي» (تەشدىد-
لىك ياء) بىلەن ئاخىرلىشىپ كەتمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا فامىلى-
گە تەخەللۇسنى قوشۇپ يازغاندا ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈش تەس
بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مۇمكىنچىلىك بار دېيىلسە، تەخەللۇسى
بىلەن فامىلىسى قۇرۇلما جەھەتتىن روشەن پەرقلىق بەلگىگە ئىگە
بولغان كىشىلەر «فامىلە + تەخەللۇس» شەكلىنى قوللىنىشى
ياكى «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلىسى + تەخەللۇسى»
شەكلىنى قوللىنىشى ۋە ياكى «شەخس ئىسمى + فامىلىسى +
تەخەللۇسى» شەكلىنى قوللىنىشى مۇمكىن. بۇ ھەر كىشىنىڭ
ئارزۇسى ۋە ھوقۇقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ناملا-
ش ئادىتىنىڭ مىللەت كىشىلىرى ئىچىدە نىسبىي مۇقىملىشىشى
ياخشى ئەھۋالدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەلگۈسى يۈزلىنىشتە قانداق
ئاتاش ئەندىزىسىنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىغىمۇ قاراش زۆرۈر.
كۆپلىگەن ئۇيغۇر فامىلەشۇناسلىرى ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلى-
دىغان فامىلىلەر باشقا ناملاردىن پەرقلىنىدىغان تۈپ بەلگىلەرگە
ئىگە بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئەر - ئاياللار
ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە جەزمەن جىنسىي تۈس ئىپادىلى-
نىپ چىقىش كېرەك، دەپ قارايدۇ. فامىلىنىڭ باشقا ناملاردىن
پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەلگىسى ئەھقىقىدىكى ئەھۋال ۋە پىكىرلەرنى
خۇلاسىلىگەندە تۆۋەندىكى بىر قانچە تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:
(1) فامىلىلەرگە «وۋ» ۋە «وۋا» لارنى قوشۇش: بۇنداق
ئەھۋال 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ يېقىنقى مەزگىللەر-
گە قەدەر رۇس ۋە تاتار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان،
مەزكۇر مەدەنىيەتلەرگە مۇھەببىتى چوڭقۇر ئۇيغۇرلار فامىلە سۈ-
پىتىدە قوللانغان ناملىرى ئارقىسىغا قوشۇپ، شۇ ناملارنىڭ فا-
مىلە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنندى ۋە بىلدۈرمەكتە. دەرۋەقە رۇس

كىشى ئىسىملىرىنىڭ «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» شەكلىنىڭ تەركىبىدىكى ئاتا ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا «ىچ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن باشقا نامىلاردىن پەرقلەندۈرۈلسە، فامىلىلەرنىڭ ئەرلەر قوللانغان شەكلىگە «ۋ»، ئاياللار قوللانغان شەكلىگە «ـوۋا، ـىۋا» قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق باشقا نامىلاردىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. دېمەك، فامىلە قوللىنىش ھارپىسىدا بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ شەكىلنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشنى تەشەببۇس قىلمىسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغا ئوخشاش بولغان بەلگە - ئالامەتلەر بىلەن ئۇيغۇر فامىلىلىرىنى باشقا نامىلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئىستەكلىرىدە بولۇشى ئېنىق.

(2) «ـىن»، «ـىنا» لارنى قوشۇش: بۇلار تاتار خەلقى رۇس مەدەنىيىتىدىن قوبۇل قىلغان فامىلە ئالامەتلىرى ھەم فامىلىلەرنى باشقا نامىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان بەلگىلەر بولۇپ، ئەرلەر قوللانغان فامىلىلەر ئارقىسىغا «ىن»، ئاياللار قوللانغان فامىلىلەر ئارقىسىغا «ـىنا» نى قوشۇپ ئىشلەتكەنىدى. بۇ شەكىلدىكى فامىلە ئۇسلۇبىنى بىر قىسىم ئۇيغۇرلارمۇ ئىشلىتىشتىن خالىي بولالمىغان. مەسىلەن، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئۇنىڭ ئايالى ××× جاكۇلىنا، گۈلسارە پەيزۇللىنا، ئۇنىڭ ئېرى ××× پەيزۇللىن... دېگەندەك. بۇ شەكىلدىكى فامىلە قوشۇمچىلىرىنى بەزىلەر قوللىنىشى مۇمكىن. ئەمما بىز بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنى رەت قىلىمىز.

(3) «جان» ۋە «خان» لارنى قوشۇش: «جان» قوشۇمچىسى پارس تىلىدىن تۈركىي تىللارغا كىرگەن، ئەرلەر ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ، يېقىنلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇرلاردا تەڭ دېمەتلىكلەر ئارا ياكى چوڭلار بالىلارنى يېقىن كۆرۈش يۈزىسىدىن ئىسىملار ئاخىرىغا قوشۇپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. «خان» بولسا «پادىشاھ» دېگەن ئەسلىي مەنىسىدىن سەل يىراقلىشىپ، ھۆرمەت ۋە ئەركىلەتمە سۆزىگە ئايلىنىپ،



قىزلار، ئاياللار ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ئىشلىتىلمەكتە. ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە «خان» ئاياللار ئىسىملىرىغا قوشۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر ئىسىملىرىغىمۇ قوشۇلۇپ، ھۆرمەت تۈسىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەمەتخان، مەمەتخان، سەمەتخان ... دېگەندەك. (ئەسكەرتىش: ئەمما بۇ قوشۇمچە «توختى»، «تۇرسۇن»... دېگەندەك ئەر - ئاياللار ئورتاق ئىشلىتىدىغان بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئارقىسىغا ئۇلانمايدۇ. بولمىسا، ئاياللار ئىسمىغا ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئەرلەر «توختىخان»، «تۇرسۇنخان»... دېيىلمەيدۇ.) 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ يۇقىرىقى ئىككى سۆزنى تاتارلار ۋە بەزى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى فامىلە تەرىقىسىدە تاللىۋالغان سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا قوشۇپ، ئۇنى فامىلىنىڭ بەلگىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىشلەتكەنىدى. ھازىرقى ئۇيغۇر فامىلىچىلىكى تەشەببۇسلىرى ئىچىدە تەزكىرەشۇناس نۇرمۇھەممەد دۆلەتىي ئۇيغۇر فامىلىلىرىدە مەزكۇر ئىككى سۆزنى ئىشلىتىشنى، ئەرلەر قوللانغان فامىلىلەر ئارقىسىغا «جان» سۆزىنى، ئاياللار قوللانغان فامىلىلەرنىڭ ئارقىسىغا «خان» سۆزىنى قوشۇپ ئىشلىتىشنى، ئۇلارنى ئۇيغۇر فامىلىلىرىنىڭ مۇتلەق بەلگىسى قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. خۇددى «ئوبۇلقاسىم مۇھەممەد قىلىچجان» دەپ، ئۇنىڭ ئايالىنى «بۇۋىسارە ئەھمەد قىلىچخان» دەپ ناملىغاندەك.

(4) «-بي» ۋە «-بىيە» لارنى قوشۇش: ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «بي» قوشۇمچىسى ئەرەب تىلىدىكى مەنسۇپلۇق مەنىسىنى بېرىدىغان قوشۇمچە - تەشدىيدلىك «ى» (ياء) بولۇپ، ھەرگىزمۇ پارس تىلىدا ئېنىقلىغۇچى - ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئىزاھاتلىق بىرىكمىلەردە كېلىدىغان «ئى» ئەمەس.[1]

① بۇ ھەقتىكى خاتا چۈشەنچىلەر مۇناسىۋەتلىك پارسچە گراممatikا كىتابلىرىغا ئاساسەن تۈزىتىلىشكە تېگىشلىك.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەبچە مەنسۇپلۇق قوشۇمچىسى «ى» نى
ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا پەقەت ئەرلەرنىڭ مەلۇم سۆزلەرگە
قوشۇپ تەخەللۇس ياكى فامىلە تۇسىدىكى ناملارنىڭ بەلگىسى
سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرىمىزيۇ، ئەمما ئايال ئەدىبلەر،
شائىرەلەرنىڭ ئىشلەتكەنلىكىنى بايقىمايمىز. دەرۋەقە، ئەرەب
تىلى قائىدىسى بويىچە مۇزەككەر (ئەركەك جىنسلىق) ئىسىملار-
غا مەنسۇپلۇق قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا «ىي» قوشۇلىدىغانلىقى،
مۇئەننەس (ئايال جىنسلىق) ئىسىملارغا قوشۇلغاندا «ىيە» بو-
لىدىغانلىقىدەك قائىدە بويىچە بولغاندا، ئەگەر ئۇيغۇرلاردىن چىق-
قان ئايال جىنسلىق ئەدىبلەر شۇ شەكىل بويىچە تەخەللۇس ئىش-
لەتكەن بولسا، جەزمەن «ىيە» قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن
تەخەللۇسلارنى ئىشلەتكەن بۇلار ئىدى. ئەمما بۇنداق «يەركەندىي-
يە»، «قەشقەرىييە»، «غېرىبىييە»... شەكلىدىكى تەخەللۇسلار
بىزگە ئۇچرىمايدۇ. بەلكى «ە» بىلەن ئاخىرلاشقان تەخەللۇسلار
ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان «ە» مەنسۇپلۇق قوشۇمچىسى-
نىڭ مۇئەننەس شەكلى «ىيە» ئەمەس، بەلكى ئىش ـ ھەرىكەت
ئىگىسى (ئىسمۇ فائىل ـ اسم فاعل) نىڭ ئايال جىنسلىق ئى-
كەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان جىنس قوشۇمچىسىدۇر. بىز بۇنداق
قوشۇمچىنى قوشۇپ تەخەللۇس ئىشلەتكەن ئايال جىنسلىق ئە-
دىبتىن «نەفىسە» تەخەللۇسلۇق ئامانىسا خېنىمنى مىسال كەل-
تۈرسەك كۇپايە قىلىدۇ.① دېمەكچىمىزكى، يېقىنقى دەۋرلەردە
بىر قىسىم كىشىلەر فامىلە سۈپىتىدە تاللىۋالغان ناملىرىغا يۇقى-
رىقى «ىي» ۋە «ىيە» نى قوشۇپ ئىپادىلەپ كەلگەنىدى. بۇنداق
ئەھۋالدا ئۇ كىشىلەر ئاتىلىق رەۋىشتە «ىي» نى ئەرلەر قوللانغان
فامىلىلەرنىڭ ئارقىسىغا، «ىيە» نى ئاياللار قوللانغان فامىلى-
لەرنىڭ ئارقىسىغا قوشۇپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، فامىلىلەرنى

① كلاسسىك ئەدەبىياتقا ئائىت بەزى ئەسەرلەردە ئامانىسا خېنىمنىڭ تەخەللۇسى «نەفى-
سى» دەپ تەلەپپۇزلانغان. بۇنى توغرا ئەمەس، دەپ قارايمىز.



ھەم باشقا ناملاردىن پەرقلەندۈرۈش، ھەم ئەرلەر بىلەن ئاياللار
ئىشلەتكەن فامىلىلەرنى پەرقلەندۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەندەك ئى-
دى. مەسىلەن، تۇران ۋاجىدىي، زەينەپ ۋاجىدىييە، بۇرھان
شەھىدىي، رەشىدە شەھىدىييە... دېگەندەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
يېقىنقى فامىلە تەشەببۇسلىرىدا قىسمەن تەتقىقاتچىلار بۇ تەشەب-
بۇسنى ئاتىلىق ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن، تەتقىقاتچى يولۋاس
راشىدىن «خەنزۇ ۋە ئىنگلىزلاردا فامىلە» ناملىق ماقالىسىدە
«يالغۇز» سۆزىنى فامىلە قىلىپ تاللىۋالغان ئىمىن ھاشىم ئاتلىق
كىشىنىڭ تولۇق نام ـ شەرىپى «ئىمىن ھاشىم يالغۇزىي» بولى-
دىغانلىقىنى، راخمان ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى كەۋسەر خېنىم
ئىمىن ھاشىم يالغۇزىي بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
تولۇق نام ـ شەرىپىنىڭ «كەۋسەر راخمان يالغۇزىيە» بولىدىغان-
لىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.①

(5) «زادە» نى قوشۇش: «زادە» (zadeh) پارسچە «تۇ-
غۇش، تەۋەللۇد قىلىش» مەنىسىدىكى پېئىل «زاييدن»
(zayeedan) دىن تۈرلىنىپ چىققان «بالا، ئەۋلاد، پۇشت» مەن-
سىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە «زاد» (Zad) شەكلىمۇ بار.
ئۇيغۇرلاردا بۇ سۆزنىڭ كىشى ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ ئىشلىتى-
لىش تارىخى قىسقا ئەمەس. يەنى تارىختا بىر قىسىم كىشىلەر
ئۆز ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئارقىسىغا ئۇنى قوشۇپ، ئۆزگىچە
تۈس پەيدا قىلغانىدى. ئەمما بۇنداق تۈسنىڭ فامىلە تۈسى ئىكەن-
لىكىدىن گۇمانلىنىشقا تامامەن بولىدۇ. مەسىلەن، مۇھەممەد
شەيخزادە دېگەندەك. ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلارمۇ «زاد» قو-
شۇلغان ئىسىملارنى پەرزەنتلىرىگە ھەدىيە قىلىشنى ھېرىسمەنلىك
بىلەن قوبۇل قىلغان. مەسىلەن، تۇركزاد، پاكزاد، خانزاد،
بىلزاد... لار ئەنە شۇ خىلدىكى ئىسىملار جۈملىسىدىندۇر. ئەمما

① شۇ ماقالە، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 2001 ـ يىللىق 4 ـ سان.

پارس تىلىدىكى «زادە» ۋە «زاد» نىڭ پەقەت «ئوغلى» دېگەنلا مەنىسى بولۇپ قالماي، يەنە «قىزى» دېگەن مەنىسى، ئومۇمەن، «ئەۋلادى، پەرزەندى» دېگەن مەنىسى بار. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئىستېمالىدا بۇ قوشۇمچە ئوغۇللار ۋە ئەرلەر ئىسمىغا مەركەزلەشكەن، پارسلادىمۇ ئەھۋال شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار «زادە» نى ئەر جىنسلىق شەخسنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ «... ئوغلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، «مەلىكە» نى ئايال جىنسلىق شەخسنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ «قىزى» مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، سەييىد مۇھەممەد جامالزادە، سۇھراب تاھىر مەلىكە... دېگەندەك. ئەمما ئايرىم ئەھۋاللاردا، پارسلاردىكى «زادە» ۋە «ئوغۇل» مەنىسىدىكى يەنە بىر سۆز «پۇر» (Pur) بەزى سۆزلەر ئارقىسىغا قوشۇلۇپ، شۇ سۆزلەرنىڭ فامىلە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن، ھۆسەيىن كازىمزادە، نادىرپۇر، ئىسكەندەرپۇر... دېگەندەك. دېمەك، ئۇيغۇرلاردا «زادە» نى فامىلە بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىش خاھىشلىرىمۇ يوق ئەمەس.

(6) فامىلە سۆزلىرىگە ھېچبىر بەلگە قوشماسلىق: بۇ خىل قاراشنىڭ ئۆزىگە لايىق پاكىت ئاساسلىرى بار. ئالدى بىلەن، ئۇيغۇرلار ئىشلىتىدىغان فامىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ساپ ئۇيغۇر تىلىدىن ئېلىنىش تەلپى ۋە يۈزلىنىشىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ جىنس ئايرىمىسى خۇسۇسىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىش كېرەك. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئاز سانىدىكى بىر قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا (جانلىقلار ئىسملىرىدىكى جىنسي پەرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسملار: مەسىلەن: بۇقا، ئىنەك، خوراز، مېكيان، ئەر، ئايال، بوۋاي، موماي، بايتال ... دېگەندەك) مۇتلەق كۆپ سۆزلەرنىڭ ئۆزىدىن جىنس ئۇقۇمى ئىپادىلەنمەيدۇ، جىنس ئۇقۇمى ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان سۆزلەرنىڭمۇ ئىككى جىنسقا خاس بولغان گراماتىكىلىق تۇرلە-



نىش شەكىللىرى يوق. ئىككىنچى تەرەپتىن، فامىلىلىك مىللەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىشلىتىدىغان فامىلىلەردە شۇ فامىلىلەرنىڭ باشقا ناملاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە گراماتىكىلىق بەلگىلىرى يوق. ئۇلار بىر پۈتۈن ئىسىم ـ فامىلىدە تۇتقان ئورنىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. خەنزۇلاردا ئەڭ دەسلەپكى فامىلىلەردە ئاياللىق مەنىسىنى بېرىدىغان يان بۆلەك «女» قوشۇلۇپ كەلگەن فامىلىلەر بار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەرلەر ئىسملىرىغا قوشۇلۇپ كەلگەندە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ، يەنى ئۇلاردىكى ئاياللىق مەنىسىنى بېرىدىغان يان بۆلەك «女» ئېلىپ تاشلانمايدۇ. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر فامىلىلىرىگە باشقا ناملاردىن پەقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان قوشۇمچە، بەلگىلەرنى قوشۇش ۋە ئەر ـ ئاياللار ئىشلىتىدىغان فامىلىلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋال ۋە خاھىشلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئاساسلىرىنىڭ بولۇشى ئېنىق. بىزنىڭچە، ئالدى بىلەن رۇس ئىسىم ـ فامىلە ئەندىزىسىدىكى ئاتا ئىسمىغا «ۋىچ»، ئەرلەر قوللىنىدىغان فامىلىگە «وف»، ئاياللار قوللىنىدىغان فامىلىگە «وۋا» (ـۋا) قوشىدىغان شەكىل رۇسلارغا خاس ئەندىزە بولۇش سۈپىتىدە، ئۇنى ئۇيغۇر فامىلىلىرىگە ئەينەن كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. گەرچە بىز رۇس فامىلىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش قىزغىنلىقىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاز ـ تولا رىغبەت بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ، ئەمما بۇ زور ئىسلاھاتنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغان دەپ قارايمىز. تاتار ئۇسلۇبىدىكى فامىلىلەردە ئەرلەر قوللىنىدىغان فامىلىلەرگە قوشۇلىدىغان «ىن»، ئاياللار قوللىنىدىغان فامىلىگە قوشۇلىدىغان «ىنا» قوشۇمچىلىرىغا كەلسەك، ئۇلار خۇددى «وف» ۋە «وۋا» غا ئوخشاشلا رۇس فامىلىلىرىنىڭ بەلگىسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەلقىمىزنىڭ

نامالاش ئادىتى ۋە تىل ئادىتىگە يات بولغاچقا، ئۇنى ئۇيغۇر فامىلىلىرىدە پەرقلەندۈرگۈچ بەلگە سۈپىتىدە ئىشلىتىشنى مۇۋاپىق دەپ قارىمايمىز. «جان» ۋە «خان» سۆزلىرىگە كەلسەك، قارىماققا بۇ ئىككى سۆز ئارقىلىق فامىلىلەرنى ۋە ئەرلەرنىڭ فامىلىسى بىلەن ئاياللارنىڭ فامىلىسىنى پەرقلەندۈرۈش قولايدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئۇلارنى قوللىنىشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرىيىتى بارلىقى ئۇيغۇر فامىلىلىرى ئۈچۈن دېگەندەك ئېنىق بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىرت، ئەگەر فامىلە قىلىپ تاللىۋېلىنغان سۆز جىنس تۈسى روشەن سۆز بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا «خان» نى ئەركەك جىنسقا تەۋە سۆزلەرگە قوشۇپ ئاتاش مۇۋاپىق بولمايدۇ. مەسىلەن، «خورازخان»، «بۇقاخان»، «توختىغان»، «سادىرخان» دېگەندەك. روشەنكى، بۇ ئىككى سۆزنىڭ فامىلە بەلگىسىگە ئايلىنىشى جەزمەنكى فامىلە قوللانغۇچىلارنىڭ تاللىشىدىن ۋە ۋاقىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى زۆرۈر. «بي» ۋە «بىيە» گە كەلسەك، «بي» گەرچە ئۇيغۇر تىلى ئادىتىدە تونۇشلۇق تىل تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما «بىيە» ئۇنداق ئەمەس. «بي» نى پۈتۈن ئۇيغۇر فامىلىلىرىنىڭ باشقا نامىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى تۈپ بەلگە قىلىشنى ئويلىغاندا، ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بۇ قوشۇمچىنىڭ پەقەت ئەرەبچە سۆزلەرگە قوشۇلالايدىغانلىقىنى، ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەرگە بەزىدە زورىغا قوشۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. شۇڭا فامىلە قوللىنىشتا ئەركىن بولۇش پرىنسىپى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «بي» شەكلى قوشۇلغان فامىلىلەرنى تەخەللۇسلاردىن پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ شۇ شەكىلدە تاللاپ مۇقىملاشتۇرۇپ بولغان فامىلىلىرى شۇ بويىچە ئىشلىتىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئەمما بىر مىللەتنىڭ فامىلىسىنىڭ شەكىل جەھەتتىن بىر خىل بولۇش تەلىپىدىن چىقىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ئىشلەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىمىز. ئاياللار ئىشلىتىدىغان فامىلىلەرگە



قوشۇلىدىغان «بىيە» نى ئىشلەتمەسلىك ھەققىدىكى پىكرىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى كېيىنكى سەھىپىدە كۆرسىتىمىز. «زادە» سۆزىنىڭ «پەرزەنت»، «ئەۋلاد» مەنىلىرىنىڭ بولۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قوشۇمچىنى نامالاش ئادىتىدە خېلى كۆپ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇراقلىق فامىلىسىنىڭ ئارقىسىغا «زادە» سۆزىنى قوشۇش بىلەن ئۇنى باشقا نامىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىش مۇمكىنچىلىكى بولىدۇ. ئەمما ئىنچىكە بىر مەسىلە مەيدانغا چىقىدۇكى، ئۇ بولسىمۇ، «زادە» سۆزى «ئەۋلادى، پەرزەندى» مەنىسىدىكى سۆز بولغانلىقى ۋەجىدىن، ئەجدادلارنىڭ ئىسىملىرىدىن تاللانغان فامىلىلەر ئارقىسىغا بۇ سۆزنى قوشۇپ، «ئوغۇززادە»، «تۇرك زادە»، «ئەرتۇڭازادە»، «مۇھەممەد زادە»، «قاسىم زادە»... دېگەن فامىلىلەرنى ياسىغىلى بولغىنى بىلەن، ئەمما ھۈنەر - كەسىپ ناملىرىدىن، ھايۋانات - ئۇچار قانات ناملىرىدىن، قورال - جابدۇق ۋە ئەشيالار ناملىرىدىن، يەر - جاي ناملىرىدىن ئېلىنغان فامىلىلەر ئارقىسىغا «زادە» نى قوشقاندا «كۇلالزادە»، «ئورمان زادە»، «بۆرە زادە»، «شۇڭقار زادە»، «بۇقا زادە»، «ئوقيا زادە»، «يەركەنزادە»، «تۇرپانزادە»... دېگەندەك فامىلىلەر ياسىلىپ قالىدۇ - دە، «زادە» نىڭ مەنىسى ئېتىبارى بىلەن ئۇ شەكىل مۇۋاپىق بولمايدۇ. فامىلىلەرگە پەرقلەندۈرگۈچ بەلگە قوشماسلىق ھەققىدە بىزنىڭ تولۇقلىما پىكرىمىز شۇكى، ھەربىر مىللەتنىڭ فامىلىسى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ۋە تىلىنىڭ چەكلىمىسىگە، تىزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ. مەزمۇن جەھەتتىلا ئەمەس، شەكىل قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئۆز مىللىي تىلىنىڭ لېكسىكىلىق، فونېتىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر مىللىي فامىلىلىرىنىڭ شەكلىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرىنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكىگە بويسۇندۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇنداقتا بىز يۇقىرىقى بەش تۈردىنمۇ ئارتۇق

فامىلە بەلگىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا قادىرمىز، شۇنداقلا ھېچ-
بىر مىللەتتە بولمىغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە
ئىختىرا قىلىنغان يېڭى بەلگىلەرنى، قوشۇمچىلارنى ئوتتۇرىغا
قويۇشقىمۇ بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىر سۆز فامىلە بەلگىلى-
رى قوشۇلۇپ قالغانلىقى بىلەنلا فامىلە بولالمايدۇ. مۇھىمى
تەبىئىي قانداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي قانداشلىق مۇناسى-
ۋىتىگە ئىگە بىر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد، ھەتتا
نەچچە ئون ئەۋلادقىچە ئىزچىل قوللانغانلىقى بىلەن ئاندىن فامىلە
بولالايدۇ. فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ دەسلىپىدىلا كىشىلەر-
نىڭ ئۇيغۇر تىلى ئادىتىگە يات ياكى ياتراق بولغان تەركىبلەرنى
فامىلىلەرگە قوشۇپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىشى دەرمەھەل ئۇنۇم
بەرمەسلىكى مۇمكىن. ئىشىنىمىزكى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ،
جەمەتلەرنىڭ فامىلە ئىشلىتىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئىي رەۋىشتە
فامىلە سۆزلىرىنىڭ ئورتاق ئەندىزىسى ۋە خاس تۈسى شەكىللىنى-
دۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن، بىر فامىلىنى ئەرلەر ۋە ئاياللارنىڭ
ئوخشىمىغان جىنس قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ئىشلىتىشى يەنىلا
ئۇيغۇر تىل ئادىتىگە مۇناسىپ ئەمەس. باشقا تەرەپلەردىن گەپ
ئاچماي، فامىلىنىڭ ئۆزى ھەققىدىلا بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشكە
توغرا كەلسە، فامىلە پاترىئارخاللىق (ئاتىلىق ھوقۇقچىلىقى)
تۈزۈمىنىڭ ھازىرقى باسقۇچلىرىدا مەلۇم بىر ئەرنىڭ ياكى مەلۇم
بىر ئايالنىڭ ئەمەس، بەلكى بىر تۈركۈم ئايال جىنسلىقلار بىلەن
ئەر جىنسلىقلار نىكاھ، تۇغۇت، ئەۋلاد قالدۇرۇشنى ۋاستە
قىلىپ تۈرۈپ تەشكىل قىلغان ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ ھېچبىر
جىنسكە تەۋە بولمايدىغان ئورتاق نامىدۇر. دېمەكچىمىزكى،
خۇددى «ئائىلە» دىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي بىرلىكتە جىنس
خۇسۇسىيىتى بولمىغاندەك، فامىلىدە ئەر - ئاياللىق جىنسىي
خۇسۇسىيەت بولمايدۇ. فامىلىنىڭ مەلۇم ئەردىن (جەمئىيەت
تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا مەلۇم ئايالدىن) ئاپىرىدە



بولغان جەمەتنىڭ نامى ئىكەنلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ
كۆپىنچە ئەللەردە ئەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملاردىن بولىدى-
غانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، بىراق بۇنداق ئەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك
ئىسىملار بىر جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەندە
ئۇنىڭدىكى جىنسىي پەرقلىگۈچى مەنىدە زور سۇسلىشىش يۈز
بېرىدۇ، ئەمما پۈتۈنلەي يوقاپ كەتمەي، جەمەتنىڭ ھامان ئەر
ئەجداد ۋە ئۇنىڭدىن تۆرەلگەن ئەر جىنسلىق شەخسلەر ھەم
ئۇلارغا نىكاھلىق بولغان ئاياللاردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىدىن
دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمىغان
ئىسىملار، جۈملىدىن قورال - جابدۇق ناملىرى، ئۇنۋان نامىلى-
رىدىن بەزىلىرى، ھۈنەر - كەسىپ ناملىرى، ھايۋانات - ئۇچار
قانات ناملىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن ئېلىنغان فامىلىلەردە جىنسىي
تۈس ئىپادىلەنمىسىمۇ، ئۇلارنى ھامان ئومۇمىي قائىدىگە ئاساسەن
ئايال ئەجدادتىن ئاۋۇغان جەمەتنىڭ ئەمەس، بەلكى ئەر ئەجدادنى
ئاساس قىلغان جەمەتنىڭ فامىلىسى دەپ تونۇيمىز. تۆتىنچىدىن،
ئەينى بىر فامىلىگە ئەرلىك ۋە ئاياللىق جىنسىي تۈسنى ئىپادىلەي-
دىغان بەلگىلەرنى قوشقاندا ياكى باشقا ناملاردىن پەرقلەندۈرۈش
ئۈچۈن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك بەلگىلەرنى قوشقاندا، ئۇنىڭ
بىر فامىلە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىش مۈشكۈل بولۇپ قالىدۇ.
غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر فامىلە ئۆزگەرتمى-
سىدە ئوخشاش بىر سۆزنى تۇراقلىق فامىلە قىلىپ قوللىنىش
مەسىلىسى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم» ناملىق ماقالىسىدە ئەينى
بىر سۆزنى فامىلە قىلىپ تاللىۋالغان شەخسلەرنىڭ بارلىققا كەل-
گەنلىكىدەك ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى
ئىشلەتكەن، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان فامىلىلىرىنى
باشقا كىشىلەرنىڭ ئوخشاش فامىلىسىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۇ-

چۈن، ئۇلارغا تۇرلۇك ئۇلانمىلارنى قوشۇش تەكلىپىنى بەرگەنىـ
دى.[①] مەسىلەن، «ئىدىقۇت» سۆزىنى فامىلە ياكى تەخەللۇس
قىلىپ تاللىۋالغان بىرقانچە كىشى ئۇ سۆزنى «ئىدىقۇت»، «ئىدـ
دىقۇتلۇق»، «ئىدىقۇتىي» دېگەندەك شەكىللەردە پەرقلەندۈرۈپ
ئىشلەتكەنگە ئوخشاش. بۇنىڭغا يەنە زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا «زاـ
دە»، «جان»، «خان» قوشۇمچىلىرىنى ئۇلاپ، «ئىدىقۇتزادە»
«ئىدىقۇتخان»، «ئىدىقۇتجان» دېگەندەك پەرقلىق شەكىللەرنى
پەيدا قىلىپ ئىشلىتىشمۇ مۇمكىن. دېمەك، ھەر خىل فامىلە
بەلگىلىرى (گەرچە ئومۇمىيۈزلۈك مۇقىملاشمىغان بولسىمۇ) نى
ۋە جىنس تۈسىنى ئىپادىلىگۈچى بەلگىلەرنى قوشۇش ـ ئۇيغۇر
فامىلىلىرىدە تومۇرى ئوخشاش سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ياخـ
شى چارىسى بولسا كېرەك.
ئەلۋەتتە فامىلە قوللىنىش ئىسلاھاتىدا يالغۇز فامىلىنىڭ
بەلگىسى ۋە جىنسىي تۈس مەسىلىسىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە
ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە ساھەلەردە ئوخشىمىغان پىكىرلەرـ
نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى تەبىئىي ئەھۋال. بىز ئىشىنىمىزكى،
فامىلە قوللىنىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا كىشىلەر ئۆزلىرى
ياقتۇرغان فامىلەرنى ھېچبىر بەلگە ئالامەت قوشماي ياكى يوقىـ
رىقى بەش خىل بەلگىنى، ھەتتا ئۆزلىرى يېڭى فامىلە بەلگىلىرىـ
نى ئىجاد قىلىپ ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر فامىلىلىرىدىكى
رەڭگارەڭلىك، كۆپ خىللىقنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. شۇنـ
داقلا ئۇزاق مۇددەتلىك فامىلە قوللىنىش ئەمەلىيىتىدىن كېـ
يىن، ئۇيغۇر فامىلىلىرى قۇرۇلما ۋە ئەندىزە جەھەتتە نىسبىي
بىردەكلىككە يۈزلىنىشى مۇمكىن.
بىر جەمەتنىڭ فامىلىسى شۇ جەمەتكە تەۋە شەخسلەرنى ئايـ
رىم ـ ئايرىم كۆرسەتكەندە قانداق ئىپادىلىنىدۇ ۋە جەمەتنىڭ

① بۇ ماقالە «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2002 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان.



ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغاندا قانداق ئىپادىلىنىدۇ؟
بىزچە، جەمەت فامىلىسى شۇ جەمەتكە تەۋە شەخسلەر ئىسىملىرىغا
بىرلىك شەكلىدە قوشۇلۇشى لازىم. جەمەتنىڭ ئورتاق نامى سۈـ
پىتىدە ئاتالغاندا كۆپلۈك شەكلىدە ئىپادىلىنىشى لازىم. خۇددى
«تادۇ» فامىلىلىك جەمەتنىڭ ئەزاسى ساۋۇتجان يۈسۈپ ئىسىمـ
لىك كىشىنى «ساۋۇتجان تادۇ» ياكى «ساۋۇتجان يۈسۈپ تادۇ»
دەپ ئاتاپ، شۇ جەمەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بولسا «تادۇلار»
دەپ ئاتىغاندەك. بۇ فامىلە قوللىنىدىغان خەلقلەرنىڭ ئاتاش قائىـ
دىسىگىمۇ ماس كېلىدۇ. ئىنگلىز تىللىق مىللەتلەردە «جونـ
سون» (Johnson) فامىلىلىك جەمەتنىڭ ئەزاسى بولغان ۋىليام
سىمىس (William Smith) نىڭ نام ـ شەرىپىنىڭ يەككە ئاتىلىشى
ۋىليام سىمىس جونسون (William Smith Johnson) بولسا، ئۇ
«جونسۇن» فامىلىسى شۇ جەمەتنىڭ ھەممە ئەزاسىنى ئومۇملاشـ
تۇرۇپ كۆرسىتىشكە توغرا كەلگەندە، ئاخىرىغا كۆپلۈك قوشۇمـ
چىسى «s» («ـلار، ـلەر» مەنىسىدە) قوشۇلۇپ «جونسونز»
(Johnsons) دەپ يېزىلىدۇ ۋە ئاتىلىدۇ ـ دە، «جونسونلار»
مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. پارسلاردىمۇ ئەھۋال شۇنداق. ئۇلارمۇ
فامىلەرنى يەككە شەخسنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئاتىغاندا، فامىلە
بولمىش سۆزنىڭ بىرلىك شەكلىنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، ئەلى
ئەكبەر دېھخۇدا، مەھدى ئىخۋان سالىس دېگەندەك. ئەگەر بىر
جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەندە فارسچە كۆپلۈك
قوشۇمچىسى «ئان» (بەزىدە «يان») نى قوشىدۇ ـدە، دېھخۇداـ
يان، (دېھخۇدالار، دېھخۇدا جەمەتىدىكىلەر)، سالىسان (سالىسـ
لار، سالىس جەمەتىدىكىلەر) دىگەندەك شەكىللەردە ئىپادىلەيدۇ.
ئەرەبلەرمۇ فامىلە سۈپىتىدە ئىشلەتكەن ئەجداد ناملىرىغا «پەرـ
زەنتلىرى»، «ئەۋلادلىرى»، «باللىرى» مەنىسىدىكى «بەنۇ»
(«بەنى») سۆزىنى قوشىدۇ ـ دە، فامىلىنى كۆپلۈك شەكىلگە
كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن، يسف بن يعقوب (يۈسۈپ ياقۇپ ياكى

ياقۇپ ئوغلى يۇسۇپ) بىرلىك شەكلىدىكى ئىپادىلىنىشى بولسا، ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ بارلىق ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ نامىنىڭ (ياكى باشقا ئىسمىنىڭ) ئالدىغا «بەنۇ» («بەنى») قوشۇلغان شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بەنى ئىسرائىل[1] دېگەندەك. بۇ ياقۇپ (يەنى ئىسرائىل) ئەۋلادلىرى، ئىسرائىل ئوغۇللىرى، دېگەن مەنىدىدۇر. خەنزۇلاردا يەككە شەخسنىڭ فامىلىسى ئاتالغاندا «شىڭ» (姓) خېتى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن، «جاڭ» فامىلىلىك بىر كىشىگە ئىما قىلىنغاندا « 张姓的 » دېيىلىدۇ. ئەمما جاڭ فامىلىلىك جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامى تەرىقىسىدە ئاتالغاندا «شى» ( 氏 ) خېتى ئىشلىتىلىدۇ ـ دە، « 张氏 » دېيىلىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللانغاندا يەككە شەخسلەرنى فامىلىسى بىلەن ئاتىغان ۋە يازغاندا فامىلىنىڭ بىرلىك شەكلىنى ئىشلىتىش، جەمەتنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە ئىشلەتكەندە «لار، ـلەر» ئۇلانمىلىرىنى قوشۇش زۆرۈر بولىدۇ. ئەلۋەتتە، جەمەت نەسەبنامىسىمۇ «تادۇلارنىڭ نەسەبنامىسى»، «قۇتلۇقلارنىڭ نەسەبنامىسى»، «قىلىچلارنىڭ نەسەبنامىسى»... دەپ يېزىلىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئاتىلىق ھوقۇقچىلىق تۈزۈمىگە قەدەم قويغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل ئاخىرلاشقىنى يوق. جەمئىيىتىمىزدىكى ئائىلە، جەمەت قۇرۇلمىسىدا ئاياللارنىڭ ئورنى مۇۋاپىق ئۆسكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئەرلەر ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش دەرىجىسىگە يەتكىنىمۇ يوق. بىز ئانىلىق ھوقۇقچىلىق تۈزۈمى بىلەن ئاتىلىق ھوقۇقچىلىق تۈزۈمىدىن تاشقىرى، ئۇلاردىن كېيىنكى ئۈچىنچى بىر خىل ھوقۇقچىلىق تۈزۈمىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئەگەر ئاشۇنداق بىر تۈزۈم بار دېيىلسە، شەكسىز-

① «ئىسرائىل» ـ ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ يەنە بىر ئىسمىدۇر.



كى ئۇ، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تەڭپۇڭلۇقتا چەكسىز يېقىنلىشىدىغان، ئەمما مەڭگۈ باباراۋەر بولۇپ بولالمايدىغان بىر ئۆزگىرىشچان تۈزۈمدۇر. دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ فامىلە ئىشلىتىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مۇتلەق كۆپ مىللەتلەردە ئاياللار ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئەر تەرەپ جەمەتنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىدۇ. ئاز ساندىكى ئاياللار، بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقە جەمەتلىرىدىن بولغان ئاياللار ئۆز جەمەتىدىن تەبىقە دەرىجىسى جەھەتتە تۆۋەنرەك جەمەتتىكى ئەرلەرگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەسلىي فامىلىسىنى ساقلاپ قېلىپ، ئېرى تەرەپنىڭ فامىلىسى بىلەن قوشۇپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋالمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاياللارنىڭ ھوقۇقچىلىق ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاز ساندىكى ئاياللار ياتلىق بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆز جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى ساقلاپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت. بۇنىڭ ئەكسىچە، خۇددى بەزى مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش، ئەرلەر ئايال تەرەپكە ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كىرگەندە ئايالى تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىدىغان ئەھۋالمۇ بار. ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئاياللار ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىشى ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالدۇر. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش ئىسلاھاتىدا ئاياللارنىڭ فامىلىسى مەسىلىسىدە، قىزلار ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىش، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئەر جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىش دېگەن تەشەببۇستا، كۆپىنچە ئىلىم ساھەلىرىنىڭ پىكرى بىردەك. ۋەھالەنكى، بەزى ئاياللار ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئۆز جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئېرى تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىشنى گوياكى ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغاندەك ھېس قىلىپ باشقىچە پىكىردە بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشتا پەرزەنتلەر ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلىسىگە ۋارىسلىق قىلىشنى، ئاياللار ئەر-

لىرىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. چۈنكى،
بىرىنچىدىن، ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسى يالغۇز مەلۇم ئايالنىڭ
ئېرىگىلا خاس بولغان نام ئەمەس، بەلكى بىر ئەر ئەجداد بىلەن
باشقا نەسەبتىن بولغان مەلۇم بىر ئايال ئەجدادتىن تۆرەلگەن
پەرزەنتلەر، شۇنداقلا شۇ پەرزەنتلەر ئىچىدىكى ئەر جىنسلىقلار
بىلەن باشقا جەمەتتىن بولغان ئايال جىنسلىقلارنىڭ نىكاھ مۇنا-
سىۋىتىدىن ئاپىرىدە بولغان پەرزەنتلەرنىڭ ... مانا مۇشۇنداق
تەرزدە داۋاملىشىدىغان، ئەر جىنسلىقلار مەڭگۈ ئىشلىتىدىغان،
قىزلار ياتلىق بولۇشنى چەك - چېگرا قىلىپ تۇرۇپ ئەرلىرى
تەرەپنىڭ نەسەب زەنجىرىگە بويسۇنۇپ ئىشلىتىدىغان نامدۇر.
شۇڭا فامىلىدە يالغۇز ئەرلەرنىڭلا نەسەبى بولۇپ قالماستىن،
ئاياللارنىڭمۇ نەسەب تەركىبلىرى بار بولغان بولىدۇ. ئىككىنچى-
دىن، ئەگەر ئاياللار ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئۆز جەمەتىنىڭ
فامىلىسىنى ئىشلەتسە، ئۇنىڭ پەرزەنتى ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلى-
سىنى ئىشلەتسە، بۇنىڭدا مەسىلە كېلىپ چىقمايدۇ. ناۋادا پەر-
زەنتلەرگە ئانا جەمەتىنىڭ فامىلىسى يالغۇزلا تېڭىلسا، ئۇنداقتا
بۇ دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ فامىلە ئادىتىگە ئۇيغۇن بولمىغانىنىڭ
ئۈستىگە، بىرقانچە ئەۋلاد ئۆتكەندىن كېيىن، فامىلە ئىشلىتىشتە
قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ - دە، فامىلە ئۆزىنىڭ ماھىيەتى-
لىك مەزمۇنىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، فامىلە مەدەنى-
يەت ھادىسىسى، ئېنىقراق ئېيتقاندا نام - بەلگە بولۇپ، ئۇ
نەسىل - نەسەب مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزى ئەمەس. ئەمما فامىلە
چوقۇم نەسىل - نەسەب مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايرىپ بېرەلەيدىغان
بولۇشى شەرت. ئاياللارنىڭ ئەرلىرىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىشى
نەسەبنىڭ ئەرلىرى تەرەپ بىلەن ئاللىقانداق مۇناسىۋەتتە بولۇپ
قالغانلىقىنى، ئۆز جەمەتىنىڭ ئەر تەرەپ جەمەتىنىڭ بېقىندىسى
ئورنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، ئائىلىق ھوقۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ تەسىرى يەنىلا زور



دەرىجىدە مەۋجۇت شارائىتتا، ئاشۇ ئاياللاردىن تۇغۇلغان پەرزەنت-
لەرنىڭ ئاتا جەمەت فامىلىسىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا
ئالغاندا، ئاياللار يەنىلا ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن فامىلىداش بولغى-
نى تۈزۈك. تۆتىنچىدىن، فامىلىنىڭ ئەڭ چوڭ رولى ئائىلە -
جەمەتلەرنى تاشقى جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش، ئىچ-
كى جەھەتتە جەمەت - ئائىلە ئەزالىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبا-
رەت. شۇنداق بولغانىكەن، ئەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ
فامىلىسى ئوخشاش بولمىسا ياكى ئوخشاش تەركىبلىرى بولمىسا،
بۇنداق فامىلىلەرنىڭ جەمەتلەرنى، ئائىلىلەرنى بىر - بىرىدىن
پەرقلەندۈرۈشتىكى رولى چوڭ بولۇپ كېتىشى ناتايىن. يۇقىرى-
قىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى ياتلىق
بولغاندىن كېيىن ئۆز ئەرلىرىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلەتكىنى مۇۋا-
پىق. ئەلۋەتتە پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلى-
تىشى، قىز پەرزەنتلەرنىڭ ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى ئاتا جە-
مەتىنىڭ فامىلىسىنى، ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئېرى تەرەپنىڭ
فامىلىسىنى ئىشلىتىشى مۇھاكىمە تەلەپ قىلمايدىغان ئەھۋال-
دۇر.

قىزلار ياتلىق بولغاندىن كېيىن ناۋادا ئۆز جەمەتىنىڭ فامى-
لىسىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى يالغۇز ئىشلىتى-
شى مۇۋاپىق ئەمەس. بەلكى ئېرىنىڭ فامىلىسى بىلەن قوشۇپ
ئىشلىتىشى لازىم. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى ئەندىزە كېلىپ چىقى-
دۇ: بىرى، ئېرىنىڭ فامىلىسىنى ئالدىدا، ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى
ئارقىسىدا قوللىنىش؛ يەنە بىرى، ئېرىنىڭ فامىلىسىنى ئارقى-
سىدا، ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى ئالدىدا قوللىنىش. بۇنداق ئەھۋالدا
مۇرەككەپ فامىلە بارلىققا كېلىدۇ - دە، ئەر - ئاياللار فامىلىلى-
رى قايسى تەرتىپتە تىزىلسا مۇۋاپىق، ئۇلاردىن تۇغۇلغان پەر-
زەنتلەرنىڭ فامىلىسى قانداق بولىدۇ، دېگەن مەسىلىلەر كېلىپ
چىقىدۇ. ئەگەر ئاياللار ئۆز فامىلىلىرىنى ئەرلىرىنىڭ فامىلىسى-

گە قوشۇپ ئىشلىتىشنى لايىق كۆرسە، ئۇنداقتا ئەرلىرىنىڭ فامىلىسىنى ئالدىدا، ئۆز فامىلىلىرىنى ئارقىدا تىزىپ، «(ئايال) شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسى + ئۆز جەمەتىنىڭ فامىلىسى» شەكلىدە ئىشلىتىشى مۇۋاپىق. چۈنكى ئاياللار ئىشلىتىدىغان مۇنداق مۇرەككەپ فامىلىلەردە خۇددى ئىسپان تىللىق مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش، ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسى بىلەن ئايال تەرەپنىڭ فامىلىسى ئوتتۇرىسىغا مەلۇم پەرقلەندۈرگۈچ بەلگىلەرنى دەرھال ياساپ چىقىپ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇلارنى پەقەت تەرتىپى ئارقىلىقلا پەرقلەندۈرۈش كېرەك. شۇنداقلا بۇنداق مۇرەككەپ فامىلىلەرنىڭ باشقا ناملاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسى بىلەن ئايال تەرەپنىڭ فامىلىسى ئوتتۇرىسىغا قىسقا سىزىقچە (-) نى قويۇپ ئىپادىلىسە بولىدۇ. مەسىلەن، ساۋۇتجان يۈسۈپ تادۇ ئاتلىق كىشىنىڭ ئايالى بولمىش «تەرسا» فامىلىلىك رەنا ئەگاھ ئۆز فامىلىسى بىلەن ئېرى تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوشۇپ ئىشلەتمەكچى بولسا، ئۇنداقتا مۇۋاپىق شەكىل «رەنا ئەگاھ تادۇ تەرسا» بولۇشى لازىم. ئەمما بۇ مۇرەككەپ ناملار تىزىملىكىدە فامىلە بىرمۇ ياكى ئىككىمۇ دېگەننى پەرقلەندۈرۈش، شۇنداقلا شەخس ئىسمى، ئاتا ئىسمى بىلەن فامىلىنى پەرقلەندۈرۈش قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇڭا ئىككى جەمەت فامىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسقا سىزىقچە (-) نى قويۇپ، «رەنا ئەگاھ تادۇ - تەرسا» شەكلىدە ئىپادىلىسە، «تادۇ» نىڭ رەنا ئاتلىق ئايالنىڭ ئېرىنىڭ فامىلىسى، «تەرسا» بولسا ئۆزىنىڭ فامىلىسى ئىكەنلىكىنى ئاسان پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. رەنا ئەگاھ ناۋادا «يەركەندىي» ياكى «يەركەن» ياكى «يەركەندىيە» تەخەللۇسلۇق شائىرە بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ «رەنا ئەگاھ تادۇ - تەرسا يەركەندىي» (ياكى «يەركەندىيە») شەكلىنى قوللىنىشى مۇۋاپىق بولمايدۇ. مۇۋاپىق شەكىللەر بار دېيىلسە، ئۇلار «رەنا



يەركەندىي» (ياكى «يەركەندىيە»)، «رەنا ئەگاھ يەركەندىي» (ياكى «يەركەندىيە»)، «رەنا ئەگاھ تەرسا يەركەندىي» (ياكى «يەركەندىيە»)، «رەنا ئەگاھ تادۇ يەركەندىي» (ياكى «يەركەندىيە»)، «تەرسا يەركەندىي»، (ياكى «يەركەندىيە») «تادۇ يەركەندىي» (ياكى «يەركەندىيە») لەر بولۇشى مۇمكىن. ئەمما فامىلىلەرنىڭ قىسقا بولۇش تەلىپىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى شەكىللەر ئىچىدە تاق فامىلىلىك شەكىللەرنىلا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ مۇرەككەپ فامىلە قوللىنىش ئېھتىماللىقىنى ئويلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەرزەنتلەرنىڭمۇ مۇرەككەپ فامىلىلەرنى قوللىنىش ئېھتىماللىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسپان تىللىق مىللەتلەردىكى ئەنئەنىۋى فامىلە شەكلىدە، پەرزەنتلەر ئاتا جەمەت فامىلىسى بىلەن ئانا جەمەت فامىلىسىنى قوشۇپ، ئۇلار ئارىسىغا «-»، «de» ۋە «y» نى قىستۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. بۇ، شۇ مىللەتتىكى ئومۇملاشقان ئەنئەنىدۇر. ئۇيغۇرلاردا بىز پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا جەمەت فامىلىسى بىلەن ئانا جەمەت فامىلىسىنى قوشۇپ ئىشلىتىشىنىڭ كەلگۈسى مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقالمايمىز. شۇنداق بولغانىكەن، پەرزەنتلەرمۇ مۇرەككەپ فامىلىسىنى خۇددى ئاياللارنىڭ مۇرەككەپ فامىلىسى شەكلىدە ئىشلىتىشى لازىم. ئەمما ئاشۇ پەرزەنتلەر باشقا جەمەتتىكىلەر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ فامىلىسىدە مۇقەررەر ئۆزگىرىش بولىدۇ. يەنى ئۈچىنچى ئەۋلادنىڭ پەرزەنتلىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا ئانا جەمەتىنىڭ فامىلىسى مۇقەررەر چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن، يۇقىرىقى مىسالدىكى ساۋۇتجان يۈسۈپ تادۇنىڭ ئايالى مۇرەككەپ فامىلىنى ئىشلىتىپ «رەنا ئەگاھ تادۇ - تەرسا» دەپ ئاتالغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ مۇرەككەپ فامىلە ئىشلىتىشنى ئويلىسا، ئۇنداقتا «تادۇ - تەرسا» نى ئىشلىتىدۇ. ئەمما ئۇ پەرزەنتلەرنىڭ پەرزەنت-

لىرىگە بارغاندا يەنە شۇنداق مۇرەككەپ فامىلە ئىشلىتىش زۆرۈ-
رىيىتى تۇغۇلسا، «تادۇ - تەرسا» ئۆزگىرىپ، ئانا جەمەت فامىلە
«تەرسا» نىڭ ئورنىغا ئۈچىنچى ئەۋلاد پەرزەنتلەرنىڭ جورىلىرى-
نىڭ فامىلىسى ئالمىشىدۇ - دە، ئانا جەمەت فامىلىسىنى قوشۇپ
ناملاشنىڭ ۋاقتى ئۇزاق بولمايدۇ. شۇڭا، قىسقىچە ئېيتساق،
ئاياللارنىڭ ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئەر جەمەتىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلى-
تىشى، ئانا جەمەت فامىلىسىنى ئىشلەتمەسلىكى، مۇرەككەپ فا-
مىلىلەرنى ئىمكانقەدەر ئازراق پەيدا قىلىش، ناۋادا يەنىلا زۆرۈر-
يەت بار دەپ قارالسا قىسقارتىلغان شەكىللەر بىلەن ئاتا جەمەت
ۋە ئانا جەمەت فامىلىسىنى قوشۇپ بىر سۆزگە ئايلاندۇرۇش،
ئەسلي فامىلىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەت-
لىك قىلىش لازىم.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئاممىۋى ئاغزاكى ئالا-
قىلەردە ئىپادىلىگەندە بىرقەدەر مۇقىم شەكىل پەيدا قىلىش زۆ-
رۈر. ئەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناتونۇش كىشىلەر ئارا شەخس
ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە فامىلىسىنى قوشۇپ بىللە ئاتاش،
ياكى شەخس ئىسمى بىلەن فامىلىسىنىلا قوشۇپ ئاتاش مۇۋاپىق.
يېقىن مۇناسىۋەتتىكى كىشىلەر ئارا فامىلىنىلا ئاتاش تىل ئادىتى-
مىزگە ئۇيغۇن بولماسلىقى، خېلى ئۇزاققىچە ئومۇملىشالماسلىقى
مۇمكىن. ئاياللار ئۈچۈن بىزدە غەرب مىللەتلىرىگە ئوخشاش
ئاياللارنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي، ئەر تەرەپنىڭ فامىلىسىگە «خا-
نىم» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ، «جونسون خانىم»، «ماكمىليان
خانىم» دېگەندەك، «بۇقا» فامىلىلىك ئەرنىڭ ئايالىنى «بۇقا
خانىم»، «ئوغۇز» فامىلىلىك ئەرنىڭ ئايالىنى «ئوغۇز
خانىم»... دەپ ئاتاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىر ئائىلىلىك كى-
شىلەرنى ئاغزاكى ئالاقىدە فامىلە ئارقىسىغا «-لار، -لەر» قو-
شۇپلا، «كالدىرلار»، «ئوغۇزلار»، «ئىدىقۇتلار» دەپ ئاتاش
مۇۋاپىقتۇر. ئەمما فامىلىنى ئاغزاكى ئالاقىنىڭ ھەممە ساھەلىرى-



دە تولۇق ئىپادىلەيمەن دېيىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. چۈنكى بىر
ئىلگىرى دەپ ئۆتكەندەك، بىر مىللەتتە فامىلىنىڭ بولۇش -
بولماسلىقى بىر مەسىلە، فامىلىنى ئاغزاكى تىلدا ئىپادىلەش -
ئىپادىلىمەسلىك باشقا بىر مەسىلىدۇر.

ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئۈستىدە ئىك-
كى كەلىمە سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىدە قوللىنىلى-
دىغان خەنزۇچە خەتلەرنىڭ خەنزۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا
ئىشلىتىلمەيدىغان ياكى تولۇق، بىر پۈتۈن مەنە تەرجىمىسى تو-
سىنى بېرىپ قويمايدىغان خەتلەرنى ئىشلىتىش ھەققىدىكى پىكرى
بىردەكتۇر. بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەيدىغىنىمىز بولسا ئى-
سىم - فامىلىلەرنىڭ قىسقارتىلغان شەكلىنىڭ خەنزۇچە تەرجى-
مىسى مەسىلىسىدۇر. كېسىپ ئېيتىمىزدىكى، فامىلىلەر خەن-
زۇچە تەرجىمىدە قىسقارتىلماسلىقى ۋە ئورنى شەخس ئىسمىنىڭ
ئالدىغا يۆتكەلمەسلىكى كېرەك. ئەمما شەخس ئىسمى بىلەن ئاتا
ئىسمىنى قىسقارتىپ، خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدىكى بىرىنچى
خەتنى ئېلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «ساۋۇتجان يۇ-
سۇپ تادۇ»نى خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «萨吾提江
· 玉素甫 · 塔都» شەكلىدە يېزىشقا، قىسقارتىلغان ھالەتتە
بولسا «萨 · 玉 · 塔都» دەپ يېزىشقا بولىدۇ. ئەگەر فامىلى-
سىنىمۇ قىسقارتىپ «萨 · 玉 · 塔» دەپ يازساق، ئۇنداقتا
ساۋۇتجان يۇسۇپ تادۇنىڭ ئىسمى «يۇتا» دېگەن خەنزۇچە ئىسىم
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يەنە بىر جەھەتتىن، فامىلىنى قىسقار-
تىپ شەخس ئىسمى بىلەن ئاتا ئىسمىنىلا ئالدىدا قويۇشقا تېخىمۇ
بولمايدۇ. خۇددى «تادۇ»نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى «塔都» دىكى
«塔» نى پۈتۈن ئىسمىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، «塔 · 萨 · 玉»،
«塔 · 萨吾提江 · 玉素甫»... دېگەندەك
شەكىللەردە ئىپادىلىگەندە، بۇنىڭدىكى «塔» (تا) نىڭ ئۇزاق

ئۆتمەي خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى فامىلىگە ئايلىنىپ قېلىش ئېھتى-
مالىقى بولىدۇ. بىزنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدە فامىلىنى
شەخس ئىسمى بىلەن ئاتا ئىسمىنىڭ كەينىگە كەلتۈرۈش تەشەببۇ-
سىمىزنىڭ يەنە بىر سەۋەبى شۇدۇر. تولۇقلىما قىلىشقا بولىدۇ-
كى، ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى قىسقارتىپ خەنزۇچە ئاھاڭ
تەرجىمىسى قىلغاندا، شەخس ئىسمى بىلەن ئاتا ئىسمىنى ياكى
ئاتا ئىسمىنىلا قىسقارتىپ ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، قىسقارتىل-
غان سۆزنىڭ باش ھەرپىنى خەنزۇچە مۇناسىپ بوغۇم ياكى ئۇيغۇر
يېزىقىتىكى ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلىمەي، لاتىن ھەرپلىرى بىلەن
ئىپادىلەشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر»نى
قىسقارتىپ ئىپادىلىگەندە، « 艾来提江 • 阿 • 卡力迪尔 » ۋە
« 卡力迪尔 • 阿 • 艾 » دەپ يازماي ۋە ياكى « 卡力迪尔 • ئا
• 艾来提江 » ۋە « 卡力迪尔 • ئا • غ » دەپ يازماي، بەلكى
« Gh • A • 卡力迪尔 » ۋە « 艾来提江 • A • 卡力迪尔 »
ھالىتىدە يېزىش مۇۋاپىق. بۇ خەلقئارا ناملاش ئادىتىگىمۇ ئۇيغۇن
كېلىدۇ، تەرتىپتىكى خاتالىشىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، كومپ-
يۇتېر قاتارلىقلاردىكى مەشغۇلاتقىمۇ قۇلاي، ئۇيغۇرچە ئىسىملار-
نىڭ خەنزۇچە ئىسىم دەپ چۈشىنىلىپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى
بولىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ فامىلە قوللىنىشنى باشلىشى زور تارىخىي
بۇرۇلۇش ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، فامىلە قوللىنىش مەسىلى-
سىگە ھەممە كىشىنىڭ ئىجابىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشى،
ئاكتىپ بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇنداقلا فامىلە ئۈچۈن سۆز
تالالاشتا بولسۇن ياكى ئەمەلىي فامىلە قوللىنىش جەريانىدا بول-
سۇن، بەزى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق
فامىلە قوللىنىشنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپ-
پىسى» تارقاتقان «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە



قوللىنىش توغرىسىدا لايىھە» دە بۇ ھەقتىكى پرىنسىپلار ئوتتۇرىغا
قويۇلغان بولۇپ، بىز ئاشۇ تەكلىپلەرنى مۇۋاپىق دەپ قارىغاچقا،
بۇ يەردە نەقىل شەكلىدە تەكرارلاپ ئۆتىمىز. ئۇيغۇر فامىلىلىرى
تەتقىقاتى بولسۇن ياكى فامىلە قوللىنىش ئەمەلىيىتى بولسۇن،
ئۇ: (1) تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر
ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا پايدىلىق بو-
لۇشى؛ (2) مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ۋە
خەلقئارا چوڭ ئېقىمدا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي
قىلىشقا پايدىلىق بولۇشى؛ (3) مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى
كۈچەيتىشكە، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى لازىم.①
فامىلىگە سۆز تاللاش پرىنسىپى مەسىلىسىدە، ئاشۇ «لايىھە» دە
مۇنداق توققۇز تۈرلۈك پرىنسىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇلار:
ئەركىن بولۇش؛ خاس بولۇش؛ مىللىي ئەنئەنىگە ئۇيغۇن بو-
لۇش؛ رەڭگارەڭ بولۇش؛ قىسقا بولۇش؛ ئامىباب بولۇش؛
مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش؛ تۇراقلىق بولۇش؛ فامىلە
ئىشلىتىشتە ئەر ـ ئاياللار باراۋەر بولۇشلاردىن ئىبارەت. بىز
ئىلگىرىكى سەھىپىلەردە مەزكۇر پرىنسىپلار ۋە ئۇلارغا مۇناسى-
ۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە كۆپ توختالغان بولغاچقا، بۇ يەردە
قايتا شەرھلىمەيمىز.

## 10. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشتا كېلىپ چىقىدىغان تەكرارلىق مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش

ئەنئەنىۋى فامىلە مەدەنىيىتى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلى-
دىغان مىللەت پسىخىكىسىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش شەرتى

---

① شۇ لايىھەدىن ئېلىندى.

ئاستىدا، فامىلىنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق
رولى — شەخسلەر ۋە جەمەتلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش،
ئۇچۇر دەۋرىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشىشتىن ئىبارەت. فامىلە-
نىڭ شەخسلەرنى، جەمەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئاسا-
سەن مۇئەييەن تىل شەكلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ۋەھالەن-
كى، شەخسىي سەۋەب ۋە ياكى تىل ھەم ئىقتىسادىي پرىنسىپلار-
نىڭ تەسىرىدە، ھەرقايسى جەمئىيەتلەردە ئوخشاش ئىسىملىكلەر
ۋە فامىلىلىكلەرنىڭ زور مىقداردا مەۋجۇت بولۇشى ئىجتىمائىي
ئالاقىلەرگە زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش
ئۈچۈن فامىلە شەكىللىرىگە قانداق پەرقلەندۈرگۈچ ئالاھىدىلىك-
لەرنى قوشۇشنى ئويلىشىش لازىم. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى —
فامىلىلەرگە مەلۇم بوغۇملارنى قوشۇش، فامىلە ئامبىرىنى كې-
ڭەيتىش، سۆز ۋە بوغۇملارنىڭ بىرىكىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش،
باشقا تىللاردىن فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدىغان سۆزلەرنى
قوبۇل قىلىشلاردىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار فامىلە قوللىنىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا،
كەلگۈسىدە يۈز بېرىشى مۇمكىنچىلىكى زور بولغان فامىلە تەك-
رارلىقى ھادىسىسىنى ئالدىن كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىر-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش — مەزكۇر ساھەدە پىكىر بايان قىلىۋات-
قان ئىلىم ساھىبلىرى ئۈچۈن ئەقەللىي مەسىلە بولسا كېرەك.
مۇشۇنداق ئەھۋالدا فامىلە قوللىنىدىغان مىللەتلەردىكى فامىلە
تەكرارلىقى ھادىسىسىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ۋە ئۇلارنىڭ مەزكۇر
مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى كونكرېت چارە - تەدبىرلىرىدىن
ئۆرنەك ئېلىش - بىزچە ئەرزىيدۇ.

فامىلە تەكرارلىقى ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن بۇرۇنلا
ئىسىم تەكرارلىقى ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى بى-
لىش زۆرۈر. ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى نوپۇسى سەككىز مىليون
ئۆپچۆرىسىدە بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن ئۇيغۇرلار مىڭ يىللار مابەي-



نىدە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئىسىملار يەتتە مىڭ ئۆپچۆرىسىدە
بولۇپ، بۇ بىر مىللەتنىڭ ئىسىم قويۇش ئەنئەنىسىدىكى بىرقەدەر
غەيرىي ئەھۋال بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ يەتتە مىڭچە
ئىسىمنىڭ ھەممىسى سەككىز مىليونچە ئۇيغۇر تەرىپىدىن گوياكى
تەڭ تەقسىم قىلىپ قويغاندەك باراۋەر ئىشلىتىلىشكە سازاۋەر
بولغىنى يوق. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھەممەت (مەمەت قاتارلىق ۋارى-
يانتلىرىمۇ بار)، ياسىن، ئىبراھىم (ئۇرايىم ۋارىيانتىمۇ
بار)، قۇربان (قۇۋان ۋارىيانتىمۇ بار)، توختى، تۇرسۇن،
تۇردى، نىياز، ئايشەم (ھاشىگۇل ۋارىيانتىمۇ بار)، پاتىمە،
تۇرسۇنگۇل، ئابدۇللا... قاتارلىق نەچچە ئون ئىسىمنىڭ قول-
لىنىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە بىز تېخىچە
ئېنىق ستاتىستىكا نەتىجىسىگە ئېرىشمىدۇق. مانا مۇشۇنداق ئى-
سىم تەكرارلىقىنىڭ بىرقەدەر ئېغىرلىقى دەل ئۇيغۇرلاردا ئىسى-
مى - زاتى ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما باشقا بىر نام - بەلگە
ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر-
نىڭ پەرقلەندۈرگۈچ بەلگە - فامىلىنى قوللىنىشقا تەرەددۇت
قىلىشىنىڭ ئەڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر فامى-
لە قوللىنىشنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تۈپ سەۋەبلىرى بار دېيىلسە،
ئۇنداقتا بىر مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى
ئەڭ قۇلاي چارە بولغان جەمەت - ئائىلە ئىچىدىكى ئۇيۇشۇشچان-
لىقنى ئاشۇرۇش ئىستىكى، فامىلە قوللىنىدىغان مەدەنىيەتلىك
مىللەتلەر بىلەن ھەر قاتاردا بىللە تۇرۇش تەقەززاسى، شۇنداقلا
كىشىلىك سالاھىيەت، تۇرلۇك رەقەم، جەدۋەل، رويىخەتلەر ئار-
قىلىق ئىسپاتلىنىش تەلەپلىرى قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويالاي-
مىز. دەرۋەقە، خۇددى ئىسىم تەكرارلىقىغا ئوخشاش فامىلە
تەكرارلىقىنىڭ بولۇشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بولۇپمۇ
ھازىرقى ئەڭ كىچىك ئائىلىلەرنىلا ئاساس قىلىپ، ئەكسىچە
بىرقانچە ئائىلىدىن تەشكىل تاپقان چوڭ جەمەتلەر بويىچە بولمى-

غان ھالدىكى فامىلە قوللىنىش تەشەببۇسلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئاقىۋەتكە ھامىلدار بولۇشى مۇقەررەر ئەھۋالدۇر. شۇ سەۋەبتىن فامىلە تەتقىقاتى ۋە فامىلە قوللىنىش تەشەببۇسلىرىدا يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن پەرقلەندۈرگۈچى ئامىل ھېسابلانغان فامىلىلەردىمۇ زىيادە تەكرارلىقنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى كونكرېت ئويلىشىش لازىم.

فامىلە تەكرارلىقى مەسىلىسى ھەققىدە، فامىلە قوللىنىدىغان مىللەتلەردىكى ئاشۇ خىل ئەھۋالنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇ جەھەتتە خەنزۇلاردىكى فامىلە تەكرارلىقى ھادىسىسى ئەڭ تىپىك مىسال بولسا كېرەك. چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان «گىيۇنىنىس رىكورتى قامۇسى» دىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگودا جاڭ ( 张 ) فامىلىلىك نوپۇس ئەڭ كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن پۈتۈن جۇڭگو نوپۇسىنىڭ 9.7% ياكى 12.1% نى ئىگىلەيدىكەن. شۇ بويىچە بولغاندا مەزكۇر فامىلىلىكلەرنىڭ نوپۇسى 74 مىليونغا يېتىدىكەن. بۇ نوپۇس شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىغا تەڭ بولىدىكەن، شۇنداقلا ئەنگلىيە ياكى فرانسىيىنىڭ نوپۇسىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن.① ئەمما 1984 ـ يىلىدىن كېيىنكى ستاتىستىكىدا ۋاڭ ( 王 ) فامىلىلىكلەر ئەڭ كۆپ دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان. ئەڭ يېڭى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردا مەلۇم بولۇشىچە خەنزۇلاردا لى ( 李 ) فامىلىلىكلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ 7.9% ى لى فامىلىسىنى ئىشلىتىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا ۋاڭ ۋە جاڭ فامىلىلىرى بولۇپ، ئۇ ئىككى فامىلىنى ئىشلىتىدىغانلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خەنزۇلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 7.4% ى ۋە 7.1% نى ئىگىلەيدىكەن. بۇنىڭدىن باشقا لىيۇ ( 刘 ) فامىلىسىنى ئىشلىتىدىغان نوپۇس بىلەن چېن ( 陈 ) فامىلىسىنى ئىشلىتىدىغان نوپۇس

① ۋاڭ چۈەنگېن: «جۇڭگو فامىلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت يېشىمى»، ئىتتىپاق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي، خەنزۇچە نەشرى، 215 ـ 216 ـ بەتلەر.



ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پۈتۈن خەنزۇلار ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 5.4% ى ۋە 4.5% نى ئىگىلەيدىكەن. بىر مىليارد ئۆپچۆرىسىدە نوپۇسى بار خەنزۇلار ئىچىدە لى فامىلىلىكلەر 87 مىليون ئادەم، ۋاڭ فامىلىلىكلەر 80 مىليون ئادەم، جاڭ فامىلىلىكلەر 74 مىليون ئادەم ( بەزى مەلۇماتلاردا 78 مىليون ئادەم ) ، لىيۇ فامىلىلىكلەر 60 مىليون ئادەم، چېن فامىلىلىكلەر 50 مىليون ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 350 مىليوندىن ئېشىپ كېتىدىكەن.① خەنزۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى بىر مىليارد ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار دائىم ئىشلىتىدىغان فامىلىلەر بەش يۈز ئۆپچۆرىسىدە بولغاچقا، ئوخشاش فامىلىلىكلەر ئىنتايىن كۆپ ئەھۋال شەكىللەنگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش فامىلە ۋە ياڭ ( 杨 ) ، جۇ ( 周 ) ، خۇاڭ ( 黄 ) ، جاۋ ( 赵 ) ، ۋۇ ( 吴 ) ، سۇن ( 孙 ) ، شۇ ( 徐 ) ، لىن ( 林 ) ، خۇ ( 胡 ) ، جۇ ( 朱 ) ، قاتارلىق ئون فامىلە بولۇپ جەمئىي ئون بەش فامىلە چوڭ فامىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنى ئىشلىتىدىغان ئادەم پۈتۈن خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ دېگۈدەك يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما، ئادەتتە «جاڭ، ۋاڭ، لى» لار جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ ئۈچ فامىلە بولۇپ سانىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق فامىلە تەكرارلىقىغا قارىتا، كىشىلەر فامىلىلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇروڭ ( 摹蓉 ) ، خۇيەن ( 呼延 ) ، ۋېيچى ( 尉迟 ) ، جۇگې ( 诸葛 ) ، ئوۋياڭ ( 欧阳 ) ، سىما ( 司马 ) ، دۈەنمۇ ( 端木 ) غا ئوخشاش مۇرەككەپ فامىلىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندىن باشقا، يەنە دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى قوشۇپ مۇرەككەپ فامىلە ياساپ ياكى ئاددىيلاشتۇرۇپ بىر خەتلىك ئاددىي فامىلە ياساپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. دېمەك، خەنزۇلاردا مۇنداق فامىلە تەكرارلى-

① ۋاڭ زېشۇ: «فامىلە، ئىسىم، لەقەم». سىچۇەن خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 112 ـ 113 ـ بەتلەر

قىنى ئازايتىدىغان چارە بولسا مۇرەككەپ فامىلىلەرگە يۈزلىنىش، دادا ۋە ئانا تەرەپنىڭ فامىلىسى قوشۇپ ئىشلىتىش قاتارلىق شەكىللەر بولدى.

ئىسىم - فامىلە تەكرارلىقى ھادىسىسى گەرچە ھەممە مىللەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولسىمۇ، بىراق ھەرقايسى مىللەت ۋە قوۋملەرنىڭ بۇ ئەھۋالنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەل قىلىش چارىلىرى ئوخشاپ كەتمەيدۇ. باشقا مىللەتلەردىكى مەزكۇر چارە خەنزۇلاردا قوللىنىلغان چارىدىن پەرقلىنىدۇ. فامىلە قوللىنىپ كەلگەن دۆلەت ۋە مىللەتلەردە بىرقەدەر كۆپ ئادەم قوللىنىدىغان فامىلىلەر ئادەتتە «چوڭ فامىلە» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقايسى مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا چوڭ فامىلىلىرى بار بولىدۇ. شياڭگاڭدا چىقىدىغان «رەڭگارەڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى» ( «彩色华侨» ) دېگەن ژۇرنالدا بىرقانچە دۆلەتتە ئەڭ كۆپ ئادەم قوللىنىدىغان چوڭ فامىلىلەر تىزىپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنى نەقىل قىلىپ كۆرسىتىمىز:

ئامېرىكا: سىمىس (ياكى سىمىت - Smith)، جونسون (Johson)، كارلسون (Carlson)؛

ئەنگلىيە: سىمىس (ياكى سىمىت - Smith)، جېنس (Jeans)، ۋىلىيامس (Williams)؛

رۇسىيە: ئىۋانوۋ (Иванов)، ۋاسلىيېۋ (Васлийсв)، پېتروۋ (Пстров)؛

فرانسىيە: مارتىن (Martin)، لېۋېرىئېر (Leverrier)، بېرنارد (Bernard)؛

گېرمانىيە: شۇلتىز (Schultz)، مۇللېر (Müller)، شمىت (Schmit)؛

شىۋىتسىيە: ئاندېرسون (Anderson)، جونسون (Johson)، كارلسون (Carlson)؛

ئىسپانىيە: گارسىيە (Garc'ia)، فېرناندېز



(Fernández)، گونزالېز (González)؛

يۇقىرىدا تىزىپ كۆرسىتىلگەن چوڭ فامىلىلەر ئەمەلىيەتتە تەكرارلىنىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان، بىر دۆلەت ياكى مىللەتتىكى خېلى كۆپ ئادەم ئىشلىتىدىغان فامىلىلەر بولۇپ، ئۇچۇر دەۋرىدىكى تورلۇق ئالاقىلەرگە ماسلىشىش ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرى فامىلىنىڭ تەكرارلىنىش نىسبىتىنى چۈشۈرۈش بويىچە بەزى تەدبىرلەرنى قوللانغانىدى. مەسىلەن، ئىلگىرى شىۋىتسىيىلىكلەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنىڭ فامىلىسى ئاندېرسون (Anderson)، 500 مىڭ ئادەمنىڭ فامىلىسى جونسون (Johnson)، نەچچە ئون مىڭ ئادەمنىڭ فامىلىسى موررىسون (Morrison) ئىدى. فامىلە ئېغىر دەرىجىدە ئوخشاش بولۇشتەك ئەھۋال پەقەت يەتتە مىليون نوپۇسقا ئىگە شىۋىتسىيە جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنى نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچار قىلغانىدى. ھۆكۈمەت تەرەپ مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، كىشىلەرنى 100 مىڭ فامىلە بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ 100 مىڭ فامىلە ئىچىدىن ئۆزلىرى مۇناسىپ كۆرگەنلىرىنى تاللىۋېلىشىنى، ۋە ئۇلارنى ئەسلىي قوللىنىپ كېلىۋاتقان فامىلىسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇش ياكى شۇندىن ئېتىبارەن تۇغۇلغان بالىلاردىن تارتىپ قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، ئەينى ۋاقىتتا ھەر يىلى 500 ئائىلە، 20 مىڭ ئادەم ئۆزلىرىنىڭ فامىلىلىرىنى ئۆزگەرتكەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قىسمەن مىللەتلەرنىڭ فامىلە تەكرارلىقىدىن ساقلىنىش ۋە ئازايتىش بارىسىدا ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقى ۋە ئەمەلىي خىزمەتلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ يەردە قىسقارتىلدى.

ئۇزاق ئەسىرلىك فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەتلەر بىلەن فامىلىنى ئەمدى ئاڭلىق ھالەتتە قوللانماقچى بولغان مىللەتلەردىكى فامىلە تەكرارلىقى خاراكتېر جەھەتتىن دېگەندەك ئوخشاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن. فامىلە ئۇرۇقداشلىق - جەمەتچى-

لىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، بىر قەدىمكى دەۋردىكى فامىلە قوللىنىش ئەھۋاللىرىدا ھەر كىشىنىڭ ئۆزى خالىغان (بۇنداق ئىختىيارىيلىق ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ ئىختىيارىيلىقى ئەمەس، ئەلۋەتتە.) نام بەلگىلەرنى جەمەتنىڭ فامىلىسى قىلىپ تاللىۋالغانلىقىنى، بۇنداق ئەھۋالدا يىراقراق، بىۋاستە خوشنا بولمىغان ئۇرۇق - جەمەتلەر بىلەن ئوخشىمىغان فامىلە قوللىنىش توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈشمىگەنلىكىدەك ئەھۋاللارنى كۆرۈشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەدىمكى دەۋردە فېئوداللىق سۇيۇرغال تۈزۈمى بويىچە، خاقان - پادىشاھلار خىزمەت كۆرسەتكەن تۆھپىكار زاتلارغا فامىلە - لەقەم ئىنئام قىلغان چاغلىرىدا، فامىلە ئىنئام قىلىنغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار - يوقلۇقىغا، نەسەبداش، جەمەتداش بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا ئېتىبار بېرىشتىن كۆرە، كۆپىنچە ئالىي ھوقۇق دەرىجىسىدە تۇرۇپ، خانلىققا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئېتىبارى بىلەنلا نام - لەقەم ئىنئام قىلغانلىقىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۆتكەن دەۋرلەردە جەمئىيەتنىڭ فامىلە تۈزۈمىنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارنىڭ بولمىغانلىقى، بولغان تەقدىردىمۇ كۆپىنچە رول ئوينىيالمىغانلىقى، كىشىلەردە فامىلە تەكرارلىقىدىن ساقلىنىشتەك ئېھتىيات پسىخىكىسىنىڭ ئەكسىچە، چوڭ فامىلىلىك جەمەتلەرگە فامىلىداش ۋە نەسەبداش بولۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك تارىخىي باغلىنىشلىرى بىلەن پەخىرلىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۆتكەن دەۋرلەردىكى فامىلىلەر تەكرارلىقى بىلەن يېڭىدىن قوللىنىلماقچى بولغان فامىلىلەر تەكرارلىقى ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار، دەپ ئويلايمىز.

ئۇيغۇرلار تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە، كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان فامىلىلەر تەكرارلىقىدىن ساقلىنىشنىڭ مۇمكىنىيىتى بارلىقى ھەققىدە جامائەتنىڭ



پىكرى بىردەك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بارلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ بىر - بىرىگە زادى ئوخشىمايدىغان تۇراقلىق فامىلىلەرنى قوللىنىپ، فامىلە تەكرارلىقىدىن مۇتلەق ساقلىنالىشى بىرقەدەر قىيىن. دېمەكچىمىزكى، قىسمەن دائىرىدە، بىر - بىرىدىن يىراق يۇرتلاردا ياشايدىغان قىسمەن ئائىلە ياكى جەمەتلەرنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان تۇراقلىق فامىلىلەرنى تاللاپ قوللىنىشى — چۈشىنىشكە بولىدىغان ئەھۋالدۇر.

تۇراقلىق فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ چوڭ، مۇھىم مەنبە بولمىش جەمەت لەقەملىرىگە كەلسەك، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شەخسىي لەقىمى بار كىشىلەر بەك كۆپ تېپىلىسىمۇ، ئەمما ئورتاق لەقەمگە ئىگە ئائىلە ياكى جەمەتلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. يەنى جەمەت دائىرىسىدە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان، تارىخى بىرقەدەر ئۇزاق لەقەملەر كۆپ ئەمەس. شۇنداق ئەھۋالدا، تۇراقلىق فامىلىنى ھەربىر يەككە ئائىلە نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى بىر قاتار يەككە ئائىلىلەر بۆلۈنۈپ چىققان چوڭ جەمەت نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، جەمەت - ئائىلە لەقەملىرىنى تۇراقلىق فامىلە قىلىپ قوللانغاندا، بۇنداق تۇراقلىق فامىلىلەرنىڭ قاپلاش نىسبىتى يۇقىرىراق بولىدىغانلىقى، ھەمدە جەمەت لەقەملىرىنىڭ ئەسلىدىلا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل مەنبەدىن پايدىلىنىپ تۇراقلىق فامىلە قوللانغاندا، تەكرارلىق ئاز كۆرۈلىدۇ، ھەتتاكى كۆرۈلمەيدۇ. ئەمما بۇنداق تەكرارلىقنىڭ كۆرۈلمەسلىكى كېيىنكى تۇراقلىق فامىلە قوللانماقچى بولغان ئائىلە - جەمەتلەرنىڭ ئۆز لەقەملىرىنى تۇراقلىق فامىلە قىلىپ قوللىنىپ بولغان ئائىلە - جەمەتلەرنىڭ لەقەملىرىنى تەكرار قوللىنىۋالماسلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

ئىككىنچى تەرەپتىن، يەر ناملىرى تۇراقلىق فامىلە قىلىپ قوللىنىشقا بولىدىغان يەنە بىر مەنبە ھېسابلىنىدۇ. يەر ناملىرىنى

تۇراقلىق فامىلە قىلىپ قوللىنىش جەھەتتە دىققەت قىلىشقا تېـ
گىشلىك پرىنسىپ ۋە قائىدىلەرنى «ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلىـ
سىدىكى مۇۋاپىق ئەندىزە ۋە پرىنسىپلار» دېگەن بۆلەكتە تەپسىـ
لىي شەرھىيلەپ ئۆتكەنىدۇق. ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان زېمىنلاردىكى
يەر ناملىرى ئىچىدە ئوخشاش يەر ناملىرى كۆپ ئەمەس. مۇھاجىر
بولۇپ چەت ئەلدە تۇرغان ئۇيغۇرلار ياكى ئۆز ئانا يۇرتىدىن
ئايرىلىپ باشقا يۇرتلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالغىلى ئۇزۇن بولغان،
ئۆز يۇرتلىرىدىكى كىشىلەر بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە
تونۇشى ۋە ئىسپاتى بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز
يۇرت ناملىرىنى تۇراقلىق فامىلە قىلىپ قوللانغاندىمۇ تەكرارلىقـ
تىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى قوپال بولمىـ
غان ياكى زىيادە قوپال بولمىغان مۇتلەق كۆپ ئىسىم، سۈپەت،
ھەرىكەتنام، ھەتتا رەۋىش، سۈپەتداش، سان ۋە ئىملىق سۆزلەرـ
نىڭ ھەممىسىنى تۇراقلىق فامىلە ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.
بەزىلەر پەرقلەندۈرگۈچ تۈسىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، مەنىسىنىڭ
ئېسىل بولۇشى، كۈچلۈك تارىخىي تۈيغۇنىڭ ئىپادىلىنىپ تۇرۇـ
شى، ئاڭلاش ۋە تەلەپپۇز قىلىشقا قۇلاي (ھەتتا بەزىدە غەيرىي)
بولۇشىنى كۆزلەپ، نۇرغۇن سۆزلەرنى تۇراقلىق فامىلە ئورنىدا
ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، دەپ قارىشى مۇمكىن. شۇ نەرسە ئېنىق
بولۇشى كېرەككى، ھەرقانداق ئاددىي سۆز بولسىمۇ، ئۇ تۇراقلىق
فامىلە سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىكەن، ئۇنىڭغا دەرھال ئالاھىدە مەنە
يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، فامىلە سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، ئەمما
ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى سۆز مەنىسى ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەدەنىـ
يەت مەنىسى، يەنى مىللىي پسىخىكا، مىللىي خاراكتېر ۋە
مىللىي مەدەنىيەت مەنەلىرى بولىدۇ. شۇڭا تەلەپپۇز، ئاڭلىـ
نىش، تۈس، مەنە جەھەتلەردىن ئالاھىدە سۆزلەرنى ئىزدەپ ئولـ
تۇرۇش، ئەكسىچە مەنىسى يېقىملىق، ئەمما ئاددىي سۆزلەرنى



تۇراقلىق فامىلە ئورنىدا تاللىماسلىق ۋە ئىشلەتمەسلىك تەبىئىي
رەۋىشتە فامىلە تەكرارلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. مۇشۇ نۇقتىنى
كۆزدە تۇتۇپ، «تىلىمىزدىكى ھەربىر سۆز — مىڭ تىللاغا تەڭ
بىباھا بايلىق» دەپ چۈشىنىپ، ئاددىي سۆزلەرنى تۇراقلىق فامىـ
لە ئورنىدا ئىشلەتكەندە، فامىلە تەكرارلىقىدىن ساقلىنىپ قالغىـ
لى بولىدۇ.

تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش بىر خەلق ئىچىدە ھامان ئوقۇـ
مۇشلۇق كىشىلەر تەرىپىدىن باشلىنىدۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر
فامىلە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيتى ۋە ئەھمىيىتىنى بالدۇرراق
ھېس قىلغان بولغاچقا، ئۇلار ئالدى بىلەن تۇراقلىق فامىلە
قوللىنىش بازىسىدا، خەلقنىڭ يولباشچىلىرى بولۇپ قالىدۇ.
بىزنىڭچە بۇ فامىلىسىز مىللەتنىڭ فامىلىلىك مىللەتكە ئايلىنىش
جەريانىدا بېسىپ ئۆتىدىغان، شۇنداقلا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك
بولغان زۆرۈر مۇساپىسىدۇر. ئەگەر مۇشۇنداق بىر جەرياننى
باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ، مەجبۇرىي قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىـ
لىق فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش پەرمانلىرى چۈشۈرۈلىدىكەن،
ئۇنداقتا بۇ — خەلقنىڭ كېيىنكى تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش
ئىشىنىڭ ئومۇملىشىش جەريانىنىڭ نەزەرىيىۋى، ئاممىۋى ئاـ
ساسىي ئاجىز بولۇپ، ئاقىۋەتتە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى
ئەمەس، بەلكى سىياسىي مەجبۇرىيەت تەرىقىسىدە ئىستېمال قىـ
لىنىدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى زور بولىـ
دۇ. دەرۋەقە، ئۇيغۇرلاردا ئاڭلىق رەۋىشتە فامىلە قوللىنىش
ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ۋۇجۇدقا كېلىشكە باشلىـ
ندى. بۇنى كۆپىنچە خەلقپەرۋەر، ئۆزلۈك ئېڭى ئۈستۈن ئىلىم
ساھىبلىرى بەجا كەلتۈردى. ئۇلاردىن بەزىلەرنىڭ جەمەت ناملىـ
رى بولمىش تۇراقلىق فامىلىلىرى خەلقىمىزگە ئايان بولدى.
نۆۋەتتە فامىلە قوللىنىش ھەققىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىـ
شىغا ئەگىشىپ، تۇراقلىق فامىلە قوللانغان ۋە قوللىنىشنى

ئويلىشىۋاتقان كىشىلەر كۆپىيىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەينى بىر ياكى بىرقانچە سۆزنىڭ كۆپلىگەن جەمەت ۋە ئائىلىلەر تەرىپىدىن تۇراقلىق فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىلىپ قېلىپ، تەكرارلىق يۈز بېرىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بىزنىڭچە، خۇددى ئىسىم ئۆزگەرتىش ئېلانلىرىغا ئوخشاش، مەلۇم فامىلىنى ئالدىنئالا قوللانغان ئائىلە ياكى جەمەتلەر ئۆز فامىلىلىرىنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار، مەسىلەن، مەتبۇئاتلارغا ئېلان بېرىش، جەمەت ياكى ئائىلە نامىدىن مەلۇم فامىلىنى تۇراقلىق قوللىنىشقا باشلىغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن مەلۇم خىلدىكى مۇراسىملارنى تەشكىللەش. . . ئارقىلىق ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ئاشكارا قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى تاللىۋالغان تۇراقلىق فامىلىنى باشقىلارنىڭ تاللىۋالماسلىقىنى ئىشارە قىلىشلىرى زۆرۈر.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنى ئىرادە قىلىشى ئۈچۈر دەۋرى باشلانغان، يېڭى ئەسىرمۇ باشلانغان، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي رىقابىتى جىددىيلىشىۋاتقان، ئۆزلۈك ئېڭىنى ئويغىتىش ئىنتايىن زۆرۈر بولغان خەيرلىك، ئەمما مۇشكۈل بىر دەۋرگە دۈچ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلماقچى بولغان فامىلىلەردە چىققۇسى ئېھتىمالى بولغان تەكرارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — ئۈچۈر دەۋرىنىڭ بەلگىسى بولغان كومپيۇتېر تورلىرىدىن پايدىلىنىش بولسا كېرەك. ئەلۋەتتە، كومپيۇتېر تورلىرىدىن پايدىلىنىشنى فامىلىلەردىكى تەكرارلىقتىن ساقلىنىش بىلەن ئەپچىل بىرلەشتۈرۈش مۇمكىنىيىتى تامامەن بار بولۇپ، مەيلى فامىلىنى ئالدىنئالا قوللانغان ئائىلە - جەمەتلەر بولسۇن، ياكى بۇنىڭدىن كېيىن فامىلىنى ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا قوللىنىدىغان ئائىلە - جەمەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ پايدىلىنىش مۇمكىنچىلىكى بولغان فامىلىلىرىگە ئىشلىتىدىغان سۆزلەر ئامبىرىنى كومپيۇتېر توردا



تۇرغۇزۇش، شۇنداقلا قوللىنىپ بولغان فامىلىلەرنى كومپيۇتېر تور بەتلىرىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇقلىرىدا ئېلان قىلىپ ئاشكارىلاش ۋە ياكى مەخسۇس ئۇيغۇر فامىلىلىرى تور بېكىتى قۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىشتىراك قىلغۇزۇپ، فامىلە تەكرارلىقىدىن ساقلىنىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەرنى كلاسسىك دەستۇرلاردىن فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان سۆزلەرنى ئىزدەپ يۈرۈشتەك ئاۋارىچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، فامىلە قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن «فامىلە سۆزلۈكلىرى قوللانمىسى»نى تۈزۈپ تارقىتىش زۆرۈر.

تۇراقلىق فامىلىلەرنىڭ تەكرار قوللىنىلىشىدىن ساقلىنىشتا يەنە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىدا رويخەتكە ئالدۇرۇش، قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق ئۆزلىرى تۇراقلىق فامىلە قىلىپ تاللىۋالغان سۆزلەرنىڭ خاس ئىشلىتىلىش ھوقۇقىنى قانۇنلاشتۇرۇش زۆرۈر. دۆلىتىمىزنىڭ «ھەق - تەلەپ قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرى»نىڭ 99 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «پۇقرالارنىڭ ئىسىم - فامىلىگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى بار. ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىنى بەلگىلەش، ئىشلىتىش ۋە بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىش ھوقۇقى بار. باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى، ئوغرىلاپ ئىشلىتىشى، ئۆزىنىڭ قېلىۋېلىشى چەكلىنىدۇ». كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، قانداق فامىلىنى تاللىۋېلىش شەخسنىڭ ئەركىنلىكى بولۇپ، مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۇنداق - مۇنداق فامىلىنى تاللىۋېلىشقا زورلاش قانۇنغا خىلاپ قىلمىشتۇر. بۇنىڭدىن سىرت، مەلۇم فامىلىنى دەسلەپ تاللاپ بولغان شەخس ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەزكۇر فامىلىنىڭ تاللىنىلىشى ئۇنىڭ شۇ شەخسنىڭ خۇسۇسىي مۈلكى ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەرىپەتلىك بىر جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، فامىلە — پۇقرالارنىڭ سالاھىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇھىم ئامىل بو-

لوپ، مەيلى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش بولسۇن ياكى مەجبۇرىيەت، مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىشتا بولسۇن، ھەممىسى فامىلە ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، فامىلە خۇددى شەخسىي مۈلۈككە ئوخشاش قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. «قانۇن پۇقرالارنىڭ ئىسىم ـ فامىلە ھوقۇقىنى قوغدايدۇ. پۇقرالار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئارقىلىق قانۇنىي قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللانغاندىلا، ئاندىن ئۆزى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيدۇ، ھەق تەلەپ داۋا ئىشلىرىنى بېكىتەلەيدۇ. پۇقرالارنىڭ ئۆز ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بولىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى قانۇنسىز ھالدا ئىشلىتىۋېلىشىغا ياكى ئۆزگەرتىۋېتىشىگە قارشى تۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. پۇقرالارنىڭ ئىسىم ـ فامىلە ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارىتا ئەھۋالنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى ۋە تەسىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ، ھەق ـ تەلەپ مەسئۇلىيىتى ياكى باشقا قانۇنىي مەسئۇلىيىتى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.»① دېمەك، قانۇنىي رويخەتلەرگە چۈشۈرۈلگەن (مەسىلەن، ھەر خىل شەكىلدىكى ئىسپاتنامىلەر، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئارخىپلىرى، مەتبۇئات يۈزى) فامىلىلەرنىڭ شۇ فامىلىلىك جەمەتكە مەنسۇپ بولمىغان كىشىلەر تەرىپىدىن قايتا تەكرار ئىشلىتىلىشى يالغۇز ئاددىي تەكرارلىق مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى قانۇنىي جاۋابكارلىقى بار بولغان ئىشتۇر. مۇشۇ نۇقتىدا خەلقىمىزنىڭ فامىلە، جەمەتچىلىك، ئىسىم ـ فامىلە ھوقۇقى ۋە باشقا قانۇنىي چۈشەنچىلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، قوللىنىلغۇسى تۇراقلىق فامىلىلەردە تەكرارلىقىنىڭ كۆپ يۈز بېرىشىدىن تامامەن ساقلىنىشىمىز مۇمكىن بولىدۇ.

① دولق رۇ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ھەق تەلەپ قانۇنى پرىنسىپلىرى»، قانۇن نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 48 ـ بەت.



## 11. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە پايدىلىرى

دوكتور ئەسەت سۇلايمان «ئۆزلۈكنىڭ چاقىرىشى ۋە فامىلە ئىنقىلابى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن، فامىلە قوللىنىش، ھەمدە مىللىي ۋە زامانىۋى بولغان ئۇيغۇر فامىلە سىستېمىسى تۇرغۇزۇش مەسىلىسىنى 21 ـ ئەسىردە ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.① ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا، يەنى مىلادىيە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپلا نۇرغۇن ئويغاقلار ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئۆزلىرى ئاۋانگارتلىق بىلەن فامىلە تۇسىدىكى ناملارنى قوللىنىش، ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىلىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بېرىش، كىشىلەرنى فامىلە قوللىنىشقا دەۋەت قىلىش شەكىللىرىدە ئىجتىھات كۆرسەتكەنىدى. بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن كېيىن مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرىلىشى، مىللەت ئىشىغا مەسئۇلىيەتچان كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، بىر تۈركۈم زىيالىيلار ئۇيغۇرلار ئۈچۈن فامىلە سىستېمىسىنى لايىھىلەشتەك زور ئىشقا ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن قول تىقىپ، نۇرغۇن تەشەببۇسلارنى يۇرگۈزدى. خىتابنامە، ماقالە ۋە ئوبزور قاتارلىق شەكىللەردە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە توختاۋسىز مۇراجىئەت قىلدى ۋە قىلماقتا. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنىڭ نەقەدەر زور زۆرۈرىيەتكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلاردا فامىلە

① بۇ ماقالە، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

قوللىنىشتا قانداق زورۇرىيەتلەر بار، دېگەن مەسىلىگە ئوخشىمى-
غان ئىلىم ساھەبلىرى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن كۆپ سەۋەبلەر-
نى ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ بۇ يەردە ئۇ پىكىرلەرنى تەكرارلاپ
ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

ئىنسان ناملار قايىنىمىدا ياشايدۇ، نەرسىلەرگە، ھادىسىلەر-
گە، ئۆزىگە نام بېرىش ـ ئىنسانىنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ئەڭ
زور ئالاھىدىلىكىدۇر. شۇڭا بىز ئىنسان نام قويمىغان شەيئىنىڭ
بارلىقىنى بىلمەيمىز. ئىنسان پەيدا قىلغان ناملار ئىچىدە ئىنسان-
غا ئالاقىدار ناملار، جۇملىدىن كىشى ئىسىملىرى، جەمەت فامى-
لىلىرى، لەقەملەر، ئۇنۋان ناملىرى ۋە ھۆرمەت ناملىرى ئەڭ
كۆپ سىمۋوللۇق مەنىلەر ئاتا قىلىنغان، قويۇق ھېسسىي تۈس
بېرىلگەن، ھەتتا ئىنسان ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى، جەمئىيەتنىڭ
تۈزۈمى ۋە تەرەققىياتى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن ناملار بولسا
كېرەك. ئىنسان مەۋجۇت بولغانىكەن، ئۇنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ
جەمئىيەت تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان ئىسمى بولىدۇ. ئىنسان
پەيدا قىلغان دۆلەت، مىللەت، قەبىلە، ئۇرۇقلارنىڭمۇ ئۆزىگە
لايىق نام ـ شەرىپى بولىدۇ. دېمەك، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدى-
كى يەككە شەخسلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى مەلۇم جەھەتلەردە ئور-
تاقلىقى، مۇناسىۋىتى بولغان شەخسلەر توپىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق
نامى بولىدۇ. ئۇنداقتا مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ
كىچىك، ئەمما ئەڭ ئاساسىي بىرلىكى بولغان ئائىلە ۋە جەمەت-
نىڭمۇ نامى بولۇشقا تېگىشلىك. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنى-
دەك، جەمەت ۋە ئائىلىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئورتاق نام — دەل
فامىلىدۇر. ئۇيغۇرلاردا خۇددى باشقا مىللەتلەردىكىدەك، قەدىمى-
كى زاماندا فامىلە ۋە فامىلە تۈسىدىكى ناملارنى قوللىنىش ئادىتى
بولغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە
ئۇرۇق ـ قەبىلە تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى، جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ
سۇسلىشىشى، ئەرەبچە ناملاش ئادىتىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى، ئۇي-



غۇر جەمئىيىتىدە 17 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن بىر مەزگىل يۈز
بەرگەن مىسلىسىز مالىمانچىلىق ۋە تراگېدىيە، . . . قاتارلىق
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار ئاخىرى ھەقىقىي رەۋىشتىكى
فامىلىسىز مىللەتكە ئايلاندى. فامىلە بولماسلىقنىڭ زىيانلىرى
ئۆتكەن دەۋرلەردە ئانچە بىلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما
20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن كېيىن ھەقىقىي بىلىنىشكە
باشلىدى. ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە يىلتىزى چوڭقۇر فامىلە ئېڭى
بار خەنزۇ مىللىتى بىلەن باراۋەرلىكتە بىللە ياشاش ئۇيغۇرلارغا
«فامىلە» ئۇقۇمىنى يەنە بىر قېتىم ھەدىيە قىلدى. « 姓名 »
دېگەن تەلەپكە قارىتا بىز ئۆز ئىسمىلىرىمىز ئاخىرىغا ئاتىمىزنىڭ
ئىسمىنى قوشۇپ جاۋاب بېرىش بىلەن قانائەتلەنگەندەك بول-
دۇق ـ يۇ، ئەمما ئاتىمىزنىڭ ئىسمىلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى تەلەپتە
دېيىلىۋاتقان « 姓 » (فامىلە) ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ يۈر-
دۇق. ئىلىم تەھسىل قىلىش، تىجارەت، خىزمەت، تۇغقان يوق-
لاش، كۆچمەن بولۇپ چىقىپ كېتىش قاتارلىق مەقسەتلەر بىلەن
فامىلىلىك مىللەتلەر قۇرغان دۆلەتلەرگە چىققاندا، نۇرغۇن ئۇي-
غۇرلىرىمىز فامىلە بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە پەرقى
بارلىقىنى دەپ بېرەلمىدى، «شەخس ئىسمى — ئاتا ئىسمى —
فامىلىسى» دېگەن ئىمزالاردا ئاتىسىنىڭ ئىسمىلىرىنى بىردە «فا-
مىلە» نىڭ ئورنىغا يازسا، بىردە «ئاتا ئىسمى» نىڭ ئورنىغا ياز-
دى. تۈرلۈك ھۆججەت، ئىلتىماس، پاسپورت، ۋىزا. . .
قاتارلىق قانۇنىي پۈتۈكلەرگە ئىمزا قويغاندا، فامىلە بىلەن ئاتا
ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ ياكى ئۇنىڭدىن بىرىنى ئاق قالدۇرغاچقا،
ئىمزالىرى ئىناۋەتكە ئېلىنمىدى. بىز بۇ يەردە چەت ئەللىكلەر
نەزىرىدە ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئائىلە ـ جەمەت تۇيغۇسى
زادىلا يوق، ھەتتا ئائىلە ـ جەمەت نامىنى ئىشلىتىشتىن ئۇيىل-
دىغان «قاچاق» لار قاتارىدا سانىلىپ قالغانلىق ئېھتىمالىنى ھەم
چەتكە قاقالمايمىز. دېمەك، زامانىمىزدا ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارا

ئالاقىلەرگە بارغانسىرى كۆپ ئىشتىراك قىلىشىغا ئەگىشىپ،
فامىلە قوللىنىش ئەڭ كۈچلۈك تەقەززاغا ئايلاندى.
نامىلاش — ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ بەلگىلىرىدىن بىرى-
دۇر. ئىلمىي، توغرا، ئۆزىگە خاس ۋە دەل نامىلار بىلەن ئەشيا،
ھادىسىلەر، ئىجتىمائىي بىرلىكلەرنى ئاتاپ بېرىش ۋە شۇنداق
نامىلار توپلىمى بولۇش — مىللەتلەرنىڭ ئويغارلىق دەرىجىسىنىڭ
ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. خۇسۇسەن، كىشى ئىسىملىرى ۋە فامى-
لىلىرىنىڭ ئۆلچەملەشكەن سىستېمىسى — بىر مىللەتنىڭ ئۆزى-
نى تونۇش دەرىجىسىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرىدۇر. بىز ئۇيغۇرلار-
دا ھەر كىشى ئۆزى خالىغانچە سۆزلەرنى تاللاپ پەرزەنتلىرىگە
ۋە ئۆزلىرىگە ئىسىم قويۇۋالىدىغان، ئىسىم قويۇشتا چوڭ، ئەھ-
مىيەتلىك مۇراسىملار ئازراق بولىدىغان، ئۇلۇغ بوۋىسىدىن تار-
تىپ ئۇنىڭدىن يۇقىرىدىكى ئەجدادلىرىنىڭ نامىلىرىنى ئېيتىپ
بېرەلمەيدىغان، ھەربىر قانداش كىشىلەر ۋە بۇ كىشىلەرگە نىكاھ
ئارقىلىق باغلانغانلارنىڭ ئورتاق نامى بولمايدىغان ئەھۋالغا قا-
راپ، ئۇيغۇرلارنى مەرىپەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن چىقىرىۋېتەل-
مىسەكمۇ، ئەمما بۇنداق كەمتۈكلۈك مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىكى بىر نۇقسان بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ. فامىلىلەرنىڭ تۈپ رولىنىڭ جەمەتلەرنى تاشقى جەھەتتە
باشقا قانداش گۇرۇھلاردىن پەرقلەندۈرۈش، ئىچكى جەھەتتە جە-
مەت ئىچىدىكى ئەزالارنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىكەنلىكى ئېتىبارىدىن
قارىغاندا، فامىلىنىڭ بولماسلىقى — ئۇيغۇرلاردا ھەممە شەخس-
لەرنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتنى سۇرۇشتۇرمەيدىغان «ئۆم-
لۈكى»، «كەڭ قورساقلىقى» ۋە «ئۇلۇغۋار نەزەرلىكى» دىن
دېرەك بەرسىمۇ، ئەمما مەيلى ئۆملۈك بولسۇن، ئۇيۇشقاقلىق
بولسۇن، ئۇ ھامان ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى ھەربىر
ئائىلىدىن، جەمەتتىن باشلىنىدىغان پائالىيەتتۇر. دېمەكچىمىز-
كى، جەمەت فامىلىسىنىڭ بولماسلىقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كى-



چىك جەھەتتە ئائىلىلەردىن تارتىپ چوڭ جەھەتتە پۈتۈن ئۇيغۇر
جەمئىيىتىگىچە بىر خىل چېچىلاڭغۇلۇقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى
مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەجدادلار روھىغا
سېغىنىش پەقەت نەزىر - چىراغ، تارىخىي كىتابلارنى ۋاراقلاش،
قەبرە يوقلاپ قويۇش. . . قاتارلىق شەكىللەر بىلەنلا ئىپادىلەنسە
كۇپايە قىلمايدۇ. ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ماكانىنى تاشلاپ قويماي،
كۆكلىتىپ تۇرۇش — ئەجدادلارنى سېغىنىشنىڭ مۇھىم ئالامىتى
بولالمايدۇ. بىزچە، مۇھىم بەلگە — ھەربىر شەخسنىڭ ئۆز
ئەجدادلىرىنىڭ نام - شەرىپىنى تولۇق بىلىشى، ئۇلارنىڭ
ئىش - ئىزلىرى خاتىرىلىنىدىغان نەسەبنامىلەرنى تۈزۈشى، ئەۋ-
لادلارغا ئەجدادلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشى، ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى
ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك ئىشلىرى ئارقىلىق باغ-
لىشى. . . بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، يۇقىرىقىلار ئەمە-
لىيەتتە ئىنسان مەدەنىيىتىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. جاھان مىل-
لەتلىرى بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى
مىللەتنىڭ ئۆزىدىكى ئىچكى ھاياتىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن،
ھامان قانداشلار (ئەمەلىي قانداشلىق ۋە ئىجتىمائىي قانداشلىق
مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغانلار) نىڭ ئۆز جەمەتلىرىگە ئورتاق نام -
فامىلىلەرنى قوللىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.
ھەرقانداق مىللەتلەردىكى ئىسىم - فامىلىلەر ئالاھىدىلىكى-
نىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسى ئىچكى جەھەتتە
ئۇيۇشتۇرۇش، تاشقى جەھەتتە پەرقلەندۈرۈشتەك ئىقتىدارغا ئىگە
بولىدۇ. ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش
ئىقتىدارى ھەم ئىجتىمائىي جەھەتتىن تۈرگە ئايرىش، خەلق
بىلىمى، ھەرىكەت - قىلىق قائىدىلىرى، ئالاقە، ئۇچۇر يەتكۈ-
زۈش قاتارلىق ئەمەلىي تەرەپلەرگە بېرىپ چېتىلىدۇ ھەم تەسەۋ-
ۋۇر، ئىجادىيەت، ئىختىرا، ئەسلىمە قاتارلىق روھىي پائالىيەت-
لەر ھەم ئۇلارنىڭ ئىپادىلىرىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ئىسىم -

فامىلىلەردە ئىپادىلىنىدىغان ئۇيۇشتۇرۇش ۋە پەرقلەندۈرۈش ھا-
لىتىنىڭ ئەڭ تېگىگە ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇش
سۈپىتىدە ئىگە بولىدىغان تۇپ بىئولوگىيىلىك ئىقتىدارى يوشۇ-
رۇنغان بولىدۇ. بىراق، ئىسىم - فامىلىلەردە ئەكس ئەتكەن
بۇنداق ئىقتىدار ئالىلىقاچان ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۈسكە ئىگە
بولۇپ بولغان بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىستېتىك ۋە
ھېسسىي ئۆلچەملەر سۈپىتىدە، ئىسىم - فامىلىلەرگە چەكلەش
خاراكتېرلىك ئەندىزە ۋە رامكىلارنى ھەدىيە قىلغان. ئىپتىدائىي
جەمئىيەتتە ئىسىم - فامىلىلەر پەرقلەندۈرىدىغان ئوبيېكت ئاسا-
سەن ئىجتىمائىي توپۇملار ئىدى. ئەمما، ھازىرقى زامان جەمئى-
يىتىدە، ئويغارلىق دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئىجتىمائىي ئىش
تەقسىماتىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى بىلەن، ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ
شەخسلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنىڭ نىسبىتى ئۆرلىدى. ئو-
مۇمىي گەۋدىدىن قارىغاندا، ئىسىم - فامىلىلەر پەرقلەندۈرىدىغان
قاتلام ئۈچ بولۇپ، ئۇلار: شەخسلەرنى پەرقلەندۈرۈش، سالاھى-
يەتنى پەرقلەندۈرۈش ۋە قانداشلىق مۇناسىۋەتنى پەرقلەندۈرۈش-
تىن ئىبارەت. زامانىۋى جەمئىيەتتە، شەخسلەرنى پەرقلەن-
دۈرۈش - ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئىقتىدارىدۇر. سالاھىيەتنى
پەرقلەندۈرۈش بولسا مىللەت تەۋەلىكى، سىنىپ ئايرىمىسى،
مال - مۈلۈك، ئېتىقاد، پوزىتسىيە قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ. قانداشلىق مۇناسىۋەتنى پەرقلەندۈرۈش بولسا
ئاتا، ئانا، ئاتا - ئانىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى، نىكاھ، قانداش
كىشىلەر قاتارلىق ئىجتىمائىي ئېتىراپچىلىق ئامىللىرىغا بېرىپ
چېتىلىدۇ. ئىسىم - فامىلىلەرنىڭ سالاھىيەت ۋە قانداشلىق
مۇناسىۋەتنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگە-
شىپ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولدى، يەنى، ئۇلار-
نىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولى نىسبەتەن مۇھىم
بولغان بولسا، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە بولسا ئۇنداق ئە-



مەس. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە فامىلىنىڭ ئىقتىدارىدا ئۆز-
گىرىش بولغانلىقى پاكىت. ئەمما بۇ فامىلىنىڭ رولى قالمىغان-
لىقىتىن دېرەك بەرمەيدۇ. دەل ئەكسىچە، ھازىرقى زامان مىللەت-
لىرىنىڭ فامىلىلىرى ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى نوقۇللا ئۇرۇق،
جەمەتلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان، نىكاھ مۇناسىۋەت-
لىرىدە تەڭشەش - تىزگىنلەش رولىنى ئۆتەيدىغان، مال -
مۈلۈك ۋارىسلىق ھوقۇقىغا چەكلىمە بەلگىلەپ بېرىدىغان، قان-
داش شەخسلەرنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىقتىدارىنى ساقلاپ قېلىپ ۋە
ئۇلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يەنە ئىقتىسادىي، سىياسىي، قانۇنىي
مەنىلەرگە ئىگە بولغان. باشقىچە ئېيتقاندا، فامىلىلەرنىڭ رول-
دىمۇ مۇۋاپىق كېڭىيىش ۋە «زامانىۋىلىشىش» يۈز بەرگەن.
ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلىدىغان فامىلىلەرمۇ يالغۇز جەمەت - ئائىلە
نامى بولۇشلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئالاقىلەرنى تەرتىپلەيدى-
غان، قانۇنىي رەسمىيەتلەردە مۇھىم پاكىت بولىدىغان، مىراس
ۋە نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىدىن بىرى بولىدى-
غان، مۇھىمى نەسىل - نەسەب قارىشىنى تىكلەشكە پايدىلىق
بولىدىغان رولLARغا ئىگە بولىدۇ ۋە ئىگە بولۇشى كېرەك.
ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان فامىلىلەر ئارتۇقۇزىدىغان روللارنى
تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.
(1) جەمەتچىلىك ئېڭىنى ئويغىتىپ، قانداشلار ئارا ئىچكى
ئىتتىپاقلىقنى ئاشۇرۇش: خۇددى ئىلگىرىكى سەھىپىلەردە كەڭ-
رى بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، ئەمەلىي قانداشلىق ۋە ئىجتىمائىي
قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئۇ خىل قانداش-
لىققا نىسبەتەن تونۇشىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر،
مەلۇم نۇقتىدىن تارتىپ ئورتاق بىر فامىلىنى قوللانغاندا، ئۇلار
ئارىسىدا مۇقەررەر رەۋىشتە تەقدىرداشلىق، يىلتىزداشلىق تۇيغۇ-
سى ئېشىپ بارىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قانداشلار ئارا ئورتاق ئىجتى-
مائىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا، جەمەت دائىرىسىدە

زور مۇراسىملارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇشىغا، ھەربىر ئىشنى مەسلىھەت بىلەن ئىجرا قىلىشقا، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مىللەت دائىرىسىدە جەمەتلەر ھەم پەرقلىق ھەم ئۇيۇشقاق ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

(2) شەخسلەرنى ۋە جەمەتلەرنى بىر - بىرىدىن ئېنىق ئايرىپ، تەرتىپلىك ئىجتىمائىي ئالاقە تورىنى بەرپا قىلىش: ئۇيغۇرلاردا ئوخشاش ئىسىملىكلەر نۇرغۇن بولۇپلا قالماستىن، ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاشلارمۇ بىر قەدەر كۆپ. ئەنئەنىۋى ناملاش شەكلى بولغان «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى» گە «فامىلە» قوشۇلۇپ «شەخس ئىسمى + ئاتا ئىسمى + فامىلە» ھالىتىدە قوللىنىلسا، بۇنىڭدىكى پەرقلەندۈرگۈچ ئامىلنىڭ كۆپەيگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئوخشاش ئىسىملىكلەر ۋە ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئوخشاش بولغانلارنىڭمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرۇشى تامامەن مۇمكىن بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقىلەردە ئاتا ئىسمى قىسقارتىلىپ، شەخس ئىسمىلا ئاتىلىدىغان شەكىلگە فامىلە قوشۇلۇپ، شەخس ئىسمى بىلەن فامىلىلا ئېيتىلىدىغان، ھەتتا فامىلىلا ئېيتىلىدىغان ئەھۋال شەكىللەنسە، ئۇنداقتا كىشىلىك ئالاقىلەردىكى نۇرغۇن بىھۇدە سوئال ۋە ئاۋارىچىلىكتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە قاتلىمى ئېنىق كىشىلىك ئالاقە تورىنىڭ شەكىللىنىشىگە پايدىلىق بولىدۇ.

(3) خەلقئارا ئالاقىلەردە باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش راۋان ۋە توسالغۇسىز مۇناسىۋەت قىلىش: فامىلە قوللانغانىكەنمىز، ئۇ فامىلىنىڭ قانداق سۆز بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، خەلقئارا ئالاقىلەرگە ئىشتىراك قىلىدىغان ھەربىر ئۇيغۇر دۆلەت ئاتلايدىغان سەپەرلىرىدە، ئىمزا ۋە باشقا قانۇنىي رەسمىيەتلەرنى ئۆتەشتە، ئۈچ تەركىبلىك نامنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلاردىن خالىي بولالايدۇ. بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىمىسەكمۇ،



كىشىلەرگە ئايان.

(4) نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش، نەسلىنى ياخشىلاش: فامىلىنىڭ تۈپ رولىلىرىدىن بىرى نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەش ياكى تىزگىنلەش بولۇپ كەلدى. فامىلە ياكى فامىلە سۈپىتىدە قوللىنىلغان ناملارنىڭ قەدىمكى ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمى شارائىتىدە بۇ جەھەتتىكى چەكلەش كۈچى زور بولۇپ، ئومۇمەن ئوخشاش فامىلىلىكلەر ئارا نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ تىكلىنىشىگە يول قويۇلمىغانىدى. مانا بۇ «ئۇرۇق (ياكى جەمەت) ئىچىدىن نىكاھلانماسلىق پەرھىزى» دۇر. ۋەھالەنكى ئۇيغۇرلاردا جەمەت - ئۇرۇق - قەبىلە تۈزۈمى يىمىرىلىپ، جەمەت چۈشەنچىسى زور دەرىجىدە سۇسلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، يېقىن تۇغقانلار ئارا تويلىشىش، ھەتتا نەۋرە تۇغقانلارنىڭ ئۆز ئارا نىكاھلىنىشى چەكلىنىشنىڭ ئەكسىچە، دائىم ھىمايە قىلىنىدى. بۇ مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇن ئىرسىي كېسەللىكلەر ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىي نەسلىدىكى شالغۇتلۇق، سۈپەت جەھەتتىكى چېكىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. فامىلە قان - قېرىنداشلىق، تۇغقانچىلىق باغلىنىشلىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە - ئالامەت بولۇش سۈپىتىدە، قەدىمدىن بېرى فامىلىلىك مىللەتلەر ئۇنى نىكاھتا لايىق تاللاش ۋە نەسلىنى ياخشىلاشتا پايدىلىنىپ كەلگەن. ئىنسانشۇناس مورگانمۇ ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق دەيدۇ: «قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولمىغان ئۇرۇقلار ئارىسىدىكى نىكاھتىن، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە تېخىمۇ ساغلام بولغان نەسىللەر ئاپىرىدە بولىدۇ.» كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، مۇئەييەن ئۇرۇق مۇناسىۋەتلىرىنى ۋە قانداشلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەم قىلماي، قانداشلارنىڭ ئومۇمىي نامىغا ۋە ئۇنىڭ نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىدىكى چەكلەش كۈچىگە سەل قاراپ، يېقىن تۇغقانلار ئارا تويلىشىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان جىسمانىي ۋە ئەقلىي سۈپىتى ناچار، نەسلىدە

چېكىنىش بولغان ئەۋلادلارغا ئىرىشىشتەك ئاچچىق مېۋىنى تېتىـ
ۋېرىشى مۇمكىن.

فامىلە ئىسلاھاتى ۋە پەرزەنتلەرنى سۈپەتلىك تۇغۇپ، سۈپەتـ
لىك تەربىيىلەشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلاردا
قانداش كىشىلەر ئورتاق فامىلە قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
شۇ فامىلىلەرنى نىكاھ ئىشلىرىدا مۇھىم ئۆلچەم قىلىشلىرى
لازىم. ئەگەر فامىلىداشلار ئورتاق فامىلىسى بار تۇرۇقلۇق، يەنە
ئۆزئارا نىكاھلىنىشتىن خالىي بولالمىسا، ئۇنداقتا فامىلىنىڭ بۇ
جەھەتتىكى رولى تولۇق ئارتقۇزۇلمىغان بولىدۇ. شۇڭا فامىلە
ئىسلاھاتى (دەسلەپتە فامىلە قوللىنىش ۋە كېيىنكى فامىلە ئۆزـ
گەرتىش ئىسلاھاتلىرى) دا ئورتاق قوللىنىدىغان ھەم ئورتاق ئېـ
تىراپ قىلىشقا ئېرىشەلەيدىغان ئۆلچەم بولۇشى زۆرۈر. يەنى
مۇنداق ئۆلچەم قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى، تۇغقانچىلىق
مۇناسىۋەتنى پەرقلەندۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى، توي ـ نىكاھ
ئىشلىرىدا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا ئىگە بولۇشى،
شۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى سۈپەتلىك تۇغۇش ھەم تەربىيىلەشكە
پايدىلىق بولۇشى لازىم. مەيلى ئاتا تەرەپنىڭ فامىلىسىنى قوللىـ
نىشتا بولسۇن ياكى ئانا جەمەتنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىشتا بولـ
سۇن ۋە ياكى ئىككى جەمەتنىڭ فامىلىسىنى بىرلىكتە قوللىنىشتا
بولسۇن، مەلۇم ئۆلچەملەرگە رىئايە قىلىش كېرەك. بۈگۈنكى
دەۋردە، كۆپىنچە رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ نىكاھ ئوبيېكتىنى
تاللاش دائىرىسى تار ۋە كىچىك بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا،
فامىلىلەرنىڭ ئوخشاپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىش لازىم. قىسـ
قىسى، فامىلە ئىسلاھاتى بىلەن ئەۋلادلارنى سۈپەتلىك تۇغۇپ ـ
تەربىيىلەشنىڭ مۇناسىۋىتى، فامىلىلەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرى ۋە
ئەۋلادلارنى سۈپەتلىك تۇغۇشقا كۆرسىتىدىغان ئىجابىي تەسىرى
قاتارلىقلار ئۇيغۇر فامىلە ئىسلاھاتىدا دىققەت ئېتىبارىمىزنى قوزـ
غاشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر بولۇشى زۆرۈر.



(5) مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئۆلچىـ
مى بولۇش: فامىلە كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا مەۋجۇت بولۇپ، ئەمەـ
لىي ئاساسقا ئىگە «نىكاھ مۇناسىۋىتى ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى
پەرقلەندۈرۈش» رولىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، بۇ يەردە يەنە
ۋارىسلىق ھوقۇقى مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت. ئەنئەنىۋى فامىلىچىـ
لىك تۈزۈمىدە، فامىلە نىكاھ بىلەن مال ـ مۈلۈك مىراسخورلۇـ
قىنىڭ ئۈزۈن مەزگىللىك مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
مال ـ مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىسىدە قانۇن، ئەخلاق قاتارلىق
ئامىللارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئەمما ھازىرقى
رېئال ئەھۋال ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
فامىلە مۇقەررەر ھالدا ۋارىسلىق ھوقۇقى مەسىلىسىگە بېرىپ
چېتىلىدۇ. شۇڭلاشقا، فامىلىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق قوللىنىش ۋە
ئىسلاھ قىلىش ـ سىياسىي خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان بىر
تۈرلۈك مۇھىم ئىسلاھات تەدبىرى بولۇپ سانىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا
ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى مىراس ھوقۇقى ئۇقۇمى بار، شۇنداقلا
ئۇنىڭ ئىنچىكە پرىنسىپلىرى بار. بۇنداق ئۇقۇم ۋە ئۇنىڭ ئىپاـ
دىلىنىش شەكىللىرى ئىسلام دىنىدىكى مىراسقا ئالاقىدار ئەھكامـ
لاردىن، خەلقىنىڭ ئەخلاقىي تۇيغۇلىرى ۋە ئەنئەنىسىدىن كەلـ
گەن. شۇنداقلا ھازىرقى زاماندىكى مال ـ مۈلۈككە ۋارىسلىق
قىلىش مەسىلىسى كۆپىنچە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن نىزامـ
لىرى بويىچە ھەل قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار فامىلە قوللانغاندا جەمەت
ئىگىلىرى ياكى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ جەمەت ياكى ئائىلە ئەزالىـ
رىغا فامىلىسىنى ھەدىيە قىلىشى، ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىشى
ۋە رۇخسەت قىلىشى ـ ئەمەلىيەتتە شۇ ئەزالارنىڭ جەمەت
ياكى ئائىلە مال ـ مۈلكىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ مال ـ مۈلۈك
مىراس ئېلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى، باشـ
قىچە ئېيتقاندا، ئۇلارغا ئائىلە مال ـ مۈلكىدىن مىراس ئېلىش
ھوقۇقىنى بەرگەنلىكى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىـ

لىشلىرى زوّروّر. بۇ ئەھۋال بولۇپمۇ ئەرلەر نىكاھىغا ئالغان
ئايالللار ۋە بېقىۋېلىنغان بالىلارنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى مەسىلىسى-
دە تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بېقىۋالغان بىر
بالىنىڭ بېقىۋالغۇچىنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىشى ياكى بېقىۋال-
غۇچى بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئۆز فامىلىسىنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت
قىلىشى — ئەمەلىيەتتە بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ بېقىۋالغۇچى ئائىلە
مال - مۈلكىدىن مىراس ئېلىش ھوقۇقى بارلىقىنى ئېتىراپ
قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسىدىن بىرى بولۇپ ئىپادىلىنىشى كېرەك.
ئەلۋەتتە، بۇ مەلۇم بالىلارنىڭ باشقىلارنىڭ فامىلىسىنى خالىغان-
چە ئىشلىتىۋېلىپ، شۇ فامىلىلىك جەمەتلەردىن مىراس تەلەپ
قىلىشتەك مەنىسىز قىلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، بەلكى ئۇ
فامىلىنىڭ قانۇنىي رويخەتكە پۈتۈلۈشىنى شەرت قىلىدۇ. مەلۇم
ئائىلە شۇ ئائىلىنىڭ مەلۇم ئەزاسىنى قانۇن بويىچە ۋارىسلىق
ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغاندا، بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ فامىلىسىدىنمۇ
مەھرۇم قېلىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، فامىلىنى ئەركىن
تاللاپ ئىشلىتىش ھوقۇقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا ئېيت-
تىلغان ئەھۋاللاردا زىددىيەت كۆرۈلۈشى مۇمكىن. بۇ جەھەتتىكى
كونكرېت مەسىلىلەر فامىلە قوللىنىش داۋامىدا ئەھۋالغا قاراپ
ھەل قىلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ فامىلىنىڭ مال - مۈلۈك ۋارىسلىق
ھوقۇقىغا چېتىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ.

(6) مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى يىغىش ۋە قايتا ئايان قى-
لىش: فامىلىدە ئۇقۇلىدىغان مەنە فامىلە قىلىپ تاللىۋېلىنغان
سۆزنىڭ مەنىسىدىن كەڭ ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئاڭلىق
رەۋىشتە قەدىمكىگە سىڭگەن، مەدەنىيەت ئىزلىرىمىزدىن بېشا-
رەت بېرەلەيدىغان سۆزلۈكلەرنى فامىلە قىلىپ ئىشلىتىش بوسۇ-
غۇسىدا تۇرغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، ئەجدادلارنىڭ شانلىق ئىش -
ئىزلىرىدىن، يۇرتنىڭ گۈزەل ناملىرىدىن، ئەتراپىمىزنى ئوراپ
تۇرغان، شۇنداقلا ئەجدادلار ياراتقان ئەشيا ناملىرىدىن، بىپايان



مۇھىت ۋە ھادىسات ناملىرىدىن. . . ئېلىنغان فامىلىلەر ئۆتكەن
دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى فامىلە دائىرىسىگە يىغىپ
قايتا ئىپادىلەشكە، مەدەنىيەت روھىنى كەلگۈسىگە ئۇلاشقا پايدى-
لىقتۇر. بۇنداق مەدەنىيەتنىڭ ئائىلىۋى مەدەنىيەت ۋە جەمەت
مەدەنىيىتى شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇقەررەر ئەھۋال بو-
لۇپ، فامىلە سەۋەبىدىن ئائىلىلەر، جەمەتلەر ئەجدادلىرىنىڭ
مەدەنىيەت ئىزلىرىنى ئەسلەيدۇ، قازىدۇ، رەتلەيدۇ، نەسەبنامى-
چىلىك ۋە شەجەرىچىلىك يۈكسىلىدۇ، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ مۇ-
ھىم ئەندىزىسى شەكىللىنىدۇ ۋە كۆپىيىدۇ، كىشىلەردىكى تەنھا-
لىق ۋە كەمتۈكلۈك تۇيغۇسى يوقىلىدۇ. . . مانا مۇشۇنداق تەرز-
دە مىللەت دائىرىسىدە ئويغارلىق دەرىجىسى كۆنسايىن ئېشىپ
بارىدۇ. خۇددى ئابدۇقادىر جالالىدىن ئېيتىپ ئۆتكەندەك «فامىلە
مەسىلىسى ھەرگىزمۇ ئاددىي مەنىدىكى نەسەب مەسىلىسى بولماس-
تىن، بەلكى بىر خىل قېزىشتۇر، ئۆزىنى تونۇشتۇر، شۇنداقلا
ئېغىر مەسئۇلىيەتتۇر.»①

فامىلە خەلق ئارىسىدا شەكىللىنىدىغان ۋە ئىشلىتىلىدىغان
نام بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۈگۈنگە قەدەر ھازىرقى زامان دۆلەت
قانۇنلىرى ۋە ئۇلارنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، قان - قېرىنداش-
لىق، نىكاھ مۇناسىۋىتى، مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش
قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئويلىنىشقا تېگىش-
لىك بىر ئاساس سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، فامىلە ئۆزى
كۆرسىتىپ بېرىدىغان قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزىگە تەڭ بو-
لالمايدۇ. ئۇنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي، ئەخلاقىي ۋە
ھېسسىي جەھەتتىكى روللىرى ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك مەنىسىدىن
كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. فامىلە ئۇزاق تارىخىي جەريانلارنى بېسىپ
ئۆتكەندىن كېيىن، جەمەت (ئۇرۇق) سىرتىغا نىسبەتەن قانداش-

① ئابدۇقادىر جالالىدىن: «نەسەب، فامىلە، سالاھىيەت»، «مىراس» ژورنىلىنىڭ 2002 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان.

لىق مۇناسىۋەتنى پەرقلەندۈرۈش، ئىچكى قىسمىغا قارىتا جەمەت-
داشلارنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ دەل ۋە توغرا بەلگىسى بولالمايدىغان
بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى،
ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فامىلىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋەتنى ۋە
مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرۈش
رولىغا، ھەمدە ئۇنىڭ شەخسلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش
رولى ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىلىش رولىغا تەڭ ئېتىبار بېرىش پرىن-
سىپى — كىشىلەر ئالدىن ئويلايدىغان مەسىلىگە ئايلىنىدۇ.
بىز ئۇيغۇر فامىلىلىرىنىڭ ئائىلە ۋە جەمەتلەرنى تەبىقە ۋە
دەرىجە جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈشتەك ئەھمىيىتىنىڭ بولۇشىنى
تەشەببۇس قىلمايمىز. ھازىرقى ئۇيغۇرلار مەيلى ئۆز فامىلىسىنى
«تەگرىقۇت»، «قاراخان»، «تېكىن»، دەپ ئاتىسۇن، ياكى
«مىڭ بېشى»، «تۆرە»، «چوڭ» دەپ ئاتىسۇن، ۋە ياكى «ئەل-
لامە»، «مەۋلانە»، «خوجا»، «ئىشان» دەپ ئاتىسۇن، بۇنداق
فامىلىلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكىدەك رولغا ئىگە بولۇشىنى كۆپ
تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. تەبىقە تۈسىگە ئىگە فامىلىلەر قول-
لىنىلدى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ھامان رېئال تۇر-
مۇش ھالىتىدىن كېلىدۇ. بۇ فامىلە تاللاشتىلا ئەمەس، بەلكى
فامىلە قوللىنىشتا ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان نۇقتىدۇر.
فامىلە قوللىنىشنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئېلىپ كېلىدىغان
پايدىلىرى يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئۆز
پىكرىمىزنى قىسقىچىلا ئوتتۇرىغا قويدۇق. فامىلە قوللىنىش
تەشەببۇسلىرىنىڭ كۆنسېرى كۆپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقانلىقى،
نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ فامىلە قوللىنىشقا مايىل بولۇۋاتقانلىقى -
ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ فامىلىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەن-
لىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئىشىنىمىزكى، سىستېمىلىق،
مىللىي خاسلىققا ئىگە تۇراقلىق فامىلىلەر كەلگۈسى ئىشلىتىلىش
جەريانىدا، ئۆزىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئەھمىيىتىنى نامايەن قىلىدۇ.



## 12. تولۇقلىما

(1) ئۇيغۇر فامىلىلىرى تەتقىقاتىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئىك-
كى كەلىمە

مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەقدىرى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسى-
ۋەتلىك زور ۋەقە ۋە ئىسلاھاتلاردا، ھەممە كىشىنىڭ ئۆز ئىقتى-
دارلىرىغا يارىشا سالاھىيەت بىلەن ئاشۇ ۋەقەلەرگە، ئىسلاھاتلارغا
ئۆزىنى ئاياپ ئولتۇرماي ئىشتىراك قىلىشى — ئۇيغۇر مىللىتى-
دىكى ئېسىل روھلاردىن بىرى بولسا كېرەك. شۇنىڭ جۈملىسى-
دە، ئۇيغۇر فامىلىلىرى مەسىلىسى ھەققىدىكى تۇنجى ئىزدىنىش-
لەر باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي، قولىدا قەلەم توختايدىغانلىكى
ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش مەسىلىسى
ھەققىدە مۇلاھىزە ۋە پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى، ياكى شۇنىڭغا
ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز.
خۇددى «فامىلەشۇناسلىق ھەققىدە» دېگەن مەزمۇندا سۆز-
لەپ ئۆتكەندەك، ئىسىم - فامىلەشۇناسلىق ئىنسانشۇناسلىق ئىل-
مىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە ياۋروپادىكى فرانسىيە، گېرمانىيە
ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە 18 - ئەسىردىن تارتىپ باشلانغان
ۋە تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ مۇستەقىل بىر پەنگە ئايلانغان.
دۆلىتىمىزدە بولسا خەنزۇ مىللىتىدە يېغىلىق دەۋرىدىلا
ئىسىم - فامىلەشۇناسلىققا ئائىت خاس ئەسەرلەر بارلىققا كېلىش-
كە باشلىغان. ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئۆت-
كەن دەۋرلەردىكى بەزى ئەسەرلەردە، مەسىلەن، «دىۋانۇ لۇغاتىت
تۈرك» دە كىشى ئىسىملىرى ھەققىدىكى خاتىرە ۋە بايانلارنىڭ
بارلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، خېلىبۇرۇنلا باشلانغان، دەپ قارىيا-
لىساقمۇ، ئەمما ھەقىقىي، ئىلمىي مەنىدىكى ئىسىم - فامىلەشۇ-
ناسلىق تەتقىقاتى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلاندى. قايتا
ئويغىنىۋاتقان، تەرەققىيات ۋە مەۋجۇتلۇق ھەققىدە قايتا ئويلى-

نىشتەك ئەقىلگە كەلگەن مىللەت ئۈچۈن بۇنى مىللىي ئويغىنىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى دېمەي بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىدا دەسلەپتە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە مۇلاھىزىلەر كۆپرەك ئېلىپ بېرىلدى، ماقالە - ئەسەرلەر يېزىلدى. تارىختىن، ئانا تىلىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىدىن مەلۇماتى بار پېشقەدەم ئىلىم ساھىبلىرى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن تەتقىق قىلدى. پېشقەدەم تارىخچى، تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىي ئەپەندى ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىگە تارىخىي نۇقتىدىن نەزەر سېلىپ شەرھلىدى؛ تىلشۇناس خەمىت تۆمۈر ئەپەندى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى خەنزۇ جامائەتچىلىكىگە تەتقىقات شەكلىدە تونۇشتۇردى؛ تەزكىرەشۇناس نۇرمۇھەممەد دۆلەتىي ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە كۆپ ئىجتىھاد كۆرسەتتى ۋە فامىلە قوللىنىش تەشەببۇسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغۇچىلاردىن بولۇپ قالدى؛ ئابدۇرەئۇف پولات تەكلىماكانىي ئۇيغۇر تىلى ۋە كىشى ئىسىملىرىغا ئالاقىدار تەتقىقاتلىرىدا ئىسىم، لەقەم، تەخەللۇس ۋە فامىلە ھەققىدە يېڭى تەكلىپ - پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ مۇتەللىپ سىدىق قاھىرىي ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىغا زور ئەجىر سىڭدۈرۈپ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى»، «ئىسىم قويۇش قوللانمىسى»، «كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى» قاتارلىق خاس ئىسىمشۇناسلىققا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى مەدەنىيىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭ ئاساس سېلىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا ئابدۇللاھ مۇھەممەد ئۈمىديار، ئابدۇكېرىم راخمان، ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا، يولۋاس راشىدىن، ئارسلان ئابدۇللاھ، ئىسمەت قاسىم، ئىسمايىل تۆمۈرى، غوجا ئەھمەد يۇنۇس، سانىيە قەمبەر، شەۋكەت دۆلەتىي، تۇرسۇنئاي ساقىم، غەيۇر ئابدۇقادىر ··· قاتارلىق ئىلىم ساھىبلىرى



ساپ ئىسىمشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، فامىلە، لەقەم ۋە فامىلە تۇسىدىكى باشقا ناملار ھەققىدىكى پايدىلىق تەكلىپلىرىنى جامائەتتىن ئايىماي ئوتتۇرىغا قويدى. دەرۋەقە ئاشۇ ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئۇيغۇر فامىلىلىرى تەتقىقاتىنىڭ باشلىنىشىغا، قانات يېيىشىغا، ھەمدە ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. يۇقىرىقى ئىلىم ساھىبلىرى ئىچىدە خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئۇف پولات تەكلىماكانى، مۇتەللىپ سىدىق قاھىرىي، نۇرمۇھەممەد دۆلەتىيلەر ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنىڭ مۇمكىنىيەتلىرى ۋە زۆرۈرىيەتلىرى ھەققىدىكى سەمىمىي تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى ئاۋانگارتلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر ئىسىم - فامىلىلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان دەسلەپكى تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ئۇيغۇر فامىلىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات ۋە تەشەببۇسمۇ قانات يېيىپ، زور بىر تۈركۈم ئىلىم ساھىبلىرى فامىلە تەتقىقاتى ۋە فامىلە تەشەببۇسىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، مىللەتنىڭ بۇ خاسىيەتلىك چوڭ ئىشى ئۈچۈن كۆپ تەر تۆكتى. غەيرەتجان ئابدۇللاھ كالدىر ئۇيغۇر فامىلىلىرى تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرغاندىن سىرت، مەتبۇئات يۈزىدە كۆپ قېتىم تەشەببۇس چىقاردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر فامىلىلىرى ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر تەتقىقاتىغا كۆپ ئىلىم ساھىبلىرى ئىشتىراك قىلىپ، ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئىجادچان لايىھەكارلاردىن بولۇپ قالدى. ياش ئىلىم ساھىبلىرىدىن يۈسۈپ ئىگەم، ئەسەت سۇلايمان، ئابدۇقادىر جالالىدىن. . . لار ئۇيغۇر فامىلىلىرىدىكى ئىنچىكە مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئىلغار پىكىرلىرىنى مەتبۇئات يۈزىدە جامائەتچىلىككە ئاشكارا قىلدى. قىسقىسى، فامىلە ھەققىدىكى تەتقىقات باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇيغۇر فامىلىلىرىنىڭ

تارىخى، كېيىنكى تەقدىرى، كەلگۈسىدىكى شەكلى، ئەندىزى-
سى. . . ھەققىدىكى تۈرلۈك لايىھەلەر كۆپلەپ ئوتتۇرىغا قويۇ-
لۇپ، ئۇيغۇرلاردا ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ شەكىللى-
نىپ قالغانلىقىدىن، شۇنداقلا مۇھىمى ئۇيغۇرلارنىڭ پات ئارىدا
فامىلىلىك مىللەت بولۇپ قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.
فامىلە قوللىنىش — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخ-
ىدىكى دەۋر بۆلگۈچ زور ۋەقەدۇر. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر فامىل-
ىلىرى تەتقىقاتى ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن
تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىشقا مۇيەسسەر بولدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونىنىڭ باش رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋە دۆلەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت
ۋە يەنە باشقا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى-
نىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشى بىلەن، 2001 ـ يىلى 2 ـ
ياندۇرىن باشلاپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆ-
كۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇقادىر نەسرىددىنىنىڭ مەسئۇل-
لىقىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى مۇھەممەد ئەلى ئابدۇرېھىم ۋە سابىق مۇدىرى ئەلى زا-
ھىد، تىلشۇناس، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەن-
دى، تەزكىرەشۇناس، زورنالىست نۇرمۇھەممەد دۆلەتي، تىل-
شۇناس ئابلىز ياقۇپ، ئەنسەردىن مۇسا، سابىت روزى، پەرھات
جىلان، فامىلە تەتقىقاتىنىڭ ۋە تەشەببۇسىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن
بىرى بولغان ياش ئىلىم ساھىبى، تارىخشۇناس غەيرەتجان ئابدۇل-
لاھ كالدىر قاتارلىق زاتلاردىن تەشكىل تاپقان ئىلمىي
ئويۇشما ـ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۇيغۇر كىشى
ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنى تەتقىق قىلىشقا يېتەك-
چىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى» قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر فامىلەشۇناسلى-
قى بويىچە بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. مىللەت دائىرىسىدە
ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە قوللىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تولۇق تونۇپ



يەتكەن مىللەت رەھبەرلىرى فامىلە تەتقىقاتىنى بىۋاستە تەشكىل-
لەشتەك ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. ئاپتونوم
رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت 2002 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ
15 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىن زالى-
دا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش ۋە
ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى قېلىپلاشتۇ-
رۇش بويىچە مۇتەخەسسىس، ئالىملار سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ،
ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش ۋە كىشى ئىسىملىرىنىڭ
خەنزۇچە يېزىلىشىنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇھىم-
لىقىنى مۇلاھىزە قىلدى ۋە نۇقتىلىق تەكىتلىدى.[1] ئارقىدىنلا
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دۆلەت دەرىجىلىك ئىجتىمائىي پەنلەر
تەتقىقات بازىسىنىڭ قارمىقىدا پروفېسسور ئازات رەخمىتۇللا
سۇلتان، پروفېسسور ئارسلان ئابدۇللاھ تەھۇر ئەپەندىلەرنىڭ
مەسئۇللۇقىدا 2002 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شىنجاڭ
ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئۇيغۇر فامىلىلىرى تەتقىقات يىغىنى» چاقى-
رىلدى ۋە ئۇيغۇر فامىلىلىرى ھەققىدە مۇتەخەسسىس ـ ئالىملار
قىممەتلىك پىكىرلىرىنى، لايىھەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ-
نىڭدىن كېيىن مەزكۇر بازا قارمىقىدا ئۇيغۇر فامىلىلىرى تەتقىقا-
تى بويىچە كۆپ قېتىم مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە تەتقىقات
پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى.
كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش تەشەب-
بۇسى، بۇ ھەقتىكى ئالاقىدار تەتقىقاتلار ئەسىر ھالقىش پەيتىنىڭ
ئالدى كەينىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى «قىز-
زىق نۇقتا» سۈپىتىدە نۇرغۇن ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ دىققەت
ئېتىبارىنى قوزغىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن شەخسلەر
فامىلىلەر ھەققىدە بىۋاسىتە مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزگەن بولسا،

---

[1] «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە). 2002 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېل سانى، 1 ـ بەت.

يەنە باشقا نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئۆز تەتقىقاتلىرىدا بۇ مەسىلىگە ئوخشىمىغان شەكىللەردە ياندىشتى. تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسىمۇ، ئەمما مىللەتنىڭ فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان نۇرغۇن كىشى يۇقىرىقى تەشەببۇس ۋە ئىزدىنىشلەرنىڭ تۈرتكىسىدە دەرھال مۇۋاپىق فامىلە تاللىۋېلىپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇيغۇر فامىلىلىرى تەتقىقاتى ۋە فامىلىلەرنى ئومۇمىيلاشتۇرۇش ئىشى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا ئۇيغۇر فامىلىلىرى تەتقىقاتى شەخسىي تەتقىقاتتىن پىلانلىق، سىستېمىلىق گۇرۇپپىۋى تەتقىقاتقا قاراپ تەرەققىي قىلدى. بىز ئۇيغۇرلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ۋە ئېلىپ بېرىلغۇسى فامىلە تەتقىقاتىنى مۇنداق بىرقانچە قەدەم باسقۇچقا بۆلۈشىمىز مۇمكىن: (1) فامىلە تەشەببۇسى خاراكتېرىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات؛ (2) ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىسىگە ئالاقىدار لايىھە تەتقىقاتى؛ (3) ئۇيغۇرلار فامىلە قوللىنىۋاتقان ۋە فامىلە قوللىنىپ بولغاندىن كېيىن چىققان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بېغىشلانغان تەتقىقات؛ (4) ئۇيغۇرلار فامىلىلىك مىللەتكە ئايلىنىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىنكى «ئۇيغۇر فامىلىلىرى تارىخى» بويىچە تەتقىقات. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچقا تەۋە بولۇپ، بۇنىڭ بەزىسىدە كېيىنكى ئىككى باسقۇچتىكى تەتقىقاتنىڭمۇ ئىزنالىرى بار. ئىشىنىمىزكى، مۇشۇنداق توختاۋسىز ئىزدىنىش ۋە تەرغىباتلار نەتىجىسىدە، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ خەلق — پارلاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، 21 ـ ئەسىردە چوڭقۇر ۋە ئېغىر خىرىسنى ھېس قىلىپ يېتىشكە ئۈلگۈرگەن ئۇيغۇرلار فامىلىسىزلىك ھالىتىدىن فامىلىسى بار بولغان مەنزىلگە قەدەم قويغۇسى.

**(2) فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، مەمۇرىي ۋاسى-**



**تىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا**

فامىلە قوللىنىش مەسىلىسىدە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشى بىلەن يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى مىللەتلەرنىڭ فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئۇسۇلى دېگەندەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. روشەنكى، قەدىمكى فامىلىلەر ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ئىستىخىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەمما فامىلە ئەنئەنىسىنى ئۈزۈپ قويغاندىن كېيىن ئۇنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرگەن ياكى كەلتۈرمەكچى بولغان مىللەتلەرنىڭ فامىلىنى قايتا ئومۇمىيلاشتۇرۇشتىكى تەدبىرلىرى قەدىمكىگە دېگەندەك ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بولۇپمۇ فامىلىلەرنىڭ قايتىدىن تۇراقلىق تەرزدە ئىشلىتىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ھەر خىل ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مىللەتلىرىدە فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە قوللىنىلغان ئەڭ مۇھىم تەدبىر — فامىلە ھەققىدىكى قانۇنلارنىڭ تۈزۈلۈشىدۇر. يەنى، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىدە فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆپىنچە مەمۇرىي ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ ئەمەلگە ئاشقان ۋە ئەمەلگە ئاشالايدۇ. چەت ئەل مىللەتلىرىدىكى ئەھۋاللار بۇنىڭغا بەك تىپىك مىسال بولىدۇ. 1870 ـ يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتى پۇقرالارنىڭ فامىلە قوللىنىشىغا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پۇقرالار فامىلە قوللىنىشقا جۈرئەت قىلالماي، بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، 1875 ـ يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتى قايتا قارار چىقىرىپ، ھەربىر پۇقرانىڭ جەزمەن فامىلە قوللىنىشنى بەلگىلەپ قانۇن تۇرغۇزدى. نەتىجىدە پۈتۈن ياپونلارنىڭ فامىلىلىك بولۇشى ئەمەلگە ئاشتى. («ياپونلارنىڭ فامىلىسى» گە قارالسۇن.) تۈركلەرمۇ ئاتا تۈرك مۇستاپا كامال 1934 ـ يىلى قوزغىغان فامىلە ئىنقىلابى جەريانىدا تۈزۈلگەن «سويئات قانۇنى» نىڭ تۈرتكىسىدە

ئاندىن فامىلىلىك مىللەتكە ئايلاندى. ( «تۈركلەرنىڭ فامىلىسى»
گە قارالسۇن) . ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە فامىلە قوللى-
نىش ئوتتۇرا ئەسىرلەردە باشلانغان. ئۇ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي
قىلىشى، خرىستىئان دىنىنىڭ تارقىلىشى، نوپۇس بىر قەدەر
كۆپ توپلاشقان شەھەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، يېزا نوپۇسىنىڭ
ئېشىپ بېرىشى، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سودا ـ تىجارەت
ئالاقىسى ۋە كۆچمەنلەرنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بو-
لۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنىي ۋاستىلەرنىڭ فامىلە قوللىنىشنى
ئومۇملاشتۇرۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرى زور. ناپالېئون تارقى-
تىپ، 1804 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان مەشھۇر قانۇن دەستۇ-
رى ـ «فرانسىيە ھەق تەلەپ قانۇنلىرى توپلىمى» ياۋروپادىكى
بەزى دۆلەتلەردە فامىلىنىڭ تەرەققىياتى، جۈملىدىن تېخىمۇ كەڭ
ئومۇملىشىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى. مەزكۇر قانۇنلار توپ-
لىمىدا ھەربىر پۇقرانىڭ جەمەت نامى بولغان فامىلىلەرنى جەمەت
ئىچىدە ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار،
دەپ بەلگىلەنگەن بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئەينى چاغدا فرانسىيە
تىزگىنلەپ تۇرغان يېقىن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭمۇ شۇنداق قى-
لىشى تەلەپ قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپادا فامىلە
ئىشلىتىش ئەۋج ئالدى ۋە ئومۇملاشتى. ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى
قىسمەن دۆلەت ۋە رايونلاردا، بەزى مىللەتلەرنىڭ فامىلە قوللى-
نىشنى ئومۇملاشتۇرۇشى غەرب مۇستەملىكچىلىكىنىڭ تەسىرى-
دىن بولغانىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پورتۇگالىيە، گوللا-
ندىيە ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكچىلىرى سىرىلانكىغا بېسىپ كىر-
گەندىن كېيىن، سىرىلانكىلىقلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىدە زور
ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. يەنى سىرىلانكىلىقلارنىڭ فامىلىسى
ئالدىدا، ئىسمى كەينىدە كېلىدىغان نامالاش ئۇسۇلى ياۋروپالىق-
لارنىڭ ئىسىم ئالدىدا، فامىلە كەينىدە كېلىدىغان نامالاش شەك-
لىگە ئورۇن بەردى. پورتۇگالىيىگە تەۋە ئافرىقا مۇستەملىكىلى-
رى مەجبۇرىي ھالدا ئۆزىنىڭ فامىلىلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئاق



تەنلىك پورتۇگال قۇلدارلىرىنىڭ فامىلىلىرىنى ئىشلەتتى. فى-
لىپپىنلىكلەرمۇ ئىسپانىيە مۇستەملىكچىلىرى 1849 ـ يىلى
1 ـ ئايدا تارقاتقان ئالۋان ـ ياساق پەرمانى سەۋەبىدىن، مەجبۇ-
رىي ھالدا ئىسپانلارنىڭ فامىلىسىنى ئىشلىتىشنى باشلىدى. فىن-
لاندىيە ھۆكۈمىتى فامىلىلەرنىڭ توغرا ئىشلىتىلىشىگە كاپالەت-
لىك قىلىش ئۈچۈن، 1921 ـ يىلى «ئىسىم ـ فامىلە قانۇنى»
نى ئېلان قىلدى. ئەسلىي فامىلىسىز مىللەت تايلاندلىقلار
1912 ـ يىلى 3 ـ ئايدا «فامىلە ئىشلىتىش نىزامى» ئېلان
قىلىنغاندىن كېيىن، ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە ئىشلىتىشكە باشلى-
دى.[1]

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن مەمۇرىي ۋاستىلەرنىڭ فامىلىنى
بىر مىللەتتە ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك
ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئۇيغۇر
تەتقىقاتچىلىرىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. مەسىلەن، ئابدۇرە-
ئۇف پولات تەكلىماكانىي «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىغا
دائىر ئىككى مەسىلە» ناملىق ماقالىسىدە، بىر مىللەتتە ئومۇ-
مىيۈزلۈك فامىلە قوللىنىشنىڭ مۇئەييەن مەمۇرىي پەرمانسىز ئىش-
قا ئاشمايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى. يۇقىرىدا نامى
زىكرى قىلىنغان «فامىلە قوللىنىشنى تەتقىق قىلىشقا يېتەكچى-
لىك قىلىش گۇرۇپپىسى» دىكى زاتلارمۇ «ئۇيغۇر كىشى ئىسىم-
لىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش توغرىسىدا لايىھە» دە، فامىلە
قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇشتا رويخەتكە ئېلىش، ھۆكۈمەت تەس-
تىقى قاتارلىق شەكىللەر بىلەن فامىلە ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇ-
رۇش لازىملىقىنى ئىشارە قىلغانىدى. دېمەك، ھەممىمىزگە ئاياش-
كى، فامىلىنى ئوشۇقچە دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ، فامىلى-
نىڭ ئەھمىيىتى ۋە مەنىسى ھەققىدە چۈشەنچىسى تۆۋەنرەك كى-
شىلەرنىڭ ھېلىھەم ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن، جەز-

[1] جالڭ ليەنفالڭ تۈزگەن: «چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى»، 478 ـ، 479 ـ، 480 ـ بەتلەر

مەن فامىلە قوللىنىش ھەققىدە بەزى مۇۋاپىق مەمۇرىي ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ھەممە كىشىنىڭ فامىلىگە قارىتا تولۇق چۈشەنچىسىنىڭ شەكىللىنىپ بولۇشىنى ياكى نام ـ نىشانىسىز يوقاپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرغىلى بولمايدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلاردا ئالدىراقسانلىق بىلەن مەمۇرىي بۇيرۇق ئارقىلىق فامىلىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش كارغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن فامىلە ھەققىدە، ئۇيغۇر فامىلىلىرىنىڭ تۈسى، شەكلى، مەنىسى، مەزمۇنى، قوللىنىش پرىنسىپلىرى، ۋارىسلىق ئۇسۇلى، ئاياللارنىڭ فامىلىسى، . . . قاتارلىق مەسىلىلەر بارىسىدا تىلشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، ئۆرپ ـ ئادەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، جۈملىدىن ئىسىم ـ فامىلەشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، مۇتلەق كۆپ نىسبەتتىكى ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلالايدىغان فامىلە لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر خىل تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئارقىلىق كىشىلەردە فامىلە توغرىلىق بىرقەدەر ئەتراپلىق چۈشەنچە پەيدا قىلىش، بىر قىسىم كىشىلەر ئالدىن فامىلە قوللىنىش ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىش، . . . شەكىللىرىنى قوللىنىش، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە كېچىكتۈرمەي مەمۇرىي ۋاستە قوللىنىش، ھەر خىل رويخەتكە ئېلىش ئۆتكەللىرىنى چىڭ تۇتۇش. . . لازىم. ئەمما ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى شۇكى، شارائىت ئۆزى پىشىپ يېتىلمەيدۇ، ئۇ ھامان ئادەمنىڭ ئىشتىراكى بىلەن پىشىدۇ ۋە مېۋىلەيدۇ. ئۇيغۇر فامىلىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ـ مەلۇم بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئورتاق قاتنىشىش بىلەن ھاسىل بولىدىغان خاسىيەتلىك نەتىجىدۇر، ئەلۋەتتە.



# ئىككىنچى بۆلۈم: جەمەت (ئائىلە) نەسەبنامىسى

## 1. نەسەبنامەشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭدىكى تەتقىقات مەزمۇنلىرى

نەسەبنامەشۇناسلىق ( Genealogy ، 系谱学 ) نەسەبنامىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى، تەرەققىيات جەريانىنى، رولىنى ۋە ئۇنى تۈزۈش قائىدىلىرىنى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان ئىلىم بولۇپ، بۇ ئىلىم جەمەت، ئۇرۇقلار ھەققىدىكى بىلىملەر، تارىخشۇناسلىق، كىتابەت ئىلمى قاتارلىق كۆپ تەرەپتىكى بىلىملەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، شۇنداقلا فامىلەشۇناسلىق بىلەنمۇ چەمبەرچاس ئالاقىدە بولىدۇ. نەسەبنامەشۇناسلىق بىلەن فامىلەشۇناسلىق بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئەگەر فامىلەشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى پۈتۈن فامىلىلەرنىڭ (كەم دېگەندىمۇ بىر مىللەتنىڭ بارچە فامىلىلىرىنىڭ) كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىيات تارىخى، ھەمدە ئۆزگىرىشلىرى بولغان بولسا، ئۇنداقتا نەسەبنامەشۇناسلىقتا تەتقىق قىلىنىدىغان نەرسە بولسا «بىر جەمەت (ئائىلە) ۋە بىر فامىلىنىڭ تارىخى» دۇر.

جەمەت نەسەبنامىسى تۈزۈش تارىخى ئۇزاق بىر ئىش بولۇپ، خەنزۇلار دۇنيادا ئەڭ دەسلەپ نەسەبنامە يېزىپ قالدۇرغان ۋە شۇ ھەقتە كۆپ ئىزدەنگەن مىللەتتۇر. شاڭ ( 商 ) سۇلالىسى دەۋرىدىلا خەنزۇلار چىغىناق ـ تاغاق يېزىقى بىلەن بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان نەسەبنامىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغانىدى.

جۇ ( 周 ) سۇلالىسى دەۋرىدە نەسەبنامە تۈزۈش تېخىمۇ زور
تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، جۇ خانلىقى ئوردىسىدا مەخسۇس نەسەبنا-
مىلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلار بارلىققا كەلگەنىدى. خەن سۇ-
لالىسى دەۋرىدە نەسەبنامە تۈزۈش مۇئەييەن تەرەققىياتلارغا ئېرى-
شىپ، نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل قائىدىسى،
پرىنسىپلىرى شەكىللەندى ۋە شۇ ئاساستا نۇرغۇن نەسەبنامىلەر
بارلىققا كەلدى. بەش دەۋردىن كېيىن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدا
مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە ئەگىشىپ، نەسەبنامى-
لەرگە ئېتىبار بېرىدىغان ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇنىڭ-
دا مۇنداق ئىككى خىل ئەھۋال شەكىللەندى: بىرى، ھۆكۈمەت
نەسەبنامە باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى بىكار
قىلدى، ھەم نەسەبنامە تۈزۈش پائالىيەتلىرىنىمۇ تەشكىللىمەيدى-
غان بولدى. پەقەت خەلق ئارىسىدا راھىب ياكى بىلىملىكلەرنىڭ
نەسەبنامە ساقلاش، تۈزۈش ئادىتىلا ساقلىنىپ داۋاملاشتى. نە-
سەبنامىلەر ھەرقايسى جەمەتلەرنىڭ خاس ئارخىپى بولۇش سۈپى-
تىدە، پەقەت چوڭ جەمەتلەر ياكى شەخسلەرنىڭ قولىدىلا ساقلى-
نىپ تۇرىدىغان، ھۆكۈمەت تەرەپ نەسەبنامىلەرنى مۇھىم دەپ
قارىمايدىغان، شۇڭا باشقۇرمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى؛ يەنە
بىرى، ھەرقايسى جەمەتلەر (فامىلىسى بار جەمەتلەر، ياكى چوڭ-
راق جەمەتلەر) نىڭ نەسەبنامە تۈزۈش ئەھۋالى بارغانسېرى ئەۋج
ئېلىپ، مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە جەمەت ـ
ئائىلە نەسەبنامىسى تۈزىدىغان كىشىلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇن موللا ۋە راھىبلار (ئەينى دەۋر ئىلىم
ساھىبلىرى) ئۆز قولى بىلەن نەسەبنامە تۈزۈشكە تېخىمۇ ئېتىبار
بېرىپ، مەزكۇر ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىگە ئايلاندى. بۇنداق
ئەھۋال تاكى ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئوتتۇرا تۈز-
لەڭلىك پادىشاھلىقلىرى ھەممىسى دېگۈدەك خان جەمەتىنىڭ نە-
سەبنامىسىنى تۈزۈشكەنىدى. ئەمما چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى



پادىشاھلىقلارنىڭ جەمەت نەسەبنامىلىرى بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ
كېلەلمىدى. پەقەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىختىكى ھەرقايسى
خانلىرى تۈزدۈرگەن خان جەمەتى نەسەبنامىلىرىلا مۇكەممەل،
كەم ـ كۈتىسىز ساقلانغان بولۇپ، جەمئىي 2600 نۇسخىدىن
ئاشىدۇ.
چەت ئەللەردە فامىلە قوللىنىدىغان مىللەتلەر، ياكى فامىلە
شەكلىدىكى لەقەم قوللىنىدىغان مىللەتلەردىمۇ نەسەبنامە تۈزۈش
ئەنئەنىسى بولغانىدى. مەسىلەن، ئىنگلىز تىللىق مىللەتلەر فا-
مىلە قوللىنىشنى باشلىغاندىن كېيىنلا، نەسەبنامە تۈزۈشنى ئەن-
ئەنە شەكلىدە پەيدا قىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. مۇسۇلمان
ئالىملىرى مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىلا پەيغەمبەر ئىبراھىم ئوغلى
ئىسمايىلدىن تارتىپ تاكى مۇھەممەد پەيغەمبەرگىچە بولغان نەچچە
ئەۋلاد جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىنى تۈزۈپ چىققان. بۇنىڭدىن
سىرت، ئەرەبلەردە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىرقەدەر ئالغا كەتكەن
قەبىلە ۋە جەمەتلەرنىڭمۇ نەسەبنامىسى بولغان. بۇ جەھەتتە ھازىر-
قى ئىئوردانىيە خان جەمەتى بولغان ھاشىمىيە جەمەتى ۋە سەئۇدى
ئەرەبىستان پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ھېسابلانغان سەئۇدىي
جەمەتىنىڭ نەسەبنامىلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتسەك كۇپايە قىلىدۇ.
نەسەبنامە تۈزۈش — ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىكى ئۇرۇقداش-
لىق، قانداشلىق مۇناسىۋەتلىرىگە ئېتىبار بېرىشنىڭ مۇھىم ئىد-
پادىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسەبنامە تۈزۈشتە ھەر-
قايسى مىللەتلەرنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى ئوخشاش بولماسلىقىدىن
قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا نىسبەتەن ئورتاق ئەندىزە بار بولىدۇ. ئەنئە-
نىۋى جەمئىيەتتە جەمەت نەسەبنامىلىرىنى شۇ جەمەتنىڭ كېيىنكى
ئەۋلادلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرماسلىقى ئۇلارنىڭ جەمەتكە سادىق
بولمىغانلىقىنىڭ ئالامىتى دەپ قارالغان، ھەمدە بىر قېتىملىق
نەسەبنامىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى ئەڭ ئۇ-
زۇن بولغاندىمۇ ئوتتۇز يىلدىن ئاشمىغان. نەسەبنامىنى تۈزۈش

ۋە داۋاملاشتۇرۇشتىكى مەقسەد ئۈچ خىل بولۇپ، ئۇلار: جەمەت-
نىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش؛ جەمەتنىڭ پائالىيەت
دائىرىسىنى كېڭەيتىش؛ جەمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئەجداد -
ئەۋلادلىق رېتى ۋە باشقا تەرتىپلەرنى كۈچەيتىش ھەم كاپالەتلەن-
دۈرۈشتىن ئىبارەت. نەسەبنامىلەرنىڭ مەزمۇنى گەرچە ھەر جە-
مەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما نەسەبنامە تۈزۈشتە
ئادەت شەكلىگە ئايلانغان بىر قاتار نەسەبنامە مىزانلىرى بولغان.
بۇ مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكىلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: مۇقەددى-
مە؛ پايدىلىنىش قائىدىلىرى؛ مۇندەرىجە؛ ئەجداد - ئەۋلادلار
شەجەرىسى؛ مەنبە ئېقىن؛ شاخچە جەمەتلەر؛ ئەمر - پەرمان،
بۇيرۇقلار؛ باشقا تەرجىمىھاللار؛ قەبرە تەزكىرىلىرى؛ ئىبادەتخا-
نىلار (مەسجىت، بۇتخانا، چىركاۋ. . .) ھەققىدە بايان؛ جەمەت
(ياكى ئائىلە) ئەھدە - پەيمانلىرى؛ جەمەت (ياكى ئائىلە)
تەجرىبە - ساۋاقلىرى ھەم قائىدە - نىزاملىرى؛ جەمەت زېمىنلى-
رى ۋە يايلاق - قىشلاقلىرى ھەققىدىكى خاتىرە؛ قەبرىلەر ھەققى-
دىكى خاتىرە ۋە قەبرە رەسىملىرى؛ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەر-
لەردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن سىرت، تېخىمۇ مۇ-
كەممەل بولغان نەسەبنامىلەردە مەلۇم كىشىنى نەسەبنامىدىن چى-
قىرىپ تاشلاش قاتارلىق قائىدىلەرمۇ بولىدۇ. ئەنئەنىۋى قائىدە
بويىچە، جەمەت نەسەبنامىسى ئادەتتە ھەربىر ئەۋلادتا (تەخمىنەن
ھەر 25 يىلدا) بىر قېتىم تولۇقلىنىپ يېڭىلىناتتى. يېڭىلانغان،
تولۇقلانغان چاغدا، شۇ جەمەت ئىچىدىكى ۋاپاسىز، ئىبرەتلىك
شەخسلەرنىڭ نامى ۋە ئىش - ئىزلىرى يوشۇرۇلۇپ، ئۇلار
نەسەبنامىدە «پوستانە»، «پۈكۈنى»، «مەلۇم بىرى». . .
دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنەتتى، ياكى «. . . نىڭ دادى-
سى»، «. . . نىڭ بالىسى» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلى-
نەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز جەمەتىنىڭ شان - شەرىپىنى يەرگە ئۇرۇ-
دىغان ئىبرەتلىك قىلمىش - ئەتمىشلىرى نەسەبنامىگە خاتىرىلەن-



مەيتتى.
نەسەبنامە تۈزۈش بىر تۈرلۈك مۇشكۈل ئىش بولۇپ سانىلى-
دۇ. ئۇنى كۆپىنچە بىر جەمەت ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق، كۆپتىن
خەۋىرى بار كىشىلەر يازىدۇ ۋە ساقلايدۇ. شۇنداق بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، بىلىملىكلەر چىقمىغان جەمەتلەر-
نىڭ نەسەبنامىسى ئۈزۈلۈپ قېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئۆتكەن
دەۋرلەردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم جەمەت ياكى ئائىلىلەرنىڭ
نەسەبنامىلىرىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلمەسلىكى دەل شۇ سەۋەب-
تىندۇر.
نەسەبنامەشۇناسلىقتا، نەسەبنامىلەرنىڭ قىممىتى ۋە رولى
كۆپرەك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. نەسەبنامىنىڭ رولى ۋە قىممىتى
قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى دەۋرلەر ئۈچۈن دېگۈدەك ئوخشاپ كەتمەي-
دۇ. قەدىمدە نەسەبنامە ئەجداد - ئەۋلاد تەرتىپىنى ئېنىقلايدىغان،
تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرىدىغان ئاساس ئىدى، شۇن-
داقلا مەلۇم ئورۇنغا (ئەمەلگە) ۋە مال - مۈلۈككە ۋارىسلىق
قىلىشنىڭ ھۆججەت ئاساسى ھېسابلىناتتى. تەبىقە تۈزۈمى ئەۋج
ئالغان دەۋرلەردە بولسا، ئەمەلدار تاللاش ۋە نىكاھلىشىشنىڭ
مۇھىم ئاساسى قىلىنغانىدى. بۈگۈنكى دەۋردە بىز نەسەبنامىلەر-
نىڭ تارىخى قىممىتىدىن پايدىلىنىمىز. قەدىمكى جەمەت - ئۇرۇق
تۈزۈملىرى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر، تارىخىي شەخسلەرگە
مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردا، مەدەنىيەتشۇناسلىق، مىللەتلەر تارى-
خى، دىن تارىخى، نوپۇس تارىخى، كۆچمەنلەر تارىخى، مۇھا-
جىرلار تارىخى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تارىخ، پەن - تېخنىكا
ۋە مائارىپ تارىخى، ھەمدە يەرلىك تارىخ قاتارلىق ساھەلەردىكى،
شۇنداقلا ئىرسىيەتشۇناسلىق ۋە مەشھۇر شەخسلەر ئۈستىدە ئېلىپ
بېرىلغان تەتقىقاتلاردا ياكى مەلۇم فامىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى
ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا نەسەبنامە ماتېرىياللىرىدىن
تولۇق پايدىلىنىشقا بولىدۇ. نەسەبنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ماتېرى-

يالالار ئىچىدە مەلۇم فامىلە ياكى جەمەتنىڭ كېلىپ چىقىشى،
يۇرتلار ئارا كۆچۈشىنىڭ ۋە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىپ ئازىيىشىنىڭ
ئەھۋالاتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى، قەبرىگاھلىرىنىڭ
ئورۇنلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بار بولغاچقا، كېيىنكىلەرنىڭ
نەسەبنامىلەردىن پايدىلىنىپ نوپۇسىنىڭ كۆچۈشى، ئەدەبىيات ـ
سەنئىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئارخېئولوگىيىسى قاتارلىقلارنى تەت-
قىق قىلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، نەسەبنامەشۇناسلىق تەتقىقا-
تى ئۇيغۇرلاردا بۇ كەمگە قەدەر ناھايىتى ئاز ئىشلەندى، ھەتتا
ئىشلەنمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە نۇرغۇن
نەسەبنامىلەر «كونا» قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئاساسەن
دېگۈدەك ۋەيران قىلىۋېتىلىدۇ. تارىخ ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا
ئەگىشىپ، خۇددى تەزكىرەشۇناسلىققا ئوخشاش، نۆۋەتتە يىپ ـ
يېڭى بىر ئىلىم ـ نەسەبنامەشۇناسلىقنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقى-
نى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. نەسەبنامىلەر مەزمۇن دائىرىسىنىڭ
كەڭلىكى، خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارنىڭ تەپسىلىي ۋە ئەمەلىيلى-
كى بىلەن ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. نەسەبنامە
تارىخنىڭ قىياپىتى، دەۋرنىڭ روھى ۋە ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى
نىسبەتەن چىن مەنىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خاتىرە ـ
يازمىش بولۇش بىلەن، ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ تارىخى بۇ ماتېرى-
ياللاردىن ئايرىلالمايدۇ. تارىخشۇناسلار نەسەبنامەشۇناسلىقنى بىر
مۇھىم ئىلىم ھەمدە تارىخشۇناسلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ
تونۇيدۇ. نەسەبنامە — غايەت زور ماتېرىيال خەزىنىسى بولۇپ،
جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، ئىقتىساد-
شۇناسلىق، فولكلور ئىلمى، نوپۇسشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق،
ئىرسىيەتشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇ-
چى ئىلىم ساھىبلىرى نەسەبنامىلەر ئىچىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك
ماتېرىياللارغا ئېرىشىدۇ. نەسەبنامىلەرنىڭ باشقا خىلدىكى



كىتابلار ئورنىنى باسالمايدىغان ۋەسىقىلىك قىممىتى بار. يۇقى-
رىقى تەرەپلەر نەسەبنامىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى دائىرىسى ئىچىدە
كىچىك بىر بۆلەك بولۇپ، نەسەبنامىلەرنىڭ ئاساسى قىسمى،
مەسىلەن، جەمەتتىكى كۆپلىگەن شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك تارى-
خىي خاتىرىلەر، جەمەتنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرى، جەمەت مۈلۈك-
لىرى ۋە تەۋەررۇكلىرى، ئەدەبىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەت سەمەرە-
لىرى، قەبرە خاتىرىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئى-
شەنچلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر جەمەتنىڭ يىلتىزى ھەققىدى-
كى باياناتلارنىمۇ قارا ـ قويۇق رىۋايەت دەپ ھۆكۈم قىلا ۋېتىشكە
تېخىمۇ بولمايدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن قارىغاندا، نەسەبنامىلەر يەنە
مەلۇم جەمەت ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەقىقەتەن ئازما بايلىق
ھېسابلىنىدۇ.

نەسەبنامىلەر ئىلمىي تەتقاتلارنىڭ ماتېرىيالى بولۇشتەك
قىممەتتىن تاشقىرى، يەنە تەربىيىلەش ۋە يىلتىز ئىزدەشكە رىغ-
بەت بېرىش رولىغىمۇ ئىگە بولالايدۇ. ئەنئەنىۋى نەسەبنامىلەر
ئىچىدىكى «جەمەت قائىدە ـ نىزاملىرى»، «جەمەت تەجرىبە ـ
ساۋاقلىرى»، «جەمەت تۆرۈسى» قاتارلىق مەزمۇنلار ئىچىدە بە-
زى پاسسىپ، خۇراپىي ئامىللار بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئىچى-
دىكى ئەجدادلارنى سېغىنىش، ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇش،
ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش، ئاددىي ـ ساددىلىقنى تەشەببۇس قى-
لىش، ئىسراپچىلىقنى، ھەشەمەتچىلىكنى توسۇش، يامان ئىللەت-
لەردىن ساقلىنىش... قا ئوخشاش ئەخلاقىي بەلگىلىمىلەر، نەسەب-
نامىلەردە خاتىرىلەنگەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ يۇرت ـ ئەل
غېمىدە بولىدىغان ۋەتەنپەرۋەر روھى، ئۆزلۈكسىز ئىجتىھات قى-
لىش روھى، ھەقىقەت ئىزدەش روھى قاتارلىق تەرەپلەر ئەۋلاد-
لارنىڭ مەنىۋىيىتىنى ۋە ئەخلاقىنى ئۇۋۋەتلەندۈرگۈچى ئامىللار
بولالايدۇ. ئەجداد سۈرۈشتۈرۈش، يىلتىز ئىزدەش ـ ئۇيغۇرلار-
نىڭ زور مەنىۋى ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ جانلىق ئىپادىسى بولۇپ،

نەسەبنامىلەر بۇ جەھەتتە ئالاھىدە رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

بىزچە نەسەبنامەشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تەتقىقات ئوبيېكتى جەھەتتىن ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ: بىرى، بىر مىللەتنىڭ تارىخىدىكى بارلىق جەمەت نەسەبنامىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش؛ يەنە بىرى، ئايرىم جەمەتلەرنىڭ نەسەبنامىلىرىنى كونكرېت تەتقىق قىلىش. بۇ ئىككى نۇقتىنى شاخلاندۇرۇپ، نەسەبنامەشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسىنى تەخمىنەن تۆۋەندىكىچە ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ:

(1) نەسەبنامىلەر بىلەن مىللەت تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى؛

(2) نەسەبنامىلەردە ئىپادىلەنگەن مىللەتنىڭ قەدىمكى ئۆرپ - ئادەت ۋە مەدەنىيىتى؛

(3) نەسەبنامىلەرنىڭ تەزكىرىچىلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛

(4) نەسەبنامىلەر ۋە مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى؛

(5) نەسەبنامەشۇناسلىق بىلەن مىللىي مائارىپ تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى؛

(6) نەسەبنامەشۇناسلىق بىلەن نوپۇسشۇناسلىقنىڭ مۇناسىۋىتى؛

(7) نەسەبنامەشۇناسلىق بىلەن دىنىي ئېتىقاد تارىخىنىڭ مۇناسىۋىتى؛

(8) نەسەبنامەشۇناسلىق بىلەن ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتى؛

(9) نەسەبنامىلەردىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش - ئولتۇراقلىشىش تارىخىغا ئائىت بايانلارنىڭ مىللەت تارىخىدىكى رولى؛

(10) بىر مىللەت تەۋەسىدىكى بارلىق نەسەب خاتىرىلىرىنى يىغىپ توپلاش ۋە ئارخىپلاشتۇرۇش؛

(11) نەسەبنامە ئەنئەنىسىنىڭ تارىخى؛



(12) نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدىلىرى؛

(13) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما؛

(14) ئايرىم بىر جەمەت نەسەبنامىسى ئۈستىدىكى كونكرېت مۇلاھىزە (بۇ ئەلۋەتتە شۇ نەسەبنامىلەردە خاتىرىلەنگەن جەمەتنىڭ تارىخى ۋە باشقا تەرەپلىرىگە ئالاقىدار بارلىق تەتقىقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.)

يۇقىرىقى ساھەلەرنى ئۇيغۇر نەسەبنامەشۇناسلىق تەتقىقاتىغا تەدبىقلىغاندا، ئەلۋەتتە زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر نەسەبنامەشۇناسلىقىدا مۇناسىپ رەۋىشتە ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىلگىرىكى دەۋرلەردە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەر، تارىخلار، تەزكىرىلەر ئىچىدىن جەمەت نەسەبنامىلىرىگە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى قېزىپ چىقىپ تەتقىق قىلىشقا، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان نەسەب خاتىرىلىرىنى يىغىپ - توپلاش ۋە ئارخىپلاشتۇرۇشقا، نەسەبنامىلەردە ئىپادىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىيىتى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، كۆپىيىش تارىخى، ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى، جەمەتلەردىن چىققان مەشھۇر شەخسلەر، جەمەت ئەدەبىيات - سەنئىتى، جەمەتلەرنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشقان ئىرسىي خۇسۇسىيەتلىرى. . . نى تەتقىق قىلىشقا، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تەزكىرىلىرى ۋە نەسەبنامىلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇر نەسەبنامىلىرى بىلەن باشقا مىللەت نەسەبنامىلىرى ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما ۋە ئۇنىڭدىن بىلىنىدىغان ئوخشاشلىق، پەرق ھەم قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەر. . . نى نۇقتىلىق تۇتۇپ مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇ. ئېنىقكى بۇ ئىلىم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تارىخىي ئۇزاق، ئەمما ئۆزى يېڭى ئىلىم بولۇش سۈپىتىدە، نۇرغۇن ئىلىم ساھىبلىرىنى جەلب قىلىدىغان، تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئىشتىراك قىلىشى زۆرۈر بولغان مەنپەئەتلىك خىزمەت بولۇپ قالىدۇ.

## 2. ئۇيغۇرلاردا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن نەسەبنامە تۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكى

بىر مىللەتنىڭ ئۇرۇق، قەبىلە - قوۋملەردىن تەشكىللىنىپ پەيدا بولۇش، زورىيىش ۋە مۇكەممەل مىللەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش تارىخى بولغىنىدەك، مىللەتنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك ئۇيۇشما بىرلىكى بولغان ئائىلىنىڭمۇ بىر جۈپ ئەر - ئايالدىن پەيدا بولۇپ، كۆپىيىپ چوڭ جەمەتكە ئايلىنىش تارىخى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەربىر مىللەتنىڭ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخى بولغىنىدەك ياكى بولۇشقا تېگىشلىك بولغىنىدەك، بىر ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن تارىخى — نەسەبنامىسى بولۇشى كېرەك. بۇ — مەرىپەتلىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەربىر مەرىپەتلىك كىشىنىڭ ئەقەللىي ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان بىرىنچى قول ئىجادىي ماتېرىيالى، ئۆگىنىش قوللانمىسى بولۇپ سانىلىدۇ.

ئائىلە - جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك، پائالىيەتچان بىرلىكى بولۇپ، ئۇ ئۆز ئالدىغا كىچىك جەمئىيەتتۇر. ئائىلە نىكاھ ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىن شەكىللىنىدىغان، ئۆزلۈكسىز پەيدا بولىدىغان ۋە پارچىلىنىپ، شاخلىنىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، مۇئەييەن قانداشلىق ۋە نىكاھ مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بارلىق ئائىلە ۋە شۇ ئائىلىلەرنىڭ ئەزالىرى بىر جەمەتنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا ئائىلە تارىخى ئەمەلىيەتتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئاساسلىنىدىغان جەمەتنىڭ تارىخىي خاتىرىسىدۇر. ئۇيغۇر تىلىدا مەلۇم جەمەتنىڭ تارىخى خاتىرىسى «نەسەبنامە» دېيىلىدۇ، شۇنداقلا يەنە قومۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا «جورۇڭقاي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «نەسەب» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «تۇغقان،



قان - قېرىنداش، قانداشلىق مۇناسىۋەت» دېگەنلىك بولىدۇ. «نەسەبنامە» بولسا مەلۇم ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ قان قېرىنداشلىق يىلتىزى ۋە مۇناسىۋىتى خاتىرىلەنگەن جەمەت تارىخى دېگەنلىكتۇر. «جورۇڭقاي» سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆز ھازىر «ئائىلىنىڭ تارىخى خاتىرىسى» مەنىسىدە موڭغۇل تىلىدىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن بۇ سۆزنىڭ موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن سۆز ئىكەنلىكى ئۇقۇلمايدۇ، بەلكى قەدىمكى ئالتاي تىللىرىغا ئورتاق سۆز ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلاردا ۋە قېرىنداش مىللەتلەردە نەسەبنامە يېزىش ئەنئەنىسىنىڭ ئۇزاق تارىخى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە ئۇرۇق ياكى جەمەت مۇناسىۋىتىگە ئېتىبار بېرىشنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئىپادىلىرىدىن بىرى — دەل جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشىدۇر. جەمەت نەسەبنامىسى ئەسلىدە قەدىمكى دەۋرلەردىكى چوڭ ئۇرۇقلار ياكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇرۇقلىرىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، بۇ ھەممە مىللەتتە دېگۈدەك مەۋجۇت بولغان، ئەمما بىر مىللەتنىڭ ھەممە ئائىلە ۋە جەمەتلىرىدە بىردەك مەۋجۇت بولۇپ بولالمىغان ھادىسىدۇر. ئەمما كېيىنكى دەۋرلەردە، مەيلى چوڭ جەمەتلەر بولسۇن ياكى كىچىكرەك ئائىلىلەر بولسۇن، ھەممىسىدە دېگۈدەك نەسەبنامە تۈزۈپ ساقلايدىغان، ھەمدە ئۇنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلدۇرىدىغان ئەھۋال بارلىققا كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال ياۋروپا مىللەتلىرىدە ۋە خەنزۇلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىسى بار ھەممە مىللەتلەردە نەسەبنامە بىردەك ئورتاق پرىنسىپلار ئاساسىدا تۈزۈلگەن. ئەرەبلەردە نەسەبنامە «سلسلة النسب» («سىلسىلەتۇن نەسەب» — «نەسەب زەنجىرى، قانداشلىق مۇناسىۋەت زەنجىرى» مەنىلىرىدە) دېيىلىدۇ. بۇ ھامان قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تۈپ ئاساس

قىلغان ھالدا تۈزۈلىدۇ. ياۋروپا مىللەتلىرىدىكى «Genealogy»
دەپ ئاتىلىدىغان نەسەبنامىمۇ ئوخشاشلا ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ
تارىخى، ھەمدە شۇ ئائىلە ياكى جەمەتنىڭ دەسلەپكى ئەجدادىدىن
تارتىپ تاكى نۆۋەتتىكى ئەۋلادلىرىغا قەدەر لىنىيىسى تارىخىي
تەرزدە كۆرسىتىلىدىغان يازما تارىختىن ئىبارەت. نەسەبنامە ھەر-
قايسى مىللەت تىللىرىدا قانداق ئاتىلىشتىن قەتئىينەزەر، جەمەت
نەسەبنامىسى تۈزۈش دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئائىلىۋى
ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنى-
دۇ.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئائىلە ياكى جەمەت نەسەبنامىسى يې-
زىپ قالدۇرۇش، دۇنيادىكى ھەممە مەرىپەتلىك مىللەتلەردىكى
ئومۇمىيۈزلۈك ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇي-
غۇرلاردا نەسەبنامە تۈزۈش يىراق تارىخقا تۇتىشىدىغان ئەنئەن-
دۇر. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى ئۇدۇن
خاقانلىقىنىڭ خان جەمەتىدە مىلادىيىدىن ئىككى - ئۈچ ئەسىر
بۇرۇنلا تىبەت ۋە قارۇشتى يېزىقلىرىدا خاتىرىلەنگەن، ئۆز دەۋرى-
گە نىسبەتەن خېلىلا مۇكەممەل بولغان نەسەب خاتىرىسى بول-
غان.[①] بۇنىڭدىن سىرت، بىز ئورخۇن - يىنسەي مەڭگۈ تاشلىرى-
نى نەسەبنامىنىڭ خاراكتېرى ئېتىبارى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر
خانلىقى خان جەمەتىنىڭ ۋە كۆك تۈرك خانلىقى خان جەمەتىنىڭ
نەسەبنامىسى دەپ ئېيتالايمىز. 15 - ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر
مەدەنىيىتىدە تەزكىرىچىلىك ئەنئەنىسى شەكىللىنىپ، ئۇيغۇر
تارىخى ۋە مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر جەمەتلەر ياكى شەخسلەرنىڭ
ھاياتىي پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن نۇرغۇن تەزكىرىلەر بارلىققا
كەلدى. مەسىلەن، «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، «ئاپپاق خوجا
تەزكىرىسى». . . دەك. بۇ تەزكىرىلەرنىمۇ بىز ئاشۇ جەمەتلەر

---

① لى يىنپىڭ: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 364 - بەت.



(يەنى بۇغراخان جەمەتى، خوجا جەمەتى. . .) نىڭ مۇكەممەل
جەمەت نەسەبنامىسى دەپ ئېيتالايمىز. تېخىمۇ جانلىق دەلىللەر
شۇكى، ھازىر قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارىخى 500 يىلغا
يېتىدىغان، خاتىرىلەنگەن ئادەم سانى 1000 دىن ئاشىدىغان،
شۇنداقلا مۇكەممەل كۆرۈنۈشلۈك سخېمىسى — ئائىلە شەجەرىسى
قوشۇمچە قىلىنغان نەسەبنامە (جورۇڭقاي) لار ساقلانماقتا ۋە
داۋام قىلدۇرۇلماقتا. دېمەك، ئۇيغۇرلاردىمۇ نەسەبنامە يېزىش
ۋە ئائىلە شەجەرىسى تۇرغۇزۇش ئەنئەنىسى بولغان. ۋەھالەنكى،
ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە يېزىش قەدىمكى دەۋرلەردە خان جەمەتى،
ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى ۋە ئاز ساندىكى قەلەمدارلار ئارىسىدىلا
چەكلەنگەن ئەنئەنە بولغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلۈك تۇيغۇ-
سى كۈچلۈك، ئائىلە تارىخىنى مىللەت تارىخىنىڭ بىر تەركىبى
ھېسابلايدىغان، نەسەبنامە ئارقىلىق ئۆتمۈشنى كەلگۈسىگە ئۇلاش-
تەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئاز ساندىكى كىشىلەر دائى-
رىسىدە داۋام قىلدۇرۇلماقتا.

ئۇيغۇرلاردىن خەنزۇ مىللىتىگە تۇرلۇك تارىخىي سەۋەبلەر
بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن جەمەتلەر خەنزۇ مىللىتىنىڭ كۈچلۈك
جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ ۋە نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىسىنىڭ تەسى-
رىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۇلارمۇ ئېسىل نەسەبنامىلەرنى يې-
زىپ قالدۇرغانىدى. ھازىر تارىخىي ۋەسىقە سۈپىتىدە ساقلىنى-
ۋاتقان ھەتتا داۋام قىلدۇرۇلۇۋاتقان نەسەبنامىلەردىن، يۈەن دەۋ-
رىدە ئوردىدا خىزمەت قىلغان سىلىنگا جەمەتىنىڭ يەتتىنچى ئەۋ-
لادى شيې ۋېنجى (偰文质) شۇ دەۋردىكى خەنزۇ تارىخچىسى
ئوۋياڭ شۈەنگە مىلادىيە 1358 - يىلى ھاۋالە قىلىپ يازدۇرغان،
ھەم شۇ چاغدا «گۈيجەي توپلىمى» (圭斋文集) غا كىرگۈزۈل-
گەن «قۇجۇلۇق شيې (سىلىنگا) جەمەتىنىڭ تەزكىرىسى»،
«تاڭ نامە»، «لياۋ تارىخى»، «يۈەن تارىخى» ۋە تاڭ، لياۋ،
يۈەن دەۋرلىرىدە يېزىلغان باشقا تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇي-

غۇر شەخسلىرى ۋە جەمەتلىرىنىڭ تەزكىرىسى، مەسىلەن «يۈەن تارىخى. سەييىد شەمسىددىن تەزكىرىسى»، شەندۇڭدا ساقلىنىۋاتقان «سەي (سەييىد) جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى»، بەزى خەنزۇچە قەبرە تەزكىرىلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر نەسىللىك جەمەتلەرنىڭ نەسەب خاتىرىلىرى، خۇنەندىكى «جيەن» فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نەسەب تارىخىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇھىم ماتېرىيال — «خەلىلباشى سانغۇنىنىڭ قەبرە ئابىدىسى» قاتارلىقلار مەشھۇرراقتۇر. بۇ نەسەبنامىلەر تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلىشىش ۋە ئاۋۇش تارىخىدىن مەلۇمات بەرگۈچى بىرىنچى قول ماتېرىياللار بولۇش سۈپىتىدە، ئۇلار ھەم ئۇيغۇرلاردا نەسەبنامە تۈزۈش ئەنئەنىسىنىڭ تامامەن بار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ نەسەب خاتىرىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن پايدىلىق ئەمگەك ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

1996 - يىلىدىن ئېتىبارەن، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى «يىلتىزىم» ناملىق سەھىپە ئېچىپ، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى تارىخىنى بىلىش، ئېنىقلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسىنى تۈزۈۋېلىشىغا رىغبەت بەردى. نەتىجىدە نۇرغۇن بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئۆزى بىلەلىگەن دائىرىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ پاكىز ئەمما قىزغىن تارىخ تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدى. بالىلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىنى ساناپ چىقىش ئىشىنى تولۇق نەسەبنامە ۋە شەجەرە شەكلىدە سىستېمىلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە، مۇئەللىپ (ئەنۋەر سەمەد غەربىي) شۇ ژۇرنالنىڭ 1997 - يىللىق 12 - سانىدا «نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ بىرقانچە سخېمىسى» ناملىق ماقالىنى سەبىيلەرنىڭ مەنپەئەتلىنىشىگە سۇنغانىدى. قىسقىسى، ئائىلە - جەمەت نەسەبنامە تۈزۈش، شۇ ئارقىلىق



ئەجداد - ئەۋلاد زەنجىرىنى ھاسىل قىلىش — نۆۋەتتىكى ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشى، تارىخ تۇيغۇسىنىڭ ئويغىنىشى، ئەۋلادلارغا قارىتا ئەۋج ئېلىۋاتقان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ ناھايىتى جانلىق بىر تەرىپى ۋە ئىپادىسى بولۇپ قالدى.

ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى، يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقىنىڭ بىخ ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىدە، بۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى بىر قىسىم ئويغاق ياشلار بىلەن بىرلىكتە 2001 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «ئۇدۇم نەسەبنامە مۇلازىمەتخانىسى» نى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ، تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ زۆرۈر قائىدىلىرى، ئەھمىيىتى، فامىلىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىلىرى بارىسىدا سۆھبەت ۋە تەرغىبات ئېلىپ باردى ۋە بەزى جەمەتلەرنىڭ نەسەبنامىلىرىنى يېزىشىغا كۆرسەتمە بەردى، بەزى نەسەبنامىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە يېزىپ جەمەت ئىگىلىرىگە تاپشۇردى. ھازىر «ئۇدۇم نەسەبنامە مۇلازىمەتخانىسى» نەسەبنامە يېزىش مۇلازىمىتى، فامىلە ۋە ئىسىم قويۇش مۇلازىمىتى. . بىلەن مەشغۇل بولماقتا. باشقا بىر مەنىدىن قارىغاندا، بۇ ئۇيغۇرلاردىكى نەسەبنامىچىلىكنىڭ ئىلمىي رەۋىشتە تەشكىللىك ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغانلىقىنىڭ، نۇرغۇن كىشىلەردىكى ئەجداد روھىغا سېغىنىش تەلىپى ۋە ئارزۇسىنى يۇكسەلدۈرۈشنىڭ خاسىيەتلىك نىشانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، مەرىپەتلىك جەمئىيەتتە مەرىپەتلىك مىللەتلەر بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىش، ھەربىر پائالىيەت ۋە ھەرىكەتتە ئويغاقلىقنى ئىپادىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللىي خاسلىقنى يوقۇتۇپ قويماسلىق، ئەۋلادلارغا كۈچلۈك يىلتىز تۇيغۇسىنى ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن، جەمەت نەسەبنامىسى يېزىش ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ياخشىراق چارە بولمىسا كېرەك. دېمەك، بۇ نۆۋەتتە بىر زۆرۈرىيەتكە ئايلانغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنىڭ ھەربىر ئا-

ئىلىسىدە دېگۇدەك شۇ ئائىلە ۋە شۇ ئائىلە تەۋە بولغان جەمەتنىڭ
نەسەبنامىسى بار. ئۇ مىللەتلەر نەسەبنامىلىرىنى مىللەت تارىخى-
نىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە تونۇيدۇ، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشتى-
كى ئېسىل دەرسلىك قىلىدۇ، ئېسىل نەسەبلىرى بىلەن پەخىر-
لىنىشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ، جەمەتداشلار ئارا ئىتتىپاقلىقنى،
ئۇيۇشقاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارايدۇ، نىكاھ ۋە
ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى تەكشۈرىدىغان ماتېرىيال سۈپىتىدە قەدىر-
لەپ داۋاملاشتۇرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، جەمەت
نەسەبنامىسى هامان مەلۇم فامىلە تارىخىدۇر. نەسەبنامە ـ فامىلە
ۋە ئۇنى قوللانغۇچى جەمەتداشلارنىڭ تارىخىي ئاساسىدۇر. فامىلە
قوللىنىدىغان مىللەتلەردە هامان شۇ فامىلىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن
تارتىپ شۇ فامىلىلىك جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئاۋۇشىغىچە بولغان
جەريان ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نەسەبنامە بولىدۇ. فامىلە قوللىنىش
ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەتلەر فامىلە قوللىنىش بىلەن نەسەبنامە
تۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدۇ، فامىلە قوللىنىشتا نەسەبنامى-
نى يازما ئاساس قىلسا، نەسەبنامە يېزىشتا فامىلىنى ئۆلچەم
قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىشنى ئومۇملاشتۇرۇش باردى-
سىدا نۇرغۇن ئىلىم ساھەبلىرى ئەهمىيەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇ-
رىغا قويغاندىن باشقا، بەزى لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز-
نىڭ قارىشىمىزچە بىر مىللەتتە فامىلە ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەل-
تۈرۈش پۈتۈنلەي مۇمكىن، ئەمما فامىلە قوللىنىش ئەنئەنىسىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە، نەسەبنامە تۈزۈش مۇھىم يېزىق ئاساسى
ۋە پرىنسىپ قىلىنىشى لازىم. چۈنكى، فامىلە قانداشلىق مۇنا-
سىۋىتى بىلەن باغلانغان بىر پۈتۈن جەمەتنىڭ ئومۇمىي بەلگىسى-
دۇر، نەسەبنامە بولسا شۇ بەلگىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئىشلەتكەن
بارلىق كىشىلەرنىڭ، قانداشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ خاتىرىسى-
دۇر. فامىلە قوللىنىشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئائىلە
نەسەبنامىسى تۈزۈپ چىقىش بىرىنچى قەدەم قىلىنسا، ئۇنداقتا



شۇ نەسەبنامە تەركىبىدە خاتىرىلەنگەن بارلىق كىشىلەرنىڭ مەلۇم
بىر تاللانغان فامىلىنى قوبۇل قىلىشىنى تېزلەتكىلى، ھەمدە
فامىلە قوللىنىشتا كېلىپ چىقىدىغان خۇسۇسىي ئىختىيارىيلىقنى
تۈگەتكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم نەسەبنامە چوقۇم مە-
لۇم فامىلە بىلەن ئاتىلىشى لازىم بولىدۇ. مىسال ئالساق، مەلۇم
كىشى ئۆزىنىڭ جەمەتىدە مەلۇم بىر ئورتاق نامنىڭ (فامىلىنىڭ،
لەقەمنىڭ) بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزى مۇۋاپىق دەپ ئويلى-
غان بىر سۆزنى فامىلە قىلىپ ئىشلەتمەكچى بولغىنىدا، ئۇنىڭ
تاللىغان فامىلىسىنى باشقا جەمەتداشلارنىڭ قوبۇل قىلىشىدا مە-
سىلە كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئەگەر ئۆز ئائىلىسىدىنلا باشلاپ قول-
لىنىشنى خالىسا، ئۇنداقتا بۇنداق فامىلىنىڭ ئەجدادلار ئەنئەنى-
سىنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى رولى ئاجىز بولۇشى، قانداشلىق مۇ-
ناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ۋە فامىلە پرىنسىپلىرى بويىچە ئىشلىتى-
لىش، داۋاملاشتۇرۇلۇشقا پايدىسى كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن.
چۈنكى، فامىلە ئادەتتىكى نام بولماستىن، مۇھىمى قانداشلىق،
قېرىنداشلىق، جەمەت، ئائىلە تارىخى قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆزىگە
يۈكلىگەن نامدۇر. شۇڭا ئۇنى نۆۋەتتىكى تۇغۇلىدىغان ياكى هايات
ئەۋلادلاردىن باشلىغاندىن كۆرە، نىسبەتەن يىراقتىن داۋاملاشتۇ-
رۇپ كېلىش مۇۋاپىقراق. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، نەسەبنامە تۈزۈش
يولى بىلەن شۇ نەسەبنامىدە خاتىرىلەنگەن پۈتۈن جەمەت ئەزالىرى-
نىڭ ئورتاق فامىلىسىنى بېكىتىپ چىقىش — فامىلە قوللىنىشى-
نى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە مالىمانلىشىپ كەتمەسلىكنىڭ ئالدىنى
شەرتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلاردا فامىلە
قوللىنىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى باشلاش بىلەن جەمەت
نەسەبنامىسىنى تۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش —
ئەمەلىي ۋە مەنپەئەتلىك تەدبىردۇر.

## 3. نەسەبنامە تۈزۈشنىڭ زۆرۈر قائىدىلىرى

نەسەبنامە — بىر فامىلە ۋە بىر جەمەتنىڭ تارىخى بولغاچقا،
ئۇنىڭغا نىسبەتەن گەرچە بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ تارىخىنى،
بىرەر رايونىنىڭ تەزكىرىسىنى يېزىشتا زۆرۈر بولغاندەك قا-
ئىدە - پرىنسىپلارنى بېكىتىش ھاجەت بولمىسىمۇ، ئەمما نەسەب-
نامەشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەلىپى، نەسەبنامىلەرنىڭ تارىختىن بۇ-
يان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان تۈزۈش ئەنئەنىسى ۋە نەسەبنامىلەردى-
كى كۆپ تەرەپلىك قىممەتنى نەزەردە تۇتقاندا، جەمەت نەسەبنامى-
لىرىنىمۇ تارىخ سۈپىتىدە قاراپ زۆرۈر قائىدىلەرنى بېكىتىشكە
توغرا كېلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر، قىسمەن جەمەت ۋە ئائىلىلەردە يې-
زىلغان نەسەبنامىلەر مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن بىر - بىرىگە
دېگەندەك ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن قارى-
غاندا ئوخشاش. ئېيتىشقا بولىدۇكى، كۆپىنچە نەسەبنامىلەردە
ئەسلىدە خاتىرىلىنىشكە تېگىشلىك مەزمۇنلار چۈشۈپ قالىدىغان،
مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى چۇۋالچاق بولىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ
تۇرىدۇ. پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ
مەزمۇنى ئەڭ ئاددىي بولغاندىمۇ مەلۇم جەمەتنىڭ ياكى ئائىلىنىڭ
قانداشلىق مۇناسىۋەت خاتىرىسى، يەنى شۇ جەمەتنىڭ ئەڭ دەس-
لەپكى ئەجدادىدىن تارتىپ تاكى ئەينى چاغدىكى ھايات ئەزاسىغىچە
بولغان تارىخنىڭ ئەۋلادلارغا بۆلۈپ يېزىلغان خاتىرىسى، شۇ
جەمەت ياكى شۇ ئۇرۇققا مەنسۇپ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتلەرنىڭ ئېنىق شەرھىسى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئېلىشى كېرەك. مۇكەممەل بولغان نەسەبنامىنىڭ مەزمۇن دائى-
رىسى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن تەرەپلەرگە چېتىلى-
دۇ. ئەمما، نىسبەتەن ئومۇملاشقان ۋە مۇكەممەل بولغان نەسەب-



نامە كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى سەككىز جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز
ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

1. مۇقەددىمە قىسمى؛

2. شۇ جەمەت ياكى ئائىلىنىڭ يىلتىزى — ئەجدادى ھەققى-
دە تارىخىي تەرزدە ئىزدىنىش مەزمۇن قىلىنغان قىسىم؛

3. جەمەت شەجەرىسى؛

4. نەسەبنامە جەدۋىلى (يەنى شۇ جەمەتكە مەنسۇپ كىشىلەر-
نىڭ جەدۋەل ئارقىلىق تىزىپ كۆرسىتىلىشى)؛

5. جەمەتتىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى: بۇ توي - تۆكۈن،
تۇغۇت، ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋالى، باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ
كېتىش ياكى قوشۇۋېلىش، تويلىشىش ئەھۋالى، شۇ جەمەتنىڭ
گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش ۋاقتى ۋە سەۋەبلىرى قاتارلىق تەرەپ-
لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

6. شۇ جەمەت ئولتۇراقلاشقان ماكانلار ۋە كۆچۈش ئەھۋا-
لى: بۇ شۇ جەمەت ئەزالىرىنىڭ دەسلەپكى يۇرتى، ئولتۇراقلاش-
قان ماكانلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر، ماكانلاشقان جايلارنىڭ
ئىزنالىرى ۋە خەرىتىلىك كۆرسەتمىسى، جەدۋىلى، ھەمدە كۆ-
چۈش - تارقىلىش يۆنىلىشلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ۋە بايانلار-
نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛

7. شۇ جەمەتتىكى ئەجدادلارنىڭ ۋاپاتى، قەبرىگاھلىرى ۋە
ئۇلارنىڭ ئورنى ھەققىدىكى بايان ۋە خەرىتىلىك كۆرسەتمە؛

8. شۇ جەمەتنىڭ تۆھپە ۋە نەتىجىلىرى: بۇ شۇ جەمەتتىن
چىققان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى، كەشپىياتلى-
رى، ئىجادىيەت ئەسەرلىرى، شۇ جەمەتنىڭ دۆلەت ۋە مىللەتكە
قوشقان چوڭ تۆھپىلىرى قاتارلىقلار ھەققىدىكى بايانلارنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەلۋەتتە، نەسەبنامىنىڭ مەزمۇننى نەسەبنامە يازغۇچى جە-
مەت ئەزالىرى ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ماتېرىيالنىڭ ئاز - كۆپلۈ-

كى، بىلىم قۇرۇلمىسى، قىزىقىشى بويىچە بېيىتىشقا ۋە تەڭشەشكە بولىدۇ. ئەمما، نەسەبنامە تارىخشۇناسلىق ئۇسلۇبىدا يېزىلىدىغان ئائىلە، نەسەبنىڭ تەزكىرىسى بولغاچقا، ئەمەلىيەتچىل بولۇش — باشتىن - ئاخىر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەسەبنامىدە مۇئەييەن بىر مەزگىل ئىچىدىكى مەلۇم بىر جەمەتنىڭ ئەر تەرەپ ئەجدادلىرىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئىسىم - شەرىپى، تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى ئومۇمىي يۈزلۈك خاتىرىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدا بىر فامىلىگە تەۋە بولغان بارلىق كىشىلەر ئەۋلاد تەرتىپى بويىچە باي - كەمبەغەللىك، يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقىگە قارىماي تىزىپ كۆرسىتىلىدۇ؛ مەلۇم داڭلىق شەخسلەرگە قارىتا، مەخسۇس سەھىپە ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھاياتى پائالىيىتى، ئىش - ئىزلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ؛ ھەربىر نەسەبنامىنىڭ بېشىدا شۇ جەمەت قوللىنىپ كەلگەن فامىلىنىڭ (ئەگەر بار بولسا) ياكى شۇ فامىلىلىك دەسلەپكى ئەجدادىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارماقلاپ كۆپىيىشى، دەۋرلەر بويىچە كۆچۈشكە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار يېزىلىدۇ؛ ئەگەر مۇۋاپىق تېپىلسا، شۇ جەمەتنىڭ قائىدە - نىزاملىرى، ئۆرپ - ئادىتى، ئەھدۇپەيمانلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ھۈنەر - كەسپىتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

نەسەبنامىدە بىر جەمەتنىڭ ئەر تەرەپ ئەجدادلىرىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئىسىم - شەرىپى . . ئومۇمىيۈزلۈك خاتىرىلىنىدۇ دېگەنلىك، نەسەبنامىدە جەمەت ئىچىدىن تۇغۇلغان خوتۇن - قىزلارنىڭ نام - شەرىپى خاتىرىلەنمەيدۇ، دېگەنلىكنى بىلدۈرمەيدۇ. نەسەبنامىدە ئاياللارنىڭ ئىش - پائالىيىتى خاتىرىلەنگەندە مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرى، نەسەبنامىدە بىر جەمەتتىن تۇغۇلغان خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىسىم - شەرىپى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ تەرتىپ-



لىرى يېزىلغاندىن باشقا، ئاشۇ خوتۇن - قىزلارنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇلار ھەققىدە نەسەبنامىدە مۇۋاپىق توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر؛ يەنە بىرى، مەلۇم جەمەتتىكى خوتۇن - قىزلار باشقا جەمەتتىكىلەرگە ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىش - پائالىيەتلىرى ئۇلار نىكاھداشلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق تەۋە بولغان يېڭى جەمەتلەرنىڭ نەسەبنامىلىرىدە خاتىرىلىنىشى لازىم. ئەگەر مەڭگۈ بويتاق ئۆتكەن خوتۇن - قىزلار بولسا، ئۇلارنى ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسىدە تەپسىلىيرەك خاتىرىلەش كېرەك. نەسەبنامە شەجەرىسىدە بولسا ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئۆز جەمەتى نەسەبنامىسىدە ۋە ياتلىق بولغان جەمەتنىڭ نەسەبنامىسىدە ئىككى قېتىم خاتىرىلىنىشىنى كۆزدە تۇتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىش - ئەھۋالىنىڭ خاتىرىلىنىشى دەرىجىسى مەلۇم چەك - چېگرا بەلگىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. بۇنى ھەربىر ئايالنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەش — يەنى ئەسلىي جەمەتنىڭ نەسەبنامىسىدە ئاز - كۆپ خاتىرىلەش ۋە ياتلىق بولغان جەمەتنىڭ نەسەبنامىسىدە ئاز - كۆپ خاتىرىلەشنى بەلگىلەش زۆرۈر بولىدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن نەسەبنامىنىڭ سەككىز تۈرلۈك مەزمۇنىنى ھەربىر جەمەتنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ مۇۋاپىق كېڭەيتىپ يېزىشقا بولىدۇ. نەسەبنامىلەرنى تېخىمۇ قىممەتكە ئىگە قىلىش، ھازىرقى نەسەبنامىلەرنى ئەنئەنىۋى نەسەبنامىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئىلمىي، تېخىمۇ سىستېمىلىق تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن، مۇئەللىپ تۆۋەندە نەسەبنامە تۈزۈشتە خاتىرىلىنىدىغان مەزمۇن دائىرىسىنى تېخىمۇ كۆپ تۈرلەر بويىچە كۆرسىتىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۆز جەمەتى نەسەبنامىسىنى يېڭىدىن يازماقچى بولغانلار ئۈچۈن، ئەگەر ئۆز ئائىلىسىدىن تارتىپلا ئەمەس، بەلكى ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ يىراق ئەجدادىدىن تارتىپ نەسەبنامە تۈزمەكچى

بولسا، ئۇنداقتا ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادىدىن تارتىپ
شۇ ئەجدادتىن شاخلىنىپ چىققان، ھەم نەسەبنامە تۈزگۈچى بىر
قەدەر ئېنىق بىلىدىغان شەخسلەرنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتلىرى
يېزىلىشى لازىم. بۇنىڭدا ئۆزى بىلەن تىك يۆنىلىشلىك
مۇناسىۋەتتىكى ئەر جىنسلىق ئەجدادلار ( يەنى بالا ـ ئاتا ـ
بوۋا ـ . . . ) نىلا يازماي، زۆرۈر تېپىلسا باشقا ئەر ۋە ئايال
جىنسلىق جەمەت ئەزالىرى ھەم ئۇلار تەشكىل قىلغان ئائىلىلەر
ھەققىدىمۇ تەپسىلىيرەك توختىلىش لازىم. بۇرۇنقى ئەجدادلىرى-
دىن تارتىپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ياكى ئاتىسىدىن تارتىپلا
نەسەبنامە تۈزمەكچى بولغانلار ھەم ئۆزى بىلەلىگەن يىراق ئەجدا-
دى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى قىسقارتىۋەتمەي، ئۇلارنى مۇۋاپىق
دەرىجىدە خاتىرىلەش زۆرۈر.

( 2 ) يۇرت تارىخىدىن قىسقىچە ئۇچۇر: بۇنىڭدا مەلۇم جە-
مەتنىڭ بىرقانچە ئەۋلاد مۇقىم ئولتۇراقلاشقان يۇرتلارنىڭ تارىخ-
نى، جۇملىدىن ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنت ۋە مەھەللىلەر
دەرىجىسى بويىچە مۇناسىۋەتلىك يۇرت ـ ناھىيە تەزكىرىلىرىدىن
پايدىلىنىپ ئۆز يۇرتى ھەققىدە قىسقىچە تارىخ يېزىپ، نەسەبنامە-
نىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

( 3 ) ئەجدادلىرىنىڭ ماكانلىرى ۋە كۆچۈشى ھەققىدىكى
تەپسىلاتلار، ماكانلاشقان جايلارنىڭ ئىزنالىرى ۋە خەرىتىلىك
كۆرسەتمىسى، كۆچۈش ـ تارقىلىش يۆنىلىشلىرى ۋە ئۇلاردىكى
ئۆزگىرىشلەر ھەققىدىكى خاتىرە.

( 4 ) جەمەت تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى: بۇ شۇ
جەمەتتىكىلەر مىللەت ۋە ۋەتەنگە قوشقان چوڭ تۆھپىلەر، جەمەت-
نىڭ گۈللىنىش ۋە خارابلىشىش باسقۇچلىرى ھەم ئۇلارنىڭ سە-
ۋەبلىرى، كۆچۈش ۋە ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى، جەمەتتىن پار-
چىلىنىپ چىققان ئائىلىلەر، جەمەت ئىچىدىكى چوڭ نىزا ۋە
غەلىبىلەر، شۇنداقلا يۇقىرىقى ۋەقەلەرنىڭ يىل ـ ئاي كۆرسەتمى-



سى . . . نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

( 5 ) جەمەت ئىچىدىكى مەشھۇر شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز
دەۋرىدىكى ھاياتىي پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى خاتىرە: بۇنىڭدا بە-
زى جەمەت ۋە ئائىلىلەر ئۆز جەمەتى تارىخىدا بىرەر مەشھۇر
شەخسنىڭ بارلىققا كەلمىگەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ، بۇنداق بىر
تۈر تۈزغۇزماسلىقى مۇمكىن. بىزنىڭچە، ھەربىر جەمەتنى بەرپا
قىلغۇچىلار — مەشھۇر شەخسلەردۇر. مەشھۇرلۇق دەرىجىسىنىڭ
قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جەمەتىدە كۆزگە كۆرۈنگەن
شەخسلەر ھەققىدە ئايرىم سەھىپە ئېچىش ياكى نۇقتىلىق بايان
قىلىش — نەسەبنامىچىلىكتىكى مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرىدۇر.

( 6 ) جەمەت ئۇچۇن نىسبەتەن مۇقىم شەكىلدە ئادەتلەش-
كەن، بىرقەدەر ئىزچىل داۋام قىلدۇرۇلغان ئاساسىي ئىشلەپچە-
قىرىش شەكلى، ھۈنەرلەر، كەسىپلەر توغرىسىدا بايان.

( 7 ) جەمەتنىڭ ئۇدۇمى، ئەنئەنىسى، يوسۇنى، لەقىمى،
تىل ئادەتلىرى، ئەقىدىسى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگە-
رىش جەريانى، شۇ جەمەتكە مەنسۇپ غارايىبات ۋە غالىتە ۋەقەلەر
ھەققىدە بايان.

( 8 ) جەمەتنىڭ تارىختىن بۇيان جەمئىيەتتە تۇتۇپ ساقلاپ
كەلگەن تەبىقە دەرىجىسى، ئورنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر
توغرىسىدا ئۇچۇر.

( 9 ) جەمەت ئىچىدىكى ئەزالار تارىختىن بۇيان ئېرىشكەن
ھەر خىل ئۇنۋانلار، ۋەزىپىلەر ۋە ئۇلارنىڭ جەدۋەللىك كۆرسەت-
مىسى.

( 10 ) جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى، ئەدەبى-
يات ـ سەنئەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرى ھەم نەتىجىلىرى،
شۇنداقلا ئۇلار ھەققىدىكى خۇلاسە.

( 11 ) جەمەت ئىچىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىۋاتقان تەۋەررۈك
بۇيۇملار، جەمەت نىشانلىرى ۋە مىراسلار ھەققىدىكى خاتىرە.

(12) جەمەت ئەزالىرىغا نىسبىي ئورتاق بولغان خىلىتلار،
مىزاجلار، پسىخىكىلار؛ كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر، ئائى-
لىۋى رېتسىپلار خاتىرىسى.

(13) جەمەتنىڭ توي ـ نىكاھ ئادەتلىرى، نىكاھ مۇناسىۋ-
تىدىكى ئۆزگىرىشلەر، باشقا مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىش ئەھ-
ۋالى، تۇغۇت نىسبىتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۆزگىچە-
لىكلەر ھەققىدىكى بايان.

(14) جەمەت ئىچىدىكى ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراغ
ئەھۋالاتى ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى.

(15) جەمەت ئەزالىرىنىڭ نىسبىي ئورتاق ھالەتتىكى كې-
يىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتى ۋە ئەنئەنىسى، ئامراق
تائام ۋە ئىچىملىكلەر ھەققىدىكى خاتىرە.

(16) جەمەت ئەزالىرىغا ئورتاق بولغان ئىرسىي ئالاھىدى-
لىكلەر، جۈملىدىن بەدەن تۇرقى، تېرە ۋە چاچ رەڭگى، يۈز
قىسمىدىكى ئالاھىدىلىكلەر، بوي ئېگىزلىكى ۋە شۇنىڭغا ئوخ-
شاش ئۆزگىچىلىكلەر، شۇنداقلا ئۇلاردىكى ئۆزگىرىش ھەققىدى-
كى خاتىرە.

(17) جەمەت ئەجدادلىرىدىن ئەۋلادلىرىغا قالغان ئۈگۈت ـ
نەسىھەتلەردىن جەۋھەرلەر تىزمىسى.

(18) جەمەتتىن چىققان ئىبرەتلىك شەخسلەر ۋە ئۇلار ھەق-
قىدىكى دارىتما بايان.

(19) جەمەت ئەزالىرىنىڭ ۋاپاتى، ۋاقتى، قەبرىگاھلىرى،
قەبرىلەرنىڭ خەرىتىلىك كۆرسەتمىسى.

(20) جەمەت ئەزالىرىنىڭ سۈرىتى، رەسىمى، ئۇلارغا
مۇناسىۋەتلىك ئۈن ـ سىن لېنتىلىرى، كۈندىلىك خاتىرىلەر،
ۋە باشقا يازما ەنبەئەلەر ھەققىدىكى بايان ۋە ئۇلارنىڭ ئارخىپلاش-
تۇرۇلغان شەكلى.

(21) جەمەت ئەزالىرى ھەققىدىكى جەدۋەللىك سخېما:



بۇنداق جەدۋەللىك سخېما جەمەت ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ
ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرە-
لەيدىغان بولۇشى، جەمەت ئەزالىرىنىڭ ئىسمى ـ شەرىپى، تۇ-
غۇلغان ۋە ۋاپات تاپقان ۋاقتى، كىملەر بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىدە
بولغانلىقى، كەسپى. . . قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلى-
شى كېرەك.

(22) جەمەت شەجەرىسى: ھەربىر نەسەبنامىگە ھەرقانچە
ئاددىي بولغان تەقدىردىمۇ، شەجەرە ياندىشتۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ
ھەقتە كېيىنكى قىسىمدا تەپسىلىيرەك مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نەسەبنامىلەرنىڭ كۆپلەپ
مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى جەمەتچىلىك ئې-
ڭىنىڭ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكى، يازما تارىخشۇناسلىقنىڭ دېگەن-
دەك تەرەققىي قىلالمىغانلىقى ۋە ساۋاتسىزلارنىڭ بىرقەدەر كۆپ
بولۇشى... قاتارلىق سەۋەبلەردىن كۆرۈشىمىز مۇمكىن. ئۆتكەن
دەۋرلەردە جەمەت نەسەبنامىلىرىنى جەمەت ئىچىدىكى بىلىملىك
شەخسلەرنىڭ تۈزۈپ چىققانلىقى ياكى جەمئىيەتتىكى باشقا قەلەم-
كەشلەرگە تۈزدۈرگەنلىككە ئوخشىمىغان ھالدا، ئۇيغۇرلاردا ھا-
زىرقى ۋاقىتتا فامىلە قوللىنىش قىزغىنلىقى، جەمەتچىلىك ئې-
ڭىنىڭ ئۆسۈشى، شۇنداقلا ھەربىر جەمەت ۋە ئائىلىلەردە قولىدا
قەلەم تۇتالايدىغان كىشىلەرنىڭ دېگۈدەك بولغانلىقىنى نەزەرگە
ئالغاندا، ھازىرنى ئۇيغۇر نەسەبنامىچىلىكىنى قايتا تىرىلدۈرۈش-
نىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى دەپ قارايمىز. شۇنداق ئىكەن، ھەربىر
كىشىنىڭ يۇقىرىقى مەزمۇنلار بويىچە ئۆز جەمەتىنىڭ تارىخى ـ
نەسەبنامىسىنى يېزىپ چىقالىشى تامامەن مۇمكىن. خۇددى يۇقى-
رىقى سەھىپىلەردە ئېيتىپ ئۆتكەندەك، نەسەبنامە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈ-
شىگە ئەگىشىپ تولۇقلىنىپ يېزىلىشى كېرەك. ۋاقىت ئېتىبارى-
دىن قارىغاندا، نەسەبنامىنى ھەر ۋاقىت تولۇقلاپ يېزىشنىڭ
ھاجىتى يوق. ئەنئەنىۋى قائىدە بويىچە، يېزىلىپ بولغان نەسەبنا-

مىنى جەمئىيەتتىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مەلۇم ۋاقىت ئارىلىقىدا بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تولۇقلاپ تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ ئارىلىق ۋاقىتنى 15 يىلدىن 30 يىلغىچە دەپ مۆلچەرلەيمىز. دېمەك، سەرگۈزەشتىلىرىدە زور ئۆزگىرىش بولغان، شاخچە قانداش ئائىلىلىرى كۆپرەك جەمەتلەر ئۈچۈن، جەمەت نەسەبنامىسىنى تولۇقلاپ يېزىشنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى قىسقىراق بولسا، زور ئۆزگىرىشلەر بولمىغان كىچىكرەك جەمەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا نەسەبنامىنى تولۇقلاپ يېزىشنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى ئۇزاقراق بولۇشى مۇقەررەر. ئەمما، دەسلەپتىلا چۇۋالچاق، كەمتۈك يېزىلىپ قالغان نەسەبنامىلەرنى بەزىدە 15 ياكى 30 يىلنى ساقلاپ تۇرماي تولۇقلاپ مېڭىش، قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلىش يۇقىرىقى قائىدىگە مۇخالىپ كەلمەيدۇ. ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتە، جەمەت نەسەبنامىسىنى تولۇقلاپ يېزىپ داۋاملاشتۇرماسلىق - ئەۋلادلارنىڭ ئەجدادلىرىغا قىلغان ۋاپاسىزلىقىدىن بىر ئىپادە دەپ قارىلاتتى، دەپ ئېيتقاندۇق. دېمەكچىمىزكى، نەسەبنامە تۈزۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ساقلاپ قېلىشتا ئەۋلادلاردا ئۆز جەمەتىنىڭ نەسەبنامىسى ھەققىدە چوڭقۇرراق تەسىرات، جۈملىدىن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى جەزمەن يېتىلدۈرۈش، نەسەبنامىنى تولۇقلاپ يېزىشنىڭ مەنپەئەتلىرى، تاشلاپ قويۇشنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە تەربىيە ئىشلەش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، مۇندىن يۈز ھەتتا نەچچە يۈز يىلدىن كېيىنكى ئەۋلادلار زور بىر تۈركۈم نەسەب خاتىرىلىرى بايلىقىغا ئېرىشىدىغان، مىللەت، جەمەت ۋە ئائىلە تارىخىنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ چۈشىنەلەيدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئىلگىرىكى نەسەبنامىلەردە بىز جەمەتلەردىن چىققان ئىبرەتلىك شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنىڭ يېزىلمىغانلىقىنى، ھەتتا ئىسمىنىڭمۇ ئاتالماي، «پۇستانى»، «پۆكۆنى»، «بىرى» دېگەن-



دەك سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنغانلىقىنى بايقايمىز. دەرۋەقە، بۇ مەزكۇر جەمەتلەرنىڭ شان - شەرىپىگە داغ چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بىر تەدبىر بولۇشىمۇ، ئەمما ئۇ توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. تەشەببۇسىمىز شۇكى، جەمەت ئىچىدىن چىققان ئىبرەتلىك شەخسلەرگىمۇ نەسەبنامىلەردە مۇۋاپىق ئورۇن بېرىش، ئۇلارنىڭ ئىبرەتلىك ئىش - ئىزلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارغا سەلبىي جەھەتتىن تەربىيە بېرىش، نوقۇل ياخشىلىق بىلەنلا ئەمەس، بەلكى سەتچىلىك ئارقىلىقمۇ ئۇلاردا ئۆز جەمەتىنىڭ شەرىپى بىلەن پەخىرلىنىش، مەغلۇبىيىتىدىن پۇشايمان قىلىش، نومۇسنى يۇيۇش ۋە ساقلاش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.

جەمەت نەسەبنامىسىنى تۈزۈشتە بولسۇن ياكى تولۇقلاپ يېزىشتا بولسۇن، جەمەت ئىچىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئىختىيارىچە ئىش كۆرۈشى مۇۋاپىق ئەمەس. جەمەت نەسەبنامىنى دەسلەپ تۈزۈشتە جەزمەن يېزىلماقچى بولغان جەمەتنىڭ ئەزالىرى ئىچىدىكى ئاساسلىق شەخسلەر بىلەن باش قوشۇپ، ئىمكانقەدەر كۆپ، تولۇق ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش، ھايات دەرسلىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىش، ھەمكارلىق، مەسلىھەت ئاساسىدا نەسەبنامىنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇن دائىرىسىنى بېكىتىش كېرەك. نەسەبنامىنى تولۇقلاپ يېزىشنى جەمەت خاراكتېرلىك يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، شۇ مەيداندا ھەممىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ تولۇقلاش ئارقىلىق، ئۇنى مۇراسىم تۈسىگە ئىگە قىلىش زۆرۈر. شۇندىلا نەسەبنامىنىڭ جەمەت ئەزالىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

بىر جەمەت ئىچىدىكى ئەزالار نىكاھ ئىشلىرىدا ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچار بولۇشتىن، يات جەمەتلەردىن بولغان پەرزەنتلەرنى بېقىۋېلىش ياكى باشقا جەمەتلەرگە باقتۇرۇشتىن خالىي بولالماي-

دۇ. مۇنداق ئەھۋالدا جەمەت نەسەبنامىسىدە ئاشۇ ئەھۋاللارنى تولۇقراق خاتىرىلەش، بولۇپمۇ بېقىۋېلىنغان پەرزەنتلەرنى جەمەت نەسەبنامىسىدە خاتىرىلەش بىلەن ئۇنىڭغا جەمەت فامىلىسىنى ھەدىيە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەزكۇر جەمەت ئىچىدىكى قانۇنلۇق ئورنى، ۋارىسلىق ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. دېمەك مۇنداق ئەھۋالدا، بېقىۋېلىنغان بالىلارغا جەمەت فامىلىسىنى ھەدىيە قىلىش ۋە ئۇلارنى جەمەت نەسەبنامىسىدە خاتىرىلەش — ئۇلارنىڭ جەمەتلەر ئىچىدىكى ۋارىسلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ قانۇني ئاساسي سۈپىتىدە تونۇلۇشى شەرت.

نەسەبنامىدىن ئىسمى ۋە ئىش - پائالىيىتىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشنى جەمەتنىڭ بىرەر ئەزاسىغا بەرگەن ئەڭ ئېغىر جازاسى سۈپىتىدە تونۇش بولسا بەزى مىللەتلەرنىڭ جەمەتچىلىك ئەنئەنىسىدىكى ئەھۋالدۇر. بۇنداق ئەنئەنىنىڭ ئۇيغۇر نەسەبنامىچىلىكى ئىچىدە قوللىنىلىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قېقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. جەمەت ئەزالىرى ئىچىدىكى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن، جەمەتنىڭ شان - شەرىپىنى دەپسەندە قىلغان، جەمەتنىڭ ئابرۇيىنى بىلىپ تۇرۇپ يوقاتقان، شۇنداقلا باشقا سەلبىي شەرتلەرنى ھازىرلىغان شەخسكە قارىتا جەمەتنىڭ بېرىدىغان جازاسى ئۇنىڭ جەمەت فامىلىسىنى ئىشلىتىشكە يول قويماسلىق، نەسەبنامىدىن ئىسىم - شەرىپىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ جەمەت ئىچىدىن ئالىدىغان ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىش بولۇشى بىرقەدەر ئېغىر كەتكەندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - تەرتىپلىرىگە ياندىشىش، ئەۋلادلارغا قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشنىڭ ياخشى چارىسى بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز.

فامىلە قوللىنىش، بىر فامىلىلىك جەمەتنىڭ نەسەبىنى، تارىخىنى يېزىپ چىقىش، شەجەرىسىنى تۇرغۇزۇش — ساقلاپ كۈتۈپ تۇرىدىغان ئىش ئەمەس. جۈملىدىن، نەسەبنامە يېزىشتا



بىز كۆپىنچە بىر جەمەت ئىچىدىكى پېشقەدەملەر تەمىنلىگەن ماتېرىياللارغا كۆپرەك تايىنىمىز. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جەمەت تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى بىلگۈچى، تەمىنلىگۈچى پېشقەدەملەرنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، قىممەتلىك ماتېرىياللار ئۇلار بىلەن بىللە يەرگە كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئىمكانقەدەر نەسەبنامە يېزىپ قالدۇرۇشنى بالدۇر باشلاش زۆرۈر. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، جەمەت تارىخى ئەينى ۋاقىتتا مىللەت تارىخىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇپ قالىدۇ. بەزى جەمەتلەرنىڭ نەسەبنامىسىدە خەلقىمىزنىڭ تارىخى، يۇرتلارنىڭ تارىخى، تەسىرى زور ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن بولىدۇ. بۇ نەسەبنامە ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە يېزىش جەريانىدا ئاشكارىلىنىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە خەلقىمىزنىڭ زور تارىخىي ئۇچۇرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، نەسەبنامە تۈزۈش فامىلىچىلىك ئىسلاھاتىدىكى مۇھىم بىر تەدبىر بولۇپلا قالماي، يەنە ئەۋلادلار ئۈچۈن يىلتىزىدىن خەۋەر بېرىدىغان مۇھىم تارىخىي دەرسلىك سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ.

## 4. شەجەرە ۋە شەجەرە سىخېمىسىدىن ئۆرنەكلەر

ئائىلە - جەمەت نەسەبنامىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى — شەجەرىدۇر. «شەجەرە» ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، مەنىسى «بىر تۈپ دەرەخ» دېگەنلىكتۇر. بۇ ئۇقۇم «شجرة النسب» (شەجەرە تۈن نەسەب) شەكلىدە ئىشلىتىلىپ، «ئائىلە ياكى جەمەت نەسەبنامىسىدە بايان قىلىنغان

قانداش ئەۋلادلارنى دەرەخ شاخلىرى شەكلىدە كۆرسىتىپ بېرىدىغان سىخېما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارغا «شەجەرە» ئۇقۇمى خۇددى «نەسەبنامە» ئۇقۇمىغا ئوخشاشلا نىسبەتەن بۇرۇن كىرىپ كەلگەن. خەنزۇلاردا نەسەب شەجەرىسى تۇرغۇزۇش بىر قەدەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ « 世系世表 » دېيىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى «جەمەتنىڭ ئەجداد ـ ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان جەدۋەل» بولسىمۇ، ئەمما مەنە ئېتىبارى بىلەن، ئۇ «شەجەرە» بىلەن ئوخشاشتۇر. ياۋروپا مىللەتلىرىدە بۇنداق ئائىلە شەجەرىسى «family tree» ( «ئائىلە دەرىخى» مەنىسىدە) دەپ ئاتىلىپ ھەربىر نەسەبنامىگە قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

ئائىلە شەجەرىسى بىر جەمەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان سىخىما بولۇش بىلەن، ئۇ يازما شەكىلدىكى نەسەبنامىگە قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەردە ئائىلە شەجەرىسى تۇرغۇزۇش ئەنئەنىگە ئايلانغان، شۇنداقلا ئائىلە شەجەرىسىنىڭ خىلمۇخىل شەكلى بار. ئائىلە شەجەرىسى تارىخى ئۇزۇن بولمىغان جەمەتلەر ئۈچۈن قوللىنىلسا ياكى قوللانغۇچى ئانا (ياكى ئايال) تەرەپنى شەجەرىدە ئىپادىلەشنى خالىسا، ئۇنداقتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك شەرت شۇكى، بىر شەجەرىدە بىرلا فامىلىلىك ئادەملەر (ياكى بىر جەمەتكە تەۋە قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەر) تىزىپ كۆرسىتىلىشى كېرەك، ئانا تەرەپ جەمەت ياكى ئايال تەرەپ جەمەتنىڭ شەجەرىسىنى بولسا ئايرىپ تۇرغۇزۇش كېرەك. دېمەك، شەرت شۇكى، ئاتا ـ ئانا، ئەر ـ ئايال تەرەپنى ئايرىپ تۇرۇپ تاق لىنىيە بويىچە



شەجەرە تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىغا ئايلىناي دەپ قالدى، ئۇزۇنغا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە بىز كىشىلەرنىڭ فامىلىلەرنى تەدرىجىي قوللىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشىمىز بىلەن بىرگە، ئېسىل يېزىلغان جەمەت نەسەبنامىلىرى ۋە سىغىمى چوڭ، چىرايلىق شەكىلدىكى ئائىلە شەجەرىلىرىنىڭ رويابقا چىققانلىقىنىمۇ كۆررۈشىمىز كېرەك.

نەسەبنامە ۋە شەجەرىچىلىك ئەنئەنىسى ئەسلىگە كېلىۋاتقان بىر پەيتتە، بۇنداق يۈزلىنىشنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىدە، تۆۋەندىكىچە ئائىلە شەجەرىسى سخېمىلىرىنى كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنىمىز ۋە پرىنسىپلىرىنى قىسقىچە شەرھلەيمىز.

### 1. دەرەخ شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى

دەرۋەقە بۇ دەل ئەڭ دەسلەپتە قوللىنىلغان ۋە ئەسلىي مەنىسى بويىچە قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان سخېمىدۇر. روشەنكى، بىر ئادەمنىڭ ئاتا ـ بوۋا، ئەجدادلىرى تارىخقا قانچە قايتقانسېرى شۇنچە كۆپىيىپ بارىدۇ. شۇ مەنىدىن، ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادتىن ئەۋلادلارنىڭ شاخلىنىپ چىقىشىنى بىر ئۇرۇق ياكى يىلتىزدىن بىر تۈپ دەرەخنىڭ شاخچىلاپ، يوپۇرماقلاپ كۆكلىشىگە زوردىيىپ بېرىشىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. شۇڭا ئائىلە شەجەرىسى تۇرغۇزۇشتا دەرەخ شەكلىنى تەدبىق قىلىشقا بولىدۇ. دەرەخ شەكىللىك ئائىلە شەجەرىسىنىڭ سخېمىسى تۆۋەندىكىچە:




بۇ شەكىلدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار شۇكى: دەرەخ شاخلىرىنى ئەۋلاد سانىغا قاراپ تەڭشىگەندىن باشقا، ھەر بىر بوغۇننىڭ پەرقىنى «ئەۋلاد چىگرا سىزىقى» ئارقىلىق ياكى ئوخشىمىغان رەڭلەر ئارقىلىق ئىپادىلەش لازىم.

2. ئەپكەش شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى

بۇ ئەۋلاد قاتلىمىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرسىتىشكە بولىدىغان سخېما بولۇپ، بۇنىڭدا ئەپكەشنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى تەرىپى شەجەرە تۈرغۇزغۇچىغا مەلۇم بولغان تۈنجى ئەجدادتىن باشلىنىپ، ئۇنىڭدىن كۆپەيگەن ئەۋلادلار ئەپكەشنىڭ ئاستىغا رەت تەرتىپى بويىچە تىزىلىدۇ. ئەپكەش شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى تۆۋەندىكىچە:






3. قوياش شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى

بۇ سخېمىدا قوياش ئېچىگە شەجەرە تۈرغۈزغۇچىغا مەلۇم بولغان تۈنجى ئەجداد ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. شۇ ئەجدادتىن ئاپىرىدە بولغان ئەۋلادلار رەت تەرتىپى بويىچە قوياشتىن چىققان نۇر مەنىسىدىكى چەمبەرلەر ئېچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، داۋام قىلدۇرۇلىدۇ.

قوياش شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى تۆۋەندىكىچە:



### 4. ھىلال ئاي شەكىللىك شەجەرە سخېمىسى

بۇ شەكىل جەھەتتىن بىرقەدەر مۇشكۇل سخېما بولسىمۇ، ئەمما ياخشى لايىھەلەنسە، كۆرۈنۈشى چىرايلىق ۋە سىغىمچانلىقى يۇقىرى سخېما بولۇپ پۈتىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ چوڭ ھىلال ئايغا شەجەرە تۇرغۇزغۇچىغا مەلۇم بولغان تۇنجى ئەجداد يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن كۆپەيگەن ئەۋلادلار بوغۇن تەرتىپى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئاي شولىسى شەكلىدىكى نۇر چەمبەرلىرى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھىلال ئاي شەكىللىك شەجەرە سخېمىسىنىڭ شەكلى تۆۋەندىكىچە:






«شەجەرە» نىڭ «ئائىلە ياكى جەمەت مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان دەرەخ» دېگەن مەنىسىگە ئاساسلانغاندا، بىرىنچى خىل شەكىللا ئەنئەنىۋى ۋە ئۆلچەملىك شەجەرە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بىر جەمەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەجداد - ئەۋلادلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش مەنىسى ئېتىبارى بىلەن قالغان ئۈچ شەكىلنىمۇ «شەجەرە سخېمىسى» دەپ تونۇيمىز. ئەمەلىي قوللىنىش داۋامىدا ھەربىر جەمەت ياكى ئائىلە شۇ سخېمىلار ئىچىدىن ئۆزلىرى مۇۋاپىق دەپ تاللىغانلىرىنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

مەيلى ئائىلە - جەمەت نەسەبنامىسىنى يېزىشتا بولسۇن، ياكى جەمەت شەجەرىسى تۇرغۇزۇشتا بولسۇن، مۇنداق بىر ئەھۋالغا ھەربىر ئائىلە ياكى جەمەت دۇچ كېلىدۇ، يەنى، ئەڭ دەسلەپكى ئەجداد دەپ كىمنى بېكىتىش كېرەك؟. بۇنىڭغا جاۋاب شۇكى، ئەلۋەتتە ئېنىقلانغان ئەڭ بۇرۇنقى ئەجداد بولغۇچى كىشى (ئەر) نى بېكىتىش ھەم ئۇنى شەجەرىدىكى تۇنجى ئەجداد ئورنىغا قويۇش كېرەك. بوۋىسىدىن ياكى ئۇلۇغ بوۋىسىدىن بۇرۇنقى ئەجدادلىرىنى ئېنىقلىيالمىغانلار ياكى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاشۇ بوۋىسى ياكى ئۇلۇغ بوۋىسى تۇنجى ئەجداد تەرىقىسىدە يېلتىز قىلىنىپ، شەجەرە تۇرغۇزۇلسا ۋە نەسەبنامە تۈزۈلسە، ھەتتا بوۋىسى ياكى ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ئىسمى، لەقىمى، كەسپى، يۇرتى، خاسلىقى نۇقتىلىرىدىن فامىلە تاللىۋېلىپ ئىشلىتىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. تەكرارلاشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، نەسەبنامىنى ۋە شەجەرىنى ئاتا تەرەپتىن ياكى ئانا تەرەپتىن باشلاش كېرەك، ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ فامىلە قوللىنىش پرىنسىپىغا، نەسەبنامە ۋە شەجەرە تۈزۈش پرىنسىپىغا خىلاپ بولىدۇ، ھەمدە ئارىلىشىپ كېتىش كېلىپ چىقىدۇ.

يۇقىرىقى سخېمىلاردا كۆرسىتىلگەن كاتەكچە ياكى شاخچىلاردا دېيىلگەن «بىرىنچى ئەۋلاد»، «ئىككىنچى ئەۋلاد»... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئورنىغا ئەمەلىيەتتە شۇنچىنچى ئەۋلاد

ئەرنىڭ ئىسمى يېزىلىدىغانلىقى ئېنىق. ئەگەر لايىق تېپىلسا، شۇ ئەرلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ ئارقىسىغا شۇ ئەرلەر بىلەن نىكاھلىنىپ كېيىنكى پەرزەنتلەرنى تەۋەللۇد قىلغان ئانىلارنىڭ ئىسمىنىمۇ قوشۇپ يېزىشقا بولىدۇ. ناۋادا يېزىش زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارالسا، ئۇنداقتا شۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئىسمىنى مۇناسىپ بەلگە ياكى پەرقلىق خەت شەكلى ۋە ياكى ئوخشىمىغان رەڭدىكى خەت ـ بەلگىلەر ئارقىلىق شۇ جەمەتكە ياتلىق بولغان ئاياللار (ئانىلار) ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش، شۇ ئارقىلىق شۇ جەمەتلەردىن تۇغۇلغان ئايال جىنسلىق پەرزەنتلەردىن ئېنىق پەرقلەندۇرۇش كېرەك. يەنە بىرى، جەمەتلەر ئىچىدىكى ئەرلەردىن ئەۋلادى بولمىغان ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭ ئارقىسىغا بىرلىككە كەلگەن مۇناسىپ بەلگىلەر ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولمىغانلىقىنى، نەسەبىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ئىپادىلەش كېرەك. ئۈچىنچى تەرەپتىن، كاتەكچە ياكى شاخچىلار ئىچىگە پەقەت ئادەم ئىسمىلا يېزىلىشى، ئانىسىنىڭ ئىسمى، تەخەللۇسى، فامىلىسى يېزىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئالدىدا ياكى يۇقىرىدا كۆرسىتىلىپ بولغاچقا تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. تەخەللۇسى، ھۆرمەت نامى، ياكى دىنىي ئەمەل نامىنى يېزىق قىسمىدا خاتىرىلەش زۆرۈر. فامىلىسىنى بولسا تېخىمۇ يېزىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، نەسەبنامە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەجەرە ھامان «××× فامىلىلىك جەمەتنىڭ نەسەبنامىسى» (بەزىدە «×××لەرنىڭ نەسەبنامىسى» دەپمۇ يېزىلىدۇ) ۋە «××× فامىلىلىك جەمەتنىڭ شەجەرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، فامىلىنىڭ شۇ نەسەبنامە ۋە شەجەرىدە خاتىرىلەنگەن بارلىق شەخسلەرگە ئورتاق بولۇشى ئېتىبارى بىلەن ئۇنى يەنە ھەربىر شەخس ئىسمىنىڭ ئارقىسىدا تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۆت خىل شەجەرە سخېمىسىدىن



سىرت، يەنە باشقا سخېمىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشى مۇمكىن. ھەربىر جەمەتلەر ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان يېڭىچە شەجەرە سخېمىلىرىنىمۇ ئىجاد قىلىپ ئىشلىتىشى مۇمكىن. ھازىرقى زامان كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى — شەجەرە ۋە نەسەبنامىنى رەڭگارەڭ، سىستېمىلىق تۈزۈشنىڭ ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. ھەربىر جەمەت، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق تۇراقلىق فامىلە تاللىۋېلىشىنى، جەمەت ـ ئائىلە نەسەبنامىسىنى كېچىكتۈرمەي تۈزۈۋېلىشىنى، شەجەرە تۇرغۇزۇپ، ئۇنى بىر جەمەتتىكى ھەربىر ئائىلىدە ساقلاشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## 5. فامىلە، نەسەبنامە ۋە يىلتىز ئىزدەش

ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش ئادەمنىڭ تۇغما خىسلىتىدۇر.

«مەن كىم»، «مەن قەيەردىن كەلگەن»، «قەيەرگە كېتىمەن»...، مۇشۇنداق سوئاللار تارىخ مابەينىدە سانسىز پەيلاسوپ، ھەكىملەرنى باش قېتىنچىلىقىغا سالغان، ھەمدە سانسىز ئاۋامنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى.

مەشھۇر ئىلىم ساھىبى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسور تاڭ يىجې شۇنداق قارايدۇكى، بۈگۈنكى دەۋر دۇنياسىدا ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى بار: بىرى، «يەر شارى ئېڭى»، يەنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالاقىسى، قاتناش ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق مەسىلىلەرنىڭ (مەسىلەن، مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيە، دۇنياۋى سودا...) كۈنسايىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى قويۇقلاشتى. ھەربىر مىللەت، ھەربىر دۆلەت تەرەققىياتنى كۆزلەشتە دۇنيانىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ئېقىمىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتى. يەنە بىر پىكىر

ئېقىمى بولسا «يىلتىز ئىزدەش ئېڭى» بولۇپ، ئۇ ـ ھەربىر
مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەسىلىلىرى مەۋجۇت
دېگەن ئاساستا، ھەربىر مىللەت ۋە دۆلەت ئۆز مىللىتى ۋە
دۆلىتىنىڭ مەدەنىيىتى ئىچىدىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزىدىغان، تە-
رەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان رېتسىپ ۋە مەدەنىيەت يىلتىزىنى
ئىزدەش قىزغىنلىقى ۋە ئېڭىدىن ئىبارەت. بۇ ئىككى خىل ئاڭ
دەل مەدەنىيەتنىڭ دەۋرىي ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىيلىك مەسىلى-
سىدۇر. ①
1976 ـ يىلى ئامېرىكىلىق نېگىر يازغۇچى ئالېكس. خار-
رىينىڭ كاتتا رومانى «يىلتىز» مەيدانغا كېلىپ، پۈتۈن دۇنيادا
زور غۇلغۇلا قوزغىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا پەيدا بول-
غىنى يەر شارى يۈزىدە كۆتۈرۈلگەن بىر قېتىملىق «يىلتىز
ئىزدەش قىزغىنلىقى» بولدى. ئەسىر ئاخىرىنىڭ يېقىنلىشىشىغا
ئەگىشىپ، بۇنداق قىزغىنلىق بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. ياۋروپا-
دىن ئاسىياغىچە، نېگىرلار ئافرىقىسىدىن ئامېرىكا قىتئەسىگىچە،
ئامېرىكىدىكى خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان «تاڭلىقلار
كوچىسى» (唐人街) دىن تارتىپ ئىندىئانلارنىڭ يەرلىك قەبى-
لىلىرىگىچە. . . ئىنسانلار ھەممىلا جايدا يىلتىز ئىزدىمەكتە.
ئامېرىكىدا يىلتىز ئىزدەش ماركا توپلاش ۋە كونا پۇل ـ
تەڭگىلەرنى يىغىشتىن قالسىلا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مودا
پائالىيەتكە ئايلانغان. 1988 ـ يىلى ئامېرىكا پوچتا ئىشلىرىنى
باشقۇرۇش ئىدارىسى «بىر تۇپ ئائىلە شەجەرىسى (دەرىخى)
تىكەيلى» دېگەن تېمىدا بىر تۈرلۈك كەڭ كۆلەملىك پائالىيەت
ئېلىپ بېرىپ، ياشلارنىڭ خەت ئالاقە قىلىش يولى بىلەن ئائىلە
تارىخىنى چۈشىنىشكە، ئەجدادلىرىنىڭ يوقاپ كېتەي دەپ قالغان
ئىزلىرىنى ئىزدەشكە، شۇ ئارقىلىق ئامېرىكىدىكى بىرقانچە ئەۋ-

① ① «شىنخۇا تەرمىلىرى»نىڭ 1994 ـ يىلى 8 ـ سانىدىن ئېلىندى، تاڭ يىخىنىڭ
ماقالىسى.



لاد كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈ-
رۈشكە رىغبەت ۋە ئىلھام بەردى. بۇ پائالىيەت نەتىجىسىدە پوچتا
يوللانمىلىرى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېز كۆپىيىپ، پوچتا ئىدارى-
لىرى بۇنىڭدىن نۇرغۇن مەنپەئەتكە ئېرىشتى. 1992 ـ يىلى
نيۇيوركتا ئۇيۇشتۇرۇلغان «ئائىلە تارىخى يەرمەنكىسى»
تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ يەھۇدىي، ئىرلاند، ۋېلىس قان سىستېمى-
سىغا تەۋە زاتلارنى جەلب قىلدى. بۇ يەرمەنكىگە نۇرغۇن ئادەم
قاتنىشىپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالەت شەكىللەندى.
تەدرىجىي كۈچىيىپ بارغان مۇنداق يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقى
نەسەبنامەشۇناسلىقتا ئىخلاس قىلىدىغان بىر تۈركۈم زاتلارنى نە-
سەبنامىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ھەتتا نەسەبنامىلەر-
نى دوكتورلۇق ئىلمىي دىسسېرتاتسىيىسى شەكلىدە تەتقىق قى-
لىشقا رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەرقايسى كۈتۈپخانى-
لارغا بېرىپ تارىخىي ماتېرىياللارنى ئىزدەشتى، شۇنداقلا ئىزى
ئۆچەي دەپ قالغان كونا قەبرىستانلارغا بېرىپ ئەجدادلىرىغا ئالا-
قىدار ئىنچىكە پاكىتلارنى توپلاشتى. باشقىلارغا ۋاكالىتەن ئۇلار-
نىڭ ئەجدادلىرىنى ئىزدىشىپ بېرىدىغان كەسپىي شىركەتلەرمۇ
ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، مەزمۇنى ۋە قۇرۇلمىسى
ئەتراپلىق كومپيۇتېر تور پونكىتلىرى ۋۇجۇدقا چىقتى، ھەمدە
شۇ يوللار ئارقىلىق خېرىدارلارنى كۈچلۈك جەلپ قىلدى.
ئاۋستىرالىيىدىمۇ ئامېرىكىدىكى يىلتىز ئىزلەش قىزغىنلى-
قىغا ئەگىشىپ، نەسەب سۈرۈشتۈرۈش دولقۇنى ئەۋج ئالدى.
نەسەب سۈرۈشتۈرۈش ۋە نەسەبنامىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىش
كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان ھەۋەسكە ئايلاندى. نەسەبنامە ئار-
قىلىق يىلتىزىنى ئىزدەشنىڭ نەتىجىسى گەرچە ھازىرقى زاماندى-
كى ئاۋستىرالىيىلىكلەر بىلەن ئەنگلىيە خان جەمەتىدىكى ئاقسۆ-
ڭەكلەرنى، ياكى 1788 ـ يىلى ئۇلارنىڭ زور كېمىلەر بىلەن
ئوكيانىيە قىتئەسىگە كېلىپ، شۇ يەرلىك خەلقلەرنى بېسىش

بەدىلىگە زىمىنىغا ئېرىشىشتەك جىنايى قىلمىشلىرىنى باغلاشتىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى ئاۋستىرالىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق ئىككى خىل تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش كىشىلەرگە هامان شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر مەلۇم بىر كىشىنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى تۇنجى قېتىم ئاۋستىرالىيىگە كەلگەن كېمە بىلەن ئۇ زېمىنغا قەدەم قويغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشى بەشىنچى ياكى ئالتىنچى ئەجدادلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئالتۇن قېزىش دولقۇنىدا ئاۋستىرالىيىگە كەلگەنلەر هازىرقى ئاۋستىرالىيىلىككە قارىغاندا تېخىمۇ پەخىرلىنىدۇ، شەرەپ هېس قىلىدۇ. ئاۋستىرالىيەدىكى نەسەبنامە ئىلمىي جەمئىيىتى دۇنيادىكى ئوخشاش خىلدىكى تەشكىلاتلار ئىچىدە كۆلىمى ئەڭ چوڭ جەمئىيەت بولۇپ، مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رەئىسى نىك. ۋانگېرنىڭ ئېيتىشىچە، كىشىلەرنىڭ نەسەبنامىلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىپ ساقلىشى شۇ سەۋەبتىنكى، چۈنكى ئۆزگىرىۋاتقان، پارچىلىنىۋاتقان ۋە يېمىرىلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيەتتە، نەسەبنامە ئادەمگە كۈچلۈك تەۋەلىك تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىدۇ.

شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادا، ئومۇمەن جۇڭگولۇقلار (خەنزۇلار) توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىكى رايونلاردا فامىلىداشلار (جەمەتداشلار) ئۇيۇشمىسى تەشكىل قىلىنغان. 王 (ۋاڭ) فامىلىسىنى مىسال قىلىپ ئېيتساق، تايلاندتا «ۋاڭ فامىلىلىك جەمەتداشلار ئۇيۇشمىسى» بار؛ سىنگاپوردا «كەيمىن ۋاڭ فامىلىلىكلەر ئۇيۇشمىسى» بار؛ فىلىپپىندا «تەييۈەن (太原) ۋاڭ فامىلىلىكلەر ئەنجۇمەنى»، «بىنچېڭ (槟城) ۋاڭ فامىلىلىكلەر يەكدىل جەمئىيىتى» قاتارلىق تۆت جەمئىيەت بار. بۇ جەمەتداشلار ئۇيۇشمىلىرى هەم چەت ئەلدىكى خەنزۇلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىشتىكى، هەمكارلىشىشتىكى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى كۆزلەشتىكى تەشكىلىي ئاساسلىرى بولۇپ هېسابلانسا، هەم ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى - ئەجدادلىرىنى ئىزدەشتىكى باغ سۇپە-



تىدە، كۈچلۈك مەنىۋى ئۇيۇشتۇرۇش رولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تونۇش - تونۇتۇش ئەهمىيىتىگە ئىگە. خەنزۇلارنىڭ چەت ئەللەردىكى فامىلىداشلار - جەمەتداشلار ئۇيۇشمىلىرى هەر يىلىنىڭ چوكانتال بايرىمى ۋە چاغان بايراملىرىدا هەيۋەتلىك نەزىر - چىراغ پائالىيىتى ۋە جەم بولۇش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا شۇ جەمەتلەرنىڭ نەسەبنامىلىرىنى قەرەللىك تەرزدە داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. نەسەبنامىلەرنى داۋاملاشتۇرۇشتا شۇ جەمەتنىڭ چەت ئەللەردە كۆپىيىپ شاخچىلاش تارىخى هەم چەت ئەللەردە بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىلىرى خاتىرىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، خەنزۇلارنىڭ پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك جەمەتداشلار ئۇيۇشمىلىرى قەرەللىك هالدا دۇنياۋى جەمەتداشلار - فامىلىداشلار يىغىنلىرىنى چاقىرىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، «شيې (谢) فامىلىلىكلەر ئۇيۇشمىسى» 1977 -، 1979 -، 1988 -، 1989 - يىللىرى ئامېرىكىدىكى سان فرانسىسكو ۋە تەيۋەن قاتارلىق جايلاردا جەمەتداشلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىردى. 1992 - يىلى يەنە بېيجىڭدا خەلقئارا شيې (谢) فامىلىلىكلەر ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىنى چاقىردى. روشەنكى، يۇقىرىقى پائالىيەتلەرنىڭ هەممىسى يىلتىز ئىزدەش، ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشنى مەركەز قىلغانىدى.

يىلتىز ئىزدەش — مۇشكۇل بىر ئىش بولۇپ، ئۇ بىلىم، ئەقىدە، تەۋرەنمەس ئىرادە تەلەپ قىلىدۇ. ئويلاپ باقايلى، نوپۇس ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتكەن، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي هادىساتلارغا تولۇپ كەتكەن تارىخ ئېقىمى ئىچىدىن مەلۇم جەمەتنىڭ ئەجداد - ئەۋلادلىق، قان - قېرىنداشلىق زەنجىرىنى ئايرىپ رەتلەپ چىقىش — مۇشكۇلاتنىڭ مۇشكۇلاتىدۇر. ئەگەر ئەجدادتىن ئەۋلادقا تەرتىپلىك، مۇكەممەل ۋە ئېنىق خاتىرىلەنگەن جەمەت نەسەبنامىسى بار بولغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئانچە تەس ئىش بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، كۆپ

قىسىم مىللەتلەردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئائىلىلەردە ئەجدادلى-
رىدىن قېلىپ قالغان مۇكەممەل نەسەبنامە يوق دېيەرلىكتۇر.
نەسەبنامە بولسا يىلتىز ئىزدەشنىڭ ئەڭ قولاي، بىۋاستە يولى،
شۇنداقلا يىلتىز ئىزدەشتە پايدىلىنىش قىممىتى ھەممىدىن ئۇس-
تۈن قامۇس بولسىمۇ، ئەمما ھەرخىل بالايى ئاپەتلەر ۋە جەمەت-
لەر، ئائىلىلەرنىڭ خاراب بولۇشى سەۋەبىدىن، نۇرغۇن نەسەبنا-
مىلەر ئىزدېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا
ئەرزىيدىغان بىر مەسىلە شۇكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
مەزگىلىدە ئېلىمىزدە خەنزۇ خەلقى تارىخ مابەينىدە داۋام قىلىپ
ساقلاپ كەلگەن نۇرغۇن نەسەبنامىلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچى-
لىققا ئۇچرىغان. ئۇيغۇرلاردا ساقلىنىپ كەلگەن بىر قىسىم
نەسەبنامىلەرمۇ ھەم بۇ سوغۇق قولنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خالىي
بولالمىغاندى. روشەنكى، بىر ئائىلە ياكى بىر ئادەمنىڭ تىرىش-
چانلىقىغا تايىنىپ مەلۇم جەمەتنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەش ھەم جاپا-
لىق ھەم ئۈنۈمسىز ئىش بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى
جايلاردىكى يىلتىز ئىزدىگۈچى پىداكارلارنىڭ كېلىشىش ئاساسىدا
فامىلە (ئەجداد جەمەتنىڭ نامى) نى لىنىيە قىلىپ بىرلىشىش،
ھەمكارلىشىش يولىغا مېڭىشىغا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ يۇرتى-
دىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا ئايرىلىپ كەتكەن، ئەمما ئۆز
يۇرتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، جەمەتداشلىرى بىلەن جەم بولۇش
ئارزۇسىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ. مانا بۇ ئۇسۇل خەنزۇلار جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە
تەشكىل قىلغان يىلتىز، ئەجداد مەدەنىيىتىنى ئىزدەشنى تۈپ
مەقسەت قىلغان خەلق تەشكىلاتلىرى - جەمەتداشلار ئۇيۇشمىسى
ياكى فامىلىداشلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىدىكى ئاساسىي
يولدۇر. يىلتىز ئىزدەش پۈتۈنلەي تولۇق ئەھمىيەتكە ئىگە مەدە-
نىيەت پائالىيىتى ياكى مەدەنىيەتنى ئېتىراپ قىلىش - قىلدۇ-
رۇش پائالىيىتىدۇر. «ھەر دەرەخنىڭ يىلتىزى بولىدۇ، سۇ



ئېقىنىنىڭمۇ مەنبەسى بولىدۇ». ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا يىل-
تىزنى ئىزدەش، ئەجدادلىرىنى تېپىۋېلىش نۆۋەتتە مىللەت دائى-
رىسىدە ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىغا، ئەمەلىي ھەرىكەتكە تەرەق-
قىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئىش بولۇپ، ئۇ ھەم ئۇيغۇر مەدەنى-
يىتىنىڭ زور ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاش، زوراي-
تىش، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى مەنىۋى قۇۋۋىتىنى
كۈچلەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇ. بۇ جەھەتتە خەنزۇ خەلقى-
نىڭ يىلتىز ئىزدەش پائالىيەتلىرىدىن تولۇق ئۆرنەك ئېلىشقا
ئەرزىيدۇ. نۆۋەتتە خەنزۇلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇر-
غان مەشھۇر فامىلىداشلار ئۇيۇشمىلىرى ئىككى خىل شەكىلدە
مەۋجۇت بولماقتا. بىرى، ئەسلىدە يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋىتى-
گە ئىگە بولغان بىرنەچچە فامىلىلىكلەر بىرلىشىپ قۇرغان نە-
سىلداش تۇغقانلار ئۇيۇشمىلىرى؛ يەنە بىرسى بولسا يەككە فامى-
لىگە مەنسۇپ بارچە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى تەشكىل قىلغان
فامىلىداشلار - جەمەتداشلار ئۇيۇشمىلىرى. مەسىلەن، «دۇنيا
شۈن ئەۋلادلىرى دوستلۇق ئەنجۈمەنى» ( 世界舜裔宗亲联谊会 )
دەل چېن ( 陈 )، ياۋ ( 姚 )، يۈ ( 虞 )، خۇ ( 胡 )،
تيەن ( 田 )، يۈەن ( 袁 )، سۈن ( 孙 )، چې ( 车 )، لۇ
( 陆 )، ۋاڭ ( 王 ) قاتارلىق ئون فامىلىلىكلەرنىڭ يىلتىز
ئىزدەش ئۇيۇشمىسى بولۇپ، مەزكۇر ئون فامىلىنىڭ خەنزۇلار-
نىڭ ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى-
دىكى قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى شۈن ( 舜 ) بىلەن زىچ
مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى ۋە بۇ ھەقتە «تارىخىي خاتىرىلەر» دە
قىسمەن مەلۇماتلارنىڭ بولغانلىقى - دەل بۇ ئەنجۈمەننىڭ بەرپا
قىلىنىشىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇنجى قې-
تىملىق «دۇنيا شۈن ئەۋلادلىرى دوستلۇق ئەنجۈمەنى»
1982 - يىلى شياڭگاڭدا يىغىن چاقىرىپ، بۇ ساھەدىكى مىسلى
كۆرۈلمىگەن ھادىسە بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر

ئەنجۇمەن ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ تەيۋەن، تايلاند، مالايسىيا،
فىلىپپىن ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە كۆپ
قېتىم يىغىن چاقىردى. 1999 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەزكۇر
ئەنجۇمەننىڭ 13 ـ قېتىملىق خەلقئارا قۇرۇلتىيى خېنەن ئۆلكى-
سىنىڭ شۇچاڭ، چاڭگى ۋە جېڭجۇ شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلدى.
چەت ئەللەردىن كەلگەن يۇقىرىقى ئون فامىلىگە مەنسۇپ نۇرغۇن
ۋەكىللەر بىر قاتار پائالىيەتلەر، جۈملىدىن ئەجدادلىرىنىڭ قەب-
رىلىرىنى سۈپۈرۈش ۋە يوقلاش، ئەجدادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش،
سەيلە ـ ساياھەت قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ خەن-
زۇلارنىڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تەلپۈنۈش، بىرلىككە ئىن-
تىلىشلىرىنىڭ ئەڭ كاتتا ۋە ئەمەلىي ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلى-
نىدۇ. خەنزۇلارنىڭ شۇ خىلدىكى ئۇيۇشمىلىرى ئىچىدە يەنە
«دۇنيا جىدې نەسەبداشلار ئۇيۇشمىسى» ( 世界至德宗亲总会 )
مەشھۇر. جىدې بولسا ۋۇ( 吴 )، جۇ( 周 )، سەي( 蔡 )،
ساۋ ( 曹 )، شىن ( 辛 )، كې ( 柯 )، خوڭ ( 洪 )، جياڭ
( 江 )، ۋېڭ ( 翁 )، فاڭ ( 方 )، گوڭ ( 龚 ) ۋە ۋاڭ
( 汪 ) قاتارلىق 12 فامىلىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ،
1976 ـ يىلى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى جىدې جەمەتى
(يۇقىرىقى ئون ئىككى فامىلە) يىلتىز ئىزدەپ، ئەجدادلىرىنى
سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ، ئورتاق تەرەققىياتنى كۆزلەش مەقسىتىدە
شياڭگاڭدا «دۇنيا جىدې نەسەبداشلار ئۇيۇشمىسى»نى رويخەتكە
ئالدۇرۇپ بەرپا قىلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يۇقى-
رىدىكى ئون ئىككى فامىلىلىك جەمەتلەر قۇرغان كىچىك ئۇيۇش-
مىلار مەزكۇر نەسەبداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ،
بۇمۇ كۆلىمى زور بولغان بىر تەشكىلات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
بۇ تەشكىلات شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 1977 ـ يىلى، 1980 ـ
يىلى، 1982 ـ يىلى، 1984 ـ يىلى، 1986 ـ يىلى، 1988 ـ
يىلى، 1990 ـ يىلى ۋە 1992 ـ يىلى ھەر ئىككى يىلدا بىر



قېتىم ياپونىيە، فىلىپپىن، تەيۋەن، شياڭگاڭ، تايلاندنىڭ پاي-
تەختى بانكوك ۋە ئاشۇ 12 فامىلىنىڭ دەسلەپكى ئەجداد فامىلى-
سى بولغان ۋۇ ( 吴 ) فامىلىسى پەيدا بولغان جياڭسۇ ئۆلكىسى-
نىڭ ۋۇشى شەھەرلىرىدە خەلقئارا دەرىجىلىك يىغىن ۋە يىغىلىش-
لارنى تەشكىللەپ تۇردى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا
«دۇنيا جىدې نەسەبداشلار ئۇيۇشمىسى» كۆپ قېتىم جۇڭگو چوڭ
قۇرۇقلۇقىغا كېلىپ ئەجدادلىرىنىڭ ماكانلىرىنى، قەبرىلىرىنى
يوقلىدى، ھەمدە سۈپۈرۈش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ
بىلەن بىرگە ئاشۇ قەدىمكى ماكانلىرىنىڭ مەنزىرىسى ۋە سەيلە
ساياھەت ئەسلىھەلىرى ئۈچۈن كۆپ مەبلەغ سالدى. يالغۇز فامى-
لىلەر بويىچە تەشكىل قىلغان جەمەتداشلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ بىرقە-
دەر كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن
«دۇنيا شيې ( 谢 ) فامىلىلىكلەر ئۇيۇشمىسى» ( «شيې» فامى-
لىسى بەك كەڭ تارقالغان بولۇپ، مەزكۇر فامىلىلىك نوپۇس
پۈتۈن خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ %0.72نى ئىگىلەيدۇ. ئۇ جۇڭگودى-
كى ئىشلىتىدىغان ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان 50 فامىلىنىڭ
بىرىدۇر. مەزكۇر ئۇيۇشما 1977 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ
لوس. ئانژېلىس شەھرىدە قۇرۇلغان. باش شتابى ھازىر تەيۋەن-
نىڭ تەيبېي شەھرىدە. بۇ ئۇيۇشما قەرەللىك ھالدا دۇنيانىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدا يىغىن ياكى قۇرۇلتاي چاقىرىپ تۇرىدۇ.
شۇنداقلا ئۇيۇشما ئەپكارى بولغان «دۇنيا شيې فامىلىلىكلەر
خەۋەرلىرى» ناملىق ژۇرنىلى بار. ) ۋە «دۇنيا لىن ( 林 )
فامىلىلىكلەر ئۇيۇشمىسى» (لىن فامىلىسى جۇڭگودىكى 20
چوڭ فامىلىنىڭ بىرى بولۇپ، ئون رەت تەرتىپى بويىچە ھېساب-
لىنغاندا 16 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ فامىلىنى ئىشلىتىدىغانلار
خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ %1.18نى ئىگىلەيدۇ. مەزكۇر ئۇيۇشما
1981 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تەيۋەندە قۇرۇلغان. باش شتابى تەيۋەن-
نىڭ تەيبېي شەھرىدە. بۇ ئۇيۇشما 1986 ـ يىلى «چاڭلىن»

［« 长林 »］ نامـلىق ژۇرنال تەسـىس قىلغان. بۇ ئۇيۇشما ھەم
تايلاند، سىنگاپور، فىلىپپىن، مالايسىيا، ھىندونوزىيە، ئامېرد-
كا، كانادا، ياپونىيە قاتارلىق جايلاردا تارماق جەمەتداشلار ئۇيۇش-
مىلىرىنى قۇرغان بولۇپ، قەرەللىك ياكى قەرەلسىز ھالدا يىغد-
لىش ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ)، «دۇنيا سۇ ( 苏 ) فامىلىلىكلەر
ئۇيۇشمىسى» («سۇ» فامىلىسىمۇ جۇڭگودىكى 41 ـ چوڭ فامىلە
بولۇپ، بۇ فـامىلىنى ئىشلىتىدىغانلار خـەنزۇلار نوپـۇسىنىڭ
0.47% نى ئىگىلەيدۇ. تەيۋەندە بولسا 23 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ.
چەت ئەللەردىكى سۇ فامىلىلىك خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شەر-
قىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا بىلەن شىمالىي ئامېرىكىغا تارقالغان.
1994 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چەت ئەللەردىكى سۇ
فامىلىلىكلەرگە ۋەكىل بولۇپ كەلگەن كىشىلەر فىلىپپىندا بۇ
ئۇيۇشمىنى قۇرغانىدى. تارىختا سۇ فامىلىلىكلەردىن مەشھۇر
شەخسلەر كۆپ چىققان بولۇپ، سوڭ دەۋرىدىكى نەزمىچى سۇ-
شى، سۇ دۇڭپۇ ۋە شىمالىي سوڭ دەۋرىدىكى ئەدەبىياتشۇناس،
دورىگەر سۇسوڭ قاتارلىقلار ئاشۇ جەمەتكە مەنسۇپتۇر. بۇ ئۇيۇش-
ما ئەزالىرى «يېڭى تۈزۈلگەن سـۇ فـامىلىلىك جـەمـەتىنىڭ
نەسەبنامىسى» ［« 新编苏氏大族谱 »］نى لايىھىلەپ نەشر قىلد-
دۇرغان) قاتارلىقلار بىر قەدەر مەشھۇر. ①بۇنىڭدىن سىرت، خەند-
زۇلاردىكى ئىككىنچى چوڭ فامىلە ۋاڭ ( 王 : بۇ فامىلىنى
ئىشلىتىدىغانلار 70 مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ، پۈتۈن خەنزۇلار
نوپۇسىنىڭ 7.4%نى ئىگىلەيدۇ) فامىلىسىنىڭ تارىخى يىلتىزى،
ئۆزگىرىشلىرى، تارقىلىشى. . . قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق
قىلىشنى مەقسەت قىلغان «تەيۋەن ۋاڭ فامىلىسى تەتقىقاتى جەم-
ئىيىتى» جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى يىلتىز ئىزدەش دولقۇنىدا

---

① «تەيۋەن ئاۋازى» (« 台声 »)، «ۋۇشى تارىخ تەزكىرىسى» (« 无锡史志 »)
«يىلتىز ئىزدەش» (« 寻根 ») قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدىن ئېلىنغان
مەلۇماتلار.



پائالىيىتى ئەڭ كۆپ، تەتقىقاتلىرىمۇ نەتىجىلىك بولغان ئۇيۇشمد-
لارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
دۇنيادىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ يىلتىز ئىزدەش، ئەجدادلد-
رىنى سۈرۈشتۈرۈپ تېپىش پائالىيەتلىرىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر-
قانچە شەكلى بار.
بىرىنچى، فامىلىداشلار ۋە نەسەبداشلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇ-
رۇش: يەنى ئوخشاش فامىلىلىك كىشىلەر ئۆز ئەجدادلىرىنى
سۈرۈشتۈرۈش، ئۇلارنى خاتىرىلەش، ئىچكى ئۇيۇشۇشچانلىقنى
ئاشۇرۇش ۋە بىللە تەرەققىي قىلىشنى كۆزلەپ قۇرغان ئۇيۇشمد-
لار؛
ئىككىنچى، كۆپ فامىلىلىكلەرنىڭ ئورتاق ئۇيۇشمىلىرىنى
قۇرۇش: بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشتىكى مەقسەت بولسا، بەزى
بىرنەچچە ھەتتا ئون نەچچە فامىلىنىڭ ناھايىتى قەدىمكى زاماندد-
كى مەلۇم بىر فامىلىدىن شاخلىنىپ چىققانلىقىغا دائىر تارىخىي
ھۆججەتلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يىلتىزنى تېخىمۇ يىراق
ئۆتمۈشتىكى مەلۇم ئورتاق فامىلىدىن ئىزدەش، ئۇ ھەقتە تەتقد-
قات ئېلىپ بېرىش، شۇنداقلا فامىلىلەر ئارا ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇ-
شۇشچانلىقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت؛
ئۈچىنچى، ئوخشاش فامىلىلىكلەر ئارا زىيارەت: ئوخشاش
فامىلىلىكلەر ئۇيۇشمىلىرى ئارا زىيارەتتە بولۇشتىكى مەقسەت،
يىلتىز ـ ئەجدادنى ئىزدەش ئارقىلىق، ئورتاق فامىلە ياكى
جەمەتنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى كۈچەيتىش، ئىتتىپاقلىق ۋە
ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورتاق تەرەققىياتنى كۆزلەش-
تىن ئىبارەت.
ئەينى بىر فامىلىگە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ھازىرقى
زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەينى بىر
تۈنجى ئەجدادتىن چىققانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. بولۇپ-
مۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى پادىشاھ ـ خاقانلار، بەگلەر ۋە باشقا

خىلدىكى مەشھۇر شەخسلەر ئىشلەتكەن فامىلە ياكى فامىلىگە
يېقىن نام ـ بەلگىلەرنى ئىشلەتكەن ھازىرقى زامان كىشىلىرى
بىلەن ئاشۇ خاقان، بەگ ۋە مەشھۇر شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا چو-
قۇملا باغلىنىش بار دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بىراق كىشىلەر ئۆز
فامىلىلىرىنى ئۆتكەن دەۋرلەردىكى يۇقىرىقىدەك مەشھۇر شەخس-
لەرنىڭ نام ـ بەلگىلىرى بىلەن ئاتاش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى
تارىختىكى تەسىرگە ئىگە مەشھۇر زاتلار بىلەن باغلاشنى بەكرەك
ياخشى كۆرىدۇ. ئەھۋالى زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟
فرېئۇدنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ ھەربىر ئىشنى قى-
لىشتىكى مۇددىئاسى ئىككى نەرسىدىن مۇستەسنا ئەمەس: يەنى،
بىرى جىنسىي قوزغىلىش (جىنسىي ئىستەك)، يەنە بىرى بولسا
ئۇلۇغلۇققا ئىنتىلىش. بىزچە ئىنسان ماھىيىتىدىكى ئەڭ تەخىر-
سىز تەلەپ بولسا ئېتىراپ قىلىنىشنى ئارزۇ قىلىش، يەنى ئۆز
مەۋجۇتلۇقىنى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىشىنى، كى-
شىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىش ۋە ماختىلىشنى ئارزۇ قى-
لىشتىن ئىبارەت. كىشىلەر دائىم ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى-
نى ئادەتتىكىچە بولمىغان بىر يىلتىزغا باغلاشنى ياقتۇرىدۇ.
ناۋادا ئۆزلىرى بىلەن تارىختىكى مەلۇم مەشھۇر شەخس ئوتتۇرى-
سىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بايقاپ قالسا، ھامان بۇنى
ئىلگىرىلەپ ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ ھەم بۇنىڭدىن پەخىر ھېس
قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا بىز ھامان ئۆز ئەجدادلىرىمىزنىڭ
ئۇلۇغ كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۇلارنىڭ
لەقەم، تەخەللۇس ھەتتا فامىلىسىنى ئۆزىمىزگە فامىلە قىلىپ
قوللىنىمىز. گەرچە بۇنداق ئارزۇ كۆپىنچە ئويلىمىغان يەردىن
نەتىجە بەرمىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدا ئەكس ئېتىدىغىنى بولسا كۆچ-
لۈك مەدەنىي ئۆيۈشچانلىق تۇيغۇسى ۋە ئۆزىنى ھۆرمەتلەش تۇي-
غۇسىدىن ئىبارەت بولىدۇ.
ھەرقانداق بىر مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسچانلىق خۇسۇسىيىتى بو-



لىدۇ. مەدەنىيەت جىم ھالەتتىكى نەرسە، ھادىسە ئەمەس، بەلكى
ئۇ تىرىك، ھەرىكەتچان ئېقىم، شۇنداقلا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ،
ئۆتكەن دەۋرلەر بىلەن كەلگۈسى دەۋرلەرنىڭ، قوۋملار بىلەن
قۇملارنىڭ، جامائەت بىلەن جامائەتنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ
تۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىگە سىڭىپ، ئۆتۈشۈپ كەتكەن بىرخىل
ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانىدۇر. ھەربىر ئادەم ئۆتكەنكى ئەج-
دادلاردىن قالغان تارىخىي مىراسلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ،
شۇنداقلا ھەم ئۇنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس سۈپىتىدە قالدۇ-
رۇش ئارقىلىق، مەدەنىيەتنى ئىزچىللىقتا ئىگە قىلىشقىمۇ موھ-
تاج بولىدۇ. ھەربىر جەمئىيەت، مىللەت ۋە قوۋم مەدەنىيەت
ئەنئەنىلىرىگە توختاۋسىز ۋارىسلىق قىلىدۇ، شۇنداقلا ئەنئەنۋى
مەدەنىيەت ئاساسىدا يېڭى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىدۇ، تەرەققىي
قىلدۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە
شەكلى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئائىلە ـ جەمەت مەدەنى-
يىتى ئىلگىرىكى ئۇزاق يىللار ـ ئەسىرلەر مابەينىدە ھەربىر
ئۇيغۇرغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلدى. ئائىلە ـ جەمەت
مەدەنىيىتىگە جەمەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش، ياشاش، گۈللىنىش،
زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش، ئۆرلەش ۋە پەسىيىش. . . تەك تارىخىي
قىسمەتلىرى پۈتۈلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەرقايسى جەمەت،
تەبىقە، گۇرۇھلارنىڭ، ھەتتا ئائىلىلەرنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت
پسىخىكىسىنىڭ چۆكمىسىگە ھەمدە ھەرىكەت مىزانلىرىغا ئايلى-
نىپ كەتتى. ئوخشاشمىغانناملارنى بەلگە قىلغان جەمەتلەرنىڭ
نۇرغۇن جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشىمىغاچقا، ئۇ جەمەت-
لەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ مۇناسىپ رەۋىشتە پەرقلەر-
گە ئىگە بولدى. ئەمما، تۈرلۈك تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ جەمەت
مەدەنىيىتى زور تاشقى بېسىملارنىڭ تەسىرىدە تەدرىجىي سۇسلى-
شىپ، ئۇيغۇر ئەنئەنۋى مەدەنىيىتىدىكى جەمەتچىلىك ئېڭى مۇ-

ناسىپ دەرىجىدە چېكىنىپ كەتتى. نەتىجىدە، زامان تەرەققىياتىغا
ئەگىشىپ مەزمۇنى كۆپىيىشكە تېگىشلىك بولغان مۇكەممەل جە-
مەت نەسەبنامىسى، جەمەت فامىلە ـ بەلگىلىرى، جەمەت شەجەرد-
سى، جەمەت قەبرىستانلىقى، جەمەت قانۇنى، جەمەت تۆرۈلىرى،
جەمەت يوسۇنلىرى، جەمەت (ئاغزاكى) ئەدەبىياتى. . قاتارلىق
مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمەت مەدەنىيىتى ئەكسىچە
يىمىرىلىپ، ئاددىي ۋە كىچىك كۆلەمدىكى ئائىلىلەرگە چېچىلىپ
كەتتى. جەمەت مەدەنىيىتى ئىزنالىرى ئاندا ـ ساندا ساقلىنىپ
قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن خەلقنىڭ ئومۇمىي مەدەنى-
يىتى تەرىقىسىدە داۋاملىشىپ كەلدى.
قائىدە بويىچە مۇلاھىزە قىلغاندا، جەمەت مەدەنىيىتى ۋە
ئۇنىڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسىم ـ فامىلە مەدەنىيە-
تى ئۇيغۇر خەلق مەدەنىيىتىدە تەكشۈرۈشكە، تەتقىق قىلىشقا
جىددىي تېگىشلىك بولغان مۇھىم مەزمۇن ئىدى. بۇ شۇنىڭ
ئۈچۈن ئىدىكى، چۈنكى جەمەت مەدەنىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋ-
جۇت بولغان مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە سانسىز ئائىلىلەر-
نىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ھەم ئەنئەنىۋى ئادىتىگە چوڭقۇر تەسىر
كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى جەمەت مەدەنىيىتى تارىخىنىڭ
ئۇزاقلىقى، مەزمۇنىنىڭ موللىقى بىلەنمۇ ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ساند-
لىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خېلى كۆپ كىشىلەر ئېڭىدا
ساقلىنىپ قالغان، يەنە تېخىمۇ كۆپ كىشىلە ئېڭىدا ئۇيغىنىۋات-
قان جەمەت مەدەنىيىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت
ئەنئەنىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقد-
مىزغا مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق ھېلىھەم ئىشتىراك قىلماقتا.
ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىش غۇلغۇلىسىنىڭ باشلانغانلى-
قى، فامىلە قوللىنىش ھەققىدىكى تەتقىقات ھەم ئىزدىنىش بىلەن
شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقى، فامىلە



قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى بىزگە
شۇنى ئېنىق تونۇتتىكى، گويا كى چەت ئەللەردىكى مىللەتلەر ۋە
دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇلارغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردا يىلتىز ـ ئەج-
دادلىرىنى ئىزلەش قىزغىنلىقى كېچىكىپ بولسىمۇ ئاخىرى كۆ-
تۈرۈلدى. بۇنداق قىزغىنلىق قىياپەت جەھەتتىن قانچىلىك غەي-
رىي ئەقلىي ئامىللارنى، ساددا تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە بول-
غان تونۇش، ئېتىراپ قىلىش دەرىجىسىنىڭ، ئۆز ئەجدادلىرىغا
بولغان يۈز كېلەلمەسلىك تۇيغۇسىنىڭ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى
مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ ئۆز ۋۇجۇدلىرىدا نامايىش قىلىش ھې-
رىسمەنلىكىنىڭ ئېشىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەپسۇس-
كى، ئۇيغۇرلاردا يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقىغا زور توسالغۇ
بولىدىغان بىر ئامىل بار. ئۇ بولسىمۇ يىلتىز ـ ئەجداد ئىزدەش-
تىكى مۇھىم دەستەك بولغان فامىلىنىڭ، شۇنداقلا فامىلىگە
ياندىشقان نەسەبنامىلەرنىڭ خېلى ئۇزاق بىر تارىخىي مەزگىل
ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدۇر. دەل شۇنداق سەۋەبتىن، بىز نېرىسى
بەش يۈز يىلدىن بۇرۇنقى ئۆز يىلتىزلىرىمىزنىڭ، ئېنىقراق
ئېيتقاندا ئۆز جەمەتلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىنىڭ
كىملىكىدىن خەۋەردار بولۇشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. نەسەبنامىلە-
رى بىرقەدەر مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان ئائىلە، جەمەتلەر
ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆز يىلتىزلىرىنى سۈرۈشتۈرۈش ئادەمنى شاد-
لاندۇرىدىغان بايقاشلارنى پەيدا قىلسىمۇ، شۇنداقلا بۇنداق مۇمكىد-
نىيەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يوق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىسىمۇ،
ئەمما فامىلىسىز، ئورتاق لەقەمسىز، نەسەبنامىسىز ئائىلە ۋە
جەمەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا يىلتىز ئىزدەش، ئەجدادلىرىنى ئېنىق-
لاش خېلىلا مۇشكۇل ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئۇيغۇرلار شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مىڭ يىللار
مابەينىدە پائالىيەت ئېلىپ باردى ۋە بېرىۋاتىدۇ. ھەرقايسى تارد-

ـخي دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار تۇرلۇك سەۋەب ۋە مەقسەتلەر بىلەن
ئۆز ئانا يۇرتلىرىدىن چەت ئەللەرگە، ياقا يۇرتلارغا سەپەر قىلىپ
ئولتۇراقلىشىپ قېلىشتىن خالىي بولالمىدى. يېقىنقى بىر نەچچە
ئەسىرلىك تارىخنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، مانجۇ ھۆكۇمرانـ
لىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنى ئىلى رايونىغا
بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن مەجبۇرىي كۆچۈرۈپ كەلدى. 19 ـ
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار چار رۇسىيە تەۋەـ
سىگە كۆچۈپ، تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن «كۆچ ـ كۆچ»نى
بېشىدىن كەچۈردى. 20 ـ ئەسىر مابەينىدە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرـ
لار سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، ئىراق، سۇرىيە، ئىران،
ئافغانىستان، ھىندىستان، پاكىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا
ئەللەرگە ئىلىم تەھسىل قىلىش، ھەج تاۋاب قىلىش مەقسەتلىرى
بىلەن چىقىپ، شۇ ئەللەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. بۇنداق
ئەھۋال ھەتتاكى ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت
غەرب دۆلەتلىرىگە ئوقۇش، خىزمەت ۋە تىجارەت ئۈچۈن چىقىپ
ئولتۇراقلىشىپ قالغان ھەم قېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارمۇ ئاز ئەمەس.
بىز ئۇلارنىڭ كونكرېت سانى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە
ئەمەسمىز. ناھايىتى روشەنكى، يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن ئاشۇ
ئۇيغۇرلار بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا قان قېرىنـ
داشلىق مۇناسىۋىتى بار. ئۇلارنىڭ ۋەتەن، يۇرت تۇيغۇسى ھەرـ
قاچان ئۇلارنى ئۆز يىلتىزلىرىنى ئىزدەشكە، جەمەتداشلىرى بىـ
لەن مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشقا دالالەت قىلىدۇ. سابىق سوـ
ۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دۆلىتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى دىپلوماتىك مۇـ
ناسىۋەت ياخشىلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاـ
قى پارچىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى رېسپوبلىكلار
مۇستەقىل بولۇپ، ئېلىمىز بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتـ
لەردە زور ياخشىلىنىش بولغاندىن كېيىن، چەت ئەللەردىكى
ئۇيغۇرلارنىڭ يىلتىز ئىزدەپ، ئەجداد سۈرۈشتۈرۈپ شىنجاڭغا



كەلگەنلىكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇپ، ئەجدادلىـ
رى ئۈچۈن مۇناسىپ مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەنلىكى، ھەتتا بەزىـ
لەرنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان يۇرتلاردا مەكتەپ، يول، كۆۋـ
رۈك، ئىمارەت بەرپا قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلار ئۈچۈن
خەير ـ ساخاۋەت قىلىش شەكىللىرىدە مەبلەغ سالغانلىقى ئاشۇ
پىكرىمىزنىڭ روشەن دەلىلى بولسا كېرەك. بۇ ئەھۋال خۇددى
چەت ئەللەردىكى خەنزۇ مۇھاجىرلارنىڭ جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىـ
غا قايتىپ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىـ
دۇ. ئەپسۇسكى ئۇيغۇرلاردا فامىلە قوللىنىلمىغانلىقى، كۆپىنچە
جەمەتلەردە مۇكەممەل نەسەبنامە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇھاجىر
ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتقا كېلىپ يىلتىز ـ ئەجدادىنى ئىزدەش
پائالىيەتلىرى زور ئىجتىمائىي تەسىرگە ھەم ئەمەلىي ئۈنۈمگە
ئىگە بولالمىدى. ئۇلارمۇ كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە پۈتۈنلەي يېـ
تىپ بولالمىدى. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، فامىلە بولمىغانـ
لىقى ئۈچۈن، «فامىلىداشلار ئۇيۇشمىسى» ياكى «جەمەتداشلار
ئەنجۇمەنى» كەبى ئۇيۇشمىلارنى قۇرۇش مۇمكىن بولماي قالدى.
يىلتىز ئىزدەش — دائىمىلا چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ
ئۆز ۋەتىنىدىن يىلتىزىنى ئىزدىشى ۋە مەلۇم دۆلەتتە ئولتۇراقـ
لاشقىلى ئۇزاق بولغان كىشىنىڭ ياقا ئەللەردىن يىلتىزلىرىنى
ئىزلەش بولۇشى ناتايىن. تار مەنىدە بىز بىر دۆلەت ئىچىدە
ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ باشقا يۇرت، باشقا رايونلاردا ياشاۋاتقان
جەمەتداشلىرىنى، ياكى ئەجدادلىرىنى ئىزدەشنىمۇ يىلتىز ـ ئەجـ
داد ئىزدەش دەپ قارايمىز. ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان
شىنجاڭ دائىرىسىدە ھەر خىل سەۋەبلەر، جۈملىدىن ھەربىي
مەجبۇرىيەت ئۆتەش، قاچقۇنلۇق، نىكاھلىنىش، خىزمەت، ئۆـ
گىنىش، پالىنىش، دەرۋىشلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
جەنۇبتىن شىمالغا، شىمالدىن جەنۇبقا، بىر ۋىلايەتتىن يەنە بىر
ۋىلايەتكە، بىر ناھىيىدىن يەنە بىر ناھىيىگە، بىر يېزىدىن يەنە

بىر يېزىغا. . . دېگەندەك ھالەتتە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى باشتىن كەچۈرگەن. قاتناش ۋە ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى دەۋردە بۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ كۆپەيمەكتە. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىككى، ئۈچ ئەۋلاد ئۆتكەندە ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىنى بىلىشكە ئىنتىلىشى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، مانا بۇ يىلتىز ئىزدەشتەك ئىنسان تەبىئىتىدۇر. دەرۋەقە مۇھاجىرلارنىڭ يىلتىز - ئەجداد ئىزدىشىدىن بىر يۇرت دائىرىسىدىكى كىشىلەر ئارا يىلتىز - ئەجداد سۈرۈشتۈرۈشى بىرقەدەر ئاسانراق بولۇشى مۇقەررەر. مەيلى قايسى خىلدىكى يىلتىز - ئەجداد ئىزدەش بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭدا جەمەتچىلىك ئېڭىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈشى، جەمەت مەدەنىيىتىگە قارىتا سىغىنىش ۋە مىللەت مەدەنىيىتىگە قارىتا ئېتىراپ قىلىش تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى تۈپ سەۋەب بولسا كېرەك. شۇنداقلا بىز فامىلە قوللىنىش قىزغىنلىقىنىڭ ئېشىپ بېرىشىنى ئەمەلىيەتتە يىلتىز - ئەجداد سۈرۈشتۈرۈش قىزغىنلىقىنىڭ ئويغىنىشى دەپ ئويلايمىز، ھەمدە فامىلە قوللىنىش تەدبىرى سۈپىتىدە يىلتىز ئىزدەش، ئەجداد سۈرۈشتۈرۈش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىمۇ تەشەببۇس قىلىمىز.

فامىلە قوللىنىش ئارقىلىق يىلتىز - ئەجدادنى سۈرۈشتۈرۈش يالغۇز ئەجدادلىرىنى بىلىپ قويۇش ئۈچۈنلا بولسا، بۇ يېتەرلىك بولمايدۇ. چەت ئەللەردىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ تۈرلۈك جەمەتداشلار ئۇيۇشمىلىرىنى قۇرۇپ، يىلتىز ئىزدەش، جەمەت نەسەبنامىسىنى تەتقىق - تەھلىل قىلىش ئەھۋاللىرى، شۇنداقلا شۇنىڭغا ئالاقىدار ئەمەلىي ھەرىكەتلەردىن مەلۇم بولىدۇكى ۋە شۇنداقلا ئىلھام ئېلىشقا توغرا كېلىدۇكى، ئۇيغۇرلاردا ئەمدى ئويغىنىۋاتقان يىلتىز ئىزدەش قىزغىنلىقىنى ئاڭلىق ئىجتىمائىي ھەرىكەتكە، مەدەنىي پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇش



لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى بىرقانچە ئىشنى ئىشلەش زۆرۈر:

(1) فامىلە قوللىنىش ئارقىلىق جەمەتچىلىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈش ۋە تىكلەشتە، ئالدى بىلەن شۇ جەمەتنىڭ نەسەبنامىسىنى تۇرغۇزۇشنى تۇنجى خىزمەت قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتە ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەتتىكى بارلىق كىشىلەرنى ئىزدەپ، ئۇلاردا ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ياكى نەسەبنامىلەرنى ئەگەر بار بولغان بولسا قولغا چۈشۈرۈش زۆرۈر. ئەگەر چەت ئەللەرگە مۇھاجىر بولۇپ كەتكەن ئۇرۇق - تۇغقانلار بار بولسا، ئۇلاردا ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەم بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭمۇ ھەمكارلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم؛

(2) بىر فامىلىنى ئىشلەتكەن جەمەت ئەزالىرى ئىچىدە جەمەتداشلار ئۇيۇشمىسى شەكلىدىكى غەيرىي رەسمىي ئۇيۇشمىلارنى تەشكىللەپ، جەمەتتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا دوستانە ئالاقە ئېلىپ بېرىشنى ئۇيۇشمىنىڭ مۇھىم خىزمىتى سۈپىتىدە تونۇش كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت تېخىمۇ مۇھىمى، ئەگەر مەلۇم فامىلىنى قوللانغان جەمەتتە ئەسلىي نەسەب خاتىرىلىرى بولمىغان بولسا، شۇ جەمەت ۋە شۇ فامىلىنىڭ مۇكەممەل نەسەبنامىسىنى تۈزۈپ چىقىشنى مۇھىم خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىگە قويۇش لازىم؛

(3) جەمەتلەر ئىچىدىكى ھەرقايسى ئائىلىلەر، شەخسلەر، شۇنداقلا بىر جەمەت كىشىلىرى بىلەن باشقا فامىلىلىك جەمەت كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىزا - ئىختىلاپلاردىن ساقلىنىش تەس ئىش. بۇنداق نىزا - ئىختىلاپلار سودا - تىجارەت، مال - مۈلۈك داۋاسى، توي - نىكاھ، مىراسخورلۇق قاتارلىقلارغىچە چېتىلىشى مۇمكىن. جەمەتداشلار ئۇيۇشمىسى شەكلىدىكى جەمەت تەشكىللىرى تىنچلىق، ئورتاق تەرەققىيات پرىنسىپىنى چىقىش قىلىپ، ئاداۋەتلەرنى كېلىشتۈرۈش، ھەمكارلاشتۇرۇش،

ياراشتۇرۇش، پىكىر ئىختىلاپىنى تۈگىتىش، بىرلىككە كېلىپ
جەمەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ئەمەلىي
خىزمەتلەر قاتارىغا قويۇشى لازىم؛
(4) جەمەت ئىچىدە بىلىملىك زاتلارنى، ئوقۇۋاتقان ئوقۇ-
غۇچىلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئىلىر-
لىشىغا، تۆھپە يارىتىپ، جەمەت تارىخىغا شەرەپ كەلتۈرۈشىگە
رىغبەت بېرىش لازىم. بۇ جەھەتتە جەمەتنىڭ شۇ جەمەتتىكى
ئوقۇغۇچىلارغا، قىيىنچىلىقى بار ئىلىم ساھەبلىرىگە قارىتىلغان
مۇقىم مۇكاپات فوندى تەسىس قىلىشقا بولىدۇ؛
(5) جەمەت ئىچىدە پاراۋانلىق ۋە قۇتقۇزۇش، خەير -
ساخاۋەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى ئىلگىرىكى قەرەلسىز ئىخ-
تىيارىي ھالەتتىن ئاشۇرۇپ، مۇقىم پائالىيەتكە ئايلاندۇرۇش،
بۇنداق قىلىشنى جەمەتلەر ئۇيۇشمىسى شەكلىدىكى تەشكىلاتنىڭ
باش نىشانى ۋە ۋەزىپىسى قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا مۇقىم
خەير - ساخاۋەت فوندى ياكى پاراۋانلىق ياردەم پۇلى تەسىس
قىلىش شەكلىدە، شۇ جەمەتتىكى ئاغرىق - سىلاق، يېتىم -
يېسىر، كەمبەغەل - چۈرىلەرنى يۆلەش ۋە داۋالىتىشقا، چەت
ئەلدىكى، ياقا يۇرتتىكى مۇھاجىرلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىش
ياكى يوقلاپ كېتىشىگە ۋە تۈرلۈك ئاممىۋى خاراكتېرلىك
نەزىر - چىراغ پائالىيەتلىرىگە سەرپ قىلىش - تېخىمۇ ياخشى
ئۈنۈم بېرىدۇ؛
(6) ئومۇمنىڭ، يۇرتنىڭ بەختى ئۈچۈن جەمەت خاراكتېر-
لىك ئىقتىسادىي ياردەم قىلىش، چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ
يۇرتىغا تەلپۈنۈش، يىلتىز ئىزدەش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلىي ماددىي
شەكىللەردە ئىپادىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.
ئەمەلىيەتتە، جەمەتلەر ئىچى ۋە سىرتىدا كۆتۈرۈلگەن يىل-
تىز - ئەجداد ئىزدەش قىزغىنلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇ-
رۇشنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندىن تېخىمۇ كۆپ تەدبىرلىرى



بولۇشى مۇقەررەر. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، فامىلە قوللىنىش،
جەمەت نەسەبنامىسى ياكى ئائىلە نەسەبنامىسى تۈرغۇزۇش، يىل-
تىز ئىزدەش — ھامان ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش بىلەن
پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى بىرلەشتۈرۈشنى، تەر-
تىپلىك، ئۇيغۇن، ئېنىق ۋە نەپىس ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر
تورىنىڭ شەكىللەندۈرۈلۈشىنى تۈپ مەقسەت قىلىشلىرى زۆرۈر-
دۇر.

# ئاخىرقى سۆز

ھەربىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئۆزىگە يارىشا تەقەززاسى، تەلىپى ۋە مۇناسىپ مەدەنىيەت مەھسۇلى بار بولىدۇ. خۇددىي شۇنىڭدەك، فامىلە ۋە فامىلىشۇناسلىق بارىسىدىكى ئىزدىنىشلەر ۋە بۇ جەھەتتە مەيدانغا كېلىۋاتقان نەتىجىلەر، بۇ دەۋرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قويغان تەلىپى ۋە ھەدىيە ئەتكەن سوۋغىسى بولسا كېرەك. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فامىلە قوللىنىش توغرىسىدا بەس - مۇنازىرە بولماقتا، ئويغاقلار پىكىر قىلماقتا، قەلەمكەشلەر لايىھە تۈزمەكتە، ئەۋلادلار ئۈچۈن نام - نىشان غېمى يېيىلمەكتە، يىلتىزلار قېزىلماقتا ۋە ئىزلەنمەكتە. . .

كەمىنە مۇئەللىپ ئۇيغۇرلاردا فامىلە چىقىپ، بەس - مۇنازىرىلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئىككى يىل مابەينىدە توپلىغان ماتېرىياللار، يەكۈنلىگەن تەجرىبىلەر ۋە مۇناسىپ ئويلىنىشلار نەتىجىسىدە مەزكۇر ئەسەرنى يېزىپ چىقتىم ۋە ئاخىرى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. فامىلە قوللىنىش ۋە نەسەبنامە تۇرغۇزۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىزدىنىشلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك نەتىجىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئەسەردە نۇرغۇن نۇقسانلار ۋە ئارتۇقچە پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن ساقلىنىش تەس بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭدا ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى، تارىخ بىلەن ئەمەلىيەتنى، ئىلمىيلىك بىلەن ئاممىبابلىقنى، زۆرۈرىيەت بىلەن مۇمكىنىيەتنى ئىمكانقەدەر تولۇق باغلاشقا ئىجتىھاد كۆرسەتتىم. ئۇنىڭدا فامىلە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەرگە ئىمكانقەدەر تولۇقراق جاۋاب بېرىشكە تىرىشتىم، ھەممە مەزكۇر مەسىلىلەر بويىچە باشقا ئىلىم



ساھىبلىرىغا ۋە جامائەتچىلىككە تاللاش ۋە ئويلىنىش پۇرسىتىنى قالدۇردۇم. خۇددى نۇرغۇن ئىشلاردىكىگە ئوخشاش، بىز ھەممىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلىلىك مىللەتكە ئايلىنىشى جەريانىدا توختاۋسىز ئىلگىرىلەيمىز. ئىلگىرىلەش داۋامىدا يوقلۇق ئىچىدىن بارلىق، ئەقىلسىزلىك ئىچىدىن ئەقىل، بىخۇدلۇق ئىچىدىن ھوش، ئامالسىزلىق ئىچىدىن چارە تاپىمىز.

مەن بۇ ئەسەرنى يېزىش داۋامىدا، زۆرۈر دەپ قارىغان ماتېرىياللار ۋە ئۇچۇرلاردىن ئىمكانقەدەر تولۇق پايدىلاندىم. كىتابنى يېزىش جەريانىدا بەزى ئىلىم خۇمار دوستلار پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن مېنى تەمىن ئەتكەندىن سىرت، قىممەتلىك پىكىرلىرىنى مەندىن ئايىمىدى. بۇ يەردە ئاشۇلار ئىچىدىكى غەنى سەمەد، سىيىتجان ئابدۇرېھىم سەئىدىي ۋە زۇلپىيە مۇھەممەدلەرگە تەشەككۇر ئېيتىمەن. بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدىكى دوكتور دىلمۇرات ئۆمەر كۆپ رىغبەت بەرگەندىن باشقا، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن بىرلىكتە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەمدە بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا ھەم چوڭقۇر رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ فامىلە قوللىنىشى - زور تارىخىي ۋەقەدۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئۇزاققا سوزۇلۇشى مۇقەررەر. بۇ كىتابنىڭ ئاشۇ تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەرگە قوشۇلغان بىر ئۇلۇش ھەسسە بولالىشى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بۇ كىتابنىڭ تۈرتكىسىدە فامىلىسى ۋە نەسەب خاتىرىسى بار كىشىلەردىن بولۇپ قېلىشى - مۇئەللىپنىڭ ئاخىرقى مۇرادىدۇر، خالاس.

ئەنۋەر سەمەد غەربىي

2002 - يىلى 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۈرۈمچى.

# پايدىلانمىلار


1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توملار.

2. ئوبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

3. رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، تۇرسۇنئاي ساقى، تۇرسۇن ھوشۇر تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.

4. ئا. راخمان، ر. ھەمدۇللا، ش. خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.

5. ئابلەت نۇردۇن: «تارىخ ئاتالغۇلىرى تەرجىمە قوللانمىسى». ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرناللىرى نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى 6 ـ ئاي.

6. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.

7. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن: «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

8. ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي، ئابدۇراززاق توختى: «يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى،





ئۇيغۇرچە.

9. ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي: «سۇي، تاڭ سۇلالىلىرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.

10. مۇھەممەد رىھىم سايىت، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

11. ئابلىز مۇھەممەد سايرامىي: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىگە دائىر ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.

12. ئابدۇكېرىم راخمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.

13. لېۋىس. ھېنرى. مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت»، باباخان تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.

14. ئا. ۋ. گابائىن: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا ھايات»، زورۇشەن تەرجىمىسى، تۇرپان شەھەرلىك تەزكىرە ـ تەھرىرلىك ئىشخانىسى 1989 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

15. ئا. بېرنشتام: «6 ~ 8 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇرخۇن ـ يېنسەي تۈركلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تۈزۈمى»، ياڭنا تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.

16. «ئەل مۇنجىد فىللۇغەت»، لىۋان، بېيرۇت شەرق كۇتۇبخانىسى تۈزگەن، 1996 ـ يىلى نەشرى، ئەرەبچە.

17. «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، سودا كىتاب ئىدارىسى نەشرى، 1997 ـ يىلى 3 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى. 18. ئابلىمىت ئەھەت، دىلدار مەمتىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»،

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 1 ـ
ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.
19 . خۇجىنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇالار رەتلىگەن: «ئىدىقۇت
مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى
5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما نۇسخا.
20 . چېن زۇنۋاڭ، چيەن ۋېن: «خۇنەن ئۇيغۇرلىرى»،
ئابلەت نۇردۇن، جۇمەخۇنلار تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرى-
ياتى، 1998 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، ئۇيغۇرچە.
21 . تيەن ۋېيجياڭ: «موڭغۇللار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىجتىمائىي تۇرمۇشى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت
نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.
22 . چېن ليەنچىڭ: «جۇڭگودىكى قەدىمكى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ فامىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، جىلىن مەدەنىيەت
تارىخ نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى تۇنجى نەشرى، خەنزۇچە.
23 . ياۋۋېييۈەن: «جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدى-
كى خۇ (غۇز) لارنىڭ فامىلىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، ئىلىم
ـ پەن نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى نەشرى، خەنزۇچە.
24 . خې شياۋمىڭ: «ئىسىم ـ فامىلە ۋە جۇڭگو مەدەنىيى-
تى»، خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى،
خەنزۇچە.
25 . دۇشۆزېڭ: «جۇڭگو ۋە ئىنگلىز تىللىق دۆلەتلەرنىڭ
مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى ئۈستىدە سېلىشتۇرما»، چەت ئەل
تىلى ئوقۇتۇش ـ تەتقىقاتى نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاي
1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.
26 . دوڭ جاۋ: «خەلق پەرھىزلىرى ۋە قۇت بەلگىلىرى
ھەققىدە ئومۇمىي رىسالە»، سەنخۇەن (ئۈچ ھالقا) نەشرىياتى،
1991 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.
27 . جاڭ ليەنفاڭ: «چەت ئەللىكلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلى-


سى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1987 ـ يىلى 6 ـ
ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.
28 . جاڭ ليەنفاڭ: «جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلى-
سى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى 8 ـ
ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.
29 . ۋاڭ چۈەنگېن «جۇڭگو فامىلىلىرىنىڭ مەدەنىيەت يې-
شىمى». ئىتتىپاق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى،
خەنزۇچە.
30 . تيەن زىچېڭ، دۇخوڭبىن. «يوغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلى-
رى»، گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى 8 ـ ئاي
1 ـ نەشرى. خەنزۇچە. 31 . نارى بىلىگې: «ئىسىم ـ فامىلە»
، مەركەز مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى
4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.
32 . «ئوكيانۇس» (سىغدالغان نۇسخىسى)، شاڭخەي لۇ-
غەت نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، خەنزۇچە.
33 . جۇڭگو تارىخنامىلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەج-
دادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلەر.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىمجان تاھىر
سەنەۋەر ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى:
زەمىرە پىدائى
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

# ئۇيغۇرلاردا فامىلە

ئاپتورى: ئەنۋەر سەمەد غەربىي
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى№348)
شىنجاڭدىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 11.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—07752—0/K.1077
باھاسى: 16.00 يۈەن